ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى —2



# ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى-2

# ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: يالقۇن روزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

1. ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرلەش ........................................ 5
2. مىللىي مائارىپ ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر .................................... 51
3. تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى ....................................... 54
4. كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى ............................................ 59
5. مەنپەئەتدارلىق ئەخلاقى ۋە مەجبۇرىيەت ئەخلاقى ........................... 66
6. ئوقۇتقۇچى توغرىسىدا .................................................. 72
7. ئوقۇغۇچى توغرىسىدا ..................................................... 78
8. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى توغرىسىدا ...................... 84
9. كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى قىممىتى ................................ 92
10. فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە ................................................ 99
11. ئۇيغۇر شائىرى مازۇچاڭ ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنە .................... 104
12. زەينۇلئابىدىن مەۋلەۋى داموللا ھاجىم تەئرىپىدە ............................ 108
13. ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى .............................................. 111
14. ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى دىنلار .............................................. 119
15. كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى ........................................ 126
16. تەبەسسۇم ........................................................ 140
17. سۈكۈنات ........................................................... 143
18. «قۇلىقىڭنى تارت!» توغرىسىدا ............................................ 146
19. تەسەۋۋۇپ ۋە مۇھەببەت ................................................ 149
20. ئۆزىنى تىزگىنلەش ................................................... 152
21. تۇپراقنىڭ مونولوگى ..................................................... 155
22. ئۆزلۈك ئەينىكى ...................................................... 158
23. ئۆزلەت ۋە ئۆزۈڭنى تونۇ! ............................................... 160
24. ياتلاشقان ئىنسان ۋە ياتلاشقان ئەقىل - پاراسەت ................................. 162
25. روھىيەت ۋە مەدەنىيەت ................................................. 167

26. مەنسۇر ھەللاجىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەكس ساداسى............182
27. يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە «تۆگە قۇش» روھى......................190
28. يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەڭگۈشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش............193
29. يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى .....207
30. يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى..................................219
31. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھمەد يەسەۋىي ۋە يەسسەۋىچىلىك......................225
32. خوجا باھاۋىدىن نەقشبەندى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى........................233
33. قاتلام نەزىرىيىسى ۋە مېتودولوگىيىلىك قىممىتى..........................246
34. تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود ـ ئۇچۇرلۇق تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلى..........250

# ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرلەش

(ئەدەبىي ئاخبارات)

مىڭچىبى لولۇلۇ (موڭغۇل)

توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى

## 1.پاكىتلارنىڭ قىستىشى

جۇڭگو، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭ تارىخى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا، ئۇيغۇرلار ئىسىل مىللەت دېگەن خۇلاسىگە كېلىشىڭىز تەبىئىي، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بەزى تارىخىي ھادىسىلەر گويا تېپىشماققا ئوخشايدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى زاماندا بۇ زېمىندا ھونلار، چوڭ ياۋچىلار،ساكلار، ئېفتالىتلار، چاڭلار، تۈبۈتلەر، تۈركلەر، سىيانپىيلار، قىتانلار، جۇرجانلار، موڭغۇللار ياشىغان. بۇ مىللەتلەرنىڭ بەزىسى ئۆز دەۋرىدە كارامەت زورىيىپ، قۇدرەت تېپىپ، جاھاننى سورىغان. لېكىن ھازىرقى كۆندە بولسا، بەزىسى كىچىكلەپ، ئاجىزلاپ كەتتى، بەزىسى تارىخ سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتتى. ئۇيغۇرلار بولسا، تارىختىكى بوران- چاپقۇندا راۋاج تېپىپ، زورىيىپ، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مىللىتىگە ئايلاندى، بۇنىڭ سىرى نېمە؟

بۇرۇنقى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئۆز دەۋرىدە تۇرپاندىلا سوغدى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى، پارس يېزىقى، تۈرك يېزىقى ۋە تاڭغۇت يېزىقى بىلەن بۇددا دىنىغا، مانىي دىنىغا، نېستورىيان دىنىغا، مەجۇسى دىنىغا ئائىت دىنىي كىتابلارنى تاش مەتبەئەدە نەشر قىلالىغان، بۇنداق ئەھۋال ئۆز زامانىسىدا دۇنيادا كەم ئۇچرايتتىكەن. بۇنىڭ سىرى نېمە؟

بىرەر دەۋرنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان كاتتا مەدەنىيەت ئەربابلىرى يوق مىللەتنى ئىنتايىن مەدەنىيەتلىك مىللەت، دەپ ئاتىماق تەس. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇر مىللىتىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى دېگەن ئىككى نەپەر كاتتا مەدەنىيەت ئەربابى چىققان، بۇنىڭ سىرى

نېمە؟

ئۇيغۇرلار ئىلگىر- ئاخىر بولۇپ شامان دىنىغا، مانىي دىنىغا، مەجۇسى دىنىغا، بۇددا دىنىغا، ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. دۇنيادا دىن- ئەقىدىنى شۇنداق كۆپ تاللىغان مىللەت تولىمۇ ئاز تېپىلىدۇ. بۇنىڭ سىرى نېمە؟

ئۇيغۇرلار شىمالىي موڭغۇل قۇملۇقىدا ياشىغان چاغلىرىدا سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. كېيىن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ كۆچۈپ، تېخىمۇ چېچىلىپ كەتتى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا تارىمدىكى بىر مۇنچە قەبىلە- ئەللەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلدى. كېيىنكى ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا خېلى كۆپ خەنزۇنى، موڭغۇلنى، قىتانلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلدى. شۇنداق زور ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىقتىدارىدىكى سىر نېمە؟

ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تارىختىن قالغان ئېغىز ئەدەبىياتى بار، لېكىن ئۆز ئالدىغا سىستېما ھاسىل قىلالايدىغان نۇرغۇن ئەدەبىي مىراسى بار مىللەت پەقەت بىرلا ئۇيغۇر مىللىتى، بۇنىڭدىكى سىر نېمە؟...

مەن ئەنە شۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر ئۇيغۇر بۇرادىرىمدىن ئەقىل سورىدىم. ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا ئەسىردە فارابى ۋەكىللىكىدىكى ئىسلام- ئەرەب مەدەنىيىتىنى پىششىق بىلەتتى، خەنزۇلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىغا بەكمۇ قىزىقاتتى، ھازىرقى زامان دۇنياۋى پەلسەپە ئېقىملىرىدىنمۇ كەڭ مەلۇماتلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئېستېتىكا، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە تارىخ قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ خىل ئەسەرلىرى بار. ئۇ چوڭ يۈئەننىڭ «توققۇز نەزمە» ناملىق شېئىرلىرىنىمۇ تەرجىمە قىلغان. ئۇ ھەقىقىي بىلىملىك، ئۆتكۈر نەزەرلىك ئالىم، ئۇ ئاربلاشما مەدەنىيەت نەزەرىيىسىنى تەرغىب قىلغانلىقى، شېئىرلىرىدا دىنغا نىسبەتەن بەزى قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ قويغانلىقى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەيىبلىرىنى ئەگىتىپ تەنقىد قىلغانلىقى ئۈچۈن،دائىم يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ قالىدىكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

- بۇ سىرلارنى، ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىش،دەپ يېشىش مۇمكىن. شىنجاڭنىڭ ئۈچ تەرىپى ئېگىز تاغ. ئومۇمەن قارىغاندا، ئۇ تەبىئىي مۇھىتى جەھەتتىن بېكىك ھالەتتە تۇرىدۇ. شۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىمىزكى، قەدىمكى زاماندىكى ئاتلىق مىللەتلەر ۋە سودىگەرلەر تاغ- داۋانلاردىن ئېشىپ، بىپايان چۆللەرنى كېزىپ، خەلقئارا كارۋان يوللىرىنى ئېچىپ، دۇنيانىڭ شەرقى بىلەن غەربىنى تۇتاشتۇرغان. يۇنان، رۇم مەدەنىيىتى، ئىران- ئەجەم مەدەنىيىتى، ئىسلام- ئەرەب مەدەنىيىتى بۇ يەرگە توپلانغان. مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەپ- تەرەپكە يول ئاچىدىغان ئېچىۋېتىش روھىغا ۋە ئەتراپلىق قوبۇل قىلىش غەيرىتىگە ئىگە بولۇشى تەبىئىي. تەرەپ- تەرەپكە يول ئاچقاندىلا روناق تاپقىلى، تەرەققىي قىلغىلى بولىدۇ. بۇمۇ

ھازىرقى كۈندە دۇنياغا پۇر كېتىۋاتقان نەزەرىيىگە، تېرمودىنامىكىنىڭ 2- قانۇنىيىتى بويىچە بارلىققا كەلگەن ئېنتروپىيە نەزەرىيىسىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. تاشقى دۇنيادىن داۋاملىق ھالدا قۇۋۋەت- مەدەت ئېلىپ ئۆزىنى تولۇقلاپ تۇرغاندا، يىلتىزسىز گىياھقا ئوخشاش ھالەتكە چۈشۈپ قالمايدۇ. ئەرەبلەرنىڭ بىر ئالىمى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخي ئەنئەنىسىنى مۇنداق بىر ئوبرازلىق ئوخشىتىش بىلەن سۈپەتلىگەن: ئۇ گويا تۆت تېمىنىڭ ھەممىسىدىن دېرىزە ئېچىلغان ئۆيگە، گۈللەرنىڭ رەڭ، پۇراق تۇرلىرىنى ئايرىپمۇ تۇرمايلا شىرنە يىغىدىغان ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدۇ.

پروفېسسورىمىز مەدەنىي مىراسلارنى تەكىيە قىلىپ ئۇخلايدىغان ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ. مېنىڭ ماختاپ ئېيتقان گەپلىرىم ئۇنى مەمنۇن قىلالمىدى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلدى.

- ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ، - دېدى ئۇ گەپكە كىرىشىپ، - تارىختىكى ئەڭ پارلاق نەتىجىسى قاراخانىلار سۇلتانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن، دېڭىز- ئوكيان قاتنىشى راۋاجلانغانلىقتىن، شىنجاڭنى ئارىلاپ ماڭىدىغان خەلقئارا سودا كارۋان يوللىرى بىكار بولۇپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار شۇ كونا يىپەك يولىدا جاپاغا چىداپ قاتناپ يۈرۈپ، كەڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. يېقىنقى نەچچە ئون يىل مابەينىدە، ئاۋۋال ئەرەب دۇنياسى تەرەپكە بارىدىغان يوللار بېكىلدى، ئاندىن جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇققا بارىدىغان يوللار بېكىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە بارىدىغان يوللار بېكىلدى، پۈتۈن مەملىكەتتىمۇ مەملىكەت دەرۋازىلىرىنى قۇلۇپلاش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ بىر- ئىككى يىل ئەمەس، يىگىرمە ئوتتۇز يىل بېكىك ھالەتتە قالدى. قەدىمكى زاماندىكى ئېچىۋېتىش مۇھىتى ئېچىۋېتىش روھىنى يېتىشتۈرگەن بولسا، ھازىرقى بېكىك مۇھىت بېكىك پىسخىكىنى پەيدا قىلىپ قويدى. ئەپسۇسكى، بىز ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بىرلا سىياسىي نۇقتىدىن كۆزىتىشكە بېرىلىپ كەتتۇق. جەمئىيەت كۆپ تەرەپلىمە، قاتلاممۇ- قاتلام ئىكەن، ئۇنىڭغا بىرلا نۇقتىدىن قارىغاندا، چالا بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر. بىر قانچە نۇقتىدىن - سوتسىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، جۇغراپىيە قاتارلىق جەھەتلەردىن قارىلىدىغان بولسا، بىر مۇنچە مەسىلە تېپىش مۇمكىن.

بۇرادىرىم ئۇستىلىدىن بىر پارچە سالام خەتنى ئېلىپ، ماڭا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئىچكى ئۆلكىدىكى ئالىي مەكتەپتە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان ئوقۇغۇچىسى ئۆز خېتىدە مۇنداق يازغان:

ھۆرمەتلىك ئۇستازىم، سالام!

بېيجىڭغا كەلگىنىمگە يېرىم يىل بولاي دەپ قالدى. بۇ يەردە تەرەپ-تەرەپتىن

كىلىۋاتقـان خەۋەرلەر ئويلىنىشـقا مەجبـۇر قىلغـانلىقتىن،كۆزۈم ئېچىلىشـقا،نەزەر دائىــرەم كېڭىيىشكە باشلاۋاتىدۇ. سىلىشتۇرغاندا پەرقلىگىلى بولىدۇ. بـۇ ئـادەتتىكى بىـر ھەقىـقەت. تېخىمـۇ يـۇقىرى پەللىـگە سىلىشـتۇرۇپ كـۆرگىلى بولىـدىغان نەرسـىلەر كـۆز ئالدىمىـدا تۇرغاچقا، ئىلگىرى شىنجاڭدا تېگىگە يېتەلمىگەن بىر مۇنچە ئىشـلار چۈشىنىشـلىك بولـۇپ قېلىۋاتىدۇ. مەن ئۆز مىللىتىمنى قەدىرلەيمەن، بىزنىڭ مىللىتىمىـز ئوتتـۇرا ئەسـىردە ئوتتـۇرا ئاسىيا بويىچە ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە بولغانىكەن.

ئىلاۋە: ئىرانلىق يازغۇچى جۇۋەينى 13-ئەسـىردە پۈتتـۈرگەن «جاھانگوشـاي»(«دۇنيـا ئىسـتىلا چىسـى»)دېـگەن ئەسـىرىنىڭ كىـرىش سـۆزىدە: «ئـۇلار ئۇيغۇرلارنىـڭ يازمـا ھـۆججەتلىرىنى، بىلىملىـرىنـى مەدەنىيەتنىـڭ يـۇقىرى پەللىسـى دەپ قارىغانـدى». دەپ يازغان. مەرىپەت بىلەن مەدەنىيەت تۈركىي تىلدا ئوخشاش بولغاچقا، بەزىـلەر مەدەنـىيەت بىلەن مەرىپەتنى ئايرىش يۈزىسىدىن، مەرىپەتنىڭ ئورنىغا ئىنگلىزچە cىۋىلىگىتسىئون دېگەن سۆزنى قوللانغان. كېيىن cىۋىلىگىتسىئون دېـگەن سـۆزنىڭ ئـورنىنى«ئۇيغـۇرلار»دېـگەن سـۆز ئېلىپ،ئۇيغۇر دېگەن سۆز تۈركىي تىلدا مەرىپە تىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت- مەرىپەت جەھەتتە ئوتتـۇرا ئەسـىردە ئوتتـۇرا ئاسـىيا بـويىچە قانـداق چوڭقـۇر تەسىرات قالدۇرغانلىقىنى ئەنە شۇنىڭدىنمۇ بىلگىلى بولىدۇ.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان مىللىتىمىزنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمى تېـز بولۇۋاتامـدۇ ياكى ئاستىمۇ؟ بىزنىڭ خەنزۇ خەلقى بىلەن بولغان ئەمەلـىي پەرقىمىـز ئازىيىۋاتامـدۇ يـاكى كۆپىيىۋاتامدۇ؟ بۇ مەسىلىلەر يېقىنـدىن بۇيـان مېڭەمگە كىرىۋالـدى. بـۇ مەسـىلىلەردە بىـر خۇلاسـىگە كېلىشـكە جـۈرئەت قىلالمىـدىم، لـېكىن تۆۋەنـدىكى ئەمەلـىيەتلەر ھەقىـقەتەن كىشىنى قايغۇرتىدۇ:

1. 50-يىلـلاردا بىـزدىن تېيىپجـان، زۇنـۇن قـادىر، ئابـدۇكېرىم خوجـا چىققانـدى، كېيىنكى چـاغلاردا بولسـا بىـزدە تىبەتلىـك زاشـىداۋاغا، قـازاق ئەكـبەرگە ئوخشـاش پۈتـۈن مەملىكەتكە مەشھۇر شائىر، يازغۇچى چىققىنى يوق.

2.بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ «ناخشا- ئۇسسۇل ماكـانى» دەيـدىغان داڭقى بـار ئىـدى. 50-يىللاردا بىزنىڭ ناخشا- ئۇسسـۇللىرىمىز ھەقىـقەتەن پۈتـۈن مەملىكەتـكە پـۇر كەتكەنىـدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر ئىزىدا توختاپ قالـدۇق. مەملىكەتلىـك مۇسابىقىدە ئـاران بىـر قېتىم 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇق.

3.ئىچكى موڭغۇل، تىبەت ۋە نىڭشيا رايونلىرىنىڭ چـوڭ- چـوڭ تىيـاتىرلىرى بېيجىڭغـا ئاپىرىپ ئوينالدى، شىنجاڭنىڭ يوق.

4.شىنجاڭ داشۆنىڭ قۇرۇلغىنىغا يىرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت بولدى. لېكىن«ئۇلۇغ بىرىتـانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسـى» گە ئىچكـى موڭغـۇل داشۆسـى بىـلەن يـۈننەن داشۆسـى كىرەلىگەنۇ، شىنجاڭ داشۆسى كىرەلمىگەن.

5.بىز يىپەك يولى ئۈستىدە ياشاپ كېلىۋاتىمىز، لېكىن تاكى ھازىرغىچە بىزدىن يىپەك يولىغا دائىر چوڭراق ئەسەر چىققىنى يوق...يەنە بىر مۇنچە مىسال كەلتۈرۈشۈم مۇمكىن، مۇشۇنداق ھادىسىلەر ئىچىمىزنى ئۆرتىمەمدۇ؟ ئۈستازىم، بۇ ھادىسىلەر ئۈستىدە سىزمۇ باش قاتۇرۇپ باققانسىز. ئېھتىمال، ئاللىقاچان جاۋاب تاپتىڭىز، ئەقىل كۆرستىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. پروفېسسور بۇرادىرىم بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن سۆزلىدى:

-بۇ ياش ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ يۈرگىنىمگە بىر قانچە يىل بولۇپ قالدى. مىللىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەتتە يېزىلغان ھادىسىلەرنى ئېتىراپ قىلىش تولىمۇ ئازابلىق ئىش، لېكىن ئۇلار پاكىت، پاكىتنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. بۇ پاكىتلار نۇرغۇن ئادەمنىڭ يۈرىكىگە تەگمەكتە، تەسىر قىلماقتا، ئۇلارنى ئويلاپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلماقتا. ئىلىم پوزىتسىيىدە راستچىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي ئەنئەنىلىرى كېيىنكى چاغلاردا راست گەپنى قىلغاندا، ئوبدان جارى بولالمىدى. ئېچىۋېتىش روھىمىز ناچار بولدى، كەڭ جەلپ قىلىش روھىمىز ئاجىز بولدى. سىز ئاخبارات جادىمى، بۇ جەھەتلەردە سىزدە مەلۇمات بولۇشى چوقۇم. لېكىن ئۇ مەسئۇلىيەت بىزدە ئەمەس، ئۇنى چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىق لۇشيەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

- چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىق لۇشيەنى تۈزىتىلدىمۇ؟

- شۇنداق، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنى تۈزەتتى. شۇنى نەزەردە تۇتۇمىزكى، چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىق لۇشيەنى ماكان جەھەتتىن پۈتۈن مەملىكە تنى قاپلىغان. زامان جەھەتتىن بولسا، 1957- يىلدىكى كۈرەشتىن- يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشتىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، 20 يىل داۋام قىلدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا بولسا، «سول» چىللىق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. شۇ خاتا سىياسىي ھەرىكەتلەر ئەمەلىي تۇرمۇشتا تۈزىتىلدى، لېكىن ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدە يىللاپ- يىللاپ قالدۇرغان تەسىرىنى بىر- ئىككى كۈندە تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ تەسىراتلار ۋاقتى- مەزگىلى پىشىپ يەتكەندە ئېچىپ، يېڭى سۈپەتتە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ،باشقا بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇر خەلقىدە كېيىنكى يىللاردا پەيدا بولغان قېيىداش روھىي ھالىتىنى ئەنە شۇ چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىق لۇشيەنىنىڭ مىللىتىمىزدە قالدۇرغان ئىللەتلىرى دېمەي مۇمكىن ئەمەس. بۇ جەھەتتە ئەمەلىي تۇرمۇشتىن كۆزىتىپ كۆرسىڭىز ئىكەن.

## 2-قېيىداش روھىي ھالىتى (1)

پروفېسسور ئالدىمغا قويغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرمۇنچە ئادەم بىلەن

پاراكلاشتىم، بىرمۇنچە ئەھۋال بىلەن تونۇشتۇم. بىرەر خاتا سىياسىي ھەرىكەتنىڭ كىشىلەرنىڭ دىلىنى رەنجىتكەندىن كېيىن قانداق قىيىداش روھىي ھالەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. تارىختىي بىمەنىلىك تولا چاغلاردا باشقا بىر بىمەنىلىكنىڭ جازالىشىغا ئۇچرايدىكەن. بىرىنچى ئاچچىق دەردنى يۇتقان ئادەم ئىككىنچى ئاچچىق دەردنى يۇتۇشقا مەجبۇر بولىدىكەن. بىرىنچىسىنى نائىلاج مەجبۇرىي يۇتقان بولسا، ئىككىنچىسىنى ئۆز رايى بىلەن يۇتىدىكەن. ئەنە شۇنداق قىيىداش ھېسسىياتنىڭ يوشۇرۇن ئېقىمى دەسلەپ شۇنداق مەۋج ئۇرۇپ، كۆچلۈك ئۆركەشلەيدىكى، ھەتتا ئىجتىمائىي ئورنى خىلى يۇقىرى، يىراقنى كۆزى يېتىدىغان ئادەملەرمۇ، پەم-پاراستى ئۆتكۈر، ئېغىر-بېسىق ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا تارتىلماي قالمايدىكەن. ئەنە شۇنداق پەيتتە يۇرەكتىكى دولقۇننىڭ پەس كويىغا چۈشۈشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە مەجبۇر بولىدىكەنسىز. ئەگەر كىمكى يەڭلىرىنى شۇمەيلەپ، قوللىرىنى ئوينىتىپ،چوقان كۆتۈرۈپ، دولقۇنغا قارشى ھەرىكەت قىلىدىكەن، كۆتكەن ئاررۇسىنىڭ ئەكسىچە ئاقىۋەتكە قېلىشى تۇرغان گەپ. بۇنىڭ بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا بەزى ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلەر دىن ئەقىل سورىسام، ئۇلار بىر بولسا، ئەمەلىي مەسىلىلەردىن ئۆزلىرىنى قاچۇراتتى، بىر بولسا، ئالدى-كەينىگە قاراپراق سۆزلەيتتى، ياكى سوغۇق كۆلۈش بىلەنلا تۈگىتەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ تەمكىنلىكى، ئېغىر بېسىقلىقى. چۈنكى دولقۇن كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا، ئۇلار گەپ- سۆزدە، ھەرىكەتتە ئېھتىياتچان بولۇشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ يەردىكى دەردنى شۇنداق دەردنى تارتمىغان ئادەمنىڭ چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس. چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بەرگەن زەربىسى ھەر تەرەپلىمە بولغاچقا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن يېنىش، قىيىداشمۇ كۆپ تەرەپلىمە بولماقتا. پاراكلاشقان ئادەملەردىن قالدۇرغان خاتىرىلىرىم ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىتابخانلار ئالدىغا قويۇشۇم مۇمكىن بولمىغاچقا، بۇ يەردە بىرنەچچە پارچىسىنىلا نەقىل كەلتۈرەي.

خاتىرە-1: ئاپتونوم رايۇنلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ئىسلام دىنىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت تۇرسۇن 30 نەچچە ياشلاردا بار،ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئۇيغۇرلارغا خاس چېچە نىلىك چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇ خەنزۇچىنى راۋان سۆزلەيدىكەن. سوئاللىرىمغا قالدۇرماي جاۋاب بېرىپ ئولتۇردى. نازۇك مەسىلىلەردە گەپنى يوپۇتۇپ ئولتۇرمىدى، ياكى مەنسەپدارلارچە پۇچەك گەپلەر بىلەن قۇرۇق ياندۇرىدىغان ئىشنىمۇ قىلمىدى، ناھايىتى سەممىي پاراكلاشتى، پاراڭ ئارىسىدىكى كۆڭۈللۈك كۈلكىلىرى ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ سەممىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ تۇردى.

- سوۋېت ئىتتىپاقىدىن،تۈركىيىدىن كەلگەن مۇھاجىرلىرىمىز دائىم: «شىنجاڭدا قانداق بولۇپ دىن ئەۋج ئېلىپ كەتتى؟» دەپ سورايدۇ. بىز ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردۇق، ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنىڭ مەنبەسى بار. 50-يىللاردا توغرا دىنىي سىياسەت يېتەكچىلىكىدە

خۇداسىزلىقنى تەشۋىق قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، خۇداگۇيلۇقنى تەشۋىق قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بار ئىدى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئەربابلار ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ، بىرمۇنچە پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان. دىن ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشى. ماركس، لېنىن: دىنغا قوپال مەمۇرىي ۋاستە بىلەن مۇئامىلە قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ ئاللىقاچان ئېيتقانىدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دىننى ۋەھشىيلەرچە دەپسەندە قىلدى، نۇرغۇرن مەسچىتنى تاقىۋەتتى، تارتىۋالدى: ئىسلام ئەھلى ئىززەتلەيدىغان موللىلىرىمىز ئېگىز قالپاق كىيگۈزۈپ سازايى قىلىندى؛ ئۇزۇن ساقال، ئۇزۇن چاپان- يەكتەك موللىلىرىمىزنىڭ ئىززەت- ئابرويى ئىدى، بەزى جايلاردا ئۇلارمۇ قايچىلاپ- قىرقىپ تاشلاندى؛ مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدە قۇرئان ئاللاتائالانىڭ ۋەھيىي، ئەمرى ئىدى، «ھەدىس» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمى ئىدى. ئەنە شۇ مۇقەددەس كىتابلار ئەرەبچە بولۇپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىغىچە كەم تېپىلاتتى. قولىدا ئەرەبچە قۇرئاندىن بىرەر نۇسخا بار ئادەم ئۇنى گۆھەردەك قەدىرلەپ ساقلايتتى. لېكىن ئىسيانچى باتۇرلار ئۇنى تاشلاپ تۆكەتتى. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرىكىنى يارا قىلماي قالمىدى.

ئېلاۋە: ئادەمنىڭ ھېسسىياتى تاشقىرىدىن كېلىۋاتقان تەسىرگە قارىتا تولىمۇ سەزگۈر بولىدۇ. ئادەم تۈرلۈك-تۈمەن شەيئىنى ئۆزىنىڭ ھېسسىيات ئەگلىكىدىن ئۆتكۈزۈپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرىدۇ- خۇشال بولىدۇ، غەزەپلىنىدۇ، مەيۈسلىنىدۇ، ھۇزۇرلىنىدۇ. ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق ھەر جايدا بار، دېگەن گەپ ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنىڭ ئەكس رولىمۇ بار،دېگەن گەپ. ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى قەدىرلىمىگەن كىشى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى قەدىر لىمىگەن بولىدۇ. ماركس «ئىقتىسادشۇناسلىق-پەلسەپە ئورىگىنالى»ناملىق ئەسىرىدە: «مۇھەببە تنى مۇھەببەت بىلەنلا،ئىشەنچنى ئىشەنچ بىلەنلە ئالماشتۇرۇش مۇمكىن»دەپ يازغانىدى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۆز زامانىسىدا شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ئىران شاھى دارىئۇس ئىئى نى مەغلۇپ قىلغانىدى. ئۇ ئاتلىق لەشكەرلىرىنى باشلاپ،دارىئۇس ئى نىڭ قەبرىسى يېنىدىن ئۆتكەندە، ئاتتىن چۈشۈپ، قەبرىگە گۈل قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەن. بۇ بۈنىڭدىن 2400 يىل ئىلگىرى نۇسرەت تاپقان پادىشاھنىڭ مەرىپەت ۋە پەزىلىتىنىڭ ئىپادىسى، ئۇ ئارستوتېلنىڭ مۇناسىپ شاگىرتى. ۋەھالەنكى «ماركسىزمنىڭ ھامىيسىمىز» دېيىشىۋالغان «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتكەنلىرى بولسا، ئىپتىدائىي ۋەھشىيلىك بولىدى. ئۇلار «خەلق»،«ئامما» دېگەن سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، لېكىن نەزەرىدە ئادەم بولسا كاشكى. ئۇلار ئادەمنى گويا ئۆز قولىدىكى يېپلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان قورچاق دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى جالىغىنىچە ئاياغ- ئاستى قىلدى. بۈگۈن بۇ بىر توپ ئادەمنى قاقشاتقان بولسا، ئەتىسى ئۇ

بىر تـوپ ئـادەمنى رەنجىتتـى، ئـۇلار ئـۆز ھوقۇقـىـدىن پايـدىلىنىپ ئۆكتەملىـك قىلىـپ، كىشىلەرنىڭ يۈرىكىگە لەنەت- غەزەپ ئـۇرۇقىنى چـاچتى. بۇنـداق غەزەپ مۇبـادا چەكلىـك دائىرىدىن ھالقىپ، ئومۇمىي تۈس ئالـىدىغان بولسـا، ئەتە- ئۆگـۈن يـاكى يوشـۇرۇن ھالـدا، يـاكى توغرىـدىن-تـوغرا ۋە يـاكى ئەگـرى يـوللار بىـلەن كۆتۈرۈلۈپ،ئىجتىمـائىي تۇرمۇشـنى داۋالغۇ تىدىغان كۈچكە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئۇلار خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىدى.

- «تۆت كىشلىك گۇرۇھ» يوقالغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت دىنىي سىياسـەت جەھەتـتە مالىمـانچىلىقلارنى ئوڭشـاپ، تاقىلىـپ كەتـكەن مەسـچىتلارنى ئېچىـپ بەردى، تارتىۋېلىنغا نلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى، 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، نوقتىلىـق مەسچىتلەرنى رېمونت قىلغۇزدى. قۇرئاننى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە، نەشىر قىلـدۇرۇپ بەردى. بـۇ ئـىش پۈتـۈن ئوتتـۇرا ئاسـىيا بـويىچە يېڭىلىـق بولـدى. سـوۋېت ئىتتىپاقـىدا شـۇنىڭغا ئوخشـاش كىتـابلارنى نەشـىر قىلىشـقا يـول قويۇلمىغاچقـا، بىزنىـڭ ئـادەملىرىمىز سـوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇغقان يوقلاپ بارسا، ئـۇ تەرەپتىكـى مۇسـۇلمانلار ئۇيغـۇرچە قۇرئـاننى يـۇقىرى باھـادا سـېتىۋېلىش ئارزۇسـىنى بىلـدۈرگەن. ئۈرۈمچىـدە دىنىـي شـۆيۈەنمۇ قۇرۇلـدى. ھۆكـۈمەت ھەر يىلـى ھەرەمـگە ئـادەم ئەۋەتىۋاتـىدۇ. بـۇ ئىشـلار چەت ئەللەردىكـى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدھىيىلىرىگە ئېرىشمەكتە.

زۇلۇم بار يەردە قارشىلىق بولىدۇ. چېكىـدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنى دىنغا بىـر قـانچە يىـل زۇلـۇم سـالغانىدى، ۋەزىيەتنىـڭ ئۆزگىرىشـى بىلەنـلا دىـن ھەۋىسـى بـاش كۆتۈرۈشكە باشلىدى، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى مەسچىتكە يولىمايدىغان ئادەملەر ناماز ئوقۇيدىغان بولدى. شەھەرلەردىمۇ، يېزىلاردىمۇ مەسچىتلەر ياسـالدى، كېڭەيتىلـدى، يېڭىدىن سېلىندى. 1958- يىلى 14 مىـڭ مەسـچىت بـار ئىـدى، ھـازىر 19 مىڭغا يەتتـى. شـىنجاڭ ئىجتىمـائىي پەنـلەر ئاكادېمىيىسـى بۇلتـۇر جەنـۇبىي شـىنجاڭغا ئـادەم ئەۋەتىـپ تەكشـۈرۈپ قارىسـا، چەت- پايىنـاپ يېـزىلارد ىمـۇ، كونىلـۇن تاغلىرىنىـڭ ئېتەكلىرىـدىمۇ، ھەتتـا تەكلىماكاننىـڭ لېۋىـدىمۇ مەسـچىت بـار ئىـكەن. چەت- ياقـا يەرلەردە يىـراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايلىق بىنالارنىـڭ مەسـچىت ئىكەنلىكىنـى سـورىماي تۇرۇپمـۇ بىلگىلـى بولـىدىكەن، توقسـۇن ناھىيىسـىنىڭ ناھـايىتى پايىنـاپ بىـر يېرىـدە خەلـق يەتـتە چـاقىرىم يەردىـن توشـۇپ كېلىـپ ئىچىـدىكەن،لېكىن ئـۇلار پـۇل يىغىـش قىلىـپ، ئۆسـتەڭ چاپمـاي، مەسچىت سېلىشىپتۇ. مەسچىت سېلىش ئۈچۈن پۇل كېرەك. بـۇ ئەمـدىلا باياشـاد تۇرمۇشـقا ئېرىشىۋاتقان دېھقان،چارۋىچىلارغا يـۈك ئەمەسـمۇ؟!مەسـچىت كـۆپەيگەنلىكتىن مەدرىسـىمۇ كۆپەيمە كتە. تۈرلـۈك سـەۋەبلەر تۈپەيلىـدىن، دېھقـانلار بـالىلىرىنى ئىلىـم-بىلىـم ۋە پەن- تېخنىكـا ئۆگىنىـدىغان ئـادەتتىكى مەكـتەپلەرگە بەرمەي، مەدرىسـلەرگە بېرىـدىغان بولۇۋالدى. دىندا ئوقـۇش ئۈچـۈن مۇۋاپىـق سـاندا ئوقۇغـۇچى قوبـۇل قىلىـش زۆرۈر. لـېكىن تولىمـۇ كـۆپ بولـۇپ كەتسـە، ئۇيغـۇرلار نىـڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسـىنى ئۆستۈرۈشكە نـېمە

پايدىسى بولار؟

ئىلاۋە: بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش، قېيداش، دېگەن ئەنە شۇ.

خاتىرە-2: ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئېلى ئابىت ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن سورىغان سوئاللارمۇ ئۇ يېقىندىن بۇيان كېچە- كۈندۈز ئويلاپ يۈرگەن مەسىلىلەر ئىكەن. ئۇنىڭ قوشۇمىسىدىن قايغۇ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىر ئاۋازدا ئاچچىق كۈلكە ئارىلاش گەپ باشلاش بىلەنلا قايناپ قالدى:

-چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنى پۈتۈن جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ زەربە نىشانى قىلدى، لېكىن تىل- يېزىق جەھەتتە پەيدا قىلغان بالايىئاپەتلىرىنىڭ دەردىنى بولسا، پەقەت بىر نەچچە مىللەتلا تارتتى.چېكىدىن ئاشقان سولچى ستالىنمۇ ئۆزىنىڭ تىلشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلىرى بىلەن، تىل-يېزىقنىڭ سىنىپىيلىكى يوق، دېگەنىدى. ئېلىمىزدىكى چېكىدىن ئاشقان سولچىل لۇشيەن تىل-يېزىقنى زورمۇزور سىياسەت بىلەن بىرلەشتۈرۈۋالدى. 50- يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئېغىش تەشەببۇس قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن بىر مۇنچە ئىجتىمائىي، تەبىئىي پەن ئاتالغۇلىرى قوبۇل قىلىنغانىدى. شۇ ئاتالغۇلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى بىر خىل ئىلگىرىلەش دېيىشكە تېگىشلىك. سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى ئىلگىرى ئەرەب ئېلىپبەسىنى قوللانغان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر يېزىقلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ،سلاۋيان يېزىقىنى قوللاندى. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، قىرغىز، ئۆزبېك زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سوۋېت قازاقستاننىڭ، قىرغىزستاننىڭ، ئۆزبېكىستاننىڭ كىتاب، گېزىت- ژۇرناللىرىنى ئوقۇيالايتتى. سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدا تەرجىمە خىزمىتىمۇ ياخشى ئىشلەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ كىتاب، گېزىت- ژۇرناللىرىنىڭ ياردىمى بىلەن دۇنيادىن خەۋەردار بولغىلى بولاتتى. 50- يىللاردا شىنجاڭدىكى بىر نەچچە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇچۇرلىرى ئانچە بېكىك ئەمەس ئىدى.

جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقى تىل- يېزىققىمۇ تەسىر قىلدى. ئىلگىرى رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئورنىنى خەنزۇ تىلى ئالدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر خىل چېكىنىش. تىل- يېزىقنىڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى بىلەن نېمە ئالاقىسى بولسۇن؟! خەنزۇ تىلىدىكى «پەلسەپە»،«تەشكىلات»،«ئىقتىساد»،«كادىر»دېگەن سۆزلەر ياپون تىلىدىن قوبۇل قىلىنغا ن، ئۇلارمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تۇپەيلىدىن شۇ سۆزلەرنى ئۆزگەرتكىنى يوق. شۇ چاغلاردا بۇ بىر مۇنچە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن چېكىدىن ئاشقان سولچىل سىياسىي ھاۋا بېسىمىدا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئىلاۋە: خەنزۇلارنىڭ يېزىقى تاشپاقا قېپى، ئۇستىخان يېزىقى، قوڭغۇراق- ئىسرىقدان يېزىقى، چوڭ يوگىمەچ خەت، كىچىك يوگىمەچ خەت دېگەندەك يېزىق نۇسخىلىرىدىن ھازىرقى قېلىپلىق يېزىق نۇسخىسىغا ئۆزگەرگىچە شەكىل جەھەتتىن نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا يەككە بوغۇملۇق شەكىللىك يېزىق ھالىتىنى ئۆزگەرتكىنى يوق. ھالبۇكى ئۇيغۇرلار دەسلەپتە رۇنىك ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى تۈركىي يېزىقنى ئىشلەتكەن، كېيىن سوغدى يېزىقى ئاساسىدا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىجاد قىلغان، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئەرەب ئېلىپبەسىنى قوللانغان. قەدىمكى زامانىدا ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى پارسچىنىمۇ قوللانغان، ئۇيغۇر خاقانلىرىدىن بولغان توققۇز ئوغۇز (توققۇز ئۇيغۇر) خاقانىنىڭ موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن تېپىلغان قەبرە تېشىغا ئۇيغۇر يېزىقى، سوغدى يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى چېكىلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلغان قەدىمكى زامان ئابىدىلىرىدە - قەبرە تاشلىرىدا خەنزۇ يېزىقىدىن باشقا يېزىق يوق. دېمەك،ئۇيغۇرلارنىڭ تىل قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى خەنزۇلار نىڭكىدىن كۈچلۈك، تۇرپاندىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە خەنزۇ ئالىملىرى ئوقۇ يالمىغان بىر خىل خەنزۇچە يېزىق چىققان،تەكشۈرۈپ دەلىللەش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى قوبۇل قىلىپ قوللانغان تۈت چاسا خەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

-ھەقىقەتەن چەكتىن يېرىم قەدەم ئېشىپ كەتسىلا بىمەنىلىك بولۇپ قالىدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»ياۋا ئاتالاردەك پېتىراقلىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل- يېزىقىغا مۇئامىلە قىلىشتا چەكتىن يېرىم قەدەم ئەمەس، ئون- يىگىرمە قەدەملەپ چەتنەپ قاڭقىپ كەتتى، رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىلا ئەمەس، بىر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى قوبۇل قىلىنغان پارسچە سۆزلەرنىمۇ قالدۇرماي چىقىرىپ تاشلاشقا ئۇرۇندى.

ئىلاۋە: ئۇيغۇر تىلىدا چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر كۆپ، ئۇنىڭدا پارسچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە، ئەرەبچە، رۇسچە سۆزلەر بار. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئېچىۋېتىش روھىغا باي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

-«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تىل مەسىلىسىدە چوڭ خەنزۇچىلىق قىلدى، ئىلگىرى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئورنىغا خەنزۇچە سۆزلەرنى زورمۇزور دەسسىتىشكە ئۇرۇندى. مەسىلەن: «ھېساب»، «تىل- ئەدەبىيات» دېگەن سۆزلەرنى خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟! گېزىتتە تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئېلان قىلىش يولى بىلەن خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىلگەن سۆزلەر بىر نەچچە مىڭغا يېتىدۇ. بۇ ئاز گەپ ئەمەس! كېيىن بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى. «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش»، «غەيرەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەش» دېگەندەك ئىبارىلەرنىمۇ «زىلىگىڭشىڭ»، «فافېنتۇچياڭ»دەپ ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇندى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كىشىنى گۇمانغا،قايغۇغا قالدۇرۇ شى تەبئىي.

ئامما بۇلارنى قوبۇل قىلالمىغاچقا،گېزىتتىكى تىل بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى تىل ئوخشىمايدىغان بولدى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تىلنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ ۋۇجۇدقا كەلگەن. تىل قالايمىقانلاشسا، ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىگە كاشىلا قىلىدۇ.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇش بىلەنلا غىر قىلىپ تۆۋەنگە سىيرىلدۇق. ئۆتمۈشتە خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتا ئۆزگەرتتۇق، يەنە كېلىپ ئاشۇرۇۋەتتۇق. خەلق ئاممىسى بۇنىڭدىن بىر نەچچە يۈزيىل ئىلگىرىلا قوبۇل قىلىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن خەنزۇچە سۆزلەرنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتۇق. مەسىلەن: «كۈئەيزى» نى «چوكا» غا، «بەندىڭ» نى «ئورۇندۇق» قا ئۆزگەرتىۋالدۇق. بۇلار ئەكسىچە، ئىغىزغا راۋان چۈشمەيدۇ.

ئىلاۋە: بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش، قېيداش دېگەن ئەنە شۇ.

خاتىرە-3: شىنجاڭ مېدىتسىنا شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇقادىر راخمان بالنىتسىدا ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ ئەمدىلا قايتىپ چىققان. كېسەلدىن تېخى سەللىمازا ساقىيىپ كەتمىگەن، بىرئاز ياداڭغۇ، ئولتۇرۇپ- قوپۇشىمۇ تەسرەك ئىكەن، بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپلا ئۇ ئالىملىق خىسلىتىنى ئايان قىلدى، بەزى ئىشلارنى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن دەلىللەپ، خۇش پېئىللىق بىلەن سۆزلەپ بەردى:

- 50-يىللاردا خەنزۇچە ئۆگىنىش قىزغىنلىقىمۇ ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. مەن لەنجۇ ئۇنىۋېر سىتېتىدا ئوقۇغاندا، خەنزۇلار بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇدۇم، خەنزۇچىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، كۆز ئالدىمدا بىپايان بىلىم دېڭىزى پەيدا بولدى.

ئىلاۋە: مۇھەممەت پەيغەمبەر«ھەدىس» تە: «ئىلىم چىندا بولسىمۇ ئىلىڭلار» دېگەنىكەن، ئەرەبلەردە: «ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ دۆۋلەت-سىياھىنى شېھىتلارنىڭ قېنىدەك قەدىرلەش كېرەك» دېگەن ئىبرەتلىك سۆز بار ئىكەن. ئىخ ئەسىردە ئەرەب خەلىپىسى مەمۇن باغداتتا تەرجىمە ئىدارىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئەقىل سارايى» قۇرۇپ، تەرجىمانلىقنى كاتتا ئىنئاملار بىلەن تەقدىرلىگەن، چەت ئەللەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەڭ قوبۇل قىلغانىكەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەل قىندى، ئەل رازى، فارابى قاتارلىق كاتتا مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئوتتۇرىغا چىققان، شانلىق ئىسلام- ئەرەب مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن. دېمەك، ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىشمۇ ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسى، پېشقەدەم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدە خەنزۇچىنى بىلمەيدىغانلىرى ئاز، مۇكەممەل بىلىدىغانلىرىمۇ كۆپ، بۇرھان شەھىدى خەنزۇچە قەدىمكى ئۇسلۇبتا شېئىر يازالايدۇ. «4- ماي» نىڭ تەسىرىنى ھەممىدىن ئاۋۋال قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرچە شېئىرنى جانلىق تىلدا يېزىشنى تەرغىپ قىلغان. تۇرپانلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ خەنزۇچىنى ئوبدان بىلىدىكەن. ئاپتونوم رايۇننىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى مەرھۇم ئەسئەت ئىسھاقوپ، شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى نۇسرەت شەھىدى ۋە شىنجاڭ داشۆسىنىڭ سابىق

مۇئاۋىن مۇدىرى ئەنۋەرخان بابالار ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۈز پۇلى بىلەن ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ، خەنزۇچىنى ئۆگەنگەن. ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا خەنزۇچىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن. خەنزۇچىنى ئۆگىنىش ئەسلىدىنلا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى.

- كېيىن مەن بېيجىڭ مىللەتلەر تەتقىقات شۆبىسىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدىم. يېتەكچى ئوقۇتقۇچىم جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلىم سېكسىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى، تۆت خىل تىل بىلەتتى، نەزەر دائىرىسى كەڭ، بىلىمى چوڭقۇر، مەملىكەت بويىچە چەت ئەللەردىمۇ داڭقى بار ئىدى. ئۇ مەندىن: «نەچچە خىل چەت ئەل تىلى بىلىسىز؟» دەپ سورىغاندا، چۆچۈپ كېتىپ: «چەنزۇ تىلىنى بىلىمەن»دېدىم. ئۇكولۇپ كېتىپ: «بۇ كۇپايە قىلمايدۇ، چەت ئەل تىللىرى بىدىنچۇ؟»دەپ سورىدى. «ئۆزراق رۇسچە بىلىمەن» دېدىم، ئۇ: «قانچىكى كۆپ تىل بىلگەن كىشى شۇنچە كەڭ نەزەرلىك بولىدۇ» دېدى. بېيجىڭ مىللەتلەر شۆبىسىدە تۆت خىل چەت ئەل تىلى كۇرسى بار ئىكەن. ئۇستازىم مېنى كۇرسقا قاتنىششقا دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنگلىز تىلىنى تاللىۋالدىم. تىل-يېزىق ئۆگەنگەننىڭ پايدىسىنى كۆردۈم. ھازىر ئۇيغۇرچە،خەنزۇچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە كەسپىي كىتابلارنى ئوقۇيالايمەن، مىللەتشۇناسلىققا دائىر مەلۇماتلاردىن خەۋەردار بولالايمەن. ئالدىمدا كەڭ دۇنيا تۇرۇپتۇ. شىنجاڭدا بىركىم مۇھىتتا تۇرۇپ قالغانلىقىم سەۋەبى بىلەن قىسىلىپ قالمايمەن.

ئېلاۋە: چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا ئاممىنىڭ قوبۇل قىلىش دەرىجىسىگە پەرۋا قىلماي، خەنزۇچە ئۆگىنىشنى تولىمۇ نامۇۋاپىق دەرىجىدە تەكىتلىدى، ئىشچى قوبۇل قىلىشتا، كادىرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتە خەنزۇچە بىلىشنى شەرت قىلىپ قويدى. مىللىي رەھبىرىي كادىرلارمۇ يىغىندا خەنزۇچە سۆزلەشكە مەجبۇر قىلىندى. ھەتتا بىر مىللىي رەھبەر ئاۋۋال خەنزۇچە سۆزلەيدىغان، ئاندىن كېيىن يەنە بىر مىللىي رەھبەر تەرجىمە قىلىدىغان ئىشلارمۇ بولدى. 1971-يىلى ئاپتونوم رايۇنلۇق خەلق قورۇلتىيى ئېچىلغاندا،ئۆز ۋاقتىدىكى شىنجاڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لۇڭ شۇجىن «كۇئېنلۇن» مېھمانخانىسىدا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشقانىدى، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئۆز تىلىدا سۆزلىسە، ئۇ چۈشىنەلمەي: «كالدىرلىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىدىكەنسىلەر، بىرنىمۇ چۈشەنمىدىم، خەنزۇچە سۆزلىسەڭلار بولمامدۇ؟»دەپ چېچىلغان. ئىلگىرى بەزى خەنزۇچە مەكتەپلەردە مىللىي سىنىپ بار ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا بەزى مىللىي سىنىپلارغا خەنزۇ تىلى بىلەن دەرس ئۆتۈلىدىغان بولدى. ئۈرۈمچىدە بار- يوقى بىرلا قازاق ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە بىرلا موڭغۇل سىنىپ مەكتىپى بار ئىدى، ئۇلارمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. تەبىئىيكى، بۇ جەھەتتىمۇ ئاممىنىڭ يۈرىكى داغلاندى.

-«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقالغاندىن كېيىن،ئامىمىنىڭ قورساق كۆپۈكى تۈگىمىگەن بولغاچقا، جەمئىيەتتە بىردىنلا خەنزۇچە ئوقۇماسلىق بورىنى چىقتى. بەزىلەر: «نەچچە ئون يىل بولدى، ئالىي مەكتەپلەردە يەنە نېمىشقا خەنزۇ تىلى بىلەن دەرس ئۆتۈلىدىكەن؟» دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر: ئالىي مەكتەپلەردىكى تەييارلىق سىنىپلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز تىلىمىزدا دەرس ئۆتەيلى، دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلەر، خەنزۇچىنى ئۆگەنمىسەك،ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىش قىيىن بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، باشقىچە قاراشنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپچىلىكنىڭ قورساق كۆپۈكى بولغاچقا، مەسىلە ئۈستىدە ئويلانغاندا، ھېسسىيات ئامىلى ئۈستۈن ئورۇندا تۇردى. شۇڭا: «تەرجىمان ئىلىپ بارمامدۇق!» دېگەنلەرمۇ بولدى، مەن ئۇيغۇر زىيالىيسى، ئۆز مىللىتىمىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشىم لازىم. ئۇيغۇرچە تىببىي كىتاب ناھايىتى ئاز،خەنزۇچىنى ئۆگەنسەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىدىغىنى دەرسلىكلەردىكى ئازغىنە بىلىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا، كامالەتكە يەتكەن مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرگىلى بولامدۇ؟ شۆيۈئەنىمىزدە سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندا،خەنزۇ يولداشلار بىر نەرسە دېيىشكە ئوڭايسىزلاندى. مەن: ھەممە ئىشتا مىللىتىمىزنىڭ پەن، مەدەنىيەت، تېخنىكا جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولىدىغان بولمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىم، خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈشنىڭ لاياقەتلىك تىببىي خادىم يېتىشتۈرۈشكە پايدىسى بار، دېدىم. مەكتىپىمىز خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى جانابىل بىزنى تەقدىرلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بادەي تەييارلىق سىنىپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، ئوقۇتۇش- ئوقۇش سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا دوكلات يازغانىكەن، بەزى ئالىي مەكتەپلەردىكى تەييارلىق سىنىپلىرى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپتۇ، مۇشۇنداق قىلىش زۆرۈر.

ئىلاۋە: بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش، قىيىداش دېگەن ئەنە شۇ.

خاتىرە- 4: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىبراھىم مۇتىي مەن ھۆرمەتلەيدىغان ئالىم، كۆپ يىللىق تۈرمە ھاياتى ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئۈمىدۋار پوزىتسىيىسىنى سۇندۇرالمىغان، 70 كە يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ چىرايى پارقىراپ تۇرىدۇ، قەدەملىرىمۇ مەزمۇت. ئۇنىڭ نەزەرىدە، شىنجاڭ بېكىك گەۋدە ئەمەس، ئۇ ئۆزىنىڭ نەزەرىنى ھەر تەرەپلىمە ئالاقىلەر بىلەن تۇغرىلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۆھبەتلىرىنى ئاڭلىسىڭىز كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كىشىنىڭ ئەزايىنى تىكەنلەشتۈرىدىغان ھېسسىيات چىقمايدۇ. ئىگىز- پەس يوللاردا كۆپ جاپا چەككەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەلىمغا خاس پاك قەلبىنى دۇنيانىڭ مەينەتلىرى بۇلغىيالمىغان.

ئۇ ھەرقانداق سورۇندا ئىچ- قارنىنى ئاشكارا تۆكىدۇ.

- 50- يىللاردا بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا ئىشلەيتتىم، نەشرىياتنىڭ باشلىقى ساكوڭلياۋ ئىدى. شۇ چاغلاردا ھۆكۈمەت مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىغا ئاجايىپ ئەھمىيەت بېرەتتى. بىر كۈنى خان سارىيىغا سەيلى قىلىپ بېرىپ، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، تىبەت تىللىرىدا رەتلەنگەن «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» نى كۆرۈپ قالدىم، ئۇنى چيەنلۇڭ خان رەتلىگەن ئىكەن. چيەنلۇڭ كاتتا زىيالىي، قەلەمگىمۇ، ئەلەمگىمۇ كامىل، موي قەلەمدە ماھىرلىق بىلەن يازالايدىكەن، 14 مىڭدىن ئارتۇق شېئىر يازغانىكەن. قانداق، كارامەتمىكەن؟! ئۇ، بېيجىڭدىكى خان سارىيىدا تۇرۇپمۇ موڭغۇل، تىبەت، ئۇيغۇر تىللىرىنى ئۆگىنىۋالغانىكەن (ئىلاۋە: ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئىشلەۋاتقان رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ئىچىدە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى ئۆگەنگەنلەردىن قانچىسى بار؟!) ئۇنىڭ بىلىدىغىنى بىر نەچچە ئېغىز گەپ، بىر نەچچە يۈز جۈملە ئەمەس، بەلكى ھەم سۆزلىيەلەيدىكەن، ھەم ئوقۇيالايدىكەن، ھەم يازالايدىكەن. ئۇ «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» نى كۆزدىن كەچۈرگىنىدە بەزى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارنىڭ توغرا قوللىنىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز قولى بىلەن تۈزەتكەن، يېڭىسار ناھىيىسى چيەنلۇڭ خاننىڭ ھۇزۇرىدا بېكىتىلگەنىكەن.

ئىلاۋە: ھەر مىللەت راۋاج تاپقان ۋاقتىدا ھامان كەڭ يول ئېچىشتا ۋە قوبۇل قىلىشتا باتۇر بولىدۇ. چيەنلۇڭ شۇنداق، كاڭشىمۇ شۇنداق، ئۇ لاتىنچىنى بىلىدىكەن، ھەر كۈنى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ ئالگېبرا مەشىق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ياۋروپانىڭ ماي بوياق رەسىملىرىنى باھالاش ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى ئۈستۈن ئىكەن. ئۇزۇن سەپەرلەرنى بېسىپ جۇڭگوغا كەلگەن ئىتالىيىلىك رەسسام لاڭشىنىن (بۇ خەنزۇچە ئىسمى) غا ئوردىدا رەسىم سىزدۇرغان. جۇڭگو- ياۋروپاچە رەسىم سىزىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئارتۇقلۇق ياكى كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇزاكىرىلىشىدىكەن. ئۇلار فېئودال پادىشاھ بولۇش بىلەنلا قالماستىن، مانجۇ مىللىتىنىڭ روناق تاپقان دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋەكىللىرىدۇر.

-«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» ناھايىتى قىممەتلىك كىتاب ئىكەن. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى قايتا نەشر قىلىش توغرىسىدا ساكوڭلياۋغا تەكلىپ بەردىم. ئۇ كىتاب تولىمۇ چوڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، فوتو باسمىدا چىقىرىشقا توغرا كەلگەچكە، نۇرغۇن سەرمايە كېتەتتى، نەشرىياتنىڭ پۇلى بولمىغاچقا، ساكوڭلياۋ جۇزۇڭلىغا دوكلات يېزىپتۇ. جۇزۇڭلى ناھايىتى يۇقىرى مەلۇماتلىق بولغاچقا، ئۇ كونا كىتابنىڭ قەدرىگە يېتىپ، بېسىپ چىقىرىڭلار، قانچىلىك چىقىم بولسا، شۇنچىلىك پۇل بېرىلىدۇ، دەپ تەستىق سالىپتۇ. مەن خىزمەتكە ئاكتىپ قاتناشتىم. «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» ئاخىر نەشىردىن چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، سىياسەت سولغا بۇرۇلۇپ كەتتى،«بەش تىللىق

مانجۇچە لۇغەت»نى نەشىر قىلىشنىڭ ئۆزى مېنىڭ جىنايىتىم بولۇپ قالدى. فېئودال ئەخلەتلەرنى قوغدىغان دەپ، مېنى سولدىن سوراقا تارتتى، ھەتتا مېنى ساكوۋكىلىياۋمۇ قوغداپ قالالمىدى. مەن شىنخۇا ئاگېنتلىقىدىكى يولداشلاردىن مىننەتدارمەن، «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» قايتا نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن، كۈتۈلمىگەن ھالەتتە چەت ئەللەردە ياخشى تەسىرات پەيدا قىپتۇ. مەركىزىي شىنخۇا ئاگېنتلىقى بۇ تەسىراتلارنى توپلاپ، قىزىل سەرلەۋھىلىك پايدىلىنىش خەۋەرلىرىدە ئېلان قىپتۇ. بۇنى جۇزۇڭلى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، تەستىق سىلىپ ساكوۋكىلىياۋغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. نەشرىياتىمىزنىڭ بۇ باشلىقىمۇ قىزىق ئادەم، مېنى ئوتتەك ئۆرتەيدىغان تەنقىد ئاستىغا ئېلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، ئۇ كۆرەش مەيدانىغا كىرىپ كېلىپ، پەشتاق ئالدىدا توختاپ: «يولداشلار،‹بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت› نى نەشىر قىلغانلىقىمىز توغرىسىدا زۇڭلى يازغان يولىيورۇقنى ئوقۇپ بېرەي. زۇڭلى:‹بۇ خىزمەتكە قاتناشقان يولداشلار، سىلەرگە تەشەككۇر، سىلەر ناھايىتى ياخشى ئىش قىلدىڭلار› دەپتۇ. يولداشلار، ئويلاپ كۆرۈڭلار، بۇ تەنقىد مەجلىسىنى ئېچىۋېرەمدۇق ياكى توختىتىپ قويامدۇق؟»دېتى. مېنى تەنقىد قىلىۋاتقان كىشىلەر بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا قالدى. ئەلۋەتتە، چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنىنىڭ ھەيۋىسى بوشاش بۇياقتا تۇرسۇن، كۈچەيمەكتە ئىدى. مېنىڭدە كوكۇلا بولغاچقا، بوگۇن قۇتۇلۇپ قالسام، ئەتىسى تۇتۇلۇپ تۇردۇم، كېيىن تۈرمىگە تاشلاندىم، شۇ تاشلانغىنىمچە 20 يىل ياتتىم...

ئىلاۋە: ھازىر بەزى سورۇنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىي مىراسلىرىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» تىلغا ئېلىنماقتا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھەم مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەت تۈركىيىگە زىيارەتكە بارغىنىدا، ئۆتكۈرە مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇنلار رەتلەپ نەشىر قىلدۇرغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئالغاچ بارغان. تۈركىيىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى ئۇ كىتابنى بېشىغا ئېلىپ، خۇرسانلىك بىلەن: «بۇ بىز تۈر كلەرنىڭ شانلىق مىراسلىرىمىز» دېگەن. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى ئۆتكۈرنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى دەپ تارتقان دەرد-ئەلەملىرىنى كىم بىلىدۇ؟ ئازادلىقتىن ئىلگىرى تۈركىيىلىك تۈركىيالىي ئۇرۇمچىگە كەلگىنىدە،«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن بىر نۇسخىنى ئۆتكۈرگە ھەدىيە قىلغان، ئۆتكۈر شۇ كىتابنى قەدىرلەپ ساقلاپ كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، يۇرتى كۇچادىكى خوتۇنىغا تاپىلاپ، يەرگە كۆمدۈرۈۋەتكەن. بۇنى پەقەت بىرلا ئادەمگە تىنىپ قويغانىكەن، قايسىبىر نۆۋەتلىك خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا چەت ئەللىك ئالىملاردىن بىرى شۇ ئىككى كىتابنىڭ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زاماندىكى مۇھىم مەدەنىي مىراسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، دىڭ لىچۈن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىگە خەۋەر

قىلغان. سەيپىدىن ئەزىزى تەرەپ- تەرەپلەپ سۈرۈشتۈرۈپ، بۇ كىتابنىڭ ئۆتكۈرنىڭ قولىدا بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆتكۈرنى تاپقان. ئۆتكۈر ئۇ كىتابنى تەقدىم قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ زور قىممىتىنى سۆزلەپ بەرگەن. ئاپتونوم رايوندىن ئادەم تەشكىللەپ، رەتلەشنى، نەشر قىلىشنى تەكلىپ قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۈچىنچىلارغا قارشى كۈرەش باشلانغاندا، قەدىمكى كىتابلارنى كۆمۈپ ساقلاشنىڭ ئۆزى ئاللىمنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى يوشۇرۇن ساقلىغانلىق بولۇپ قالغان. ھېلىقى تۈركىيلىك توغرىسىدىكى گەپلەر قوشۇلۇپ، چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدىغان مەسىلىگە ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈر تۈرمىگە تاشلانغان. بۇنداق دىشۋارچىلىققا ئۇچرىغان ئادەملەر يالغۇز بىرلا ئەمەس، شىنجاڭدا مەلىكەت بويىچە ئومۇملاشقان «قالپاق» لاردىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بېشىغا يەنە «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، «يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر» دېگەن قالپاقلارمۇ كىيدۈرۈلدى. خېلى كۆپ پېشقەدەم ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەرگە ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق قالپاق كىيدۈرۈلدى. ئۇلار چەككەن رىيازەتلەر ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىمۇ چەككەن رىيازەتتۇر. بۇ ئەھۋال زىيالىيلارنىڭ يۈرىكىنى داغلىماي قويمىدى، سولچىل ئەپەندىلەر لەززەتلىك ئاشلىقنى ھاراق تىرىپىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ھاراقنىڭ تىرىپىدىن لەززەتلىك نەرسە ئەمەس، ئاچچىق نەرسە چىقىدۇ، خالاس!

- مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدا تۈرمىدە يېتىپ ئاڭلىسام، ساكۇڭلياۋنى كۈرەشكە تارتقاندا، «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» نى ئۇنىڭ يۈزىگە ئېتىشىپتۇ! «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» جۇڭگونىڭ كونا مەدەنىيىتىنى «فېئودالىزم، كاپىتالىزم، شىۋىجىنچىلىق» دېگەن كالتەكلەر بىلەن دۇمبالىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىمۇ بوش قويمىدى. كىمكى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرىپلىسە، شۇنىڭغا چوڭ قالپاقلارنى كىيگۈزۈشتى، مىللىي مەدەنىيەتنى دەپ پەشۋا يېگەن، تەنقىد ئاستىغا ئېلىنغان، كۈرەشكە تارتىلغان ئادەم ئاز ئەمەس.

ئىلاۋە: ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە فېئودالىزمنىڭ شامىسى دېگەن ئوت تامغا بېسىلدى-يۇ، «24 تارىخ» قا سىڭىپ كەتكەن تارىخىي ئىدېئالىزمنىڭ لاتقىلىرى بولسا، يەنە لۆمۈلدەپ يامىرىدى. بەزىلەر زورمۇزور توقۇپ، تارىخنى ئۆز مەيلىچە بۇرمىلاپ، خەنزۇلارنىڭ رولىنى خالىغىنىچە مۇبالىغە قىلدى. بەزىلەرنىڭ شەرھلىشىچە، «疆» دېگەن ھەرپ شىنجاڭنىڭ سىمۋولىمىش، يۇقىرىدىكى سىزىق ئالتاي تېغى، ئوتتۇرىدىكى سىزىق تەڭرى تېغى، ئاستىدىكى سىزىق كۇئېنلۇن تېغىمىش، يۇقىرىدىكى «田» ھەرپى جۇڭغارىيە، ئاستىدىكى «田» ھەرپى تارىممىش. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن: «شىنجاڭنىڭ بۇرۇندىنلا جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇ «疆» ھەرپىدىنلا بىلگىلى بولىدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقان. شۇ مەمەدەن ئالىم ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرى جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆك ئارت (پامىر) ئۇيغۇرلىرىغا

مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان! يەنە بەزىلەر: «تۇرپاندىكى كارىزنى لىن زېشۈي كەشىپ قىلغان» دېيىشتى. ئۇلار شۇنداق كېلىشتۈرۈپ ھېكايە توقۇغانكى، ھەتتا: «لىن زېشۈي تۇرپاندا تۆنەپ قاپتۇ، كېچىدە يەر ئاستىدا سۇ شاقىراپ ئاققان ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. ئەتىسى يەرلىك ئادەملەرنى يىغىپ قۇدۇق كولاتقۇزۇپتۇ، كارىز ئەنە شۇنداق پەيدا بوپتۇ» دېيىشتى. تارىخىي كىتابلارغا قارىغاندا، مىلادىدىن 48 يىل ئىلگىرىلا تۇرپاندا قوش (ئىدىقۇت) دۆلىتى ھۆكۈم سۈرگەنىكەن. مۇبادا كارىز بولمىغان بولسا، ئۇتتەك ماكان قوچۇدا ئادەملەر نېمە يېگەن،نېمە ئىچكەن بولاتتى؟! تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ راھىبى بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ كېلىش سەپىرىدە قوچۇ خانلىقى تەۋەسىدىن ئۆتكەندە نەدىكى سۇنى ئىچكەندۇ؟ تەبىئىيكى، بۇلار كونا تارىخىي قاراشنىڭ ئاشكارىلىنىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي غۇرۇرىغا ئازار قىلىدىغان بۇنداق قاراشلار. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلاردا كەيپىيات قوزغايدۇ. ئاممىنىڭ كەيپىياتلىرى قوشۇلۇپ توپلانغاندا، ئەقىلنىڭ كونتروللۇقىغا بويسۇنۇپ، مۇۋاپىق چەكتە توختاپ قالمايدۇ، چېكىدىن ئېشىپ، بەزى بىمەنە ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. داشۆنىڭ بىر ئۇيغۇر پروفېسسورى «تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ناخشا ئۇسسۇلى» ناملىق بىر ئەسەرنى تەييارلاپ، نەشرىياتقا يوللىغانىكەن، نەشرىياتنىڭ بىر تەھرىرى: «كىتابىڭىزنىڭ ئىسمى ياخشى ئەمەسكەن، ئۆزگەرتىپ بەرسىڭىز قانداق؟» دەپ تېلىفۇن بېرىپتۇ. پروفېسسور: «نېمىشقا؟» دەپ سوراپتىكەن، تەھرىر «نېمىشقا تاڭ تەۋرىدىكى دەيسىز؟ ئۇيغۇرلارنىڭ دېسىڭىز بولمامدىكەن؟» دەپتۇ. شۇ پروفېسسور بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا: «مەدەنىيەت ئەزەلدىن ئۆزئارا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان» دەپ سۆز لىگەنىكەن، يىغىندىن كېيىن بىراۋ ئۇنىڭغا شىپىر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى «ئۆز مىللىتىنى قوغدىمايدۇ»دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى مىللەتنىڭ تارىختىكى ئۆزئارا تەسىرىي مەسىلىسى سەزگۈر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان. ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا تىلغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنداق پىسخىكا تەرەققىي قىلىۋېرىپ، تەرىپلەيدىغان گەپلەرلا سۆزلىنىپ، كەمچىلىك، ئەيىبلەر تىلغا ئېلىنمايدىغان ھالەت كېلىپ چىققان. يەنە بىر يىغىندا،«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ كىتابلارنى كۆيدۈرگەنلىكى ئۈستىدە گەپ بولغاندا، بىر ئۇيغۇر ئالىم: «‹كىتابلارنى تۆت كىشىلىك گۇرۇھ› لا كۆيدۈرگەن ئەمەس، ئەرەب تارىخىدىمۇ كىتاب كۆيدۈرگەن ئەخمىقانىلىقلار بولغان،ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ باش قۇماندانى ئەمىر قۇتەيبە ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ سەمەر قەندكە بېسىپ كىرگەندە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. ئۇنىڭ شتاب باشلىقى ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلارنى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ھېلىقى باش قۇماندان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈپ تاشلانغان» دېگەن، بۇلار تارىخىي پاكىت، لېكىن بۇ گەپلەر بەزىلەرنىڭ قۇلىقىغا ياقمىغان، گويا ئۆزلىرىنىڭ

يۈزلىرىگە قارا سۈرتۈلگەندەك ھەدەپ كۈچەپ رەددىيە بېرىپ كېتىشكەن. ئەمەلىيەتتە، كىتاب كۆيدۈرگەنلەر يالغۇز ئەمىر قۇتتەيبىلا ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدا ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى بولغان ئاپئاق خوجا دىنىي ئەسەبىيلىكنى قۇتراتقاندا، نۇرغۇن كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ، نۇرغۇن ئادەمنى ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان.

ئېلاۋە: بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش، قېيداش دېگەن ئەنە شۇ.

خاتىرە- 5 ... قېيداش.

خاتىرە- 6 ... قېيداش.

مەن يەنە ھېلىقى ئۇيغۇر بۇرادىرىمنى ئىزدەپ باردىم. ئۇ چەت ئەلدىكى ئىلمىي لېكسىيىسىنى تۈگىتىپ ئەمدىلا قايتىپ كەلگەنىكەن، روھى ئۇستۇن، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرۇپتۇ. چەت ئەل ساياھىتى مۇناسىۋىتى بىلەن نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپتۇ، قاراشلىرىنىڭ دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ.

-قېيداش پسىخىكىسىنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرۈپسىز،- دېدى ئۇ، - ئەمەلىيەتتە، چېكىدىن ئاشقان سولچىل لۇشيەندىن قېيدايدىغان پسىخىكا خەنزۇلاردىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. بىراق خەنزۇلار قېيداشلىقتا دىققىتىنى بىكىكلىكتىن ئېچىۋېتىش تەرىپىگە يۆتكەپ، چەت ئەللەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئىمكان قەدەر ئۆزىگە قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر بولساق، قېيداشلىقتا دىققەت- نەزەرىمىزنى ئۆز چەمبىرىمىز ئىچىگىلا يىغىپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي بىر نېمىلىرىمىزنىلا ئىمكان قەدەر قوغداش بىلەن بولۇپ قالدۇق. خەنزۇلار بىرنەچچە يىلدىن بۇيان پىرقىرىغۇچ شەكلىدە پىرقىراپ ماڭغان بولسىمۇ، يۆنىلىشى يۇقىرى ئۆرلەش بولماقتا، لېكىن بىز بولساق، چەمبەردىكى بىر ئىزدىلا چۆچىلەۋاتىمىز، چەمبەرنىڭ يېرىم دىئامېترى تېخى شۇ پېتى تۇرۇۋاتىدۇ، چەمبەر بارغانسېرى تارىيىپ بارماقتا. قېيداش روھىي ھالىتى بىلەن ئۆزىنى كىچىككىنە بىر چەمبەر ئىچىگە بېكىتىپ قويغاندا، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىش تولىمۇ تەس. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىزدە ئىلگىرىلەش بولدى،لېكىن باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، قەدىمىمىز ئاستا.

- بىرى پىقىرىغۇچسىمان، بىرى چەمبەرسىمان، بۇ ناھايىتى ئوبرازلىق ئوخشىتىش ئىكەن.

-قېيداش پسىخىكىسى مىللىتىمىزنى زىيانغا ئۇچراتماقتا، بىكىنمىچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئەنئەنىۋى ئېچىۋېتىش روھىمىزنى پەسەيتىپ قويماقتا. ئەگەر ھوشىمىزنى تاپماي، شۇنداق روھىي ھالەتنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا يول قويىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا باشقا مىللەتلەردىن كۆپ ئاقىدا قالىمىز.

-بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى مۇلاھىزىڭىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، پىشقان خۇلاسە ئىكەن.

ئوقۇغۇچىڭىزغا خەت يازسىڭىز بولىدىكەن.
- ئالىلقاچان يازدىم.

## 3. يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى

پروفېسسور بىلەن يەنە ئۇچراشتىم. ئۇنىڭ كەيپى بوش، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان شۇنى بايقىدىمكى، ئۇ بىرەر غەشلىككە يولۇققاندىلا قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىلىدە بىر پارچە سالام خەت تۇرۇپتۇ، كونۋېرتى تېخى ئەمدىلا يىرتىلغاندەك تۇرىدۇ. بېيجىڭدىكى ھېلىقى ئوقۇغۇچى يازغان خەت ئىكەن:

ھۆرمەتلىك پروفېسسور: سىزگە سالام!
خېتىمگە يازغان ئۈچۈرىڭىزدىن مىننەتدار بولدۇم. ئۇستازىم، سىزنىڭ قاراشلىرىڭىزغا قوشۇلىمەن، ھازىر بىز نۇرغۇن جەھەتلەردە قالاق ھالەتتە تۇرۇۋېتىپتىمىز، چۈنكى،قېيىداش روھىي ھالىتىمىز مىللىتىمىزنىڭ ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىشىغا توسقۇن بولماقتا. مېنىڭچە، بۇ ھېچقانچە ئېغىر كېسەل ئەمەس، پەقەت كۆپچىلىك ئاز-تولا ئويلىنىدىغان بولساقلا ئەقىلگە كېلەلەيمىز. ھازىرقى ئۈچۈر دەۋرىدە بېكىنىۋېلىش ئۆزىنى- ئۆزى ئۆلتۈرگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى مىللىتىمىز چۈشىنىدۇ. ئۇستازىم، ئېيتىڭا، قېيىداش روھىي ھالىتىمىز تۈگىگەندىن كېيىن، مىللىتىمىزدە روھىي ھالەتتە يەنە باشقا توسالغۇمۇ بولارمۇ؟ مېنىڭچە، بولىدۇ. يېقىندا بىز بېيجىڭدىكى دوستلار بىر يەرگە توپلىنىپ قېلىپ، مۇنداق بىر مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشتۇق: نېمىشقا بىز ئۇيغۇرلار بەزى ساھەدە ناھايىتى زېرەك بولۇپ، خەنزۇلاردىن ئېشىپ چۈشىمىز، يەنە بەزى ساھەلەردە خېلىلا ئارقىدا قالىمىز. سودا ساھەسىدە، شىنجاڭدىكى شۇنچە كۆپ مىللەتنىڭ ئۇيغۇرلاردىن ئېشىپ كېتىدىغىنى يوق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان قىسقىغىنە ئون يىل ئىچىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچىدە بولسۇن، مەيلى سىرتىدا بولسۇن، ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمىزنىڭ ئايىغى تەگمىگەن يەر ئاز. گۇاڭدۇڭلۇق خەنزۇلار تىجارەتكە ناھايىتى ماھىر كېلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق گۇاڭجۇنىڭ سەنيۈەنلى دېگەن يېرى ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭغا خەنزۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ھەيرانىكەن. چۈنكى باشقا ئۆلكە، رايونلاردىن بارغان خەنزۇلار تىل مەسىلىسى سەۋەبى بىلەن گۇاڭدۇڭدا تۇرالمايدىكەن. ئۇيغۇر سودىگەرلەر بولسا، جۇجياڭ دېلتىسىدا بەخۇدۇك يۈرىدىكەن. شاڭخەيلىك خەنزۇلارمۇ تىجارەتكە ماھىر. شۇنداق بولسىمۇ شاڭخەينىڭ شەرقىي جېجياڭ كوچىسى ئۇيغۇر كوچىسىغا ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالغان. ھەتتا

پايتەخت بېيجىڭدىمۇ ئۇيغۇر سودىگەرلەر خېلى قاينايدۇ.

ئىلاۋە: ئۇيغۇرلارنىڭ سودىگەرچىلىك قىلىش قابىلىيىتى چەت ئەللىك ئەربابلارنىمۇ ھەيران قالدۇرماقتا. «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» نىڭ 1987- يىلى 3- ئاينىڭ 12- كۈنىدىكى سانىغا مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلغان: «رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ 5- مارت گۇاڭجۇ تېلىگراممىسى. جۇڭگونىڭ ئەڭ چەت رايونىمۇ مۇرەككەپ قاراڭغۇ بازارلاردىكى پۇل سودىسى بىلەن، ئەتكەسچىلىك تورلىرى بىلەن بىرلەشمەكتە، شىياڭگاڭنىڭ شىمالىدىكى گۇاڭجۇ شۇ توردا مۇھىم رول ئوينىماقتا. .......

نۇرغۇن پۇل سودىگەرلىرى شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئىكەن. ئۇلار كوللېكتىپ ئوقەت قىلىدىكەن، خەنزۇلار بىلەن رىقابەتلىشىدىكەن. ئۇلار چوڭ شەھەرلەردە ياكى ساياھەتگاھلاردىكى مېھمانخانىلار ئالدىدا ئوقەت قىلىدىكەن. پۇل تېگىشىدىغان بىر ئۇيغۇر سودىگەر گۇاڭجۇ ۋوگزالىنىڭ ئالدىدا مەن بىلەن گەپلىشىپ: «بىز ھەر بىرىمىز ئېيىغا 1000 يۈئەنچە پۇل تاپالايمىز، لېكىن بۇ ئوقەت تولىمۇ مۈشكۈل» دەيدۇ... ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر سودىگىرىدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئۈرۈمچىدىن گۇاڭجۇغا ھەر نۆۋەت كەلگىنىدە ئۈچ ئاي تۇرىدىكەن، ھەر نۆۋەتتە 30 مىڭ دوللار شياڭگاڭ پۇلى تېگىشىپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن گەزلىمە ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرىدىكەن.

بىر ئۇيغۇر سودىگەر مۇنداق دەيدۇ: «بىز كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلىمىز، چۈنكى بىز ئېلىپ كەلگەن پۇل كۆپ بولغاچقا، خەۋپ- خەتەرمۇ چوڭ. بىزنىڭ ئوقەت قىلۋاتقىنىمىزغا ئۈچ يىل بولدى. ھەر قېتىمدا ئۈچ ئايچە تۇرۇمىز». شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئاشپەز، ساتراشمۇ ئالغاچ كېلىدىكەن، ئۇلار گۇاڭجۇغا كېلىپ كېتىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇرلارغا خىزمەت قىلىدىكەن. قاچانلا بولمىسۇن، شۇنداق سودىگەرلەر بىرنەچچە يۈزدىن كەم بولمايدىكەن. بۇنداق قاراڭغۇ بازار ئوقىتى جەنۇبىي جۇڭگودا ناھايىتى ئومۇملىشىپ كېتىپتۇ. باشقا شەھەرلەردىمۇ، شۇ جۈملىدىن، بېيجىڭ، شاڭخەي، شېنيەنلەردىمۇ ۋە ساياھەت مەركەزلىرىدىمۇ بار ئىكەن. پۇل تېگىشىدىغان ئۇيغۇر سودىگەرلەر بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى بىر ئاشخانىنىڭ دائىملىق خېرىدارى ئىكەن. ئۇ ئاشخانىنىڭ شۇنداق داڭقى باركى، ھەتتا چەت ئەللىكلەرمۇ ئۇنىڭغا «شىنجاڭ بانكىسى» دەپ لەقەم قويۇپتۇ...

بۇ خەۋەرنى نەقىل كەلتۈرۈشتىن مەقسىتىم، چەت ئەل پۇللىرىنى پەلەمپە قىلىش ھەرىكە تلىرىنى مەدھىيىلەش ئەمەس. چەت ئەل پۇللىرىنى پەلەمپە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەنزۇلارنىڭ سانى ئۇيغۇرلاردىن جىق كۆپ ئىكەنلىكى چوقۇم، لېكىن بۇ خەۋەردىن قارىغاندا، خەنزۇلار رىقابەتتە ئۇيغۇرلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. مۇشۇ بىر جەھەتمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سودىگەرچىلىك قابىلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەمدۇ؟ سودا ساھەسىگە

قارىغانـدا، مەن ئۇيغـۇر بولـۇش سـۈپىتىم بىـلەن ناھـايىتى پەخـىرلىنىمەن، لـېكىن باشـقا ساھەلەرگە قارىغاندا، مەيۈسلىنىمەن. مەسىلەن، مەدەنىيەت، پەن- تېخنىكا ساھەسـىدىكى ھـازىرقى ھـالىتىمىز كىشـىنى مەمنـۇم قىلالمايـدۇ. ئۇسـتازىم، سـىز ماڭـا قارىغانـدا كـۆپ ئەھۋالدىن خەۋەردار. مەن بۇ يەردە مۇنداق بىر نەچچىلا ئەھۋالنى ئېيتاي:

1. 1986- يىلـى ئـالىي مەكـتەپ ئىمتىھانىغـا قاتناشـقان ئۇيغـۇر ئوقۇغۇچىلارنىـڭ ماتېماتىكىدىن ئالغان نومۇرى 60 قا يەتكەنلەر ئاران 0.9% دىن سەل كۆپرەكنىلا تەشكىل قىلىپتۇ، بىر پىرسەنتكە يەتمەيدىكەن.

2. يېقىنقى بىـرنەچچە يىلـدىن بۇيـان ئۇيغـۇر ئوقۇغـۇچىلاردىن ئىچكـى ئۆلكىلەردىكى تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ۋە ئـالىي مەكـتەپلەرگە ئاسـپىرانتلىققا ئىمتىھـان بېرىـپ ئىمتىھانـدىن ئۆتكەن- قوبۇل قىلىنغانلىرى ئونغا يەتمەيدىكەن.

3. شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇۋاتقـانلار ئىچىـدە ئىجتىمـائىي پەنـدە ئوقۇيـدىغانلار تەبىئـىي پەنـدە ئوقۇيـدىغانلارغا قارىغانـدا جىـق كـۆپ ئىكەن، دېمەك ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىغا بېرىـپ خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭمۇ ئـاز بولۇشـى تەبىئىي.

بـۇ مەسـىلىلەر ھەقـقەتەن كىشـىنى قايغۇغـا سـالىدۇ. ئۇنـداق ئويلىسـاقمۇ، بۇنـداق مۇھاكىمە قىلساقمۇ، گەپ شۇ يەردىكەن: ھازىرقى دۇنيادا ھەرقانداق بىـر مىللـەت مەزمۇت تۇرۇپ راۋاج تاپماقچى بولىدىكەن، پەن- تېخنىكىسـىنى راۋاجلاندۇرۇشـى زۆرۈر. ئۇسـتازىم، بـۇ مەسـىلىلەرنى ئـويلاپ كـۆرگەنلىكىڭىزدە شـەك يـوق. بىزنىـڭ خۇلاسـىمىزمۇ سـىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش چىقىشى مۇمكىن. شۇنداق بولسـىمۇ يەنىـلا سـىزنىڭ تەلىمىڭىزنـى ئاڭلاشـقا تەييارمەن.

پىروفېسسـورنىڭ ئويلىغـانلىرىمۇ بـار ئىـكەن. ئـۇ ھېلىقـى سـالام خەتنـى قـاتلاپ ئېلىـپ قويۇپ، ئـويلاپ تۇرماسـتىنلا: «بـۇ مەسـىلىنى يېشـىش ئاسـان» دېـدى. ئۇنـىڭ ئېيتىشـىچە، نۇرغۇن ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغـانلىرى بـار ئىـكەن، لـېكىن گەپنىـڭ ئوچـۇقىنى قىلغىلـى ئۇنىمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۆزى بىرمۇنچە سورۇندا گەپنىڭ ئوچۇقىنى سۆزلەپ كۆرۈپتـۇ، لـېكىن ھەر قېتىم سۆلىگىنىدە بىرمۇنچە سوغۇق، تەنە گەپـلەرگە يولۇقۇپتـۇ. ئـۇ شـائىرلارغا خـاس مىجەزلىـك بولغاچقا، ئازغىنا تەنىـگە ئۇچرىسـىلا كەيپـى ئـۆرلەپ كېتىـدىكەن. ئۇمـۇ كـۆپ چــاغلاردا مۇشــۇ ئىــش ئۈچــۈن غەم يەپ ئازابلىنىــدىكەن. ئــۇ ھېلىقــى ئوقۇغۇچىنىــڭ جاسارىتىنى يارىتىدىكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

- ۋەزىيەتنىــڭ تەرەققىيــاتى بىــزدىن دۇنيــانى يېڭــى تەپەككــۇردا كۆزىتىشــنى تەلەپ قىلماقتــا. يېڭــى تەپەككــۇر دېگىنىمىــز، ھــازىرقى زامــان ئېڭىغــا ۋە ھــازىرقى زامــان مېتۇدولوگىيىســىگە ئــىگە تەپەككــۇر دېمەكتــۇر. ئىجتىمــائىي ھادىسـىلەرنى ئەنە شـۇنداق تەپەككۇر بىلەن تەھلىل قىلغاندىلا ئىلمىي خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ. بىرمـۇنچە كىشـىلەر

بىرەر مەسىلە توغرا كەلسىلا ھامان ئۆزىنى كەمچىلىكسىز مۇكەممەل قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ، ئەيىبنى باشقىلارغا ئىتتىرىدۇ. ئۇ كونا تەپەككۇر. ئۇنىڭ مەسىلە ھەل قىلىشقا ياردىمى بولمايدۇ، كۆپ بولسا، ۋاقىتنچە ئۆز- ئۆزىگە تەسەللى بولىدۇ. بۇ ياش ئوقۇغۇچى ئىككى ساھەدىكى پەرق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمەلىيەتتە خۇلاسىمۇ شۇنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ: ئۇيغۇرلار سودا ساھەسىدە ئىنتايىن زېرەك، مەدەنىيەت، پەن- تېخنىكا ساھەسىدە بولسا ئارقىدا قالغان. بەزىلەر، يىپەك يولى ئۈستىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار كونا يىپەك يولىدىكى ئەرەب، پارس، خەنزۇ ۋە سوغدىلارنىڭ سودىگەرچىلىك تەجرىبىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىگە خاس مىللىي ئەنئەنە ياراتقان دېيىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىل ئەنئەنىلىرى ناھايىتى كۆپ، نېمىشقا سودىگەرچىلىك ئەنئەنىسى جارى بولۇپ، باشقا ئەنئەنىلىرى جارى بولمايدۇ؟ مېنىڭچە، سودا ساھەسىدە ئېتىبار بېرىش دېگەن گەپ يوق، پۈتۈنلەي رىقابەتكىلا تايىنىدۇ. سودا ساھەسىدە ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ كۈچىنى، ھازىرقى مودا سۆز بىلەن ئېيتقاندا، سۇبيېكتىپچانلىقنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەدەنىيەت، پەن- تېخنىكا ساھەسىدە بولسا، ئۇزۇندىن بۇيان ئېتىبار بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقتىن، جاپاغا چىداپ تىرىشمايدىغان، غەيرەت- ئىجتىھات قىلمايدىغان يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى پەيدا بولۇپ قالدى.

- سىز شۇنداق دەپ قارامسىز؟

- شۇنداق. شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىقىنىڭ سەۋە بىلىرى كۆپ. تارىخىي جەھەتتە، رېئال جەھەتتە، رەھبەرلىك جەھەتتە، كونكرېت ئىجرا قىلىش جەھەتتە، سىياسەت جەھەتتە ۋە تەدبىر جەھەتتە سەۋەبلەر بار، چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭمۇ، يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭمۇ تەسىرى بار... نەتىجىسى بىر، سەۋەبى ھەر خىل. شۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرەرسىگە كۆز يۇمۇشمۇ يالغانچىلىق بولىدۇ، لېكىن سۇبيېكتىپ سەۋەبنى ئۆزىمىزدىن ئىزدىشىمىز لازىم. مېنىڭچە، شۇنداق قىلغان تۈزۈك. تارىختىن قالغان پەرق تۈپەيلىدىن ھازىرقى باسقۇچتا ئېتىبار بېرىش زۆرۈر. ئېتىبار بېرىش- پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قىلغان غەمخورلۇقى. مۇبادا ئېتىبار بېرىشنى قارىغۇلارچە چۈشىنىپ، ئۇنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋالساق زىيان تارتىمىز. لاۋزى: «دۈشمىنى يوق دۆلەت ھالاك بولۇر» دەپتىكەن. بۇنى ھازىرقى زامان تىلى بىلەن شەرھلىسەك، «رىقابەتچىسى رەقىبى يوقلار زەئىپلىشىپ كېتىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ.

-شۇنداق، مەن بولسام موڭغۇل. دەسلەپتە كەسكىن رىقابەت ئىچىدە چىڭگىزخان ئوتتۇرىغا چىققان، شۇنداقلا ئۇ رىقابەت ئىچىدە يەر- جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ئىشلارنى قىلغان. مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە موڭغۇللار ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە بولدى. بىرنەچچە يۈز يىلدىن كېيىن ئەسلىدىكى قۇدرەتلىك موڭغۇللار كىچىك مىللەتكە ئايلىنىپ

قالدى.

- ئىلگىرى، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، دەپ قارالغان داشقازان تامىقى جۇڭخۇا ئېلىنىڭ ئەمگەكچانلىقىنى، باتۇرلۇقىنى يوقىتىۋەتتى. شياڭگاڭ، سىنگاپور، تايلاند قاتارلىق جايلار ۋە ئەللەردىكى خەلقلەر خەنزۇلارنى ھۇرۇن، دەپ زارلىنىدىكەن. ئىلگىرى بۇنداق دېيىشكە يول قويۇلمايتتى، دېگەنلەرگە «پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى» دېگەن يوغان قالپاق كىيگۈزۈلەتتى. بۇ جەھەتتە ئېچىنىشلىق زىيانلارنى تارتقاندىن كېيىن، مانا ئەمدى جۇڭگولۇقلار: داشقازاننىڭ تامىقى ھۇرۇن- تەييار تاپلارنى باقىدىكەن، دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئېتىراپ قىلغاندا ئاكتىپلىق بىلەن تۈزەتكىلى بولىدۇ. ھازىر شىنجاڭدا ئېتىبار بېرىشتىن پەيدا بولۇدىغان پاسسىپ تەرەپلەرنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئادەم ئاز ئەمەس. ئۇياق- بۇياقلارغا بېرىپ، ئۇنىڭ- بۇنىڭ گەپ- سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، جەمئىيەتنى كۆپرەك تەكشۈرۈپ كۆرۈشكىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

خاتىرە-1: تۈركىيە «لالە» ھەسسىدارلىق كىيىم شىركىتىنىڭ ئۇيغۇر دىرېكتورى تاشپولات بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىن چىقىپ كەتكەنىدە، ھال- كۈنى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىكەن. مانا ئەمدى ئۆز يۇرتىغا كاتتا باي سودىگەر بولۇپ قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئۇرۇمچىدە ۋە غۇلجىدا ئۆز سەرمايىسى بىلەن زاۋۇت- فابرىكا قۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن. ئۇنىڭدا چەت ئەل دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتتۈم دەپ ھال پەيدا قىلىدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ چاغلايدىغان چاكىنىلىق يوق ئىكەن. ئۇ كرېسلودا يانتۇ ئولتۇرۇپ «نو پولتىc» دەپ قايتا- قايتا تەكىتلىدى. ئۇ سالاپەتلىك، گەپ- سۆزلىرى سىلىق ئادەم ئىكەن، سۆزنى ئەقلىگە سىلىپ ئويلاپ، جايىدا قىلىدىكەن.

-مېنىڭ بوۋىلىرىم ئىلگىرى ئافغانىستاندا تىجارەت قىلغانىكەن. چوڭ دادامنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، چوڭ دادام شىنجاڭغا قايتىپ كەپتىكەن. تۇرمۇشىنىڭ قىيىنچىلىقىدىن 1961- يىلى ھۆكۈمەتنىڭ رۇخستى بىلەن يەنە ئافغانىستانغا كېتىپتۇ. كابولدا ئىككى- ئۈچلا ئاۋاتراق رەستە بار ئىكەن، كىچىك كوچىلىرى تولىمۇ ۋەيرانە بولۇپ، ئۈرۈمچىگە يەتمەيدىكەن. ئافغانلار سۈپۈرگە ياساشنى بىلمەيدىكەن. ئاتا- ئانام سۈپۈرگە ياساپ سېتىپتۇ. كابولنىڭ بازارلىرىدا ئۆگرە يوق ئىكەن، ئانام خېمىر يېيىپ ئۆگرە كېسىپ قۇرۇتۇپ سېتىپتۇ. ئافغانىستان مەدەنىيەتتە ئارقىدا ئىكەن. مەن غۇلجىدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتمىگەن، كابولغا بارغاندىن كېيىن، ئافغانىستان دۆلەتلىك ئۈلچەم ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئېلىندىم. شۇ چاغدا 17 ياش ئىدىم. شىنجاڭدا ھېچنەرسىدىن غېمىم يوق ئىدى، ھۆكۈمەت ئۆزىلا پەللىگە يەتكۈزۈپ قويۇدىغاندەك خاتىرجەم ئىدىم. تىرىكچىلىك يولىدا غەم- قايغۇ دېگەننى بىلمەيتتىم. بولۇپمۇ ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىپ تۇرغاچقا، ئاسقايمۇ قالمايتتىم. مەكتەپكە خۇددى ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ئوقۇيدىغاندەكلا تالىشىپ- تاكاللىشىپ كېتەتتىم، تىرىشمايتتىم.

ئافغانىستانغا بارغاندىن كېيىن ئىش باشقىچە بولۇپ چىقتى. ياخشى ئىشلىسىڭىز بىرنۆرى، ياخشى ئىشلىمىسىڭىز نان يوق. ئۆلچەم ئىدارىسىدە ئىشتىن ھەيدىلىپ كېتەرمەنمىكىن دېگەن ئەندىشىدە بىن زادىلا قۇتۇلالمىدىم. ئۆلچەم ئىدارىسىدە كەسىپنى باشقۇرۇدىغان مۇتەخەسسىسلەر ياكى ئىنگلىز، ياكى ھىندى، ئۇلار ئىشنى ناھايىتى چىڭ تۇتىدۇ. ئادەمنىڭ مەنىۋى ھالىتىنىڭ رولى كارامەت بولىدىكەن. مېنىڭدىكى غەم ئەندىشىنى بىلمەيدىغان خاتىرجەملىكىنىڭ ئورنىنى ۋەھىمە ئالدى، تۇرمۇش پوزىتسىيەممۇ ئۆزگەردى، يۇرتۇمدا ئوقۇۋاتقان تىرىشمىغان بولسام، ئافغانىستانغا بارغاندىن كېيىن قېتىرقىنىپ ئوقۇيدىغان، ئۆگىنىدىغان بولدۇم. مۇتەخەسسىسلەرمۇ مېنىڭ تىرىشچانلىقىمنى كۆرۈپ، قىزغىن ياردەم بېرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر، ئۆلچەش كەسىپنى پىششىق بىلىۋالدىم، ئىگلىز تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم.

ئېلاۋە: ئۇ ئىنگلىز تىلىنى سۇدەك بىلىدىكەن، كەمىنە مۇخبىر بىلەن سۆزلەشكىنىدە پات- پاتلا ئىنگلىزچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىدى.

- ئەگەر ئۇ يەردە ھۆكۈمەت ئېتىبار بەرگەن بولسا، ئۆگىنىشكە ئۇ قەدەر كۆپ كۈچ سەرپ قىلماس ئىدىم. كېيىن دادام بىلەن تۈركىيىگە باردىم. تۈركىيە كېيىنكى يىللاردا ناھايىتى تېز راۋاجلىنىپتۇ. مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئافغانىستاننىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى ئىكەن. ئالىي مەلۇماتلىق ۋە چەت ئەللەردە بىلىم ئاشۇرغان ئادەملەر كۆپ ئىكەن. مەن چاغلىق بىلىم سەۋىيەم بىلەن تۈزۈكرەك خىزمەت تاپالماسلىقىم تۇرغان گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن نائىلاج ستامبۇل خۇرۇم زاۋۇتىغا كىرىپ ھۈنەر ئۆگىنىشكە باشلىدىم. شۇ جەرياندا بىر تۈرك قىز بىلەن تۇرمۇش قۇردۇم، پەرزەنت كۆردۈم. پەرزەنتىمنىڭ ئەھۋالىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىۋالدىم. تۈركىيىدە شەرت- شارائىت ناھايىتى ئېغىر، دىپلوم بولمىسا، ھۈنەر بولمىسا، مائاشى ئۇبدانراق خىزمەت تاپماق بەكمۇ مۈشكۈل. قىزىم 11 يېشىدىلا ئىنگلىز تىلىنى ناھايىتى ئوبدان سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر مەكتەپ ئۇنىڭغا ئېتىبار بەرگەن بولسا، تىرىشچانلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويغان بولاتتى. دادام تىرىكچىلىك قىلىشتا يولى بار ئادەم بولغاچقا، ستامبۇلدا خۇرۇم زاۋۇتى قۇردى. مەن تىجارەت سەۋەبى بىلەن ئىتالىيە، ياپونىيە، بۇلغارىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالارغا باردىم، تەيۋەنگىمۇ ساياھەت قىلىپ باردىم. مەندە شۇنداق چوڭقۇر تەسىرات پەيدا بولدىكى، ھەرقانداق مىللەت پەن، مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا جەھەتتە تەرەققىي قىلمايدىكەن، قالاقلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. مەدەنىيەت، پەن ۋە تېخنىكىدا تەرەققىي تېپىش ئۈچۈن، باش چۆكۈرۈپ تىرىشىدىغان، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىدىغان غەيرەت بولمىسا بولمايدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى شىنجاڭنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىكەن. ئۇلار ئېتىبار بېرىشنى ئاللىقاچان بىكار قىلغان بولۇپ، يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسىمۇ زور دەرىجىدە ئازلاپتۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە

نۇرغۇن مۇتەخەسسىس، ئالىملار بار، ئايتماتووقا ئوخشاش ئەدىبلىرى دۇنياغا مەشھۇر.

مەن بۇ نۆۋەت ئانا يۇرتۇمدا ئۆز سەرمايەم بىلەن زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن قايتىپ كەلدىم. قارىسام، بۇ يەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى 60- يىللارنىڭ باشلىرىدىكىدىن كۆپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ، ھەممە ئادەم ئۆز ئوقتى بىلەن خاتىرجەم ياشاۋېتىپتۇ، لېكىن بەزى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسى تولىمۇ تار ئىكەن! جۇڭگو ھەر يىلى قانچىلىك مال ئىمپورت قىلىدۇ، قانچىلىك ئېكسپورت قىلىدۇ، بالانسى ئاكتىپمۇ ياكى پاسسىپمۇ؟ بۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدىكەن. ياشلىق دەۋرىمدىكى كۆلەڭگەمنى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆرۈپ قالدىم. ئۇلار شۇنداق بىغەم، بىپەرۋا ئىكەن، جىددىيلىك تۇيغۇسى، خەۋپ تۇيغۇسى كەم ئىكەن. سىلەر، ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار چوقان بىلەن دالالەت قىلساڭلار بولىدۇكى، غەيرەت قىلماي، جاپاغا چىداپ تىرىشماي تۇرۇپ، روناق تاپىمىز دېگەن بىكار!

ئىلاۋە: تاشپولات تۇرلۇك ھادىسىلەرگە سىنچىلاپ قاراپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى يۆلىنىشلىش ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

خاتىرە-2: شىنجاڭ داشۆ فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى ئەركىن سىدىقنى ئۇچراتقانلىقىم ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ئۇنىڭ ياپونىيىدىن قايتىپ كەلگىنىگە تېخى ئەمدى بىلا بىر نەچچە كۈن بولغانىكەن. دابەن ئېلېكترىك سايمانلىرى داشۆسىنىڭ تەجرىبىخانىسىدىكى ئەھۋاللار تېخى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىگەن، ھېسسىياتى تېخى تولۇق ئەسلىگە قايتمىغا نىكەن. مەن كۆرۈشكىلى بارغاندا، ئۇستەلدە ماتېرىيال يېزىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئېگىز بويى، ئاق پىچىم چىرايى، زىيالىي سۈپەت قامىتى ھەر قانداق كىشىنىڭ دىققىتىنى بىردەمدىلا ئۆزىگە تارتىۋالالايدىكەن. ئۇ شىنجاڭغا پۇتىۇنلەي يېڭى نەزەر بىلەن قارايدىكەن. ئۇنىڭ مېھمانخانىسىدا چىرايلىق سۆھبەت پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، گويا سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىنى سۈمۈرگەندەك، ئىچ- باغرىم ئېچىلىپ قالدى.

-ياپونىيىنىڭ دابەن ئېلېكترىك داشۆسىدە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان چېغىمدا، ياپونلار ھەدېسىلا مەندىن: «ياپونىيىگە كەلگەندىن بۇيان نەزەرىڭىزگە ھەممىدىن بەك سىغمىغان نەرسە نېمە؟ سىزنىڭچە ھەممىدىن بەك ئوسال يەرلىرىمىز نېمە ئىكەن؟ ھەممىدىن بەك قالاق يەرلىرىمىز نېمە ئىكەن؟» دەپ سوراپ تۇردى. ئۇلار كەمچىلىكلىرىنى، يېتەرسىزلىكلىرىنى ئېيتىسىڭىز خۇرسەن بولىدىكەن، لېكىن بىزنىڭ جۇڭگودا بولسا، ياخشى دەپ تەرىپلىگەننى ياخشى كۆرۈدىكەنمىز. ئۇيغۇرلار جۇڭگولۇقلارنىڭ بىر قىسمى، بىزمۇ باشقىلارنىڭ ياخشى دەپ ماختىشىنى ياخشى كۆرۈدىكەنمىز. ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تونۇمىغاندا ئالغا ئىلگىرىلەش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ياپونىيىگە بارغاندىن كېيىن، بىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كەمچىلىكلىرىمىز نېمە؟ دېگەن سوئال مېڭەمدىن كەتمىدى. مەن ئۆزۈم

ياش، ئۆزۈمنى ياپونلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ باقتىم: ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ياپون ئوقۇغۇچىلار كۇتۇپخانىغا ھەممىدىن كۆپرەك كىرىدىكەن، بىز ئاز كىرىدىكەنمىز؛ دەرسلىكتىن باشقا ماتېرىياللارنى ئوقۇشتا ياپون ئوقۇغۇچىلار كۆپ ئوقۇيدىكەن، بىز ئاز ئوقۇيدىكەنمىز: ياپون ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 3- 4 تىن بولۇپ قۇرۇق پاراڭ سوقۇدىغانلار ئاز، بىزدە كۆپ ئىكەن؛ ياپون ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ھەددى- ھېسابسىز كىنو كۆرۈدىغانلار، تانسا ئوينايدىغانلار ئاز ئىكەن، بىزدە كۆپ ئىكەن. مانا بۇ ئەھۋاللار ئىككى خىل پسىخىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈدىكەن. بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئالىي مەكتەپكە كىرىۋالسىلا دىپلوم ئالالماسلىقتىن ئەندىشە قىلمايدىكەن: دىپلوم ئېلىۋالسىلا، خىزمەتكە تەقسىم قىلىنالماسلىقتىن ئەندىشە قىلمايدىكەن؛ خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، مەلۇم ساتاژغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنىۋان ئالالماسلىقدىن ئەندىشە قىلمايدىكەن. مانا بۇنداق بىخەمىلىك، تەبىئىيكى، كىشىنى ھۇرۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ياپون ئوقۇغۇچىلاردا ئۇنداق قورقماسلىق يوق ئىكەن.

ئېلاۋە: ھاياتلىق ئىجادچان كۈچكە باي بولىدۇ، لېكىن ھاياتلىق تەبىئىي يوسۇندا راھەت- پاراغەتكە ئامراق بولىدۇ. مانا بۇنداق زىددىيەت ئادەملەرنى تۇرمۇشتا تۈرلۈك تۇسكە كىرگۈزۈپ قويىدۇ: بەزىلەر جەسۇر بولىدۇ، بەزىلەر زەئىپ بولىدۇ؛ بەزىلەر زېرەك، بەزىلەر دۆت بولىدۇ؛ بەزىلەر غالىب، بەزىلەر مەغلۇپ بولىدۇ. بۇلار ھاياتنىڭ ئىككى خىل خۇسۇسىيىتىدە بولغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسى. پەم- پاراسەتلىك ئادەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تولا ئادەملەر ئۆزىنىڭ راھەت- پاراغەت كۆرۈش تەمەسىنى قاندۇرۇشقا تاشقى جەھەتتىن بىرەر ھىمات- يۆلەنچۈك تاپالمىغاندىلا،لېۋىنى چىشلەپ،بېلىنى باغلاپ، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىشقا، پىداكارلىق كۆرسىتىشكە، ئىجاد قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاياتىنى نۇرلاندۇرىدۇ. تاشقى دۇنيادىن راھەت- پاراغەت سۈرگۈدەك بىرەر ئىمكانىيەت تېپىلىپ قالسا، بەزى راھەت كۆرۈش تەمەسىنى ئەجرىسىزلا قاندۇرۇش ئىمكانىيىتى چىقىپ قالسا، ئۇ ھالدا بوشىشىپ، توختاپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھاياتنىڭ زەئىپلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ھاياتنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش، ئۇنىڭغا يول قويۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىنتائەتچان بەندىچىلىك قىلىش- بۇ نادانلارنىڭ نادانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى. پەقەت پاراسەتلىك ئادەملەرلا ھاياتنى قامچا بىلەن ھەيدەپ ماڭىدۇ.

- روھ شەكىلسىز بولىدۇ، ھەرقانداق ئادەم پاسسىپ روھىي كۈچنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ شۇنداق مەھكۇم ھالىتىنى چۈشىنىپ كېتىشى تەس. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، بەزى ساۋاقداشلىرىمنىڭ بوشاڭلىقىغا، ئويۇن- كۈلكە بىلەن ۋاقتىنى زايە قىلىپ يۈرىدىغانلىقىغا، ئۆزى ناھايىتى زېرەك بولسىمۇ، جاپادىن قاچىدىغانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالاتتى. شۇنداق ئەھۋاللار ئايرىم كىشىلەرنىڭلا ئوقۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى مەسىلىسى ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭدا بىر خىل روھىي ھالەت رول

ئۇنىۋاتاقانلىقىنى ھېس قىلغان بولسامىمۇ، كونكرېت مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتىم.

فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى غاپپار بىزنى چىڭ تۇتاتتى. ئۇ ئېينىشتېيىنىنىڭ نىسبەت نەزەرىيىسىگە كامىل ئىدى. بەزىمىزنىڭ ئوقۇش نەتىجىمىز ناچار تۇرۇپمۇ تىرىشمايۋاتقانلىقىمىزنى كۆرگىنىدە: «باشقىلار ئېتىبار بېرىدۇ، دەپ قاراپ ئولتۇرامسىلەر؟ كۆزۈڭلار يوقمۇ؟ قولۇڭلار چولاق، قۇلىقىڭلار گاسمۇ؟ سىلەر مېيىپمۇ؟ نېمىشقا جاپاغا چىداپ ئوقۇمايسىلەر؟» دەپ تەنقىد قىلاتتى. بەزى ساۋاقداشلار بۇ تەنقىدنى ئاڭلىغىنىدا، «ئېتىبار بەرمىسە بولامدۇ؟ بىزنى خەنزۇلارغا ئوخشاتسا قانداق بولىدۇ؟ تەڭلەشتۇرۇش مۇنكىن ئەمەس!» دەپ پەرۋا قىلمايتتى. ئويلاپ قارىسام، ئۇلار ئېتىبار بېرىشنى مەنىۋى ھىمات قىلىشۇالغانىكەن. شۇڭا ئۇلار ئەلا نەتىجە ئېلىش يولىدا جاپاغا چىداپ ئوقۇشنى خالىمايدىكەن. مەنمۇ سىنىپتا: «بۈگۈنكى كۈندە ئېتىبار بېرىش زۆرۈر، لېكىن بىز ئېتىبار بېرىشكە- تەييارغا ئاشىق بولۇۋالساق، ئۆزىمىزنىڭ ئۆسۈشىمىزگە زىيان يېتىدۇ» دەپمۇ باقتىم. بۇ گەپنى ياقتۇرۇدىغانلار تولىمۇ ئاز بولدى. شۇنى بايقاپ قالدىمكى، بىر خىل روھىي ھالەت ۋۇجۇدقا چىقىپ قالسا، شۇنداق روھىي ھالەتنى ۋۇجۇدقا چىقارغان مۇھىت ئۆزگەرتىلمەيدىكەن، ئۇ روھىي ھالەتنى تۈگىتىش ناھايىتى قىيىن. مەنمۇ شۇنداق مۇھىتتا ئۆسكەن. روھىمدا ئۇنىڭ ئىزلىرىنىڭ بار- يوقلۇقىنى ئويلاپ قارىسام، يوق ئەمەس ئىكەن. تەبىئىي قىسمەتتە خەنزۇلارمۇ، ئۇيغۇرلارمۇ باراۋەر بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا خەنزۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش ئوقۇش ئۈچۈن، ھەتتا ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشۈش ئۈچۈن تىرىشىمەن، ئاغزىمدىكى گەپ بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئالاچى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش جاپا چېكىپ ئوقۇيمەن، دەپ نىيەت قىلدىم، كۆڭلۈمگە 13 سائەت ئۆگىنىمەن دەپ پىلان تۈزدۈم. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆز تىلىمدا ئوقۇغاچقا خەنزۇچىنى بىلمەيتتىم. ئالىي مەكتەپنىڭ تەييارلىق سىنىپىدا بىر يىل ئوقۇپ، خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسىنى ۋە بىر مۇنچە خاس ئاتالغۇنى ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈۋالدىم. كېيىن ئىنگلىز تىلىنىمۇ ئۆگەندىم. 1984- يىلى ئاپت ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، بىر قېتىمدىلا ئۆلچەمگە يەتتىم. شۇنى چۈشەندىمكى، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچ چەكسىز بولىدىكەن، يوشۇرۇن كۈچنى قانچىكى قازسىڭىز، ئۇ شۇنچە ئۇلغىيىپ تۇرۇدىكەن. بەزى ئادەملەر مۇۋەپپىقىيەت قازىنىدىكەن، غەلىبە قىلىدىكەن. ئۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار شۇ يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە بىلمىگە، قابىلىيەتكە ۋە ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇدىكەن. بەزىلەر ئۆمۈر بويى پالاقلاپ- سوكۇلداپ ئۆتىدىكەن، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى زادىلا قازالمىغانلىقى، ئىشقا سالالمىغانلىقى سەۋەبچى بولىدىكەن. جاپا چېكىشنىڭ ئۆزى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قازىدىغان بۇقۇسا ئىكەن. باشقىلار كىنو كۆرگىلى بارسا، مەن بارمىدىم، باشقىلار تانسىغا چۈشسە، مەن چۈشمىدىم، قىزلار تەبەسسۇم قىلسا، مەن مەست قىلمىدىم، لەرزان شامال سوقۇپ تۇرغان ئايدىڭ كېچىلەردىمۇ، قاسقاننىڭ

ھورىـدەك ئىسسىق تومۇز كېچىلىرىـدىمۇ، جـۈت بولـۇپ شـۇىرغان غۇيۇلـداپ تۇرغـان زىمىستان كېچىلىرىدىمۇ شىرەدىن باش كۆتۈرمەي ئوقۇدۇم.

مەن شـىنجاڭ داشـۆ ئوقۇغـۇچىلار ئۇيۇشمىسـىغا رەئىـس، ئـاپتونوم رايۇنلـۇق ياشـلار بىرلەشمىسىگە رەئىـس، ئـاپتونوم رايۇنلـۇق تـۈنجى نۆۋەتلىـك ئوقۇغـۇچىلار بىرلەشمىسـىگە رەئىس، مەملىكەتلىك 10-نۆۋەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىگە مۇئاۋىن رەئىس بولغانىدىم، شۇ مەنسەپلەرنىڭ سايىسىدە تېخىمۇ كۆپ ئېتىبارلارغا ئېرىشىشىم مۇمكىن ئىدى، لـېكىن ئـۇلار تۆۋەنسىز دەرەخ، يىلتىزسىز گىياھقا ئوخشـايتتى. قىسـقا ۋاقىـت ئىچىـدىلا يوپۇرمـاق چىقىرىـپ، چېچەكلەپ- غـۇنچىلاپ، كىشـىلەرنى زوقلاندۇرۇشـى مـۇمكىن، لـېكىن تېخىمـۇ بەكـرەك يۈلىنىۋېلىش پىسخىكىسىنى پەيدا قىلىـش، ئۆزۈمـدىكى يوشـۇرۇن كـۈچلەرنى قىزىشتىن ۋاز كەچتۈرۈشى مۇمكىن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوپۇرماقلار سارغىيىپ، گـۈللەر يىگىـلەپ- سولىشـىپ، ئەرزىـمەس ئـادەمگە ئايلىنىـپ قېلىشـىم مـۇمكىن. چەتـتىن كەلـگەن شـان- شەرەپلەرنى ئۆتكۈنچى بۇلۇت،تۈتۈن دەپ قارىدىم. شـۇ مەنسـەپلەر دىـن ئـۆزۈمگە كەلـگەن پايدىسىز ئامىللارغا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئـامىلە قىلـدىغان بولـدۇم. چۈنكى ئىجتىمـائىي پائالىيەت كۆپ بولۇپ، تولا ۋاقتىم ئۇ يەر- بـۇ يەرگە بېرىـپ مەجلىـس-يىغىنغا قاتنىشـىش بىلەن بەنت بولۇپ كەتسە، ئوقۇشۇم توختـاپ قالـىدىكەن. شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئـۆزۈمگە ئـۆزۈم غەيرەت بېرىپ، دەم ئېلىش ۋاقتىمنى ۋە ئـۇخلاش ۋاقتىمنـى قۇربـان قىلـدىغان، قانچىلىـك ۋاقىت زايە كەتكەن بولسا، شۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇدىغان بولدۇم. شـۇنداق قىلىـپ، ئـاخىر، ئەلاچى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىـڭ نەتىجىسـىگە يېتىشـۋالدىم. ئالغا ئىنتىلىش پىسخىكىسى كېرەكمۇ ياكى يۆلىنىۋېلىش پىسخىكىسى كېرەكمۇ؟ ئىككى خىل تۇرمۇش پوزىتسىيىسـىدىن ئىككى خىل نەتىجە كېلىپ چىقىدىكەن.

ياپونىيىگە بارىـدىغان چېغىمـدا بەزىـلەر ماڭـا: «مەن جۇڭگولـۇق ئۇيغـۇر ئوقۇغـۇچى» دېـگەن سـەۋەبنى كۆرسـىتىپ، ئېتىبـار بەرگۈزۈپ،ئـۆزۈڭگە ھەل بېرىـپ قايتىـپ كەلسـەڭ بولمـىدىمۇ دېيىشتى،لېكىن ئۇنـداق قىلىـش سـەت ئىـش ئىـدى. ئۇيغۇرلارنىـڭ شـەنىگىمۇ، جۇڭگونىـڭ شـەنىگىمۇ داغ چۈشـۈرگەنلىك بـولاتتى. يـاپونىيىگە بارغانـدىن كېـيىن كـۆزۈم تېخىمۇ ئېچىلدى. بۈگۈنكى دۇنيا سـۇبيېكتىپچانلىقنى جـارى قىلـدۇرۇدىغان، ئاكتىپچـانلىق بىـلەن پىـداكارلىق كۆرسـەتمىگەندە، ئىجـاد قىلمىغانـدا، زامانغـا يارىشـا ئـادەم بـولغىلى بولمايـدىغان دۇنيـا ئىكەنلىكىنـى چۈشـىنىپ قالـدىم. شـۇنىڭ ئۈچـۈن، جۇڭگولۇقلارنىـڭ يـاپونلاردىن قېلىشـمايدىغانلىقىنى ئەلا نەتىـجە بىـلەن ئىسـپاتلايمەن، دېـگەن ئىككىنچـى نىيەتنى باغلىدىم. بۇ نىيەتنى جاپـا چېكىـپ تىرىشـقاندىلا گـۈزەل رېئاللىققا ئايلانـدۇرغىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا تەييـار يـول يـوق. يـاپونىيە ئـالىي مەكتەپلىرىـدە ئوقـۇش ھاۋاسـى بىزنىڭكىـدىن ياخشـى ئىـكەن، ئوقۇغۇچىلىرىـمۇ بىـزگە قارىغانـدا تىرىشـچان ئىـكەن. مەن ئۇلاردىنمۇ كۆپراك تەر تۆكتۈم، ئۇخلىماي تـاڭ ئاتقۇزغـان كېچىلىـرىم ئۇلارنىڭكىـدىن كـۆپ

بولدى. مىنگۇۋۇ شەھىرى ياپونىيىنىڭ مەشھۇر ساياھەتگاھى ئىكەن، دابەن شەھىرىگىمۇ يېقىن ئىكەن. پۈتۈن ۋاقتىم تەتقىقات بۆلۈمىدە ياكى كۈتۈپخانىدا ئۆتكەچكە، ئۇ يەرگە بىر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدىم. ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە ئۇستازلىرىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەككىز تەتقىقات تېمىسىنى تاماملىدىم، ياپونچە، ئىنگلىزچە تىلدا 12 پارچە ئىلمىي ماقالە يازدىم. بۇلارنىڭ بەزىسىنى ياپونىيىدىكى ئىلمىي يىغىندا ئوقۇپ بەردىم، بەزىسىنى خەلقئارا ئىلمىي يىغىندا ئوقۇپ بەردىم، ئۈچ پارچىسى ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئېلېكترىك كەسپىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى.

ۋۇجۇدۇمدا ناھايىتى زور ئىجادىيەت ئىقتىدارى بارلىقىغا بارغانسېرى بەكرەك ئىشىنىدىغان بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، ئاۋۋال ئۆزۈمگە ئۆزۈم غەيرەت بېرىپ، ئۆزۈمنى ئىجادىيەت چاقماقلىرىنى چاقنىتىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئىدىيىۋى ئادەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى. دابەن داشۆسى ياپونىيە بويىچە بىرىنچى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپ بولۇپ، ئۇلار بىر تېمىنى ئۇزۇندىن بۇيان تەتقىق قىلىپ، بىرەر نەتىجە چىقىرالمىغانىكەن. شۇ تېمىغا مەسئۇل بولغان ئوقۇتقۇچى مېنىڭ ئۇستازىم بىلەن پاراڭلىشىپ، مېنىڭمۇ شۇ تېمىنى تەتقىق قىلىشۋاتقانلىقىمنى، بەلكى بىر ئاز نەتىجە قازانغانلىقىمنى ئاڭلاپ، دەرھال مېنى ئۆزلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار مېنىڭ بىر يىل ئىچىدە بىر نەچچە تېمىنى يەشكەنلىكىمنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشتى، مەخسۇس تەكلىپ قىلىپ مېنى ئۆزلىرىنىڭ دوكتورلۇقتا، ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتلىرىغا بىر قېتىم ئىلمىي دوكلات بەرگۈزدى.

ياپونىيىدە ئۇچۇر چاپسان. ئۇلار چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ تاشقى ئىشلار ۋازارىتى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى «دۇنيا بىر پۈتۈنلۈككە قاراپ كېتىۋاتقان خىخى ئەسىردە سىز نېمە قىلماقچى؟» دېگەن تېمىدا ياپون تىلىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىگە ئۇيۇشتۇردى. ئۇنىڭغا 72 نەپەر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى ماقالە ئەۋەتىپ تىزىملاتقانىدى. ئۇلاردىن ئون ئوقۇغۇچى تاللاندى، شۇلارنىڭ بىرى مەن. مۇسابىقە نەتىجىسىدە، جۇڭگولۇق بىر قىز ئوقۇغۇچى ئىككىنچىلىكنى، مەن تۆتىنچىلىكنى ئالدىم. مۇكاپاتنى قولۇمغا ئېلىۋېتىپ، يۈرىكىم ئويناپ كەتتى. بۇ مۇكاپات مېنىڭ چۈشىمنى چۈشلەپ تىرىشىپ ئالغا ئىنتىلگەنلىكىمنىڭ مۇكاپاتى بولدى، دەپ ئويلىدىم. بۇنىڭدىن شۇنداق چوڭقۇر تەسىراتقا كەلدىمكى، ھەرقانداق ئادەم يۆلىنىۋېلىش روھىي ھالىتىنى تاشلىسا، ئاجايىپ مۆجىزە يارىتالايدىكەن. ھازىرقى كۈندە، مىللىتىمىزنى مەدەنىيەت، پەن- تېخنىكا جەھەتتە تېز راۋاجلاندۇرىمىز دېسەك، ئەنە شۇنداق روھىي ھالەتلەرنى تاشلىشىمىز لازىم، ئېتىبار بېرىشكە تەلمۈرسەك، يۆلىنىۋېلىش روھىي ھالىتىمىز كۈچىيىپ كېتىدۇ، خالاس.

ئېلاۋە: ئۇ تۆرلۈك ھادىسىلەرگە سىنچىلاپ قاراپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى يۆلىنىۋېلىش

ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

مەن پروفېسسور بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ھۆكۈملىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تۇرمۇش ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتىم. مەن پاراڭلاشقان كىشىلەرنىڭ قېيىداش پسىخىكىسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىزنى ئاسان قوبۇل قىلغانلىقىنى، يۆلىنىۋېلىش روھىي ھالىتى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىزنى تىلغا ئالغاندا، چىرايلىرىنىڭ ئۆڭگەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ بەردىم.

- تاپقان تېپىك ماتېرىياللىرىڭىزنى، - دېدى ئۇ ماڭا،- ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ.ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز، قانداقلا بولمىسۇن، ئىككى مىللەت. ئۇنىڭ رايىنىياندۇرماسلىقىم لازىم. شۇڭا:

- مىسال كېرەك بولسا، قايسى مىللەتتىن بولسۇن مىسال تېپىلىدىكەن. خەنزۇلاردىنمۇ تېپىلىدۇ، بىز موڭغۇللاردىن تېخىمۇ كۆپ تېپىلىدۇ،- دېدىم.

- قېنى، سۆزلەڭا، مېنىڭ ئۆزۈمدە مىللىي كەمچىلىكلەرگە توغرا قارىيالايدىغان غەيرەت بار- يوقلۇقىنى سىناپ كۆرەي. سۆزلەۋېرىڭ، ھېچ گەپ يوق.

مەن تاپقان شۇنداق ماتېرىياللار ئاز ئەمەس ئىدى. شۇلاردىن پەقەت بىرىنىلا سۆزلەپ بەردىم:

- ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا كادىرلىرى ئىدارىسى بۇ يىل بىرقانچە ئادەمنى تۆۋەنگە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەنىكەن. ئۇلار خ خ جايغا بارغاندا، شۇ يەردىكى دوختۇرخانىنىڭ بىر مىللىي رەھبىرى مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ: مېدىتسىنا شۆيۈەننى پۈتتۈرگەن بىر ئوقۇغۇچى مەكتەپتىكى چېغىدىلا ئوقۇشتا بېپەرۋا ئىكەن، تەييارلىق سىنىپىدا بىر يىل ئوقۇپ، سىنىپ ئاشالماپتۇ، جەمئىي يەتتە يىل ئوقۇپتۇ. دوختۇرخانىغا دوختۇر قىلىپ تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، ئۆز كەسپىگە ئەستايىدىل كىرىشمەپتۇ. شۇڭا دوختۇرخانا ئۇنى ئوكۇل سېلىش خىزمىتىگە قويۇپتۇ. ئوكۇل سېلىشقىمۇ بىلىم كېرەك. بىراق ئۇ ئۆگەنمەيدىكەن. چېندامىتسىن ئوكۇلى بىلەن پېنىتسىللىن ئوكۇلىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوكۇل ئۇرغىلى كىرگەندە، كېسەللەر قېچىپ كېتىدىغان بوپتۇ. بۇ ناھايىتى ئايرىم بىر مىسال، ئومۇمىي ئەھۋالغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

-شۇنچە كۆپ تەكەللۇپنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردىن ئوقۇپ كامالەتكە يەتكەن، مۇنەۋۋەر ئادەملەر چىقمىغان دېمەكچىمىزغۇ. شۇنداق يۈرەككە تېگىدىغان مىساللار بىز ئۇچۇن پايدىلىق-تە!

پروفېسسور ئۆيۈمگە كەلدى، ئۇنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەن. ئورۇندۇققا ئولتۇرۇش بىلەنلا كۆلكىسىنى باسالمىدى، ئۇ گويا بىرەر ئەسىرى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندەك خۇشال ئىدى.

- يېقىندىن بۇيان،-دېدى ئۇ سۆز باشلاپ،-بىز ئۇيغۇر ئىچىدىن بىر خىل سادا چىقىۋاتىدۇ، ئۇ سادا بارغانسېرى كۈچلۈك چىقماقتا، قۇلاققا تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلانماقتا! ئۇ سادا باللىق دەۋردىكى تۇرمۇشۇمنى ئەسلەتتى. مېنىڭ يۇرتۇم قەشقەرنىڭ بىر يېزىسىدا. ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بار بولۇپ، ياز كۈنلىرى ئۇ سۇغا تولۇپ كۆپۈپ كەتسە، كۈزدە ئازلاشقا باشلايتتى، قىشتا ئۆستەڭ پۈتۈنلەي قۇرۇپ قالاتتى، شۇنىڭ بىلەن كەنتىمىزنى جىمجىتلىق قاپلاپ كېتەتتى. بىر ئۆيلۈك ئادەمنىڭمۇ ئىچىمىز سىقىلىپ كېتەتتى. دادامنىڭمۇ، ئانامنىڭمۇ ئەتىدىن كەچكىچە چىرايى ئېچىلمايتتى، راۋاب تامدىكى قوزۇقتا ئىلىقلىق تۇراتتى، دادامنىڭ ئۇنى چېلىشقا ھەپسىلى يوق ئىدى. باھار كۈنلىرى يېتىپ كەلگەندە، ئۆستەڭ بىردىنلا كەلكۈن سۈيى بىلەن تولاتتى، تولا چاغلاردا جىمجىت كېچىدە ئۇلغىياتتى.سۇ سۇغا، دولقۇن دولقۇنغا ئۇرۇلاتتى، لەپەڭلەپ قاشقا ئۇرۇلاتتى، شۇنىڭ بىلەن قىزىق شاۋقۇن كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ شاۋقۇن كۆچۈپ، تارقىلىپ، يېزىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋېتەتتى. شاۋقۇندىن چىققان ھايات بەخش خۇشاللىق ئۆيىمۇ- ئۆي كىرەتتى، ھەربىر ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، روھلاندۇراتتى، شادلاندۇراتتى، كۈلدۈرەتتى. يېقىندا مەندە يەنە ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئۇيغايغاندا پەيدا بولغان ھېسسىيات ۋە خۇشاللىق پەيدا بولۇپ قالدى.

پروفېسسور چىرايىدىكى كۈلكىسىنى يىغىپ، يەنە ئالىمغا خاس ئېغىر بېسىق تۈسكە كىردى.

- مەنچىلىك سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرگەن بىرنەچچە يۈز يىل جەريانىدا،- دېدى ئۇ،- مانجۇلار رمۇ، خەنزۇلارمۇ ئۆزىنى تولىمۇ چوڭ تۇتقانىكەن، نەتىجىدە، بارغانسېرى ئارقىدا قاپتۇ. لۇشۈن ئەپەندى «AQ نىڭ ھەققىي تەرجىمھالى»نى يازدى. بۇ دۇنيا سەھنىسىدىكى جىددىي ۋەزىيەتنىڭ خەنزۇلارنىڭ ئۆزىدىكى مەنىۋى كېسەللىكلەرگە توغرا قارشىقا مەجبۇر قىلغانلىقى. ئۆزىنى ئۆزى ئوپېراتسىيە قىلسا، ئۆز ئەيىبىنى ئۆزى ئاشكارىلىسا، ئۆزىنى ئۆزى دەپسەندە قىلغان، خورلىغان بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئويغانغانلىقنىڭ ئالامىتى، ئالغا ئىنتىلىشنىڭ باشلىنىشى، مىللىي غۇرۇر، مىللىي ئىززەت ۋە ئىشەنچنى ئورناتقانلىقنىڭ نەتىجىسى. بەي ياڭنىڭ «بەتبەشىرە جۇڭگولۇقلار» دېگەن كىتابى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىدە ئوقۇۋاتقان بىر بالام ماڭا بىر نۇسخا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يازغان خېتىدە: «خەنزۇلار ئۆز ئەيىبلىرىنى شۇنداق ئاچالىغانىكەن، بىز ئۇيغۇرلاردا شۇنداق غەيرەت يوقمىدۇ؟» دەپتۇ ۋە مېنى مات قىلىپ: «دادا،سىز ھەم شائىر، ھەم يازغۇچى، شۇنداق كىتابنى يېزىشقا جۈرئەت قىلالامسىز؟» دەپتۇ. كېيىن ئۇقسام ئۇ كىتاب ئۇيغۇر ياشلىرى ئىچىدە كەڭ تارقالغانىكەن، ھەتتا ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ تالىشىپ ئوقۇۋېتىپتۇ. ئەلۋەتتە، ئۆزگە باقماي، خەنزۇلارنىڭ

شۇنداق مەنىۋى ئەيىبلىرىنى ھازاق قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس، لېكىن ئۇ كىتاب كۆپچىلىك ئادەم ئۈچۈن ئوبدان ئەينەك. ئېيتىپ باقسۇنچۇ، بىز ئۆزىمىز قانداق؟ يېقىندا «قىزىل قوناقلىقتا» ناملىق كىنو قويۇلغاندا، بەزى ئۇيغۇر ياشلىرى ئىچىدە كۈتۈلمىگەن تەسىرات پەيدا بولدى. «ئىتتىپاق» تىياتىرىنىڭ ئارقا رەت ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرغانلارنىڭ تولىسى ياشلار ئىكەن. ئۇلار كىنودىكى بىر كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ: «قاراڭلار، خەنزۇلارنىڭ ئاۋۇ سەتچىلىكلىرىنى!» دەپ مەسخىرە بىلەن كۈلدى. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ: «بىزنىڭ مىللىتىمىزدىمۇ شۇنداق ئىشلار يوقمۇ؟» دېدىم. بەزىسى بار دېدى، بەزىسى شۈك بولۇۋالدى. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر ياش مەندىن: «<قىزىل قوناقلىقتا> دېگەن كىنو خەنزۇلارنىڭ سەت ۋە قالاق تەرەپلىرىنى ئاشكارىلايدىكەنۇ، خەنزۇلار نېمشقا يەنە بارىكاللا ئېيتىپ چاۋاك چالىدۇ؟» دەپ سورىدۇ. مەن: «بۇنىڭغا ئۆزىڭىز جاۋاب تاپىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن» دېدىم. ئۇ ياش ئەتىسى سەھەردە يېنىمغا كېلىپ: «جاۋاب تاپتىم. بۇ ئەھۋال ھازىرقى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات قىلىش يىللىرىدا خەنزۇلارنىڭ قالاقلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىكەن» دېدى. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ مىللىتىمىز ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ئۆزىمىزنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىمىزنى ئۆتكەن يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ چۈشىنىشكە باشلاپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكىدا زور قەدەملەر بىلەن ئالغا بېسىشىمىزنى ئارزۇ قىلماقتا، ھەتتا دىنىي ساھەدىكى زىيرەك-زەكى ئەربابلارمۇ شۇنداق دەۋەت قىلماقتا.

پروفېسسور خۇشاللىقىدا ماڭا مۇنداق بىر نەچچە ئۇنىئالغۇ لېنتىسىنى قويۇپ بەردى:

لېنتا - 1: پروفېسسورنىڭ ئېلاۋىسى: بۇ كورلا چارباغ يېزىسىدىكى بىرلەشمە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ دىرېكتورى راخمان. ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادى چىڭ، ھاراق ئىچمەيدىكەن، سۆز ۋە ھەرىكەتتە ئۆزىنى ناھايىتى ئاياىدىكەن. ئۇنىڭ چارباغ يېزىسىغا ئوبدان بىر ئىش قىلىپ بېرىش، يېزىدىكى دېھقانلارنى تېزرەك بېيىتىش ئارزۇسى بار ئىكەن. ئۇ پۈتۈن ۋاقتىنى، كۈچىنى شۇ بىرلەشمە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا ئاتاپتۇ. ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، ھارماي- تالماي ئىشلەيدىكەن.

- مەن ئۆز مىللىتىمنى قىزغىن سۆيۈمەن، بىرەر ئادەم مىللىتىمىزنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تىلغا ئالسا،كۆڭلۈمگە كېلەتتى، كۆتۈرەلمەيتتىم. كىمكى بىزنى پالان جەھەتتە خەنزۇلاردىن قالاق دەيدىغان بولسا، قۇلىقىمغا يىڭنە سانجىلغاندەك بولاتتى. مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا- بازار سانائىتى كەڭ يولغا قويۇلدى. مەن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ۋەزىپە سورىدىم، يېزىلىق ھۆكۈمەت ماڭا بىرلەشمە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ دىرېكتورلۇقىنى تاپشۇردى. زاۋۇتنىڭ قارىمىقىدا بىر كۆمۈر خېنىكى، بىر ھاك تېشى كانى بار ئىدى، دېمەك، ئىشىمىز ئاساسەن كولاش- قېزىش ئىدى. شائىرلىقتىن

خەۋىرى بار بىر ئىنىم: سېنىڭ بۇ ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي قول ھۈنىرى ئىكەن. زامانىۋى سانائەت دېگىلى بولمايدۇ. سانائەت ئۈچۈن ئىلىم بىلىم، تېخنىكا بولمىسا بولمايدۇ، دەپ زاڭلىق قىلدى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىغا خاپا بولۇپ ئالايدىم. كورلىدىكى قورامتاغ تەڭرىتاغنىڭ تارمىقى، ئۇ تاغدا مەدەن كۆپ. مەن بىر ماشىنا بىلەن يېمەك-ئىچمەكلىرىمىزنى ئېلىپ، بىر چارۋىچىغا يول باشلىتىپ، داۋانمۇ داۋان، بەلمۇ بەل ئېشىپ، مەدەن، رۇدا ئىزدىدىم. رۇدىنى ئۈبدان تونۇمايتتىم، رەڭگىدىن ئالاھىدىرەك كۆرۈنسىلا، بىر نەچچە پارچە چوقۇپ ئېلىپ خالتىغا سالدىم، ئۇسسىغاندا سۇدانىدىكى سۇنى ئىچتىم، قورسىقىم ئاچسا نان يېدىم، ھەر- ھەر ئېگىز تاغلارغا چىقتىم، ھەر- ھەر تىك يارلارغا ياماشتىم، كۈندۈزى ئاپتاپتا ئىشلىدىم، كېچىسى جۇۋامنى يېپىنىپ، قورام تاشلارنىڭ دالدىسىدا ئۇخلىدىم. بىر كۈنى كېچىدە خۇدايىم چۈشۈمگە كىردى، ئۇ قولى بىلەن بىر ئىشارەت قىلىۋىدى، تاغدىكى گۆھەرلەر نۇر چاچتى؛ قىزىل، سېرىق، يېشىل، كۆك نۇر... قىزىل ياقۇت، سېرىقى ئالتۇن، ئېقى كۈمۈش، يېشىلى زۇمرەت، قارىسى تۆمۈر، بېغىررەڭدىكىسى مىس ئىكەن. ئۇلارنىڭ قېزىشىمۇ ئاسان ئىكەن. كاپسۇلدىن بىرنىلا پارتلىتىدىغان بولسام،بىر نەچچە ماشىنا قاچىلىغۇدەك چىقارغىلى بولىدىكەن. تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ خۇشاللىقىمدىن: «مېنى مەدەن تاپالمايدۇ دەيدىغان كىم بار ئىكەن؟» دەپ ۋارقىرىۋەتتىم. ئويغانسام چۈشۈم. ئالدىممۇ، ئارقاممۇ قاپقاراڭغۇ تاغ. تەكلىماكان تەرەپتىن غۇر- غۇر شامال سوقۇۋېتىپتۇ. شۇ چاغ ياز كۈنلىرى بولسىمۇ، كېچىدە بىر ئاز سوغۇق بولاتتى. ئۈيقۇم ئېچىلىپ كەتتى. ئىنىمنىڭ ھېلىقى گەپلىرىگە تېخىچە ئاچچىقىم كېلەتتى: ئىلىم- بىلىم، پەن- تېخنىكىنى ئەجەبمۇ سىرلىق بىر نېمە قىلىۋاپتۇ- يا؟! ئۇنىڭ كارى چاغلىق، كانچىلىقنى ئۇقۇمىغانلارمۇ رۇدا، مەدەن تاپالايدىكەنغۇ!... قورامتاغنى توپتوغرا يىگىرمە كۈن ئارىلىدىم، ئايىغىمنىڭ چەملىرى تېشىلىپ كەتتى. بىر مۇنچە جاپا تارتىپ، بىر خالتا مەدەن تېپىپ قايتتىم. ئۆيدىكىلەر قانداق مەدەن ئىكەن، دەپ سورىۋىدى، جاۋاب بېرەلمىدىم. پۈتۈن كورلىنى قېدىردىم، شۇنداق مەدەنلەرنى ئايرىپ بەرگۈدەك بىرەر ئۇيغۇر ئىنژېنېر تېپىلمىدى. كېيىن گېئولوگىيىلىك چارلاش ئەترىتىدىن بىر خەنزۇ ئىنژېنېرنى تاپتىم. ئۇ ئايرىپ بەردى. ئېلىپ كەلگەنلىرىمنىڭ بەزىسى ئادەتتىكى تاش ئىكەن، بەزىسى كارغا يارايدىغان رۇدا ئىكەن. شۇ رۇدىلارنىڭ زاپىسى قانچىلىك؟ نەدىن نەگىچە تارقالغان؟ چارلاش، تەكشۈرۈش، قېزىشنى لايىھىلەش ئۈچۈن ئىنژېنېر بولمىسا بولمايدىكەن. تەمتىلرەپلا قالدىم. دېمەك، يىگىرمە كۈن بىكار ئاۋارە بوپتىمەن. ئىنىم يەنە كېلىپ قالدى. ئۇ يەنە تېخنىكا- پېخنىكا دەپ بىر نېملەرنى سۆزلەپ كەتتى. قالاق، ئارقىدا دېگەن گەپلىرى قۇلىقىمغا يانىلا ياقمىدى.

ھەربىي رايۇننىڭ سۇ ئىنژېنېرلىق تۈەنى بىلەن بىرلىشىپ مەرمەر تاش كېنى ئاچماقچى بولدۇق. شۇ چاغدا توختام تۈزدۇق. يول ياساشقا، ئىشلەپچىقىرىش مەيدانىنى تەييارلاشقا،

ماشىنا- ئۈسكۈنە ھازىرلاشقا ھەربىيلەر مەسئۇل بولدى. ئەمگەك ۋە تېخنىكا كۈچىگە بىز مەسئۇل بولدۇق. ماڭا قارايدىغان 13 يەردىكى قېزىش ئورنىدا ئىشلەيدىغان ئەمگەكچىنىڭ ھەممىسى دېھقان بولۇپ، بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن ئىدى. مەرمەر كانىنىڭ باشلىقلىقىغا يارىغۇدەك بىرەر ئادەم تاللاش تولىمۇ قىيىن كەلدى. كېيىن كۆمۈر خېنىدىن ئادەتتە ياخشى ئىشلەيدىغان بىر خالىق ئىشچىسىنى باشلىقلىققا قويدۇق. ئۇ تۆشۈك تېشىپ، دورا قاچىلاپ، تاغنى پارتلىتىشنى بىلگەن بىلەن، مەرمەر تاشنى قانداق قېزىشنى بىلمىگەچكە، ساپساق مەرمەر تاشنى پارتلىتىپ كۆكۈم- تالقان قىلىۋېتىدىكەن. شۇڭا ئۇ باشلىقلىقنى قاملاشتۇرالماي، ئۆزى تاپقان ئىشچىلارنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. سۇ ئىنژېنېرلىق تۈەنى 10 مىڭ يۈئەن سەرمايە سالغانىدى. بۇ پۇلنى بىكار كەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس- تە. ئۇلار مېنى تەڭلىكتە قالدۇردى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى قويغىلى يەر تاپالمىدىم.

بۇلتۇر سەندۇق ئۆلكىسىنىڭ ۋېيفاڭ ناھىيىسىگە ئېكسكۇرسىيىگە باردىم. ئۇ يەردە يېزا- بازار سانائىتى ناھايىتى ئوبدان يولغا قويۇلۇپتۇ. كىچىككىنە بىر زاۋۇتتا ئۈچ ئىنژېنېر، 4-5 تېخنىك بار ئىكەن. زاۋۇت باشلىقىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ھازىرقى كۈندە سانائەت ئۈچۈن پەن- تېخنىكا بولمىسا بولمايدىكەن، كىمنىڭ تېخنىكىسى ياخشى بولسا شۇ پۇل تاپالايدىكەن. ئۇلارنىڭ سېخلىرى پاك- پاكىز، ئىشچىلارنىڭ كىيىۋالغىنى ئاق خالات. ئۇلار نەپىس ئىشلەيدىكەن، بىز بولساق تەبىئىي نەرسىلەرنى گۆرجەك، جۆتۈ بىلەن كولايدىكەنمىز. ئۇلار پىششىقلاپ ئىشلىگەن مەرمەر تاشلىرىنى كۆرسەتتى، قارىسام: نەپىس ھۈنەر بىلەن ئىشلەنگەن سەنئەت بۇيۇمى! ئۇلارغا ئويۇلغان تاغ، دەريا رەسىملىرى، گۈل، ئۈچار قانات، ھاشارات، بېلىق ۋەھاكازارلار بەئەينى رەسسام سىزغان رەسىم! نېمىدېگەن چىرايلىق! بىز بولساق، پۈتۈن- پۈتۈن مەرمەر تاشنى كۆكۈم تالقان قىلىۋېتىدىكەنمىز. ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» مېنى دېھقان كارخانىچى دەپ ماختىغانىدى. ئۇلارغا سېلىشتۇرسام، مېنى قانداقمۇ كارخانىچى دېگىلى بولسۇن؟! كېيىن يەنە باشقا بىر نەچچە شەھەرگە باردىم. ئاخىر قايىل بولدۇم، پەن- تېخنىكىدا قالاق ئىكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلدىم. بۇنى ئېتىراپ قىلىش تەس، كۆڭۈل ئۇنىمايدۇ، يۈزىمىزگىمۇ سەت، لېكىن پاكىتنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدىكەن، ئېتىراپ قىلمىساق تېخىمۇ ئارقىدا قالىدىكەنمىز.

ئىنىم مەندىن: «ئۇ يەر-بۇ يەرلەرگە باردىڭ،نېمە تەسىراتلارنى ئالدىڭ؟»دەپ سورىغانىدى، بىزنىڭ مىللىتىمىزدە ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇپ، شېئىر، ھېكايە يازىدىغانلار كۆپ، تەبىئىي پەندە ئوقۇيدىغانلار تولىمۇ ئاز بولغانلىقتىن پەن- تېخنىكىدا ئارقىدا قېلىۋاتىمىز، دەپ بىر ئاز قايناپ قالدىم ۋە: «سەن ئۆزۈڭ نېمىشقا شائىرلىقنى ئوقۇپ، پەن- تېخنىكىنى ئوقۇمىدىڭ؟» دەپ تەنە قىلدىم. سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنىدا، ئۇيغۇر ياشلىرىنى تەبىئىي پەندە ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرەيلى، ئۇنداق بولمىسا، پەن- تېخنىكىدا تەرەققىي قىلالمايدىكەنمىز، دەپ تەكلىپ بەردىم.

مەن ھۆددىگە ئالغان بىر ئورۇن 10 مىلڭ يۇئەندىن كۆپرەك پۇل تاپتى مىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىم كونىراپ كەتكەندى. دىھقانلار پۇل تاپسىلا ئاۋۋال ئۆي سالىدۇ. مەن تاپقان پۇلۇمغا مەھەللىدە «راخمان مەكتىپى»دەپ بىر مەكتەپ سېلىپ بەردىم. پەخرىي مۇدىرلىقنى ئۈستۈمگە ئالدىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىلىرىنى مىنىڭ ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈدىغان بولدى. قايسى ئوقۇغۇچى ھېسابتىن ياخشى نەتىجە ئالغان بولسا ئۇنى تەقدىرلىدىم، ئۇقۇتقۇچىسىنىمۇ تەقدىرلىدىم. يېزىمىزنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە جاپاغا چىداپ، تىرىشىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىدىن بىر نەچچىنى تاللاپ، بىرلەشمە زاۋۇتىمىزدىن پۇل چىقىرىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە كانچىلىقتا ئوقۇشقا ئەۋەتىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىمىزگە ئىنژېنىر قىلىشۋالماقچى بولۇۋاتىمەن. ئەلۋەتتە، ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى. ھازىر بىر خەنزۇ ئىنژېنىر بىلەن مەسلىھەتلىشىۋاتىمەن، ئۇنى ئۆزىمىزگە تېخنىكا يېتەكچىلىككە تەكلىپ قىلماقچىمەن. دەۋر راۋاجلانماقتا. بىز ئىدىيىمىزدىمۇ ئۆزگىرىش ياسىشىمىز لازىم ئىكەن. ئەيىبلىرىمىزنى، كەمچىلىكلىرىمىزنى يوشۇرۇپ يۈرمەسلىكىمىز، كەمچىلىك بولسا، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم ئىكەن. كەمچىلىكنى يوشۇرماي، ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن تۈگىتىشىمىز كېرەك ئىكەن. چىرايلىق گەپنىلا قىلغان بىلەن، قۇلاققا ياقىدىغان گەپنىلا ياقتۇرغان بىلەن ئىش تاقاتمايدىكەن! بۇ ئومۇمىي رىقابەت دەۋرىدە، كۆزىمىزنى ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىكى كەمچىلىكلەرنى تېپىپ تۈزىتىشكە تىكىشىمىز زۆرۈر ئىكەن.

ئېلاۋە: چەمبەرسىمان يولنى تاشلاپ، ئالغا ئۈندەش دېگەن ئەنە شۇ.

لىنتا- 2: پروفېسسورنىڭ ئېلاۋىسى: بۇ ئابدۇرىشىت مەخسۇم، ئۇرۇمچى شىخابا مەسچىتىنىڭ ئىمامى. ئۇ ئىككى قېتىم ھەرەمگە بارغان، بىر قېتىم ئۆزى يالغۇز، يەنە بىر قېتىم خوتۇنى بىلەن بارغان. مۇسۇلمانلار ئۇنى ھاجىم دەپ ئىززەتلايدۇ. ئۇ پىكرى ئۆتكۈر، سۆزمەن ئادەم.

- بىز مۇسۇلمانلاردا بەش پەرھىز بار: ھەج قىلماق، ناماز ئوقۇماق،زاكات بەرمەك، روزا تۇتماق، ئىمان ئېيتماق. سەئۇدى تولىمۇ يىراق بولغاچقا، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەككىگە ھەج قىلىپ بېرىشى بەش پەرھىزنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن قىيىن ئىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى تىبەتنىڭ ئالىي رايونىدىن ئۆتۈپ، كەشمىرگە بېرىپ، ھىندىستان ئارقىلىق سەئۇدىغا بارىدىغانلار بار ئىدى. بەزىلەر پامىردىن ئۆتۈپ ئافغانىستان ياكى پاكىستان ئارقىلىق باراتتى. سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى، قارا دېڭىز- فوسفور ۋە داردانېل بوغۇزلىرى ئارقىلىق بارىدىغانلارمۇ بار ئىدى. شاڭخەيدىن پاراخوت بىلەن بارىدىغانلارمۇ بار ئىدى. چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنى مەككىنىڭ يولنى ئۈزۈپ قويۇپ، مۇسۇلمانلارنى بىئارام قىلدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن،

مەككىنىڭ يولى ئېچىلدى.

ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلۈپ بىر مۇنچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بېرىپ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇلاردا ئۆزگىرىش ناھايىتى چوڭ ئىكەن. مەككىگە بېرىشتىن ئىلگىرى خىيالىمدا: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەئۇدىدا تەۋەللۇد قىلغان، مەككىدە دىن ناھايىتى چىڭ بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم، ئايرۇپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن قارىسام، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پۈلىدا پادىشاھنىڭ سۈرىتى بار ئىكەن. بەيتۇللاغا يېقىن قالغاندا قارىسام، بەزىلەر سىنئالغۇدا رەسىمگە تارتىۋېتىپتۇ. مەككىنىڭ كوچىلىرىدا سۈرەت تارتىش ماشىنىلىرنى كۆتۈرۈۋالغانلار تولا ئىكەن. پەقەت بەيتۇللاغا ئېلىپ كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. بىر نەچچە ئالىي مەكتەپنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدىم، شۇ ئالىي مەكتەپلەردە دىنىي دارىلئۇلۇمدىن باشقا، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تېخنىئولوگىيە فاكۇلتېتلىرى بار ئىكەن، ھەتتا سەنئەت فاكۇلتېتىمۇ بار ئىكەن. بۇلار بىزنىڭ ئەنئەنىلىرىمىزگە ماس كەلمەيدىغان بولغاچقا، ھەيرانلىقتا چۆچۈپ كەتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەككىنىڭ ئىمامىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورىسام، ئىمام: «ئاللا تائالا قۇرئان كەرىمدە <ئۆگىنىڭلار، قولغا قەلەم ئېلىپ ئۆگىنىڭلار!> دېگەن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەدىستە: <ئۆگىنىش مۇسۇلمانلارغا پەرھىز> دېگەن. نېمىنى ئۆگىنىش كېرەك؟ ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ، ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر ئىچىدە پەن- تېخنىكىمۇ بار. مۇسۇلمانچىلىق پەن- تېخنىكىغا قارشى ئەمەس» دېدى. مەككىدە بەزى ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭدىن نەچچە ئون يىل مۇقەددەم ئۆتكەن پادىشاھ ئابدۇلئەزىز سەئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى پادىشاھ پايسال سەئۇدىنى پەن- تېخنىكا جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاجايىپ چوڭ رول ئوينىغانىكەن. ئۇلاردا «ۋاقىتنىڭ ئۆزى پۇلدۇر» دېگەن شۇئار يوق ئىكەن، لېكىن ۋاقىتنى تولىمۇ قەدىرلەيدىكەن، ئۇلار ھەتتا ناماز ئوقۇشقا كېتىدىغان ۋاقىتنىمۇ قىسقارتىۋېتىپتۇ. سەئۇدىدا نېفىت كۆپ، كىرىم تاپاۋەت كۆپ، چەت ئەل پۇلى كۆپ بولغاچقا، نۇرغۇن ياشلارنى ئالدىنقى قاتاردا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە ئەۋەتىپ مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئوقۇتۇپتۇ. ئىلگىرى نېفىتلىكلەرنى پۈتۈنلەي چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىگە باشقۇرتىدىكەن، ھازىر ھەممىنى، ماشىنا- ئۈسكۈنىلەرنىمۇ ئۆز مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن باشقۇرۇدىغان بولۇپتۇ. بىر كۈنى بىر بۇرادىرىم مېنى ئۆز خانىسىغا چايغا تەكلىپ قىلدى. يولدا كېتىۋېتىپ، كەڭ كەتكەن بىر چۆلدىن ئۆتتۇق. قارىسام، شۇ چۆلدە ئاجايىپ كاتتا، گۈمبەز شەكىللىك بىر بىنا بار ئىكەن، كۆلىمى ھەيۋەت، كۆرۈنۈشى تولىمۇ چىرايلىق، مەن: «بۇ نېمە ئىمارەت؟» دەپ سورىۋىدىم، ھەمسەپەرلىرىم: «سۈنئىي ھەمرادىن قوبۇل قىلىش ئىستانسىسى،- دېدى ئىنتايىن پەخىرلەنگەن تەلەپپۇز بىلەن،- بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ سەئۇدىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، بۇ يەردە چەت

ئەللىك يوق»، ئىسلام دۇنياسى تەرەققىي تېپىپتۇ، ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ دەپ ئويلاپ قالدىم، بۇ مېنىڭ ھېسسىياتىم. ئەلۋەتتە، مەككىدىن قايتىپ كەلگەن يەنە باشقا ئادەملەرنىڭ باشقا قاراشلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

پروفېسسورنىڭ ئېلاۋىسى: ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن خەنزۇلار،ھەقىقىي سوتسىيالىزم شىنجاڭدا ئىكەن، دەيدىكەن. مەككىدىن ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگەن دىنىي ئەربابلارنىڭ بەزىسى بولسا، ھەقىقىي ئىسلام دىنى شىنجاڭدا ئىكەن، دەيدىكەن. بۇ گەپلەرنىڭ ئۇرانىدىن نېمە چىقىدۇ؟ ئېھتىمال، ھەر كىمنىڭ چۈشەنچىسى ھەر خىل بولسا كېرەك!- ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ، يەن- تېخنىكىمۇ ئىنسانلارغا بەخت-سائادەت كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، يەن-تېخنىكا جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىغا ئاكتىپ مەدەت بېرىشىمىز كېرەك. قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىمامى مەن بىلەن ئىسمىداش، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ ئابدۇرېشىت، دادىسىنىڭ ئىسمى سابىت. ئۇ 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ۋەكىلى-ئوردۇچىنى، پارسچىنى، ئەرەبچىنى،چاغتايچىنى ئوبدان بىلىدىغان ئۆلىما. مەككىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەردىكى بەزى باي يەككە تىجارەتچىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىلگىرىكى مەدرىسىنىڭ ئورنىغا «تىل تېخنىكومى» دەپ ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنا سالدۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى قەشقەردىكى ھەرقايسى ساھە ئەربابلىرىنىڭ مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولدى. ئۇ مېنىڭ ياخشى بۇرادىرىم، بىز شىنجاڭنى يەن- تېخنىكىدا راۋاجلاندۇرۇشقا ھەسسە قوشۇش ئارزۇسىدىمىز.

ئېلاۋە: چەمبەرسىمان يولنى تاشلاپ، ئالغا ئۇندەش دېگەن ئەنە شۇ.

لېنتا - 3: پروفېسسورنىڭ ئېلاۋىسى: بۇ لېنتىدا سۆزلەۋاتقىنى ھۆرىيەت مۇھەممەد، شىنجاڭ ناخشا- ئۇسۇل ئۆمىكىنىڭ ئۇسۇلچىسى، بۇ ئىلگىرىلىمەي بىر ئىزدا دەسسەپ تۇرۇشنى خالىمايدۇ، غەيرەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىدۇ.

شىنجاڭ ناخشا- ئۇسۇل ماكانى، لېكىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدىن بۇيان بىزنىڭ ناخشا ئۇسسۇلىمىز روناق تاپالمىدى، يېڭى سەنئەت نومۇرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرەلمەي، كونا سەنئەت نومۇرلىرىمىز ئاممىنى جەلپ قىلالماي كېلىۋاتىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ 13- قۇرۇلتىيى جەريانىدا تىبەتنىڭ ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكى بېيجىڭدا ئويۇن قويۇپ ياخشى باھا ئاپتۇ، مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەت 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىۋاتقاندا، شىنجاڭ ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكى بېيجىڭدا ئويۇن قويۇپ بەرسۇنمىكىن دېگەن نىيەتكە كەلگەنىكەن، لېكىن سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرۈپ، غەيرىيرەك بىر نەرسە بولمىغاچقا، ئۇ پىكرىدىن كېچىپتۇ. بۇ ئەھۋاللار بىزدەك كەسىپداشلارنى تولىمۇ بىئارام قىلماقتا. يېقىندا ئەنۋەر توختى «شىنجاڭ گېزىتى» دە

ماقالە ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنى كونا ئىزىدا توختىتىپ قويمايلى، راۋاجلاندۇرايلى، يېڭىلىق يارىتايلى، دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېمەك، بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قىلدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان باشقا ئەللەرنىڭ سىنئالغۇغا ئېلىنغان بىر مۇنچە ئۇسسۇللىرىنى كۆردۇم. ئۇلار تەرەققىي قىلدۇرۇپتۇ، زامانىۋى ئۇسسۇللارنى ئۆزلەشتۈرۈپتۇ، ھىندىلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۇسسۇللىرىنى دىسكو بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يۈتۈنلەي ھىندىلاشتۇرۇلغان دىسكونى ئىجاد قىلىپتۇ. كىشىنى ئاجايىپ مەھلىيا قىلىدىكەن! بىز زامانىۋى ئۇسسۇلدىن ئۆزىمىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى قوبۇل قىلساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟

باھار كەلكۈنى مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى. قىزىم دىلنار ئابدۇللا مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈئەنىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، ئۇنىڭ ئوقۇغىنىمۇ ئۇسسۇل. ئۇ، 1985-يىلى يېپەك يولى ئۇسسۇل كېچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ، ياپونىيىگە بارغان. شۇ ئۇسسۇل كېچىلىكىگە ساھىبخاندىن باشقا،سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، تۈركىيىنىڭ ئۇسسۇلچىلىرىمۇ قاتناشقانىكەن. قىزىم ئۇسسۇلدا ئالقىشقا سازاۋەر بوپتۇ، ياپونىيىنىڭ ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى قىزىمغا: سىلەر ئۇيغۇرلار تولىمۇ گۈزەل كېلىدىكەنسىلەر، ئۇسسۇلىڭلارمۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن، لېكىن يېڭى مەزمۇن كەم ئىكەن، دەپتۇ. چەت ئەللەرنىڭ ئۇسسۇل سەھنىلىرى دىلنارنىڭ كۆزىنى ئېچىپتۇ، ياپون دوستلارنىڭ باھاسى ئۇنىڭغا ياراپتۇ، ئۇ ھەر ھالدا تېخى ياش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇسسۇلى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى ئاز، ئەنئەنىنى ئوبدان بىلمىسە، يېڭىلىق يارىتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئۇ، دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەردىن ئۆگىنىش لازىملىقىنى چۈشىنىدۇ، ئۇ ياپونىيىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن ئۆزبېكچە ئۇسسۇل ئۆگىنىپتۇ، ياپونلارنىڭ، تۈركلەرنىڭ ئۇسسۇللىرىنىمۇ ئۆگىنىپتۇ، كېيىن كاناداغا بارغاندا تاق- تاق ئۇسسۇلىنى، جار ئۇسسۇلىنى، زامانىۋى دىسكونى ئۆگىنىۋاپتۇ. نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋاپتۇ. شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دوكلات بېرىش يۈزىسىدىن بىر قېتىم كونسېرت قويۇپ بېرەي، چەت ئەلدىن ئۆگىنىپ كەلگەن نەرسىلىرىمنى ئويناپ بېرەي، شىنجاڭدىكى كەسىپداشلىرىمنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىغا ئاز بولسىمۇ ئىلھام بولۇپ قالسۇن، دەپ قايتا-قايتا تەلەپ قىلسا، مەسئۇل ئورۇنلار رۇخسەت قىلمىدى، دىلنار ئىلاج قىلالماي، قەمبەرخانىمنىڭ ئالدىغا باردى، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى. ئۇ، دىلنارنىڭ ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھاياجانلىنىپتۇ، قىزىمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ھاياتى سىلەر بىر ئەۋلادقا قاراشلىق!» دەپتۇ.

پروفېسسورنىڭ ئېلاۋىسى: قەمبەرخانىمنىڭ ئاتا- ئانىسى خېلى بۇرۇنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىغا بېرىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان، قەمبەرخانىم 13 يېشىدا تاشكەنتتە ئۇسسۇل مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغان، كېيىن «قىزىل بايراق» ناخشا- ئۇسسۇل

ئۆمىكىگە كىرىپ ئۇسسۇل ئۆگەنگەن، يەنە بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، موسكۋاغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن، ئۇ بالىتنىمۇ ئۆگەنگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى بالىت ئۇسسۇلىدا دۇنياغا مەشھۇر. قەمبەرخانىم ئۇلانوۋانىڭ بالىت ئۇسسۇلىنى بىر قانچە قېتىم كۆرگەن، موسكۋا سەھنىلىرىدە ياۋروپانىڭ ئېسىل ناخشا- ئۇسسۇل نومۇرلىرىنىمۇ كۆرگەن، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ. 1942- يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز مەشغۇلاتىنى ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلنى ئۆگىنىشتىن باشلاپ، بارا-بارا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇ، ئۇسسۇلنى خۇددى ھاۋادا بۇلۇت ئۈزگەندەك، دەريادا سۇ ئاققاندەك، تەبىئىي، ئەركىن ئوينايدۇ، ئوينىغان ئۇسسۇللىرىدىن خۇددى شائىرنىڭ شېئىرىدەك چوڭقۇر مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭكىنى كەڭ قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن يۈكسەك دەرىجىگە يەتكۈزەلىگەن. ئۇ، ياشلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى ئىزىنى بېسىپ ماڭغانلىقىنى كۆرسە ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ.

- قەمبەرخانىم مېنىڭ قىزىمنىڭ دوكلات يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇپ بېرىشىنى ناھايىتى قىزغىن قوللاپ، ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپىنى ئالاقىدار ئورۇنلارغا ئەۋەتىپ سۆزلىشىپتۇ. بىر قېتىمدا ھەل بولماپتۇ، يەنە بىر قېتىم سۆزلەشسىمۇ ھەل بولماپتۇ. قەمبەرخانىم چىقمىنى ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى چىقارسۇن دېسىمۇ بولماپتۇ. ئاخىرىدا ھېلىقى ئورۇننىڭ ئادىمى: «دىلنار بىزنىڭ قول ئاستىمىزدىكى ئادەم تۇرسا، سىلەر بىزدىن بىسوراق شۇنچە چات كىرىۋالامسىلەر؟» دەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئويۇن قويدۇرماسلىقىدىكى سەۋەب مەركەزنىڭ يەككە ئادەملەر ئۆز ئالدىغا ئويۇن قويسا بولمايدۇ، دېگەن ھۆججىتى بولغانلىقتىنمىش، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەچچە يىل بىكار كەتتى. «بىر تۆمەن يىل بەك ئۇزاق، چىڭ تۇتۇپ ھازىرقى پەيتنى تۇتقۇلۇق» دېگەن گەپ بار. بۇ تولىمۇ چىرايلىق گەپ،لېكىن ۋاقىتنى ھەقىقىي قەدىرلەيدىغان كىم بار؟ بۇ يىل ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلدى. مەن بۇنداق تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىككى قوللاپ ھىمايە قىلدىم. ناخشا ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقى ماڭا مەدەت بەردى، بىر ئەترەتنى ھۆددىگە ئالدىم. بىزنىڭ پۈت- قولىمىزنى چۈشەپ قويۇدىغان نەرسىلەر قالمىدى. قىزىمنى بىر نەچچە يىل ئارماندا قالدۇرغان بىر كىشىلىك ناخشا- ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلىدىم. مېنىڭ 20 نەچچە يىللىق ھاياتىم سەھنىدە ئۆتتى، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئالاھىدە تۆھپە يارىتالمىدىم، ياشلارنىڭ بۆسۈپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. قىزىمنىڭ كامالەتكە يېتىشى ئۈچۈن شوتا بولۇپ بەرمەكچىمەن، ئۇ مېنىڭ يەلكەمنى ۋاخىنا قىلىپ دەسسەپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ ئىلگىرىلىسۇن.ئويۇننى «ئىتتىپاق» تىياتىرىدا قويماقچى بولدۇق، ھەر كۈنى كەچ سائەت 4 تىن 10 غىچە قىزىمنىڭ رېپېتىتسىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىش، سازچىلارنى تەكلىپ قىلىش، سەھنە كىيىمى ۋە باشقا لازىملىقلارنى تەييارلاش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدۇم. قىسقىسى، ئۇششاق- چۈششەك ئىشلارنىڭ

ھەممىسگە ئۆزۈم چاپتىم، بىر نەچچە كۈنگىچە ئۆيدە قارام كۆرۈنمىدى، ئۆيگە ھېرىپ- ئېچىپ يېرىم كېچىلەردە قايتتىم.

پروفېسسورنىڭ ئېلاۋىسى: ھۆرىيەت مۇھەممەتنىڭ يولدىشى مۇزىكانت ئىدى، ئالدىنقى يىلى ۋاپات بولدى، ھۆرىيەتنىڭ ئۆيدە پارالىچ بولۇپ قالغان بىر ئىنىسى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر ئوغلى بار. ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا چاپماقتا، ئۆگىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. تۆۋەنكى كۆرسىتىشتە. بۇ ئاسان گەپمۇ؟!

ئۇيۇن رەسمىي قويۇلىدىغان بولدى، بىز ئانا- بالا ئىككىمىز ناھايىتى جىددىيلەشتۇق، شۇنچە كۆپ داڭلىق سەنئەتچىلىرى بار ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكى ئامىنى جەلپ قىلالمايۋاتسا، يالغۇز بىر كىشىلىك ئۇسسۇل بىلەن جەلپ قىلغىلى بولارمۇ؟ بىز مەزمۇن جەھەتتىمۇ، شەكىل جەھەتتىمۇ يېڭىلاشقا تىرىشتۇق. ئەلۋەتتە، يېڭىدىن ئىجاد قىلدۇق دەپ ئېيتالمايمىز. مەن سەنئەت كېچىلىكىنىڭ سەنئەت يېتەكچىلىكىنى ئۈستۈمگە ئالدىم ، قىزىمغا ياردەمچى رولغىمۇ چىقىپ بەردىم، قىزىم سەككىز نومۇر ئۇسسۇل ئوينىدى، مودا ناخشىلارنىمۇ چېتىپ ئوقۇدى. ئاخىرى قانداق بولدى دېمەمسىز؟ كۈتۈلمىگەندە نەتىجە كېلىپ چىقتى؛ كۇلۇب تاماشىچىلار بىلەن لىق تولدى، بىر يۈئەنلىك بېلەت بىرىنچى كۈنلا قاراڭغۇ بازاردا 7.50 يۈئەن، ئىككىنچى كۈنىمۇ 3.50 يۈئەن بوپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئويۇن قويۇلۇۋاتقاندا ئۈشتۇمتۇتلا توك توختاپ قالدى، سەھنىنىمۇ، پۈتۈن كۇلۇبنىمۇ قاراڭغۇچىلىق قاپلىدى. لېكىن تاماشىچىلار تىپتىنچ ئولتۇردى، ئىلگىرىكىدەك ئىسقىرتىدىغان، ۋارقىرايدىغان ئەھۋاللار بولمىدى. بىز سەھنىدە تۇرۇپ تەسىرلەنگەنلىكىمىزدىن يىغلىۋەتتۇق.

سەنئەت كېچىلىكىدە بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان بىر ھادىسە پەيدا بولدى: مودا ناخشىلارنىڭ ئاخىرىدا «شىنتيەنيۈ» دېگەن ناخشا ئوقۇلدى، ئۇ خەنزۇلارنىڭ كونا خەلق قوشىقى ئىدى، خەنزۇ ياشلىرى تولا ئاڭلاپ زېرىككەنىدى. كېيىن ئىسلاھات قىلىنغاندىن كېيىن يەنە شۇ «شىنتيەنيۈ» بولسىمۇ، لېكىن يېڭى پەدە بىلەن يېڭى ھېسسىيات ئىپادىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇلارغا ياقىدىغان بوپتىكەن، ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ ئۇنى ناھايىتى ياقتۇردى. قىزىم شۇ ناخشىنى ئوقۇغاندا پۈتۈن كۇلۇب دەۋرەپ كەتتى. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن چاۋاك ئۈزۈلمىگىچە توختىمىدى. مۇشۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەيلى ناخشا بولسۇن، مەيلى ئۇسسۇلدا بولسۇن، يېڭى دەۋردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ھېس- تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش زۆرۈر ئىكەن، ناخشا- ئۇسسۇلنىڭ ئىستىقبالى ئاممىنىڭ يېڭى ھېس- تۇيغۇلىرىنى يېڭىلىق يارىتىش روھىمىز بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش- بېرەلمەسلىكىمىزگە باغلىق ئىكەن.

شۇ سەنئەت كېچىلىكىگە قەمبەرخانىمۇ كالدى. ئۇ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا بالنىتسىدا يېتىپ، ئەمدىلا چىققانىكەن، ئويۇن تاماملانغاندا سەھنىگە چىقىپ، قىزىمنى

قوچاقلاپ، ھاياجان ئىچىدە كۆزلىرىگە ياش ئالدى، بىز ئانا- بالا ئىككىمىزمۇ ھاياجان بىلەن يىغلىۋەتتۇق. قەمبەرخانىم: «ئوبدان يېتىلىپ يارىتىڭلار، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈڭلار!» دېدى.

ئېلاۋە: ھالقىسمان يولنى تاشلاپ ئالغا ئۇندەش دېگەن ئەنە شۇ.

لېنتا - 4: پروفېسسورنىڭ ئېلاۋىسى: بۇ مەھەممەت باغراش، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان باش كۆتۈرۈۋاتقان ياش يازغۇچى، ئۇنىڭ تۇرمۇش، سەنئەت جەھەتتىكى نەزەر دائىرىسى خېلى كەڭ. بۇنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى مۇنداق: 1952- يىلى تۇغۇلغان، قارا شەھەرلىك، مۇسۇلمان... سەككىز يىللىق ئارتىسلىق، ئالتە يىل شوپۇرلۇق قىلغان، تىبەتكە ماشىنا ھەيدەپ بارغان... مەمىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق گېزىت- ژۇرناللاردا ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ 40 پارچىگە يېقىن ھېكايە، پوۋېست، نەسىر ۋە ئەدەبىي خەۋەرلىرى ئېلان قىلىنغان... ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

- مەن يېزىشقا يېڭى كىرىشكەندە، ئۆز مىللىتىمىز ئىچىدىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنىلا تەسۋىرلەپ يازاتتىم، يازغانلىرىم ئاسانلا مەتبۇئاتتا چىقاتتى. ئۆزۈممۇ ناھايىتى كېرىلىپ يۈرەتتىم، كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغان چاغلىرىمدا بەزى خەنزۇ يازغۇچىلار بىلەن تونۇشتۇم، ئۇلارنىڭ ئېستېتىكا جەھەتتىكى ئارزۇلىرىنى ئۆزۈمنىڭكىگە سېلىشتۇرۇپ باقتىم. بىزنىڭ ئىنسانىي ھاياتقا ۋە جەمئىيەتكە بولغان نەزەرىمىز تېخىچە يۈزەكى قاتلامدىلا توختاپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئادەملەرنىڭ روھىنى ئانالىز قىلالمايۋاتىمىز. يازغۇچى بەدىئىي ئوبرازنى ئۇپا- ئەڭلىك سۈرتۈپ پەردازلاش يولى بىلەن ئەمەس، تۇرمۇشتىن چەككىلەپ ئالغان جەۋھەر بىلەن يارىتىدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەرغىپ قىلغان ئالدامچىلىق ئەدەبىياتى ئادەمنى سەگەكلەشتۈرۈدىغان دورا ئەمەس، بەلكى مەست- بىھوش قىلىدىغان دورا. مەن ئۆز مىللىتىمگە قەلىمىم بىلەن بىھوشلۇق دورىسىنى بەرمەيمەن.

مېنىڭ چۈشەنچەم گېزىت مۇخبىرى سەۋىيىسىدىن يازغۇچى سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئۆزۈمگە، باشقىلارغا، مىللىتىمگە نىسبەتەن يېڭى قاراش پەيدا بولدى، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ئېسىل، چىرايلىق نەسىلىرىمىز بار ئىكەن، قالاق نەرسىلىرىمىزمۇ بار ئىكەن، ئەگەر ئۇلارغا توغرا قارىمىساق، قالاق نەرسىلىرىمىز يوق بولۇپ، ئالغا چامداش قەدىمىمىزگە پۇتلىكاشاڭ بولىدىكەن. خەنزۇ يازغۇچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ بىھوش دورىسى بېرىدىغانلار بار ئىكەندۇق، لېكىن ئۇلار بارغانسېرى ئازىيىۋېتىپتۇ. تولىسى خەنزۇ مىللىتىنىڭ مەنىۋى ئىللەتلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلالايدىغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇسىڭىز خۇددى يازغۇچىنىڭ قولىدا ئوپېراتسىيە قايچىلىرى شىرىلداپ كېسىۋاتقان بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولىسىز، بەدىنىڭىزگە تىترەك ئولىشىدۇ، تېنىڭىز

جۇغۇلدايدۇ، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەتتا سوغۇق تەرگە چۆمۈلسىز، بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىمىزدە ئۇنداق ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز. ھەر قانداق مىللەت مۇنداق ئىككى خىل شارائىتتا ئۆز پۈتنى ئۆزى چۈشەپ قويىدۇ؛ بىرى، ياخشى- يامانلى، چىرايلىق- سەتنى ئايرىماي، ئۆزىنىڭ مىللىي نەرسىسىلا بولسا چىرايلىق دەپ بېزەش بىلەنلا بولسا، باشقىلارنىڭ ئازغىنە پىكرىگىمۇ قۇلاق سالمىسا، ئاسسىمىلىياتسىيە بولۇپ كېتەرمىزمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئوبدان نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلمىسا؛ يەنە بىرى، ئۆز مىللىتىنىڭ بىر نېمىلىرىنى زادىلا ئېتىراپ قىلماي، ھەممىدە باشقىلارنى دورىسا. بىز ئۇيغۇرلاردا بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەر ئىككىسى بار، بولۇپمۇ ئالدىنقىسى تولىمۇ گەۋدىلىك. مەن بۇ پاكىتلارغا كۆز يۇمۇدىغان بولسام، يۇقىرى ئابرويلۇق پېشقەدەم يازغۇچىلار، پېشقەدەم شائىرلار ئاممىنىڭ چىشىغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالمىغان يەردە، مەندەك ئاق سۈيىملارغا كىم قويۇپتۇ، ھەر مۇقامدا يورغىلاپ يۈرسەم، ئۆزۈمنى ئۆزۈم جاپاغا قالدۇرماسمەنمۇ، دەپ ئويلىنىپ ئولتۇرسام، يازغۇچىغا خاس ۋىجدانىمنى يوقاتقان بولىمەن، بىر خەنزۇ يازغۇچى ماڭا: مەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۆللىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇ مىللەتنىڭ تۇپچىلار قاتارىدىن چىقىرىپ تاشلىنىشىنى خالىمايمەن، دەپ ياخشى ئېيتقان. مەن ئۆز مىللىتىمگە نىسبەتەن شۇنداق پوزىتسىيەدە بولىمەن. شۇنداق! ئۆز يولۇمدا ماڭىمەن، قولۇمغا قەلەمنى ئېلىپ قالاق نەرسىلەر بىلەن تۇتۇشىمەن. مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات زېمىنىغا يىڭى قان يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

ئىجتىمائىي ئادەت كۈچى كۈچلۈك بولىدىكەن. مەن ئەنە شۇنداق نىشانغا قاراپ يول ئالغىنىمدا، ئالدى بىلەن بەزى ياشانغانراق ئادەملەر تاپا-تەنە قىلدى، مېنى تەنقىدلىدى، ئەيىبلىدى، مېنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» سەرلەۋھىلىك پوۋېستىم «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ناملىق خەنزۇچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ سەت يەرلىرىنى خەنزۇلارغا كۆرگەزمە قىلىپ بېرىپتۇ، دېگەنلەرمۇ بولدى. قاراڭ، بۇ گەپنىڭ چوڭلۇقىنى! ئادەم ئىجتىمائىيلىققا ئىگە مەخلۇق، ئادەملەر دېڭىزىدا تۇرۇقلۇقمۇ يىتىم قېلىش تولىمۇ ئازابلىق ئىكەن.

ئېلاۋە: دۈشمەننىڭ قىلىچ، مىلتىقىدىن بولغان جاراھەت شەرەپلىك بولىدۇ، قان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ تۇرسىمۇ، كۆكرەكنى كېرىپ، چىداشلىق بىلەن تۇرغىلى بولىدۇ. ئۆز ئادەملىرىنىڭ سوغۇق، پەس نەزەر بىلەن، مەسخىرە بىلەن قىلغان ئاستا خاراكتېرلىك ئازارلىرى يۈرىكىڭنى چاناپ، تىلىۋاتقاندەك ئازابلايدىكەن!

- ئىچىم پۇشتى، تېڭىرقىدىم، گاڭگىرىدىم، ۋەزىيەت ئۆزۈم كېتىۋاتقان يول توغرىسىدا يېڭىباشتىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. خەنزۇ يازغۇچىلار خەنزۇلارنىڭ مەنىۋى ئەخلەتلىرىنى سۈپۈرۈپ چىقارغانىكەن، بۇ ئۇلارنىڭ كىمگە كۆرگەزمە قىلىپ بەرگىنى؟ كۆرگەزمە قىلىپ كىشىلەرنى ئويغاتسا، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ تېزىنى باسسا مېزى

چىقىدۇ. مەن قەلىمىمنى تارلىق پسىخىكىسىغا سانجىغان ئىكەنمەن، مىللىي تارلىق پسىخىكىسى قول ياندۇرمىسا، ئۆتكىدەك سانچىمىغانلىقىم بولىدۇ. ئۆتكۈدەك سانجىلسا قول ياندۇرۇشى مۇقەررەر. لۇشۇننىمۇ خەنزۇلارنىڭ كونىلىق تەرەپدارلىرى «خائىن» دەپ تىللىمىغانمۇ؟! مىللىتىم ئالدىدا جاۋابكار بولۇش ئۈچۈن ئۆز يولۇمدا قەتئىي مېڭىشىم كېرەك، دەپ ئۆز- ئۆزۈمنى رىغبەتلەندۈردۈم. يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇكېرىم خوجىدىن مىننەتدارمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ پېشقەدەملىكى بىلەن مېنى تولۇق چۈشەنگەن تەلەپپۇزدا ماڭا غەيرەت بەرگەن، مېنى قوللىغانىدى. ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، نېمىشقا ياخشى ئادەملەر بالدۇر ئۆلۈپ كېتىدىغاندۇ، دەپ ئىنتايىن بىئارام بولدۇم. شىنجاڭ داشۆدىكى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندىنمۇ مىننەتدارمەن، ئۇ ماڭا نەزەرىيە جەھەتتىن يول كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىرادەم تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

ئېلاۋە: ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمۇ بېكىك ئەدەبىيات ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە جۇڭگو شاھزادىلىرى، يۇنانلارنىڭ سۇلتانى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، ئەرمەنلەرنىڭ شېرىنى، ئەرەبلەرنىڭ ھارۇن رەشىدى، ئىران باتۇرى رۇستەم تەسۋىرلەنگەن. كلاسسىك ئەدەبىيات ئېچىۋېتىش يولىدا ماڭغان ئىكەنۇ، ئەجەبا ئەمدىلىكتە بىز ئۆزىمىزنى بېكىك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەكمىكەن؟

- تارىخ ھامان ئالغا باسىدۇ، مىللەتمۇ ھامان ئالغا چامدايدۇ. يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيان ۋازىيەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش تۇغۇلماقتا، يۈزەكى ھادىسىلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدىغان ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا كىتابخان چىقمايدىغان بولۇپ قالدى، كىتابخانلار ئۆز مىللىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كۆپ تەرەپتىن چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلماقتا، ئۇلار قالاق نەرسىلەردىن قورقمايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ قالاق نەرسىلەرنى پاك- پاكىز يوقىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، بىر مۇنچە ياشلار شىنجاڭ ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مېنى: باغراش، ئۆز يولۇڭ بويىچە مېڭىۋەر، دەپ رىغبەتلەندۈرمەكتە.

ئېلاۋە: تارىخ مۇنداق بىر قانۇنىيەتنى، يەنى قېرىلار ياشلارنى ئەمەس، ياشلار قېرىلارنى تەربىيىلەيدىغان بىر قانۇنىيەتنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. قېرىلارنىڭ ئاغزىدىن ئۆتمۈش تارىخنىلا ئاڭلاش مۇمكىن، ياشلارنىڭ ئاغزىدا قارىساڭ، ئەتىكى تارىخقا نەزەر سالالايسەن.

- يېقىندىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرى ساھەسىدە ياخشى ۋەزىيەت پەيدا بولماقتا. سەنئەت ساھەسىدىكىلەر بېكىك ھالەتتىن ئېچىۋېتىش تەرىپىگە قاراپ يول ئالماقتا، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەنە شۇنداق ئەدەبىياتتىكى ئېچىۋېتىش تەرەپدارلىرىنىڭ بىرى، ئۇ بىزدەك ياش، ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلارنى قوللىماقتا، ھەقنى، ياخشىلىقنى،

گـۈزەللىكنى تولـۇپ تاشـقان قىزغىنلىـق بىـلەن ئىپـادىلەش؛ سـاختىلىق، ياماـانلىق ۋە قەبىھلىكنى رەھىمسىز دۇمبالاش- بۇ مېنىڭ تىرىشىش نىشانەم.

ئېلاۋە: ئۇ بېكىك چەمبەردىن چىقىپ، ئالغا بېسىشقا ئۈندىمەكتە.

پروفېسسور ئۈنئالغۇنى يىغىشتۇرۇپ قويـۇپ: «يەنە ئـون نەچـچە كىشـىنىڭ سـۆزى بـار ئىدى، بولدى قىلاي،- دېدى. - ئۇلارنىڭ كەسپى، جەمئىيەتتىكى ئورنى ئوخشـاش ئەمەس، مەلۇمـاتىمۇ ئوخشـاش ئەمەس،- دېـدى پروفېسسـور سـۆزىنى داۋاملاشـتۇرۇپ،- لـېكىن ئوخشىشىدىغان ئورتاق ساداسى بار: دائىـم چەمبەرسـىمان ئىـزدا ئايلىنىـپ، قېيىـپ يـۈرۈش يارىمايدۇ، كونا كۆز قاراش، كونا چۈشـەنچىلەرنى بۆسـۈپ چىقىـپ، راۋاج تېپىش، يېڭىلىـق يارىتىش كېرەك!»

پروفېسسـور دېرىزىـدىن يىراققا قـارىغىنىچە خىيالغا چۆمـدى. باھـار كەلكـۈنى ئۇنـىڭ قەلبىدە دولقۇنلاپ ھېسلىرىنى قوزغىماقتا، ھاياجانلاندۇرماقتا ئىدى. ئۇ بىردىنلا ئارقىسـىغا بۇرۇلۇپ، خۇددى يۈز مىڭ ئـادەم ئالدىـدا نۇتـۇق سـۆزلەۋاتقاندەك يـاڭراق تەلەپپـۇز بىـلەن سۆزلىدى:-ئېچىۋېتىش، تاۋار ئىگىلىكى، بـۇ ئىككى نەرسە شـىنجاڭنىڭ بېكىـك مـۇھىتىنى بۆسـۈپ تاشـلىدى، شـىنجاڭلىقلارنىڭ بېكىـك روھىـي ھـالىتىنى تىترىتىـپ،ئۇلارنى ئويلاندۇرۇشـقا باشـلىدى، ئەرەبىسـتانغا ھەج قىلغىلـى، ئوتتـۇرا شـەرق ئەللىـرىگە سـودىگەرچىلىككە بارغـانلار قايتقانـدا، ئىسـلام دۇنياسـىنىڭ يېڭـى ئۆزگـۈرلىرىنى ئېلىـپ كەلمەكـتە؛ سـوۋېت ئىتتىپاقىغا ئـۇرۇق- تۇغقـانلىرىنى يـوقلاپ بارغـانلارمۇ ئوتتـۇرا ئاسـىيا رايونلىرىنىـڭ ئۆزگـۈرلىرىنى ئېلىـپ كەلمەكـتە؛ ئىچكـى ئۆلكىلەرنىـڭ چـوڭ- چـوڭ شەھەرلىرىدىن كەلگەنلەرمۇ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسـى جايلىرىـدىن يېڭـى-يېڭـى ئۆزگـۈرلار ئېلىپ كەلمەكتە. جۇڭگو ئۆزگەرمەكتە، دۇنيا ئۆزگەرمەكتە، ۋەزىيەت بىزنى مەجبۇرلىماقتـا. ئـۆزگىرىش ياسـىماي مـۇمكىن ئەمەس. ئـۆزگىرىش ياسـاش ئۈچـۈن ئـويلىنىش كېـرەك، ئويلىنىشنىڭ ئۆزى ئالغا قەدەم تاشلاش دېمەكتۇر...سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشـنىڭ قەدىمـى تېزلەشـمەكتە. قۇرۇلۇشـنىڭ ئـۆزى مـاھىيەتتە ئـادەمنى تاكامۇللاشـتۇرۇش،ئادەمنى يېڭـى بالداققا ئۆرلىتىش ھېسابلىنىدۇ. تارىخ،بۇ مالائىكە ئۇلۇغ ئىجادكاردۇر، ھەيكەلتىراشتۇر، ئـۇ مەدەنىيەتنىـڭ يېڭـى پەللىسـىدە مىللىتىمىزنىـڭ يېڭـى ئەۋلادىنـى ياراتماقتـا. ھەرقانـداق مىللەت ئۆزىنىڭ ئەيىب- مېيىپ تەرەپلىرىگە توغرا قاراپ، كېسـەلىنى يوشـۇرماي داۋالىسـا، ئاندىن جانلىق، جۇشقۇن بولالايدۇ، ئالغا ئىنتىلىدىغان غەيرەتكە كېلەلەيدۇ. بۇ مىللەتنىـڭ تەرەققىيـپەرۋەر ئـوغلانلىرى ئۈچـۈن تۇرمۇشـنىڭ ئېلىپبەسـىدۇر. ئۇيغۇرلارنـىڭ مەدەنىيىتـى دۇنيـادا كەم ئۇچرايـدىغان، كـۆپ يولـدىن، كـۆپ تەرەپـتىن، كـۆپ قاتلامـدىن كەلـگەن چۆكتۈرمىلەرنـىڭ جۇغلىنىشـىدىن ھاسـىل بولغـان مەدەنىـيەت. ئۇنىڭـدا گـۈزەل، رەڭـدار تەركىبلەر بـار، بـۇ بىـز ئۇيغۇرلارنـىڭ پەخرى. ئـۇ بىزنىـڭ تارىخىمىزنىـڭ ھاياتىي كـۈچى بولۇشـقا تېگىشـلىك ئىـدى،لېكىن ئۇنىڭغـا ئارىلىشـىپ قالغـان شـەرقنىڭ «AQ» چىلىـق

پەلسەپىلىرىنى، دىنىي خۇراپاتلىقلارنى، غەربنىڭ قۇرۇق شۆھرەتپەرەسلىكىنى كۆرمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ھاياتىي كۈچىنى تولۇق نامايان قىلالمىدۇق، كونىلىققا چاپلىشىۋالدۇق، ئارقىدا قالدۇق. ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش، بىز ئۇيغۇر خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شەرق بىلەن غەربنى ئالاقىلاشتۇرغان،ئەمما ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان بىكىلىپ قالغان يىپەك يولىنىڭ قايتا جانلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەمدى ئەگرى-توقاي، ئېگىز- پەس يوللاردا ئات ۋە تۆگە بىلەن ماڭمايمىز، بەلكى ئېلېكترون قاتناش ۋاستىلىرى بىلەن پەرۋاز قىلىپ ئۇچىمىز. بىزنىڭ تەرەققىيپەرۋەر باشلامچىلىرىمىز دىققەت- نەزەرىنى ئۆزىمىزدىكى مەنىۋى كېسەللەرگە تىكىپ، كىشىلەرنى شۇ كېسەللەرنى ئايىماستىن يىلتىزى بىلەن چىقىرىپ تاشلاپ،ساغلام روھىي ھالەت بىلەن چاققان ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرمەكتە. بۈگۈن يوقىتىپ قويغان ئېچىۋېتىش ئەنئەنىمىز يەنە جارى بولىدۇ. ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدىكى ئېچىۋېتىش بولغۇسى!... ئادەم قىيىنچىلىق ئىچىدە دۇنياغا كېلىدۇ، قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆسىدۇ. خۇدا ئادەمنى ياراتقان، لېكىن ئۇنىڭ بەختىنى ياراتقان ئەمەس، ئادەم بەختىنى قىيىنچىلىق ئىچىدە جاپا چېكىپ تاپىدۇ. سىز ماڭا: «بۇنىڭ سىرى نېمە؟ ئۇنىڭ سىرى قەيەردە؟» دەپ بىر تالاي سوئال قويىدىڭىز، ئۆتمۈشتىكى سىر بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەندىن كېيىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئىجادىيەتلىرىدۇر. ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش، رىقابەتلىشىش- بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ ئەھمىيىتى بىز ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئادالەت، بەخت ۋە بىلىمدىنمۇ مۇھىم. ئۇلار بىزگە يېڭى سىر (ھېكمەت) يارىتىشنىڭ ناھايىتى ياخشى مۇھىتىنى ھازىرلاپ بەرمەكتە. قىيىنچىلىق يوق ئەمەس، جاپاغا چىدايدىغان، تىرىشىپ ئالغا ئىنتىلىدىغان روھىمىز بولسىلا، جۇڭگودا- مىللەتلەرنىڭ بۇ چوڭ ئائىلىسىدە چوقۇم زامانىۋى ئاڭ- سەۋىيىگە ئىگە ئۇيغۇر مىللىتى مەيدانغا كېلىدۇ.

پروفېسسورنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى تېخىچە ئېيتمىدىم. بۇ، مېنىڭ سەۋەنلىكىمكە يول قويغانلىقىم ئەمەس، بەلكى ئاتايىتەن قىلغان ئورۇنلاشتۇرۇشۇم. ئۇ ئوتتۇرىغا ئازراق چىقسۇن، ماقالامنىڭ ئاخىرىغىراق مۆكۈنۈپ تۇرسۇن، دېدىم. چۈنكى كىشىلەر ئۇنى تولا چاغلاردا خاتا چۈشىنىپ قالىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن دەردى ئېغىر ئىكەن. ئۇنىڭغا دەرد ئۈستىگە دەرد كەلتۈرۈپ قويۇشقا يۈرىكىم چىدىمىدى. مانا ئەمدى قىسقىچە تونۇشتۇراي:

ئىسىم- فامىلىسى: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن.
مىللىتى: ئۇيغۇر.
خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى.
ئۇنۋانى: پروفېسسور.
(«جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988- يىللىق 8- سانىدىن)

توختى باقى تەرجىمىسى.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988- يىللىق 11- سانىدىن ئېلىندى.

# مىللى مائارىپ ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر

«شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىلقى خەنزۇچە 1- سانىغا بېسىلغان، خەنزۇيۇڭ، لې لىن ئىسىملىك ئىككى ئاپتۇر يازغان «تەبىئەت، مەدەنىيەت، ئىنسان» ناملىق ماقالىنى ئوقۇپ، غەربىي دىياردا ياشاپ كەلگەن يەرلىك يەرلىك مىللەتلەرنىڭ روھىيىتىدىكى ئاجىزلىقلار ۋە مىللىي مائارىپىمىز توغرىسىدا ئويلۇنۇپ قالدىم.

ماقالىدا غەربىي دىيارنىڭ «تەبىئەت ئانىسى» مۇھىتىدا غەربىي دىياردا تۆرەلگەن ئىنسانلاردا يەككە هاياتىي ئىقتىدار كۈچلۈك، مىللىي ئويۇشۇشچانلىق ئاجىز؛ سودا ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارى كۈچلۈك، سىياسىي ئىقتىدارى ئاجىز؛ ھىسسىياتچان ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئەقلى بىلىش ئىقتىدارى ئاجىز؛ يېڭىلىققا قىزىقىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۆزىنى بىلىش ئەنئەنىسىنى قەدىرلەش ئىقتىدارى ئاجىز ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئائىلىسىنىڭ روھىي مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان. ماقالە ئاپتۇرلىرى غەربىي دىيارلىقلارنىڭ ئويۇشۇش كۈچىنىڭ بىر-بىرىنى چەتكە قېقىش كۈچىدىن كۆپ ئاجىزلىقىنى؛ تارىختا، ئاتا-ئانىغا، پېشقەدەم نامايەندىلەرگە، ئەنئەنىگە بولغان ھۆرمەت، ۋارىسلىق ۋە قەدىرلەش ئېڭىنىڭ ئۇنتۇلۇش، قەدىرلىمەسلىك، بېيەرۋالىقتىن كۆپ ئاجىزلىقىنى تىلغا ئېلىش بىلەن مىللەتلەرنىڭ يادرو ھاسىل قىلالماسلىقى، تۆت ئەتراپىدىكى ئۇيۇشقان، يادرو ھاسىل قىلغان سىياسىي ھاكىمىيەتلەر كونتروللۇقىنى تەقدىر قىلغانلىقى، سەرگەردان مىللەتلىكى، مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنىڭ باشقا خەلقلەر تەزكىرىلىرىگە نامى چۈشۈپ قالغانلىرىدىن باشقىلىرى ئۆز تۆھپىلىرى بىلەن بىللە چەكسىز قۇم دېڭىزىغا غەرق بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق- يورۇق بايان قىلغان.

ماقالىنى ئوقۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قاتار تارىخىي ئەنئەنىۋى ئاجىزلىقلىرىنىڭ نوقۇل «تەبىئەت ئانىسى» قېلىپىدا شۇنداق ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ يارالغان دېگىلى بولمىسىمۇ، ھازىرقى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ۋە روھىي مۇھىتىدا ئېغىر دەرىجىدە ساقلانغان ئىلۈچ موھىم ئىللەت ۋە ئاجىزلىقىنى قايتا ھېس قىلدىم. بۇ نوقتىدىن يۇقىرىقى ئىككى ئاپتۇرنىڭ ئوچۇق –يورۇق ئىلمىي پوزىتسىيىسىگە تەسەننا ئوقۇش كېرەك.

مەن ئىلگىرى يېزىپ ئېلان قىلغان «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»،

«مىللەتنىڭ ئۆز- ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۇچ بۇرجىكى»، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» ناملىق ماقالىلەردە خەلقىمىزنىڭ روھىيەت تۈزۈلمىسى، مەدەنىيەت پسىخىكىسى، تۇرمۇش شەكلى جەھەتلەردىكى بىر قاتار ئىللەتلەرنى يۈزخاتىرە قىلماي كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدىم. ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ (يۇرتۋازلىق، كەسىپى ھەسەتخورلۇق، پىتنە ئىغۋاغا ھېرىسمەنلىك، ئۆزىدىن چىققان يارامىلىق كىشىلەرنى چۆكىلىۋېلىش، بىر-بىرىگە ئورا كولاش، قەست قىلىش) بىزدىكى ئاساسىي ئىللەت ئىكەنلىكىنىمۇ كۆپ قېتىم تىلغا ئالغانىدىم.

ھىسسىياتقا بېرىلىش، گاھى قەھرىمان، گاھى بېربان، گاھى خۇشخۇي، گاھى چۈشكۈن روھىيەتكە ئەسىر بولۇش، ئۇقتەك قىزىپ نىكاھلىنىپ، تېزدىن سوۋۇپ ئائىلىنى ۋەيران قىلىش، غەزىپىگە پايلىماي پاجىئە ھاسىل قىلىش، بىكار تەلەپ، سۆلەتۋازلىق قاتارلىقلارنى دائىم يولۇقتۇرۇپ تۇرىمىز. مۇھىمى شۇكى، مىللىتىمىز ئومۇمەن ئەقلى، مەنتىقى، نەزىرىيۋى، ئىلمىي تەپەككۇرغا نىسبەتەن ھېسسىيات ۋە كۆز ئالدىدىكى روھىي كەيپىيات بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئېغىر دەرىجىدە مايىل. بىزدە شائىرلىق، يازغۇچىلىق، ئارتىسلىق، سازەندىلىك، ناخشىچىلىق خايىشى ئىلمىي ۋە نەزىرىيۋى جەھەتتىكى ئىجادىيەت ئىشلىرىدىن كۆپ كۈچلۈك.

بىزدە ئەنئەنىۋى ئاڭ تولىمۇ ئاجىز، ئاتا- ئانىلارنى، پىشقەدەم جامائەت ئەربابلىرىنى، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك، ئۇلارغا ۋاپاسىزلىق قىلىش، ئۆز تارىخىنى ئىزچىل ـ مەنتىقى چۈشىنىشنىڭ يېتەرسىزلىكى، قۇرۇق قايىلچىلىق ۋە ئەقىدىۋازلىق تۈپەيلىدىن تۈزۈكرەك ساقلاپ قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزمۇ يوق. تارىخىمىزنىڭ خېلى بىر قىسمى گاھىدا ئۇ ئىشان، گاھىدا بۇ خوجىنىڭ ئارقىسىدىن مۇرت بولۇش بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن. بۇلارنى ئويلىغىنىمىزدا دىققىتىمىز بىردىنلا مىللىي مائارىپىمىزغا بۇرالدى. مائارىپ ــ ئىنسانىنى تەبىئەت دۇنياسىدىن مەدەنىيەت دۇنياسىغا، جاھىللىق ئالىمىدىن ئارىفلىق ئالىمىغا قايتا تۆرەلدۈرىدىغان ئۇلۇغ بىناكارلىق، مىللى مائارىپ نىسپى مەنىدىن ئېيتقاندا شۇ مىللەتنىڭ كونكرېت تارىخىي، ئىجتىمائىي، مىللىي ۋە روھىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلغان، قاراتمىلىقى كۈچلۈك تەلىم- تەربىيە خىزمىتىدىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي مائارىپ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان مىللىي مائارىپ ئۆز ئوبيېكتلىرىنىڭ ھالقىلىق ئاجىزلىقلىرىنى ئېنىق بايقىغان ۋە قاراتمىلىققا ئىگە تەلىم- تەربىيە ۋاستىلىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن بولۇشى لازىم. مېنىڭچە، ھالقىلىق مەسىلە ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى ھېسسىيات قۇرۇلمىسىنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسىدىن ئۈستۈن بولۇش ھادىسىسىنى تەربىيە ئارقىلىق تەدرىجىي تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەت. بۇ

مەســلىنى ھەل قىلمــاي مىللەتنىــڭ ئىچكــى ئۈيۈشۈشــچانلىقى ۋە تــارىخى، ئەنئەنىــۋى ئىزچىللىقى مەسىلىسىنى چۈشەندۈرگىلى، تەدرىجى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

مەلـۇمكى، «مىللەتنىـڭ مـوھىم بـايلىقى ــ خەلقىنىـڭ مەنـىۋى قىياپىتىـدىن ئىبـارەت» (چېرنىشۇسـكى). خەلقىنىـڭ مەنـىۋى قىياپىتىنىـڭ يۇقـۇرى- تـۆۋەنلىكى ئـاخىرقى ھېسـاپتا نەزىرىيــۋى تەپەككۇرغــا بــاغلىق. نەزىرىيــۋى تەپەككــۇر دەل مــاركس تەرىپىــدىن «ئــۆز زامانىسىنىڭ مەنىۋى تاجى» دەپ ئاتالغان ئىلمىي تەپەككۇر ۋە پەلسەپىۋى تەپەككـۇردىن ئىبارەت.

مىللىي مائارىپ ئۆز ئوبيېكتلىرىنىڭ نەزىرىيـۋى تەپەككـۇر جەھەتتىكـى ئـاجىزلىقىنى يېتەرلىــك مــۆلچەرلىگەن ھالــدا تەربىيەلەنگــۈچىلەرگە پەلســەپە، تەبىــئەت پەنلىــرى، قانۇنشۇناسـلىق، جەمئىيەتشۇناسـلىق ۋە تـارىخ پەنلىرىـدىن نوقتۇلـۇق تەربىـيە بېرىشــى، ئوقۇغۇچىلارنى ماتېماتىكا، لوگىكا ۋە سىياسـى- ئىقتىسـادقا ئائىـت پەنلەرنـى ئىگىلىتىشـكە كــۆپرەك ئىلھاملاندۇرىشــى كېــرەك. فېيختىــۋانگىر «مەنتىقىــي تەپەككــۇر ئىنســانىيەت تەورىسـى» دېسـە، ئېـنگىلس «دۇنيـادا بـىرەر مىلـلەت ئالـدىنقى قاتـاردا تـۇرىمەن دېسـە، نەزىرىيۋى تەپەككۇردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدىغان بولىشى لازىم. دېگەنـدى. ئەلـۋەتتە، بۇ، ئەدەبىيات- سەنئەت بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك، ئەدەبىيـات-سـەنئەتتە نەزىرىيـۋى تەپەككـۇر يـوق دېگەنلىـك ئەمەس. بـۇ پەقەت بىـزدە ئەدەبىيـات-سـەنئەتكە نىسـبەتەن، ئەدەبىيات- سـەنئەت كىتـابلىرى، گېزىـت-جورناللىرىغـا نىسبەتەن، ئەدەبىيـات –سـەنئەت ئىجــادىيىتىگە نىســبەتەن پەلســەپە، تەبىــئەت بەنلىــرى، ئىقتىســاد، قانۇنشۇناســلىق، جەمئىيەتشۇناسـلىق، تارىخشۇناسـلىققا ئوخشـاش غۇللـۇق ئىلمــي، نەزىرىيـۋى تەپەككـۇر ۋاستىلىرى، ئىجادىيەت خايىشى ۋە نەتىجىلىرى تولىمۇ كەم دېگەنلىك.

بىـز ئـائىلىلەردىن جەمئىـيەتكىچە كىشـىلەرنى قائىـدە پرىنسىـپلار بـويىچە پىكىـر يۈرگۈزىـدىغان، سـۆزلەيدىغان، ئـۆز ھىسـسىياتلىرىنى تىزگىنلىيەلەيـدىغان، مۇسـتەقىل پىكىـر يۈرگۈزەلەيــدىغان قىلالىســاق، بــالىلارنى كىچىكىــدىن باشــلاپ نەزىرىيــۋى تەپەككــۇر يۈرگۈزۈشـكە يېـتەكلەپ، تەبىئىــي پەن كۇرجۇكلىرىغــا ئۇيۇشــتۇرۇپ، ئــۇلاردا نەزىرىيــۋى تەپەككـۇر ئېگىزلىكىنـى ئىگىلەشـكە ئىنتىلىش ئـادىتىنى يېتىلدۈرەلىسـەك، بـۇ مەقسـەتتە بوشاشماي بىرقانچە يىل قېتىرقىنىپ ئىشلىسەك چوقۇم كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنالايمىز.

نەزىرىيـۋى تەپەككۇرنىـڭ ئۈسـتۈن ۋە ئەۋزەل مـۇھىتىنى يـارىتىش، مىـنىڭچە ئۇيغـۇر مىللىي مائارىپىنىڭ ئاساسـىي يېتەكچى ئېڭـى ۋە تـارىخىي خىزمىتى بولـۇپ ھېساپلىنىشـى كېرەك.

1993-يىلى 6-ئاي، ئۈرۈمچى

# تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى

تەپەككۇر تۆپەيلىدىن سىرىن ياپالماس ئالەم،
پەرقلەنگەن تەپەككۇر سەۋەپلىك ھايۋان، ئادەم.
ئەمما شۇ تەپەككۇرنىڭ سۆپەت، قىممىتى ھەرخىل،
قانداقمۇ بىرخىل بولسۇن دەججال، سۇلايمان، ھاتەم.

دەرۋەقە ئىنسان تەپەككۇر ئىقتىدارى تۆپەيلى ھايۋانات تۈركۈملىرىدىن پەرقلەنگەن. ئىنسان تەپەككۇر تۆپەيلى مەدەنىيەت تارىخى دەرياسىنى قازغان. ئالەم ئىنسان تۆپەيلى ئۆز- ئۆزىنى ئىزاھلاشقا مۇيەسسەر بولغان. يەنە شۇ ئالەم ئىنسان تۆپەيلى تەبىئىي گۈزەللىكتىن تاشقىرى ئىجادىي گۈزەللىك مۇمكىنلىكلىرىگە ئېرىشكەن.

ئەمما، تەپەككۇر ھەممە كىشىدە بىردەك ئېچىلغان، جارى قىلىنغان، تۆھپىكارلىق ماقامىغا كۆتۈرۈلگەن ئەمەس؛ تەپەككۇرنىڭ مىقدار ۋە سۈپەتلىرى، مۇددىئا ۋە ئاقىۋەتلىرى، شەكىل ۋە ئۇسۇللىرى ھەممە كىشىدە بىردەك ئەمەس، كىشىلىك دۇنياسى ھاڭقاي- دەلدۈستىن، ھاڭۋاقتى – خامۇشتىن تاكى ئەقىلدان- زەكى، دانا- مۇتەپەككۇرگىچە؛ تەرسا- جاھىلدىن، تەنتەك- ھاماقەتتىن تاكى ئارىپ- فازىل، تەقۋا- مۇرشىدغىچە؛ ھىيلىگەر- مۇغەمبەردىن، خەسىس- ئاچ كۆزدىن تاكى ھالال كۆڭۈل، ھىممەتكار- ساھىبگىچە؛ تۇترۇقسىز پىكىردىن، مەنتىق- ناتىققىچە ھەرخىل تەپەككۇر ئىگىلىرىنى كۆرۈپ كەلمەكتە. جانلىق ھايات قايىنىمىدا كۆزىنى ئوتتەك قىلىپ پارقىرىتىپ تۇرىدىغان جازانىخور- جەزىخورلار، كۆزىنى مۆشۈكتەك يۇمۇۋالىدىغان مۇغەمبەر- كاززاپلار، ھاكاۋۇرلۇق دىمىغىنى قىرىپ يۈرىدىغان كالتە پەملەر، قۇللارچە خوشامەت ۋە تىز پۈكمىكەشلىككە ھېرىسمەن روھى گادايلار، پىداكار ۋە سېخىي زاتلار، تەۋەككۇل ياكى ئىنچىكە ھېساپ بىلەن ئىش تۇتىدىغان كىشىلەر، شەپقەتلىك غەمخورلار، باشقىلارنىڭ ئازابىدىن ئىپتىخارلىنىدىغان نائەھلىلەر، ھوقۇق تاماخورلىرى، بىكار تەلەپ ياسانچۇقلار، لاپ بىلەن ئالدىغۇچى قىزى كۆزلەر، مۇشتۇم ياكى تىل- ھاقارەت زورراۋانلىرى، قاتىل ياكى جان ساتقۇچىلار، قىسقىسى سان ساناقسىز پىكىر ئىگىلىرىنى ئۇچرىتىمىز. «ئىنجىل»،

«قۇرئان»، «مىڭ بىر كېچە»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «بۇددىها تەزكىرىسى»، «يارالمىش ھېكايىلىرى»، «تەڭرى كومېدىيىسى»، «ئون كۈنلۈك سۆھبەت»، «چاھار دەرۋىش» ۋە بالزاك، سېكسىپىر، تولستوي ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئاجايىپ- غارايىباتلارنى جانلىق تۇرمۇشتا مىڭ ھەسسە ئارتۇق يولۇقتۇرغاندىن كېيىن، «تەڭرى قىيامەت – قايىنىمدا بۇ شەخسلەرنى قانداق سوراقلاپ تۈگىتەر؟» دەپ قالىسەن. مانا بۇلارنىڭ قايسىبىرى تەپەككۇردىن خالىي سادىر بولغان؟!

ئۆتمۈشتىكى دانالار مەدھىيىلىگەن تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ سۆكۈدىغان تەرەپلىرىنى ئويلىغاندىن كېيىن، كونكېرتلىق مۇقامىغا دەسسەپ تۇرۇپ، قايتىۋاشتىن تەپەككۇرغا زەڭ سالغۇم بار!

تەپەككۇر ئۇلۇغ ئىقتىدار، ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقى ئۇنىڭ قىممىتىدە.

روشەنكى، ئوغرىمۇ توغرىمۇ، زالىممۇ ئالىممۇ، جاھىلمۇ ئادىلمۇ، خارامۇشمۇ دانامۇ، پاسىقمۇ، ئارىفمۇ تەپەككۇر قىلىدۇ. تەپەككۇر كىشىلىك مەدەنىيىتىنى ياراتقان، ئۇنى يەنە راۋاجلاندۇرۇشمۇ، خانىۋەيران قىلىشمۇ مۇمكىن.

ئېيتىش كېرەككى، ھايۋانات ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن ئىنسان تەپەككۇر ئىقتىدارى بىلەن پەرقلەنگەن. ئىنسان تۈركۈمى ئىچىدىكى ھەركىم تەپەككۇر قىممىتى تۈپەيلى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئىزگۈ ۋە قاباھەت، يۈكسەكلىك ۋە پەسكەشلىك، ھۆرلۈك ۋە قۇللۇق، ئۆتكۈرلۈك ۋە گاللىق، ھەتتا نۇرغۇن جەھەتلەردە غالىپلىق ۋە مەغلۇپلۇق، پايدا (تاپاۋەت) ۋە زىيان تەپەككۇر قىممىتىگە باغلىق. ئەگەر مىسال قىلىش لازىم بولسا تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تاش جىنسىگە ئوخشاتساق، تەپەككۇر قىممىتى بۇ تاشلارنىڭ ئادەتتىكى شېغىل تاشتىن ياكى ئالماس- برىلليارتقىچە بولغان كۆپ دەجىلىك قىممىتىگە ئۆخشىتىش مۇمكىن. ۋاھالەنكى، كىشىلىك ئەقىل- پاراسىتىگە بۇ پەرقلىق قىممەتلەر جايلاشقان.

شەكلەن ئالغاندا بىز مەنتىقى تەپەككۇر، ماتېماتىكىلىق تەپەككۇر، ئوبرازلىق تەپەككۇر، تەسەۋۋۇرچان تەپەككۇر، ئەسلىمچان تەپەككۇر، تەتۈر تەپەككۇر، قايتا تەپەككۇر، تەنقىدىي تەپەككۇر، قۇللۇق تەپەككۇرى، ھىيلە تەپەككۇرى (مەسىلەن، جۇڭگونىڭ مەشھۇر 36 تەدبىرى)، ھەربى (ئىستراتېگىيىلىك) تەپەككۇر، ئالدىن كۆرۈش تەپەككۇرى، مۇستەقىل تەپەككۇر، نەزىرىيىۋى تەپەككۇر، سودا- تىجارەت تەپەككۇرى، دىپلوماتىيە تەپەككۇرى، دىئالېكتىك تەپەككۇر، كومپلېكس تەپەككۇر، باللارچە تەپەككۇر، سوپىستىكىلىق (سەپسەتىۋازلىق) تەپەككۇر قاتارلىقلارنى بىلىمىز. ئومۇمەن ئالغاندا بۇ خىل تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ كەڭلىك ۋە تىرەنلىكى، دەللىك ۋە

ماھىيەتلىكلىكى، ئىزگۈ ۋە ئىجابىيلىقى ھەرخىل.

ئىلىم- پەندىكى ھەرخىل ئىبقىم ۋە ئىلمىي گۇرۇھلار، بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ھەرخىل ئۇسلۇب ۋە ئېقىملار، دىندىكى ھەرخىل سۇلۇك ۋە مەزھەپلەر، سىيىسىي- ھەربىي، كەسپىي ۋە تۇرمۇش جەھەتلىرىدىكى ھەرخىل تەشەببۇس تۈركۈملىرى تەپەككۇر ئۇقنى ئۇل قىلغان. تەپەككۇر تۆپەيلى سوقرات، ئىيسا پەيغەمبەر، مانى، مەنسۇرى ھەللاج، برونى، باتوئىر، بابارەھىم مەشرەپ دارغا مىخلاندى، ئۆتتا ئۆرتەندى. تەپەككۇر تۆپەيلى گالىلى، نيوتون، ئېينىشتېين پەن تارىخىدىن ئورۇن ئالدى. تەپەككۇر تۆپەيلى ئىركىن قاغان، بۇسات قاغان، تۇمەن قاغانلاردىن باشلانغان ۋە تەڭرى قاغان، مۇيۇنچۇر قاغان دەۋرىدە گۈللەنگەن ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (745 ــ 840) زىرقاراقۇۋ بىلەن سانغۇن گۈللۈك باغا ئوتتۇرىسىدىكى ھەسەت تۆپەيلى قىرغىز خانى ئاجۇسقا يەم بولدى. بۇ ئىش قارلۇقلارنىڭ قاراقتان خانى گۈرخاننى قاراخانىلارغا (840 ــ 1123) سىلىشى، ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىنىڭ يەركەن خانلىقى (1510 ــ 1678) ئۆستىگە جۇڭغار قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ مۇنقەرز قىلىشىدا قايتا تەكرارلاندى. ئەيتاۋۇر، تەپەككۇرسىز كىشىلىك دۇنياسىدا «قىل تەۋرىمەيدۇ»!

مەسىلە شۇقەدەر روشەنكى، مىللەتنىڭ روھىنى ساغلاملاشتۇرۇش، خەلقنى پاسسىلىقتىن ئارىلىقتا، زالالەتتىن سائادەتكە يېتەكلەيدىغان تەلىم- تەربىيىنىڭ ئاساسىي خىزمىتى ئەۋلادلارنىڭ تەپەككۇر قىياپىتىنى، شۇ ئارقىلىق روھىي مەلىكىسىنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت. بىلىش كېرەككى، بەخت- سائادەتنىڭ ئەنقا قۇشى ــ يۈكسەك تەپەككۇر جىنارىغا قونىدۇ!

ف. ئېنگېلس: «بىرەر مىللەت دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇنغا چىقىمەن دېسە، نەزىرىيىۋى تەپەككۇردىن بىر مىنۇتمۇ خالىي بولالمايدۇ» دېگەنىدى. ئالدىنقى قاتاردا ئەمەس ھەتتا نۇسرەتلىك مىللەتلەر قاتارىدا ياشىماق ئۈچۈنمۇ يېتەرلىك ساغلام، ئۆتكۈر، مۇستەقىل تەپەككۇر قىممىتىگە ۋە قىياپىتىگە ئىگە بولۇش لازىم. بۇنداق تەپەككۇرسىز «ئەرشكە» چىققان بىلەن دىققەت نەزىرى زېمىنىدىكى «كەشى» دىن يىراقلىمايدۇ. «سەۋرى» دەرىخىگە چىقىپ «سەۋزى ئورىكى» گە دومىلاپ كېتىدۇ. ئاتىلار توغرا ئېيتقان: «قۇت يىلتىزى - قۇتلۇق ئۇگ»! «ئۆكىن، ئۆكىن، ئۆكسىزلىكتىگە»!!

مەختۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىدىن ئىلگىرى باشلانغان غەرىپتىن پىرى- مۇرشىد، ئىمام- ئىشان ئىزدەش ھاۋاسى ۋە ئىزىدىكى تەپەككۇر نامايەندىلىرىنى ئاسىي نامىدا ھالاك قىلىش تەلۋىلىكى بىلەن «باشسىز چەۋەنداز» بولۇپ قالغان ئۇشبۇ خەلق مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئورنىغا بۇزۇلغان روھ، قۇللاشقان ئىرادە، تەلۋىلەشكەن تەپەككۇردىن

باشقا يەنە نېمە قىلىشى مۇمكىن؟! ئۇلار ئۇ يەردە «پالان تۆرەم» بۇ يەردە «پۇستان خوجام» كەينىدە مەھەللىۋى شەيخ –ئىشان، ئەپەندى- موللامىلارنىڭ تار قەپەسگە كىرىۋېلىپ، خۇددى «ھاممام ئالدىدىكى ھور چىقىپ تۇرغان كۆلگە مىلىنىپ ياتقان ياللار» دەك روھى ئەمىنلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارنى مەزھەپ، يۇرت ۋە ئادەت رىشاتكىلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بىر پۈتۈن زامانىۋى تەپەككۇرغا ئۇيۇشتۇرىدىغان كۈچنى ئۇلار ھېس قىلالارمۇ؟... ئۇلار كۆزنى ئاچقان ھامان ھېلىقى ئىشان- مولللار ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆل چاچىدۇ. مەخسۇس كۆز ئېچىشنى پاراك تېمىسى قىلىپ تون كېيىپ، سەللە ئورايدىغان روھىيەت سودىگەرلىرى بىلەن تەپەككۇر جەزىخورلىرىمۇ بىر ئېقىم سۈپىتىدە خېچىر مىنىپ يۈرىشىدۇ. ئۇلار كامىران بولۇپ كەلگەن، كۆز ئاچقانلار پەرىشان بولۇپ كەلگەن چىنلىقنى قايسىبىر قەلەم تىترىمەي يازالىغان! مانا بۇ «ئۆز – ئۆزىگە ئاك» ۋە «ئۆز- ئۆزىگە تەپەككۇر»ى بولمىغان خەلقىنىڭ مەنىۋىيەت ئاسمىنىدىكى قارا تۇتەك!

بىر قاراشتىلا سەللە- كۆلا، كەپكە- شىلەپە قاتارلىق غەرپتىن كەلگەن باش كىيىملىرىنى كىيىۋالغان خالايىقنا يېنىشلاپ قاراڭچۇ: ئۇلارنىڭ بېشى «سۈرەت» كۆرۈنىشىدە ئۇلارنىڭ گەۋدىسى بىلەن بويىۇن ئارقىلىق تۇتاشقان، بىر زامانلاردا تەسۋى ئېسىلغان بۇ بويۇنلارغا گالىستۇك تاقالغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ بىچارە ماھىيىتى كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدۇ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە «ئىمپورت قىلىنغان» تەپەككۇر قۇشى چېكىلداپ تۇرۇپتۇ. بۇ تەپەككۇرلار بىر-بىرىدىن قانچە پەرقلىق، ھەتتا بىربىرىگە مۇخالىپ بولۇشىغا قارىماي پىكىر تەختىنىڭ ئىككى چېتىدىن ئەمەس، بەلكى دەل شۇ تەختىنىڭ ئۆزىدىن ئورۇن تۇتقان. قۇلچىلىق، سېتىلىشقا ھازىر- نازىرلىق، خوشامەتكويلۇق، «بىر بۇغدايغا سەمرىپ، بىر بۇغدايغا ئورۇقلاش» ئۇنىڭ دائىمىي ھاۋا رايى، ئۇلار تۇرمۇشىنىڭ «ئازاپ دېڭىزى»دىن ئۆتۈش ئۈچۈن خۇددى نوھنىڭ كېمىسىنى چۈۋۇغاندەك «چوك كۆلۈنگو» (ماھايانا) ھارۋىسىنى پاچاقلاپ ھەربىرى بىر تاختايغا چىقىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە «كىچىك كۆلۈنگو» (ھىنايانا) ھارۋىسى ياسىۋېلىشقا ئالدىرىشىدۇ. ئۇلار تۇرمۇش كەلكۈنىدە نوھنىڭ ياكى ئۇنىڭ كېمىسىنىڭ قەدرىنى چۈشىنىشكە ئاجىز. بۇ پىتراقچىلىقنىڭ ئۆزىمۇ بىر تەپەككۇر ھودۇقۇشىدىن ئىبارەت.

تەپەككۇر ئىقتىدارى ھەممىگە تەئەللۇق، ئەمما تەپەككۇر قىممىتى ھەر كاللىدا ھەرخىل. ئۆز- ئۆزىگە تەپەككۇر مۇجەسسىمى بولمىغان مىللەت ئۆز- ئۆزىگە ئىگە بولمىغان مىللەتتۇر.

.

بەخت- سائادەتنى دەسلەپ ئەلگە تىلە،

بەخت ئەمەس ئالتۇن بولسا يالغۇز تەڭلە.
تەپەككۇرسىز سائادەتتىن ئۈمىد كۈتمە،
ئۆز- ئۆزىگە تەپەككۇرسىز ئىنسان –تەلۋە.

1993-يىل 11-ئاينىڭ 14- كۈنى

# كىتاپ ۋە كىتاپ مەدەنىيىتى

## مۇقەددىمە

ئىنسان ـ ئۇچۇر سۇبيېكتى ئىقتىدارىغا ئىگە ئىجتىمائىي ھايۋان. ئۇ، ئۆزىنىڭ ۋە بىخەتەرلىك ئۇچۇرلىرىنىلا ئەمەس، يەنە زامان، ماكان خاراكتېرلىك، تامغىلىق ئۇچۇر ئىقتىدارىغا ئىگە.

كىتاپ ـ يۈكسەك ئۇچۇر ۋە مۇقەددەس تامغىدىن ئىبارەت. ئىنسانىيەت يازما تارىخ ۋە كىتاپ سەھىپىلىرىگە بىلىش ۋە ئىپادىلەش جەۋھەرلىرىنى يېزىقئارقىلىق قالدۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۆز تۇرمۇشى، ئالەم قاراشلىرى ۋە روھىيەت ئۆركەشلىرىنى قىيا تاشلارغا، قورچاق ياكى تاش- سۆڭەك، بىرونزا بويۇملىرىغا، كاھىش قاچىلارغا ھەرخىل قىياپەتلىك ياكى سىمۋوللۇق رەسىم ۋە تامغا- بەلگىلەر بىلەن چېكىشكەن. ماقال- تەمسىل، ئەپسانە – رىۋايەت، مەسەل- چۆچەك، ناخشا –قوشاق شەكلىدە ئەقلىي دەستۇرلىرى تۈزۈشكەن. مانا بۇلار كىتاپ شەكلىگە كىرمىگەن «كىتاپ»تىن ئىبارەت.

ھازىرغىچە يېزىق شەكلىدىكى ئەڭ قەدىمكى كىتاپ ئىككى دەريا- دەجلە ۋە فىرات ئارىلىقىغا كۆچۈپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ مىلادىدىن ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرىكى لايدىن بىنا ۋە قەسىرلەر ياسىغاندا لاي تاختىلارغا يېزىلغان «پايىتەخت قۇرغۇچى گىلگامىش» داستانىدىن ئىبارەت. بۇ تۈنجى ئۇچلۇق تاياقچە قەلەم بىلەن لاي تاختىلارغا يېزىلغان «كىتاپ» بابىل شاھى ھامۇرابىنىڭ 282 ماددىلىق قانۇن دەستۇرى ھېساپلىنىدۇ.

قەغەزنىڭ ئىختىرا قىلىنىشىغىچە تېرە ۋە مەخسۇس تەييارلانغان تاختا- تارشىلا كىتاپچىلىقنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى بولغان. قەغەزنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى كىتاپچىلىق تارىخىدا ئىنقىلاپ خاراكتېرلىك ئۆز گىرىش پەيدا قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ خانلىق سارايلاردا مەخسۇس مىرزاخانىلار قۇرۇلۇپ ئەسەرلەر قەلەم قەلەم بىلەن كۆچۈرۈلىدىغان بولدى. كېيىنچە، ياغاچقا خەت ئويۇش ئارقىلىق كىتاپ- رىساللەرنىڭ نۇسخىسىنى كۆپەيتىش، ئارقىدىنلا تاش مەتبەئە كەشىپ قىلىندى. مىخ مەتبەئە ھازىرقى زامان كىتاپچىلىقىنى رەسمىي نەشرىيات كىتاپچىلىقىغا ئايلاندۇردى. كېيىنچە مىخ مەتبەئەچىلىق قوغۇشۇن تاياقچىلىرىغا ئاساسلىنىدىغان بولدى. بۈگۈنكى كۈندە ئېلېكترونلۇق مەتبەئە

تېخنىكىسى مەيدانغا كېلىپ كەڭ ئومۇملاشماقتا. مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشى خۇددى كىنو ۋە تېلېۋىزوردەك جەمئىيەت نەشرىياتچىلىقى بىلەن ئائىلە نەشرىياتچىلىقى بىلەلە ساقلانغان يېڭى تۈزۈلمىنىڭ يېقىندىلا رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. ئۇ ئىنساننىڭ ئۇلۇغ ئۇچۇر ئىقتىدارىنىڭ دولقۇنسىمان تەسىر دائىرىسىنى زامان ۋە ماكان جەھەتتە يېڭى پەللىگە كۆتۈرگىسى.

## ئۇلۇغ روھىيەت خەزىنىسى

كىتاب- كەڭ مەنىدە ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخى ۋە ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقىنىڭ سەھىپىلەشكەن شەكلىدىن ئىبارەت. كىتاب ئالدى بىلەن ئىنسان قەلبىدىكى كائىنات. ياخشى كۈتۈپخانا ھەقىقى مەنىسى بىلەن كائىناتنىڭ جاھاننامە ئەينىكى، بۇ ئەينەكتە ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىمىزدىن ھالقىغان دۇنياۋى ماھىيەتلەر جىلۋىلىنىدۇ. ئىنسان كىتاپ ئارقىلىق پۈتكۈل تارىخنى قىياسى ھالەتتە باشتىن كەچۈرىدۇ. ئەنگلىيىلىك مۇتەپەككۇر بىكون ئېيتقاندەك «كىتاپ قىممەت باھا يۈكنى ئەجدادتىن- ئەۋلاتقا يەتكۈزىدىغان كېمە». كىتاپ بىزنى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتنىڭ ئىزاھلىغۇچىسى، ۋارىسى قىلىدۇ. پۈتۈن ماددىي روزىغارلار، بىنالار، بانكىلار، شەھەر ۋە مەملىكەتلەر، ھەتتا پۈتۈن سۈرۈك مىللەتلەرمۇ يوقۇلۇپ كېتىدۇ، پەقەت كىتاپ يوقالمايدۇ. بىز كىتاپ شاراپىتىدىن قەدىمكى ئەپسانە- تېۋۋايەتلەرنى، خانىدانلىقلار قىسسىلىرىنى، پەلسەپە جەۋھەرلىرىنى، ئەدەبىيات- سەنئەت دۇردانىلىرىنى بىلەلەيمىز. ئىنسان ياراتقان مۆجىزىلەر ئىچىدە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە مۆجىزە پەقەت كىتاپتۇر. كىتاب ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۆلمەس روھى. ئۇلۇغ تارىخي سىمالارنىڭ ھەقىقەت يالقۇنلىرىنى تىرىكلىك دەرگاھىغا مەڭگۈ يېلىنجىتىپ تۇرىدىغان مۇقەددەس ئوچاق. ئەگەر كىتاپ بولمىغان بولسا دۇنيانى مىڭلىغان قۇياشمۇ جاھالەت ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى! مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقانداق، پۈتكۈل ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ۋە تارىخ بىرەر خەزىنىگە ئىگە. ئۇ بولسىمۇ ئۇلۇغ روھىيەت قەسرىسى بولغان كىتابتىن ئىبارەت.

كىتاب ھەربىر شەخسنىڭ مەنىۋى فوندى ۋە ئۇنىڭ كامالەت گۇۋاھنامىسى. قەدىمكى رىم ناتىقى تىستىرون «كىتابسىز ئۆي ــ جانسىز تەن» دەپ توغرا ئېيتقان. كىتاپسىز شەخس مەيلى ئۇ باي مىراسخور ياكى ئالتۇن خەزىنە ئىگىسى بولسۇن، ئۇ بەختسىز ۋە بەختسىزلىكىدىن خەۋەرسىز ناداندۇر. ئۇ يۈزيىل ياشىسىمۇ مەدەنىيەت تارىخىدىن ساۋاتسىز ئۆمرىكۆتە بەندە ھېساپلىنىدۇ.

كىتاپ ئۆز ئاشىقىغا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر بەخش ئېتىدۇ. نادانىنىڭ بىر ئەسىرلىك ئۆمرى بىلىملىك كىشىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئۆمرىدىن كۆپ قىسقا ھېساپلىنىدۇ. كىتاپ قەلبنى پاكلايدۇ. ئۇنىڭ ئىنسانغا بېغىشلىغان نۇر نۇسرىتىنى ھەرقانداق زىننەت بۇيۇملىرىمۇ پەيدا قىلالمايدۇ. ئۇ قەلبنى نۇرلاندۇرۇپ، روھىيەتنى بېيىتىپ، ئۆمۈرنى مەنىۋى بەخت ۋە يۈكسەك نەزەر بىلەن بېزەيدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ يۈزى، كۆزى ۋە سۆزىگە مۇقەددەسلىك نۇرى ئاتا قىلىدۇ. كىتاب ئاشىنالىرى خۇددى ئالماستەك يارقىن بولسا، نادانلىق ئىجىللىرى بەئەينى كۆشۈرۈپ تۇرغان قارا تاشقا ئوخشايدۇ.

كىتاپ ـ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت دەرياسى ۋە مەنىۋى قىياپەت مەكتىپى. لابولبى توغرا ئېيتىدۇ: «تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ھەربىر مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىنىڭ سانى بىلەن ئۆلچىنىدۇ». نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى، پۇل تېجەش ئەمەس، بەلكى نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ۋە بۇ يولدا كىتاپ بىلەن ھەپىلىششتۇر. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەرنىڭ قەلب بايلىقى بىلەن قول ئىلكىدىكى بايلىق توغرا تاناسىپتۇر. «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دېگەن ئەقىدىگە چاپىشۋالغان مىللەت كادايلىققا ۋە ئۇنىڭ باش جىنايەتچىسى بولغان نادانلىققا چىڭ ئەقىدە باغلىغان مىللەتتۇر. نادانلىققا قارشى ئاتلىنىشقا جۈرئەت قىلغاندىلا، بەخت يولى ئېچىلىدۇ، بۇ ئەپسانە ئەمەس، پۈلاتتەك ھەقىقەتتۇر. پۇل تاپقاندا ئۆيىنى كۆزنى چاقنىتىدىغان گىلەم ۋە زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزەلگەن ئائىلە بىلەن ئۆيىنى كىتاپ ئىشكاپلىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلىنىڭ قىممىتى پەرقلىقتۇر. تەرەققى قىلغان ئەللەردىكى ئائىلىلەر ئۆز قىرائەتخانىسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار روناق تاپقانسېرى كىتاپ سېتىۋالىدۇ. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى كىتاپ موھىتىدا ئۆسىدۇ، ئۆرلەيدۇ. قالاق ئەللەردىكى ئائىلىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۆيىنى ئەينەكتەك تام، رەڭدار گىلەم ۋە ئىشرەت جاھازلىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى خۇنۈك بولىدۇ. ئۇلار مەغرۇر، تەنتەك، پۇلپەز، سۆلەتۋاز بولۇپ، ئۆزلىرى ۋە پەرزەنتلىرى چۈشكۈنلىشىدۇ. بۇ جەھەتتىكى مىساللار كۆز ئالدىمىزدا تولۇپ يېتىپتۇ!

كىتاپ ـ لوقمان ھېكىم. كىتاپ ـ رۇستەم پالۋان. كىتاپ- بەخت قۇشى ـ ئەنقا، بۇ ئاددى تەسۋىر ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت!

## كىتاپ دېڭىزى ۋە غەۋۋاسلىق ماھارىتى

دەۋرىمىزدە كىتاپ شۇ قەدەر كۆپەيدىكى، ئۇنى رەقەم بىلەن ئىپادىلەشمۇ مۈشكۈل بولدى. ئەمما ھېلىمۇ كىتاپ يۈزىگە يۈزىگە چىقمىغان بوشلۇقلار ناھايىتى نۇرغۇن.

دەرۋەقە، «كىتاپنى ئاچسىلا مەنپەئەت بېرىدۇ»، ئەمما، كىتاپ دېڭىزىدا قانداق جاۋاھىرات يىغىدىغان غەۋۋاس بولۇش، بۇ موھىم ماھارەت.

كىتاپلارنى دېڭىز قىلىۋەتكەن نەرسە، ئەسلى مەنبە، ئاساسىي نەزەرىيە، مۇتۇپەككۇرانە مۇھاكىمە قىلغۇچى كىتاپنىڭ كۆپلىكى بولماستىن، بەلكى، تارماقلاتما، يەشمە، ۋەقە بايان، ئىچ پۇشۇقى، قۇراشتۇرما كىتاپلارنىڭ كىتاب بازىرىغا كەلكۈندەك كىرىپ كېلىشىدىن بولدى. بۇ ھال ھەربىر ئەقىل ئىگىسىدىن كىتاپ پەرق ئېتىش ۋە كىتاپ تاللاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، ھەققىي دانىشمەنلەر كىتابنى ھەممىدىن كۆپ كۆرگەن كىشىلەر بولىشى ناتايىن، ھەققىي ئالىملارمۇ ئەڭ نۇرغۇن كىتاپ يازغان كىشىلەر بولىشىمۇ شەرت ئەمەس. بۇ بىزدە خۇددى سۇغا تاشلانغان نەرسىلەرنىڭ چۆكۈشى ياكى لەيلىشى، ماكان ۋە زامان جەھەتتە بىردەك بولمايدىغانلىقىغا ئوخشاش بىر ھەقىقەتنى يەنى كىتابلار بىرقانچە سىزىق ۋە قاتلام، تۈر ۋە قىممەتكە بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

كىتاب ئوقۇغۇچى كىشى ئۈچۈن ئومۇمەن ۋەزىيەت ۋە سىياسەتكە دائىر كىتاپ-ماتېرىياللاردىن تاشقىرى، ئۈچ خىل كىتاپ ئوقۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئاساسىي بىلىم كىتاپلىرى. بۇ خىل كىتاپلار ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇ چوقۇم ئالىي مەلۇماتلىق سەۋىيىگە ئېرىشىش ئۈچۈن شەرت- بالداق بولغان كىتاپلار بىلەن مەلۇم ساھە بويىچە ئىزدىنىش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن لازىم بولغان كىتاپ-ماتېرىياللاردىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، بىلىم قۇرۇلمىسىنى بېيىتقۇچى كىتاپلار. بۇ خۇددى ئاۋئاماتكىغا ياندىشىپ يۈرگەن پاراخوت- كېمىلەرگە ئوخشاش ئالاقىدار ئوبيېكتلاردىن بىلىم ۋە ئۇچۇر بېغىشلىغۇچى كىتاپلار بولۇپ، ئۇ ئاساسىي بىلىم كىتاپلىرىنىڭ تاشقى پوستىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، بەدىئىي لەززەت بېغىشلىغۇچى كىتاپلار بۇ خىل كىتاپلارغا ئەدەبىيات-سەنئەتكە دائىر ئەسەر ياكى ئويۇن- كۆرگەزمىلەر، كىشىلىك تۇرمۇشقا ئائىت ئۆرنەك، قوللانما، مەسلىھەت بەرگۈچى كىتاپلار كىرىدۇ.

مېنىڭچە كىتاپلارنى تاللاپ كۆرۈش بىلەن ئۇدۇل كەلگىنىچە كۆرۈش، قاتلام، نۇقتا، جەمبەر تۈزۈلمىسىگە ئايرىپ كۆرۈش بىلەن خالىغانچە كۆرۈشنىڭ كىتاپ كۆرگۈچىگە بولىدىغان تەسىرى، بولۇپمۇ نەچچە ئون يىلدا مۇنتىزىم ئوقۇتۇپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشقا سېلىشتۇرغاندا ھاسىل قىلىدىغان ئۈنۈمى ئوخشاش بولمايدۇ.

كىتاپ كۆرۈش ئىبىغىر زېھنىي ئەمگەك. شۇنىڭدەك يەنە كۆڭۈللۈك ساياھەت.

ھەرخىل كىتاپلارغا بولغان كىتاپ كۆرۈش تەلىپى ۋە ئۇسۇلى بىردەك بولمايدۇ. بىر قۇر كۆرۈپ قويىدىغان، مەلۇم باپ ۋە سەھىپىلىرىنى تاللاپ كۆرىدىغان، تەپسىلىي كۆرىدىغان، تەكرار كۆرىدىغان كىتاپلار بولىدۇ. بەزى كىتاپلارنىڭ پەقەت مۇندەرىجىلىرىنى ۋاراقلاپلا، ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى نەزەردە تۇتۇپ قويۇپ قويىلىدۇ. ئۇمۇمەن تەپسىلىي ۋە تەكرار كۆرۈلىدىغان كىتاپلار ئۇچۇن مەخسۇس ۋاقىت، قەلەم- خاتىرە ھازىرلىنىدۇ. ئۇنداق كىتاپلارنىڭ بىرقانچىسىنى بىر يۈرۈش قىلىپ، سىستېمىلىق كۆرگەن ياخشى. شەخسەن مەن بۇنداق كىتاپلارنى رەڭدار قەلەم بىلەن خەت، بەلگە، سىزىق قويۇپ بويىۋېتىشنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭدىن بىلىم، ئىلھام ۋە كۈچمە تەۋۋۇرغا ئىگە بولىمەن. بۇ خۇددى يالقۇندىن ئوت تۇتاشتۇرغاندەك بىر ئىش... بۇ خىل كىتاپلاردا چۈشىنىشلىك بولمىغان ئاتالغۇ، مۇھاكىمە ۋە تەدبىرلەرنىڭ ئۇچرىشى ناھايىتى ياخشى ئەھۋال، بۇ، كىتاپ كۆرگۈچىنىڭ ئۆزىدە يوق يېڭى بىلىمگە دۇچ كېلىشى بولۇپ، بۇنداق ئەھۋاللاردا لۇغەت قوللانمىلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ بىلىمنى ئۆزلەشتۈرىۋېلىش لازىم. سەن ھەمىشە ئامىباپ، كېزىت سەۋىيىسىدىكى چۈشىنىشلىك ماتېرىياللارنى ياخشى كۆرسەڭ، مەڭگۈ ئۆز ئىزىڭغا سەكرەپ قېلىۋېرىسەن. مىنىڭچە، تۇگمەنگە ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ قالغان ياخشى ئەھۋال ئەمەس، لۇغەت ئاختۇرۇشقا مەجبۇر بولغىنىڭدا ھورۇنلۇق بىلەن كايىماي يېڭى بىر بالداق كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغاندەك روھلان!

مۇئەييەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بىر زىيالىي ئۇچۇن كىتاپ ئوقۇش ئالدىدا «ئېھتىمال مېنىڭ خاتا بولۇشى مۇمكىن» دېگەن قاراشتا بولۇشىنىڭ بايدىسى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ئەكسى ھالدا ئوقۇغاندا بۇ كىتاپتىن ھېچنەرسە يۇقماسلىقى، ھەتتا «بۇ ئەرزىمەس ئەسەر ئىكەن» دېگەن قاراش تۇغۇلۇشى مۇمكىن.

## كىتاب مەدەنىيىتى ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى

كىتاپ ئوقۇش مەقسەت ئەمەس، ۋاستە. بارلىق تەلىم- تەربىيىنىڭ تۈپ مەقسىدىگە ئوخشاشلا كىتاپ ئوقۇشتىكى مەقسەتمۇ مۇستەقىل تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى تۈزەش ۋە يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئاساسلىق بىر ھالقىسى.

شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، كىتاپ ئوقۇشتىن مەقسەت نوقۇل ئالىم بولۇش ئەمەس. موھىمى ھەقىقىي ئادەم بولۇش بولۇپ، بۇنى ئومۇمىي خەلققە كۆتۈرۈپ ئېيتقاندا، پۈتۈن مىللەتنىڭ بىلىملىك، روھىي دۇنياسى باي، يېڭى ئەۋلادلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن

ئىبارەت. بۇ، شەخسنىڭ كىتاپ ئوقۇشى، ئائىلىلەرنىڭ كىتاپ زاپىسىغا ئىگە بولۇشى، مەكتەپلەرنىڭ كىتاپ تەربىيىسى ۋە نەشرىياتلار كىتاپ چىقىرىشى قاتارلىق بىرقانچە تەرەپنىڭ ئورتاق مەقسەت ۋە غايىدە پائال ماسلىششىنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىز «يىپەك يولى» ئىچىلىش ئالامەتلىرى بىلەن تولغان دەۋردە ياشاۋاتىمىز. ئۈسمۈرلەر، ياشلار، ياشانغانلار، ئەرلەر، ئاياللار كىتاپ ئوقۇشى، كىتاپ ئۈستىدە پاراڭلىششى، ھەممە ئائىلىلەردە كىتاپ ئىشكاپلىرى، كىتاپ ئۆيلىرى بەرپا قىلىنىشى، پەرزەنتلەر ئۈچۈن ياخشى كىتاپ مۇھىتى يارىتىلىشى ۋە بۇ خىل زۆرۈرىيەت چوڭقۇر ھېس قىلىنىشى لازىم. ئۆيگە كىتاپنىڭ كىرىشى زىبۇ- زىننەت ۋە پەرداز بويۇملىرىنىڭ كىرىشىدىن ئاۋۋال ۋە ئەۋزەل ئورۇنغا قويۇلىدىكەن، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋى بەخت بىزگە تەبەسسۇم قىلىشقا باشلايدۇ. بىزدە نادان ھالەتتىكى باياشاتلىق بىلەن ئەمەس، مەدەنىيەتلىك ھالەتتىكى باياشاتلىق بىلەن ئىپتىخارلىنىدىغان كەيپىيات تۇرغۇزۇلغىنى ياخشى. بىلىش كېرەككى، مەدەنىيەتسىز ئائىلىلەرگە چۈشكەن ئەنقا (بەخت قۇشى)نىڭ سايىسى بىردەملىكلا!

نەشرىياتچىلىق مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ۋە كامالىتىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈشتە غايەت مۇھىم «مەنىۋى رىزىق دەرگاھى»! گېزىت- جورنال، نەشرىيات تەھرىرلىرى مىللىي مەدەنىيەت بىناكارلىقىنىڭ مۇقەددەس بۇرچ ئۆتەيدىغان ئىنجىنېرلىرى. ئۇلار خۇددى دىن قىسسىلىرىدە سۆزلەنگەن مالائىكىلەردەك يىراقنى كۆرەرلىككە، تەخىرسىز ۋاقىت قارىشىغا ۋە مۇقەددەس پاكلىققا، دانىشمەنلەردەك خەلقىقە، ئەقىلگە، بىلىمگە، ھەقىقەتكە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتكە، بىناكارلاردەك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى تاللاش، ئورۇنلاشتۇرۇش، نۇرلاندۇرۇش ئىقتىدارىغا ، گېئولوگلاردەك جاپا چېكىپ بايلىق ئىزدەپ تېپىش روھىغا ئىگە بولىدىكەن، خەلقىمىزنىڭ «مەنىۋى رىزىق دەرگاھى» پىداكار تۆھپىكارلار سارىيىغا ئايلىنىدۇ.

نەشرىياتچىلىق خەلق تارىخىدا مىڭ يىللار مەدھىيىلىنىدىغان ياكى ھەسرەتلىنىدىغان ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئادەتتىكى فىرما ياكى سودا شىركىتى ئەمەس. خەلقىمىز تارىخىدا خەتتاتلار بىرقانچە ئابىدە ۋە تۇرپان تېكىستلىرىنى يېزىپ قالدۇرمىغان، يۈزلىگەن دىۋانلارنى كۆچۈرۈپ قالدۇرمىغان بولسا بىز قايسى يۇلتۇزلار بىلەن مەدەنىيەت ئاسمىنىمىزنى يورۇتقان بولاتتۇق!؟

نەشر- ئەفكار ئىستراتېگىيىلىك بىناكارلىق. ئۇ ئۇل، ئاساس، نۇقتا، دائىرە، ئىچكى- سىرتقى چەمبەرنى پەرقلىق ھەم ئەتراپلىق پىلانلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. نەشر- ئەفكار مىللىي مەدەنىيەت تارىخىي خاراكتېرلىك قان ئىشلەپچىقارغۇچى ئورگان.

# خاتىمە

بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش مەدەنىيەت، مائارىپ، كىتاب ئوقۇش ۋە ئىلىم- پەننىڭ ئەرزىمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىدۇر. بىزنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە، ئىقتىسادىي ۋە كىتابى بايلىقتا زامانىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. باھار ئۆزى شامال ئەمەس، ئەمما باھار شامال بىلەن كېلىدۇ. يېڭى شەيئىلەر تولا ھاللاردا ئۆزىنىڭ دەبدەبىسى ۋە چاڭ –توزانلىرى تەرىپىدىن روشەن كۆرۈنمەيدۇ. ھازىرقى بىر مەزگىللىك روھىي ھودۇقۇشمۇ شۇنداق.

كىتاب ـ ئىنسانىيەت ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغان ھەقىقى ۋە بىردىنبىر ئەلئىھرام. ئۇ ھەممىنى، پۈتكۈل ماھىيەت ۋە ھادىسىلەرنى ئۆزىگە جۇغلىغان. كىتابقا تەڭ كېلىدىغان ئىنسانىيەت جۇغلىغان ئىككىنچى بىر خەزىنە مەۋجۇت ئەمەس! بۇنىڭدىن خەۋەرسىزلىك كىشىلىك دۇنياسىدا تىگىرقاپ يۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

1993-يىلى 1-ئاي

# مەنپەئەتدارلىق ئەخلاقى ۋە مەجبۇرىيەت ئەخلاقى

## زىمىننى قاپلىغان مۇقەررەر يۈزلىنىشى

ئۈچىنچى مىڭ يىللارغا يۈزلىنىۋاتقان كىشىلىك جەمئىيىتى ئارقا- ئارقىدىن بىرقاتار غايەت كاتتا ئۆزگىرىشلەرگە دۇچ كەلمەكتە. ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تارىخ ئۆزىنىڭ كامالەتكە قاراپ ئىلگىرىلەش مەنتىقىسى بويىچە ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇ ئۆز سەۋىيىسىنى مۇئەييەن مىقدار سەۋىيىسىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ سۈپەت ماھىيەتلىرىنى روشەنلەشتۈرگۈسى.

جۇڭگو بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنمەكتە. ئىنسالاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، بازار –پۇل مۇئامىلە ئېگىنىڭ يېڭى قىممەت قارىشى ۋە يېڭى پائالىيەت سەزگۈرلىكىگە ئۆتۈش نۆۋەتتىكى ئاساسىي تارىخى ئېقىم بولۇپ گەۋدىلەنمەكتە.

خەلقئارادا مۇستەقىل ياكى بىرلەشكەن ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى؛ قاتناش لىنىيىلىرى ۋە ئېغىز، پورت، ئايرۇپورتلارنىڭ كۆپىيىشى؛ بىرئۆلچەملىك خەلقئارا تامۇجنا بېجى تەلىپىنىڭ ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشى؛ كارخانا ۋە شىركەتلەرنىڭ خەلقئارا سۈپەت ئۆلچىمىنى تەقدىر بەلگىلىگۈچى ئامىل قىلىشقا مەجبۇر بولۇشى؛ خەلقئارا بازار، كرېدىت، پۇل مۇئامىلە تورىنىڭ يەر يۈزىنى تۇتاش قاپلاپ كېلىۋاتقانلىقى دۇنياۋى ئاساسىي ئىقتىسادىي ئۆركەشنى شەكىللەندۈرمەكتە.

نۆۋەتتە، ئىقتىسادنى چىقىش يولى دەپ قاراش ئۇستۇنلىكنى ئىگىلىمەكتە. ئەگەر، ئىقتىساد ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ پۈتۈن جەريانلىرى بىردەك ئىسپاتلىغان ھەقىقەتتىن داجىپ روھىيەتتىن، يەنى ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق، ئىقتىساد ۋە كۆپ قىرلىق گارمۇنىيە ھەم مۇۋازىنەتتىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

### ئىككى مەدەنىيەت ۋە تارىخنىڭ دىئالېكتىكىسى

ئىنسانىيەت تارىخىي ماددى مەدەنىيەتتىن مەنىۋى مەدەنىيەتنى يارىتىش، مەنىۋى

مەدەنىيەت ئارقىلىق ماددىي مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش تارىخىدىن ئىبارەت. مەيلى رەسمىي لەۋھە تەرىقىسىدە ئېغىزغا ئېلىنغان بولسۇن- بولمىسۇن ئىككى خىل مەدەنىيەتتىن نوقۇل بىرى بىلەنلا كىشىلىك تۇرمۇشنى تەمىن ئېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، ئىككى خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتمۇ بولىدۇ. بەزىدە تۇتۇق بەزىدە روشەن، بەزىدە ھەتتا پاجىئەلىك ھالەتكە كۆتۈرىلىدۇ. ھازىرقى زامان جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت ئۈنىڭ تىپىك مىر مىسالى. بىر خىل كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە جاھالەتتىن يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە مەرىپەتكە ئۆتۈۋاتقان، ئومۇمەن ئۇچ خىل سەۋەپ تۈپەيلى بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت ئارىسىدا زىددىيەت روشەن گەۋدىلىنىش مۇمكىن. بىرىنچى، يېڭى- كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ھالەتنىڭ بىرخىل زىدىيەتنى ھەل قىلىپ، ئۈنىڭ ئىككىنچى، خىل شەكلىنى پەيدا قىلىشى؛ ئىككىنچى، ئۆتىۋش مەزگىلىدىكى داۋالغۇشلار تۈپەيلى ئىككى خىل مەدەنىيەت زىددىيىتىنىڭ جىددىلىششى؛ ئۇچىنچى، كىشىلەرنىڭ تارىخىي تەجرىبە ۋە قانۇنىيەتلەردىن چەتنىگەن سوبيېكتىپ قىزىپ كېتىشلىرى ۋە كونتۇرۇل ئىقتىدارىنى ۋاقتىدا ئىشقا سالالماسلىقىدىن ئىبارەت. نەتىجىدە كەڭ ئاۋام قەلبىدە ئاڭ، قاراش، ئىستىل، پوزىتسىيە، مۇھاكىمە، ئەدەپ- ئەخلاق، ئېتىقاد ۋە چارە- تەدبىر جەھەتلەردە بىر قاتار نورمالسىزلىق، ھەتتا بۇزۇلۇش، چىرىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ. بەزىدە ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتىكى تەكشىسىزلىك، مەسىلەن، نوقۇل ماددىي تاپاۋەتنى ياكى ياكى نوقۇل قانۇنىي جازالاشنى مىقدارى جەھەتتە ئۇتتۇق- نەتىجە دەپ قاراش ۋە ئەكس ھالدا بى جەھەتتە ئۆمىدسىزلىككە بېرىلىدىغان ئەھۋاللار خېلى كەڭتاشا ھاۋاغا ئايلىنىدۇ. رېئال تۇرمۇشىمىزدا، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىمىزدە كۆرۈلىۋاتقان بەزى بىنورمال ئەھۋاللار بىزنى پاكىتقا ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن، ياشلاردىكى يۇقۇرى ئىستىمال قىزغىنلىقى، ھۆرمەتسىزلىك، ئوقۇغۇچىلاردىكى ياسانچۇقلۇق، ئويۇن –تاماشاغا بېرىلىپ كېتىپ كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇماسلىق، ئوقۇتقۇچىلارغا ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات سىرتىدىكى كىرىم بېسىمى، ئۇلار دۇچار بولىۋاتقان ھۆرمەتسىزلىك ۋە كەمسىتىشلەر، نەشرىياتچىلىق قىينچىلىقى، نەشر ئەفكارلاردىكى ئىقتىسادىي ئۇنۇم قوغلىشىپ سەلبى خايىشتىكى باسما بويۇملىرىنىڭ يامراپ كېتىشى، دوست تارتىشلار، داۋالىنىش قىينچىلىقى، «ئېتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق» دورىلارنىڭ كۆپلىكى، سەھىيە ئەخلاقىدىكى نورمالسىزلىق، ئائىلىلەردىكى ماددىي پاراۋانلىقنى ئۆلچەم قىلىپ قايتا تەشكىللىنىش خاھىشى، كۆپ قىرلىق سىرتقا بېرىلىش ھادىسىلىرى، كىرىم- چىقىم ئالدىدا تەمتىرەپ قېلىش روھىيىتى ۋەھاكازالار بۇ خىل ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى بۇزۇلۇشنىڭ بىر قىسمى.

قارىغاندا، ماددىي پاراۋانلىق قوغلىشىش، مەنىۋى تۇرمۇشنى تولۇقلاشقا سەل قاراش، ماددىي مەدەنىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز- ئۆزىنى نەزەردە تۇتماسلىق، ماددىي مەدەنىيەت رىقابىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش، ئۇنىڭ نېگىزى بولغان مائارىپ رىقابىتىگە ئاخىرقى ساھە قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش، رېئاللىقنى كۆرۈپ، تەجرىبە- ساۋاقلارنى ۋە يىراقنى كۆرەلمەسلىك ھادىسىلىرىنى بىر ۋاراقلاپلا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھادىسە بولۇپ بىرمەزگىل ئەۋجىرەپ كەتسىمۇ، لېكىن بەربىر تۈزۈلۈشكە يۈزلىنىدىغان ھادىسە. تارىخ- ئىككى خىل مەدەنىيەتنى ئارقاق ۋە ئۆرۈش قىلىپ توقۇلىدىغان ئۇزۇن ھېكايە. ئۇنىڭدا يۈزبەرگەن ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئەبەدىيلىك ئابىدىلىرى بولۇشى ناتايىن.

ئىككى مەدەنىيەت مۇۋازىنىتى ۋە ئىجتىمائىي بەخت

تارىختا مۇئەييەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كۈللىنىش باشلىنىشى بىلەن ئەخلاقىي بۇزۇلۇش يۈز بەرگەن تىپىك مىساللار كۆپ بولغان. مەسىلەن، گۈللەنگەن چۇنچۇ دەۋردىكى ئەدەپ –ئەخلاق چۈشكۈنلىكى كۇڭ فۇزىنىڭ ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى، چۇيۇەننىڭ نەزمىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. قەدىمكى كرېتسىيىدىكى ئەخلاقىي كۆڭۈلسىزلىكلەر سوقراپ ۋە ئەپلاتوننىڭ ئېتىكا ۋە مائارىپ قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەپ ئىمپېرىيىسى دەۋردىكى مەنىۋى بۇزۇلۇش «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان داستان «قۇتادغۇبىلىك»تە زامانىنىڭ بۇزۇقلىقى، ھەسرەتلىك مىرالار بىلەن بايان قىلىنغان. ياۋرۇپا مەرىپەتچىلىك ھەركىتى دەۋرىدىكى ئۇلۇغ موتىپەككۇرلارنىڭ بىرى بولغان مونتىسكيۇ ئۆزى غايىۋى جەمئىيەت سۈپىتىدە تەشەببۇس قىلغان بۇرجۇئازىيە جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن مەنىۋى چۈشكۈنلۈكتىن پەرياد چەككەن. بۇ نوقتىنى ماۋزېدۇڭ «مانا مۇشۇنداق جاھان» دېگەن مىسراغا يىغىنچاقلىغان.

بۇ ماددىي مەدەنىيەت گۈللىنىشكە باشلىغاندا مەنىۋى مەدەنىيەت ئوخشىمىغان دەرىجىدە زەربىگە، ئېتىبارسىز مۇئامىلىگە ھەتتا دەپسەندىگە ئۇچرىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ يېرىمى. قالغان يېرىمى شۇكى، ماددىي مەدەنىيەت ئۆستۈنلىكىنى ئىگىلىگەن تەكىپۇكسىز ئەھۋال ئومۇمىيۈزلۈك زىلزىلە قوزغايدۇ. يېڭى پىكىر، يېڭى ئىدىيە، يېڭى تەلىمات، يېڭى تۈزۈملەر مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ زىلزىلە يالغۇز جامائەت پىكرىدىلا ئەمەس، يەنە ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى داۋاملىق

ئىلگىرلىشى تەقەززالىرىدىنمۇ، ماددىي تەقسىمات، بازار ۋە پۈتۈن جەمئىيەت دائىمىي هاياتىي ئېھتىياجلىرىدىنمۇ مەيدانغا كېلىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى سەرخىل مۇتەپەككۇرلار مۇشۇنداق ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە تەقەززالىق ئىچىدە ئۆز تەلىماتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. زاماننىڭ مەنىۋى ئاتموسفېراسى هامان شاپىلىشىدىغانلىقى بىزنى ئىشەندۈرسىمۇ، ئەمما ئۇنتۇلغۇسىز ئېغىر بەدەل دېغى تارىخ بەتلىرىدە يالداما بولۇپ قالىدۇ. ياشلار تولا ھاللاردا ئىجتىمائىي كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. هازىر ئامېرىكا- ياۋروپا ئەللىرىدە يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان ئەخلاق تەشەببۇسلىرى، مەدەنىيەت ئارقىلىق تىزگىنلەش تەۋسىيىلىرى، كوڭ فۇزىنىڭ ئىنسانپەرۋەر ئەخلاق تەلىماتىغا قارىتا قىزىقىش، ئىسلاھ قىلىنغان ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرى بۇنىڭ مىسالى.

بىلىش كېرەككى، ئىنسانىيەت ماددىي بايلىق ئىشلەپچىقارغا بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا، ئۇنى ئاڭ شەكلىگە، مەنىۋى شەكلىگە ئايلاندۇرغان. ئىنسانىيەت باي بولۇشنى ئەمەس، بەختلىك بولۇشنى ماھىيەتلىك ئىستەك قىلغان، بايلىقمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەقىل- ئىدراك، بىلىم ۋە ئەخلاقنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. ئامېرىكىلىق ئالىم ھېنرى مورگان توغرا ئېيتقان: «ئىنسانىيەت ئالدى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ھەممە ئامىللىرىغا ئېرىشكەندىلا، ئاندىن مەدەنىيەتلىك ھالەتكە يېتەلەيدۇ. («قەدىمكىي جەمئىيەت» ئۇيغۇرچە، 55- بەت). ئىبنى سىنا توغرا ئېيتىدۇ: «بايلىقنى تېپىشىپتۇ، ئەقىل –ئىدراكنى يوقۇتىشىپتۇ! ئەجەبا، يوقاتقان نەرسىسى بىلەن تاپقان نەرسىسىنىڭ قىممىتى باراۋەرمۇ؟» («ھېكمەت» ئۆزبېكچە، 20-بەت)

بەخت ـــ كامالەتلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش تېپىدىن ئىبارەت. ئۇ، ھەرگىزمۇ بىر پۈتلۈك ئالتۇن قوزۇق ئەمەس.

ئەدەپ بىلەن مەنپەئەتكە ئېرىشىش ۋە ئەخلاق بىلەن نەپسنى تىزگىنلەش

ئۆمۈر بويى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەشھۇر موتەپەككۇر كوڭ فۇزى: «بېيىماقنى تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ»، ئەمما «ئادىل بولمىغان بايلىق ۋە مۆتىۋەرلىك، مېنىڭچە بۇلۇتتۇر»، ئۆزۈڭنى تۈت، ئەدەپكە قايت، كامىل ئىنسان بول»، «پايدا- مەنپەئەتنى كۆرگەندە ئەخلاقىي بۇرۇچنى ئويلا»، «تەرىقەت بىلەن ئالەمگە مەنپەئەت يەتكۈز» دېگەندى.

بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەن مۇھىتتا بېيىش ۋە ماددى مەنپەئەتكە ئېرىشىش يوللۇق. ھەتتا ئومۇمىي خەلق پاراۋانلىقىغا پايدىلىق. ئاچلىق ۋە نامراتلىق گىردابىدا ئەسىرلەردىن بېرى ئازابلانغان جۇڭگولۇقلارنىڭ قۇرساقنى توق، كېيىمنى پۈتۈن قىلىپ ئىقتىسادتا قەد كۆتۈرۈشى، كۈچلۈك ۋە باي دۆلەت قۇرۇپ چىقىشى نۆۋەتتىكى تارىخنىڭ تەقەززاسى.

جۇڭگو تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇنداق زور ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش، ئۆز ئاساسى

ۋە ئۆز سۈرىتىگە كۆرە بىر قاتار داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، بۇنىڭ ھەممىسى يوللۇق ياكى خالىي بولغۇسىز دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئەدەپ بىلەن مەنىۋىئەتكە ئېرىشىش دېگەنلىك مەنىۋىئەتدارلىق ئەخلاقى پىرىنسىپى بولۇپ، ئۇ ئەخلاق بىلەن مەنىۋىئەت ئۇنۇمىگە ئېرىشىشنى نەزەردە تۇتىدۇ. بۇنىڭدا ئەمەلىي مەنىۋىئەت بىلەن ئەخلاقىي قائىدە بىرلەشكەن بولىدۇ.

ئەخلاق بىلەن نەپسنى تىزگىنلەش ئەدەپ بىلەن مەنىۋىئەتكە ئېرىشىشتىكى ھەقىقى ئىقتىدارغا قارىتىلغان. بۇنداق تىزگىنلەش ئىقتىدارى بولمىغاندا، ئەدەپ بىلەن مەنىۋىئەتكە ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئەخلاق بىلەن نەپسنى تىزگىنلەشنىڭ ئاساسى مەجبۇرىيەت ئاخلاقىدىن ئىبارەت. بۇنداق مەجبۇرىيەت ئەخلاقى لازىم تېپىلغاندا ھېچقانداق مەنىۋىئەتنى نەزەردە تۇتمايدىغان، شەرت قىلمايدىغان ئالىجاناب ئىنسانىي ئەخلاقتۇر. مەسىلە دەل مۇشۇ ھەقىقىي ۋە ئەڭ تۇپكى ئەخلاقنىڭ ماددىي رىغبەت ۋە ئىقتىسادىي مەنىۋىئەت ئالدىدا قانداق ھالەتتە تۇرىشىدا! بۇ، دۆلەت، ھاكىمىيەت ۋە مەمۇرىيەت ئورگانلىرى بىلەن خەلقنىڭ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدە؛ ھەرقايسى شەھەر، يېزا- بازار كارخانىلىرى ياكى كوپىراتىپلىرى مۇناسىۋىتىدە؛ ئاساسىي نەزىرىيە بىلىملىرى تەتقىقاتى بىلەن تېز ئۈنۈمدار تېخنىكىلىق تۈرلەر تەتقىقاتى مۇناسىۋىتىدە؛ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى بىلەن خام ئەشيا مەنبەلىرى مۇناسىۋىتىدە؛ مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ساتقۇچىلار بىلەن ئىستېمالچىلار مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، ھەربىر ساھە ۋە ئائىلە، شەخسلەر مۇناسىۋىتىدە، جۈملىدىن مائارىپ ساھەسىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

«ئىنسان قەلبىنىڭ ئىنجېنېرلىرى» ۋە تارىخىي يىراقنى كۆرەرلىك

ئوقۇتقۇچى ــ كەڭ مەنىدە ئۆزى ياشىغان زاماننىڭ ئەجىل چىرىغى، بىلىم بۇلىقى ۋە تەلىم – تەربىيە باغۋىنى، روھىيەت يېتەكچىسى، ھەقىقەت جەڭچىسى! قەدىمكى زامانلاردىلا ئۇلار كاھىن- قەبىلە ئۇستازلىرى بولغان، ئۇلار قەيەردە ئەۋلاد تەربىيىلىمىسۇن، ئۇلار خەلقنىڭ، ھەقىقەتنىڭ ۋە تارىخنىڭ نامايەندىلىرى.

ئوقۇتقۇچىلار ئۆز كەسپىگە مايىل بولۇش بىلەن بىرگە يەنە جەزمەن ساغلام، سۈزۈك، ئۆتكۈر تەپەككۇر قىلغۇچىلاردىن بولۇشى كېرەك. بىر كەسىپ بىلەنلا بەنت بولۇپ، ئۆزىنى چەكلەپ قويۇش ماھىيەتتە شەكلى ئۆزگەرگەن نادانلىق! «مۇئارىپ» ئىبارىسى، «ئارىپ» ئىبارىسگە تۇتاشقان بولۇپ «ئارىپ» قىلماق «مۇئارىق»نىڭ مەقسىدى. «ئارىپ» ــ ئويغاق

دېگەنلىكتۇر. ئويغاقلىق تەپەككۇرنى، تەپەككۇر كۆپ قىرلىق بىلىمنى تەلەپ قىلىدۇ. ئويغاقلىق يەنە پاك قەلبنى، پاك قەلبمۇ يەنە بىلىمدە پىششىق ۋە سۈزۈلۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق «ئارىق» خەلقنىڭ ئەقلى ۋە قەلبىدىكى گۆھەر.

ئوقۇتقۇچىلار ئۆز كەسپى ھەم قامۇسى بىلىمدىن باشقا خەلقنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىغا تارىخىي نەزەر تاشلىشى، ھەرگىزمۇ بىپەرۋا مۇئامىلىدە بولماسلىقى كېرەك. پەقەت تارىختىكى «ئىزىم»لار تەتقىقاتىغىلا قىزىقىپ، رېئاللىقتا يۈز بېرىۋاتقان جانلىق تارىخىي ھادىسىلارنى «ئىلمىي» ئەمەس دەپ ئۇنىڭغا بىۋەرۋا مۇئامىلىدە بولۇش تاش يۈرەكلىك ۋە ئەلەس كۆزلۈكتۇر. ئوقۇتقۇچىلار بىر مەھەللىك ئېتىبارسىز مۇئامىلە، ئىسسىق- سوغۇق ئېقىملار ئالدىدا تارىخىي يىراقنى كۆرەرلىكنى يوقاتماسلىقى، تىڭىرقىماسلىقى لازىم. بىز بىر تەرەپتىن مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى كەمستىدىغان خائىنلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي، ئائىلىۋى، روھىي زەربە ياكى بېسىم ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئېچىنساق، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇنداق ھادىسىلەر بىلەن تارىخقا، ھەقىقەتكە ۋاكالىتەن كۆرەش قىلىشىدىن، ھەممىشە مەنىۋىلىكنى ماددىي بايلىقتىن ئۈستۈن كۆرىدىغان، پىداكار «دانكو»لاردىن بولۇشىدىن ئىپتىخار ھېس قىلىمىز. تارىخ سەھىپىرىنى پەقەت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نۇرانە ئوبرازىلا بېزىيەلەيدۇ.

بىلىملىكلەردىمۇ بىلمەسلىكلەر، «ئارىق»لاردىمۇ خامۇشلۇقلار بولىدۇ. كىشى بىرقانچە بىلىش باسقۇچى بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىكى، ھەتتا تۈنۈگۈنكى ئۆزىدىن پەرقلىنىپ ئىلگىرلەپ بارىدۇ. بىزنىڭ مەقسىدىمىز ئۆزىمىزنى ئەۋلادلارغا پاك ۋە ئۈنۈمدار يەتكۈزمەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەۋلاتلارنىمۇ پاك ۋە بىلىمدار ھالدا كەلگۈسىگە يەتكۈزمەك. ئەۋلاتلىرىمىز ھەرگىزمۇ باي، ئەمما بۇزۇلغان «ئىنسىي جىن»لاردىن بولۇپ قالمىسۇن!

1993-يىل 2-ئاي، ئۈرۈمچى

# ئوقۇتقۇچى توغرىسىدا

مائارىپتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى ـ ئوقۇتقۇچىغا ھۆرمەت تۇرغۇزۇشتۇر.
ـ ئېمىرسون (ئامېرىكا)

مۇقەددىمە

ئوقۇتقۇچى ـ ھۆرمەتلىك نام. شۇڭىمۇ بۇ نام توغرىسىدا مەدھىيە يازمىغان، ھېكمەت پۈتمىگەن مۇتەپەككۇرلار بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئوقۇتقۇچى ئىنسان قەلبىگە تۇنجى مەرىپەت نۇرىنى ئېلىپ كىرگۈچى مەشئەل! ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئاسمىنىنى يورۇتقۇچى قۇياش! مىللەتنىڭ باغۋىنى، دۆلەتنىڭ مۇرەببىي، «ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئىنژېنېرى!»

ئوقۇتقۇچى ـ ياش ئەۋلادلارنىڭ ئىلىم-پەن دۇنياسىدىكى تۇنجى ھامىيسى! ئۇ، بىلىم خەزىنىسىنىڭ ئالتۇن ئىشىكىنى ئاچقۇچى، ئەقىل دۇردانىلىرىنى چاچقۇچى. ھېكمەت قامۇسىنىڭ مەنىلىرىنى يەشكۈچى، تارىخ بىلەن ماكان، تىلسىم بىلەن زامان ئارىسىدا پەرۋاز قىلىپ، مۇتەپەككۇرلار بىلەن سۆھبەتلەشكۈچى، ھەققەت مەرۋايىتلىرىنى تەشكۈچى زەكى ئۇستاز ـ پىداكار جەڭچى، مېھرىبان، ساپ قەلب ئىگىسى.

ئۇلۇغ ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلارسىز ئۇلۇغ مەرىپەت ئەزىمەتلىرى ۋايىغا يەتمىگە بولاتتى. ئەپلاتوننىڭ ئوقۇتقۇچىسى سوقرات، ئارىستوتىلنىڭ ئۇستازى ئەپلاتون، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئۇستازى ئارىستوتىل بولغىنىدەك، ئابدۇراخمان جامىي ئەلشىر ناۋائىنىڭ يېتەكچىسى، سەددىدىن قەشقەرى جامىنىڭ ئۇستازى ئىدى.

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بەزى مەشھۇر مۇتەپەككۇرلار ھەتتا ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. مەسىلەن: ھىپوگرات، قارابى، ئىبىن سىنا، تاتۇڭا، شۇەن زاڭ، گېگىل، كۇڭزى، قېدىرخان، ھۆۋەيدا، ئابدۇقادىر دامۇللا، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىككى مۇھەببەت رىشتىسى يەنى كەسپكە بېغىشلانغان مۇھەببەت بىلەن ئىلىمگە بولغان مۇھەببەت گىرەلەشكەن بولىدۇ. ئۇ، ئوشېنىسكىي

ئېتىقادىدەك «مەنسەپدار تۆرە ئەمەس، مەنسەپدار تۆرە ـ ئوقۇتقۇچى ئەمەس».

ئەمما، تا ھازىرغىچە نىمە ئۈچۈندۇر ئوقۇتقۇچى، جەمئىيەت يېتەكچىلىرى، ئەھلى – جامائەت، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى، تۇغقان –دوستلىرى ئوقۇتقۇچىدىن ئىبارەت بۇ ھۆرمەتلىك نامنى، ئوقۇتقۇچىدەك بۇ تارىخىي كۈچنى، ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ مەنىۋى شەرتلىرىنى بىردەك ھېس قىلغان، چۈشەنگەن، قەدىرلىگەن ئەمەس. نەتىجىدە مائارىپتا بىر قاتار كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

ئىككى ئۇلۇغ ھامىي ۋە بىر مۇقەددەس قەلب

ئىككى ئۇلۇغ ھامىينىڭ بىرى ئانا، يەنە بىرى ئوقۇتقۇچىدىن ئىبارەت. ئۇلارنى بىلمەك ھەرقانداق بىلىشنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە شەرتى، ئۇلارنى قەدىرلىمەك ھەرقانداق مۇھەببەت ۋە كامالەتنىڭ بوسۇغىسى! ئوخشاشلا، ئۇلارنى خارلاش بارلىق خارلىنىشنىڭ سەۋەبى ۋە باشلىنىشى!

ئانا ـــ بارلىق خىسلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن پوئېزىيىلىك ئىبارە. ئەنگلىيىلىك يازغۇچى تېككېرىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «پەرزەنت دىلى ۋە تىلىدىكى تەڭرى». شۇڭا ئۇ ھەممەيلەن باش ئېگىدىغان ئۇلۇغ مېھىر- مۇھەببەت مۇئەككىلى، تۇنجى تەلىم- تەربىيە مۇرەببى. بالزاك ئېيتقاندەك «مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلار قولىدا».

ئوقۇتقۇچى بولسا ئىنسانىي شەكىللەندۈرگۈچى يەنە بىر ئۇلۇغ سىما. ئۇ ئىستەك ئويغاتقۇچى، تەپەككۇرغا يېتەكلىگۈچى، ئەقىل ئىزلىگۈچى ۋە كامالەت يولىغا باشلىغۇچى، ئوقۇتقۇچىنىڭ پىداكار قەلبى، تەپەككۇر خەزىنىسى ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە بەخش قىلغان ئانىلىق پەرۋىشى ۋە ئانىلىق تەربىيىسىنىڭ يېڭى قاتلامدىكى داۋامى بولۇپ، بۇ ئىككى ئۇلۇغ تەربىيىچىنىڭ يۈرىكى بىر.

ئەمما نىمە ئۈچۈندۇر ھەممە پەرزەنت، ھەممە شاگىرت، ھەممە جامائەت بۇ ئىككى زاتنىڭ بىر- بىرىگە تەققاس قەدىر- قىممىتىنى ۋە ھۆرمىتىنى دېگەندەك چۈشەنمەيدۇ. ئوخشاشلا ھەممە ئانىلار ۋە ئانا بولغۇسى قىزلار، ھەممە ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى بولغۇچى ئوقۇغۇچىلار مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى بەلگىلەيدىغان ئىككى ھالقا ـــ ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزى قانداق ئاڭ ۋە قانداق سۈپەتكە ئىگە بولۇشى لازىملىقىنى دېگەندەك چۈشەنمەيدۇ. بىلىش كېرەككى بۇ بىر پاجىئەلىك ھادىسە!

بىزدە «زېھىن سىناس» دەپ ئاتىلىدىغان ئەنئەنە بويىچە «تاپقىرلىق» دېيىلىدىغان مۇسابىقىلەردە مەشھۇر كىنو چولپانلىرى ۋە ناخشا- ئۇسسۇل چولپانلىرىنىڭ نامى تىلغا

ئېلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى ھەممەيلەن بىلىدۇ- يۇ، مەشھۇر مۇئەللىملەر، ئالىملار، كەشپىياتچىلار، ئەدىبلەرنىڭ نامىلىرى كەمدىن- كەم تىلغا ئېلىنىدۇ، ھەتتا ئېلىنمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە قازانغان ئۇتۇقلىرىدىن ناھايىتى كۆپ كىشىلەر خەۋەرسىز. بۇنىڭ سەۋەبى ئوقۇتقۇچى ئوبرازىنىڭ ئۇلۇغ بولۇپمۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈپ تەشۋىق قىلىنمىغانلىقىدىن بولغان. بۇ ناھايىتى نازۇك «بوش قالغان» ئۇلۇغ خىزمەتتۇر.

ئەجىرلىك، ئەمما جاپاكەش كىشىلەر

ئوقۇتقۇچىلار تارىختىن بېرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلار خۇددى قىزىل قان دانچىلىرىدەك ئىنسانىيەت گەۋدىسىنىڭ ھەممە قىسمىغا تارقالغان، ئۇلار كۆتۈرگەن مەرىپەت مەشئىلى يىراق چۆل- جەزىرە، تاغ- جىلغىلاردىن تارتىپ ئاۋات شەھەرلەرگىچە ھەممىلا يەرنى يورۇتماقتا. ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كۆرگەنلىرىمىز بويىچە ئېيتقاندا ئومۇمەن ئوقۇتقۇچىلار بىرقانچە قۇلا كىيىمنى يۇيۇپ، تازىلاپ كىيىپ، كىچىككىنە ئائىلىسىنى قاتتىق تەجەشلىك بىلەن باشقۇرۇپ كىشىلەرگە يول بېرىپ يول تالاشماي، قول بېرىپ قول تالاشماي ياشاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگەندە كۆرۈدىغىنىمىز تامدىكى گىلەم ئەمەس دۇنيا خەرىتىسى، مەرەپكە تىزىلغان قىلىن يوتقانلار ئەمەس، دېرىزە تۈۋىدىكى شىرەگە قويۇلغان كىتاپ- دەپتەرلەر بولدى، ھەرخىل نامراتلىق كېسەللىكلىرى بولۇپمۇ سىل كېسىلى ئۇلارنى تېخىمۇ ياداڭغۇ، ئاۋاق قىلىپ قويدى.

يېقىندا بىر باجگىرنىڭ بىر پىشقەدەم ئوقۇتقۇچى توغرۇلۇق تولىمۇ مەڭستىمەسلىك بىلەن مەغرۇر ئاھاڭدا «كىمكى دەپتىمەن، ئۇ بىر ئەپەندىكەنغۇ!» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ سۆز ئادەتتىكى بىر باجگىرنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز بولسىمۇ، ئۇ پۈتۈن جەمئىيەتتە، سىياسىي، مەمۇرى، مالىيە- سودا، كىنو- تىياتىر، ھەربىي –ساقچى خادىملارغا سېلىشتۇرغاندا ئوقۇتقۇچىنىڭ جامائەتچىلىق نەزىرىدە قانچىلىك ئورۇنغا قويۇلىۋاتقانلىقىنىڭ بىر روشەن مىسالى.

راست! ئۇلارنىڭ قوللىرىدا سىياھ، ئۈستىدە بور توزانلىرى بار. ئۇلارنىڭ يانچۇقىدا ياكى رېزىنكە تامغا ياكى پۇل چېكى يوق. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى خۇددى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قارا جاڭگال» ھېكايىسىدىكى «جاڭگال پەرىشتىسىدەك» بىكارغا دېگۈدەكلا خىزمەت قىلماقتا. مۇشۇنداق ئەپەندىچىلىك، مۇشۇنداق خانىملىق بىلەن ۋىجىك قېرىغان، كېسەل ئازابىغا چۆكۈپ قالغان، كىشىلەر نەزىرىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن مويسىپىت ئۇستازلار

ئازمۇ؟ ئۇلار «ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى»نىڭ داغدۇغىسىدىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلىي نەپكە ئېرىشەلمەيدىغۇ؟! ئۇلار پىنسىيىگە چىققان پېتىچە بۇلۇڭ- پۇشقاقلاردا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇلار قاتلاملارنىڭ ئەڭ تېگىدە، ھالقىلارنىڭ ئەڭ كەينىدە تۇرىدۇ. مەسىلە شۇ يەردىكى، دەل مۇشۇ ئوقۇتقۇچىلار ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تارىخىي بىناكارلىق ــ ئىنسان قەلبىنى يارىتىدىغان ئىنجېنېرلاردۇر. شۇنى بىلىش كېرەككى ئوقۇتقۇچى ئەزىزلەنگەن جاي دەل بەخت قۇشى بولغان ئەنقانىڭ تۇخۇم باسقان ماكانىدىن ئىبارەت. ئوقۇتقۇچى ئەزىزلەنمىگەن جاي- ئالتۇن كۆمۈلگەن خارابە ئۈستىدە ھۇۋقۇش ھۇۋلايدىغان كاماندىن ئىبارەت.

## تۆلەپ بولمايدىغان قەرز، كۆچۈرۈپ بولمايدىغان ۋاپاسىزلىق

«ئەجدادلارغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ئەخلاقسىزلىقنىڭ بىرىنچى بەلگىسى» (پۇشكىن)، ئۇستازلارغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك بارلىق ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاباھەتلىك شەكلى.

ئۆز ئاتا- ئانىسىدىن، ئۆز ئۇستازلىرىدىن، ئۆزى تەربىيە ئالغان مۇئەللىپتىن پەرزەنتلەر، ياش ئەۋلادلار تۆلەپ بولغۇسىز قەرزدار. ۋەھالەنكى، بىزدە ئۆز ئۇستازىنى ھاقارەتلەشكە، ئۆز مۇئەللىپىگە خىيانەتكارلارنە ھەركەتتە بولۇشقا، ئۆز ئوقۇتقۇچىسى- يېتەكلىگۈچىسىنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە چاڭگال سېلىشقا، ئۇلارنىڭ جىسمانىي، مەنىۋى ۋە ئىلمىي جەھەتتىكى خاتىرجەملىكىگە زىيان- زەخمەت قىلىشقا پېتىنىدىغان تۇزكور شاگىرتلارمۇ بار. مېنىڭچە، ئۆزى سۆيۈپ، پەرۋىش قىلغان ئوقۇغۇچىسىدىن كۆرگەن ۋاپاسىزلىقتىنمۇ ئارتۇق ئازاپ بولمىسا كېرەك.

ھەر دەرجىلىك مائارىپ تارماقلىرى ۋە مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىرەر كان، بىرەر كارخانا ياكى بىرەر مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئوقۇتقۇچىلار توپلانغان، مائارىپ كىناكارلىقى ئادا قىلىنىۋاتقان ئورۇننىڭ تەشكىلاتچىسى، پاسىبانى، مۇلازىمى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. مائارىپ ئۆز ماھايىتىنى بىلەن تۆرىلەردىن خالىي ماكان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدا كىبىر كۆلكىلىك، كۈچ كۆرسىتىش ئەخمەقلىق، ھەممە ئىشتا، ھەردائىم ئوقۇتقۇچىلارنى قىممەتلىك ئورۇنغا قويۇپ قەدىرلەش ئارقىلىقلا خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئاسمىنى يورۇيدۇ. پىشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار تېخىمۇ قەدىرلەشكە، دائىم ئەسلەپ تۇرىشىمىزغا تېگىشلىك ئىنسانلاردۇر. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەجداتلارغا، ئىلىم مائارىپ پىشۋالىرىغا ھۆرمەت قىلىش ئېڭى، ئەنئەنىسى ۋە ئەخلاقى،

بۇنداق ئالغ، ئەنئەنە ۋە ئەخلاق بولمىغاندا ھەرقانداق «ئەقىل»، «قابىلىيەت»، تەدبىر» تېگى تۆشۈك كورىدەك ئەسقاتماس بولۇپ قالىدۇ. ئۆز ئوقۇتقۇچىلىرىغا رەھبەر بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ «چۆجە خوراز» ئەلپازى ئوقۇتقۇچىلارغا بەكمۇ ھار كېلىدۇ. ياش پەرقىگە كەلگەندە «ياشلىق بىلەن قېرىلىق ئارىسىدىكى مۇساپىنىڭ بەكمۇ قىسقا» (مونتىسكىيۇ) ئىكەنلىكىنى، بۇ ئارىدا زاماندىش بولۇشقا كاشىلا قىلىدىغان مىڭ يىللارنىڭ يوقلۇقىنى ئەقىل بىلەن ئويلاش كېرەك.

ئوقۇتقۇچىنى ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى، تۇغقانلىرى، دوستلىرى قوللىشى، ھۆرمەتلىشى ناھايىتى مۇھىم. دەرۋەقە، بىرقانچە قېرىنداش ئىچىدە «ئەپەندى» بولغىنىنىڭ كىرىمى تۆۋەن، ئۆسۈشى ئاستا، قوشۇمچە تاپاۋىتى يوق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ئەجرى كەم، تۆھپىسى يوق دېگەنلىك ئەمەس. باشقا بايلىق ۋە كىرىملەر ئىستىمال بولۇپ تۈگىسىمۇ، لېكىن ئىلىم پۈتمەس- تۈگىمەس بايلىق. ئوقۇتقۇچىنى كەسىپ ئالماشتۇرۇشقا، مەنسەپ تۇتۇشقا دەۋەت قىلغان ئايال ئەسلىدە ئۆز ئېرىگە ئىختىيارلىق بىلەن ئەمەس نائىلاج تەككەن ئايال. ئۇنداق ئايال ئۆز ئېرىنى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى بىلەن قوشۇپ تونۇپ سۆيگەن ئايال ئەمەس. مېنىڭچە بۇنداق ئايالالار پات- پاتلا ئېرىنى پەسلەشتۈرىدىغان كوتۇلداشلارنى قىلماي تۇرالمايدۇ. مەن ئويلايمەن، ئائىلىدە ئوقۇتقۇچىغا ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغانلىقى تۈپەيلى ئىپادىلەنگەن ھۆرمەتسىزلىك پۈتۈن ئىجتىمائىي ھۆرمەت ـ ئېتىبارسىزلىكلەرنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## تەربىيىلىگۈچى چوقۇم تەربىيىلەنگەن بولۇشى لازىم

بىز يۇقىرىدا «ئوقۇتقۇچى» دېگەن سۆزنى ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بويىچە تەرىپلىدۇق ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك ھۆرمەت تىكلەشنى تەكىتلىدۇق.

ھەممىگە مەلۇم، ئوقۇتقۇچى كونكرېت ئىنسان. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى دېگەن شەرەپلىك نامىغا لايىق ياكى ئەمەسلىكى كونكرېت ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىدۇر. گېيۇتى توغرا ئېيتقاندى: «تەربىيىدە پۈتۈن مەسىلە ئوقۇتقۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە باغلىق».

تەربىيە بىرىنچىدىن «ئۇلۇغ ئىش»، «ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى تەربىيە بىلەن ھەل قىلىنىدۇ» (بېلىنىسكى)؛ ئىككىنچىدىن تەربىيە «ۋىجدان ئىشى» (كىيۇتى)؛ شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئۆز كەسپىنى ئەقلى، قەلبى ۋە ۋىجدانى بىلەن سۆيىشى، ئۇنى ئۇلۇغ تارىخىي تەرەققىياتقا ئاڭلىق بىرلەشتۈرىشى لازىم. ئۇ جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ، ئۇنىڭدىن ئالغاندىمۇ

ئۆزىنى تولۇپ چىجدانى ئۆلچەمدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويماسلىقى لازىم.

ئوقۇتقۇچىلىق تەربىيىچىدىن دائىم ئۆز- ئۆزىنى تەربىيىلەپ تۇرۇشنى شەرت قىلىدۇ. «ئوقۇتۇش ئىككى ھەسسە ئوقۇش دېمەكتۇر.» بولۇپمۇ ھازىرقى دەۋردە ئوقۇتقۇچى ھەركۈنى ئۆزىنىڭ بىلىم قوندىنى بېيىتىپ ۋە يېڭىلاپ تۇرماي ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىلىمسىز، بىلىمى تۆۋەن ياكى بىلىمى كونىرىغان كىشىلەرنى يۇقۇرى سىنىپ (مەكتەپ) ئوقۇغۇچىلىرى ئاسانلا بايقاپ ئالالايدۇ. مۇھىمى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى نامىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان «غەيرى ئوقۇتقۇچى»لارنى ياكى مەخسۇس تەربىيىلەپ ياكى خىزمىتىنى يۆتكەپ ئاساس مائارىپ سىنىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى مائارىپ فرونتىنىڭ زەربىدار ئەترىتىگە ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭسىز ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

ئوقۇتقۇچى يەنە ئوقۇغۇچىغا بىلىم بېرىش ئاساسىدا پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان بولۇشى لازىم. چۈنكى مەدەنىيەتنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسى ئىنسانىي پىكىر قىلىشقا ئۆگىتىشتۇر» (ئېدىسون). بىلىم – ئىگىلىگەن ھەقىقەتنى بىلىۋېلىش بولۇپ، پەقەت پىكىر قىلىش قابىلىيىتى ئارقىلىقلا بىلىمنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش مۇمكىن.

تەربىيە يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۆلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەش دېمەكتۇر. ئوقۇتقۇچى دەرس ئارقىلىق، تەجرىبە ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق ئۆلگىلىك ئىنسانىي نامايەن قىلىدۇ. بۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز كامالەت يولىغا قويۇپ توختىماي ئىلگىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ چاغدىلا ئوقۇتقۇچى ھەقىقىي تەلىم- تەربىيە ساھىبى بولۇپ يېتىشىدۇ.

خۇلاسە

رېئال دۇنيا ئىچىدە تۇرۇپ كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىغاندا ئائىلە بىلەن ئانا، مائارىپ بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى بەلگىلەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىپ، ئومۇمىي ئاڭ دەرىجىسىگە، ئەقىدە دەرىجىسىگە كۆتۈرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچىنى ھۆرمەتلەش بىلەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ ساپاسىنى بىللە چىڭ تۇتۇش ئۇنىڭ مەركىزىي ھالقىسى.

1993-يىل 2-ئاي

# ئوقۇغۇچى توغرىسىدا

بىلىم- ئەقىل ئوزۇقى

«ئوقۇغۇچى» ــ نېمە دېگەن ئىپتىخارلىق، نېمىدېگەن گۈزەل ئىبارە ــ ھە! تەبىئەت دۇنياسىدا ئەتىرگۈل، كىشىلىك جەمئىيەتتە ئوقۇغۇچى كىشى قەلبىنى سۆيۈندۈرىدىغان پاك- يۇمران ۋە ئۈمىدۋارلىققا تولغان بىر جۈپ مۆجىزە. تېخى ئوقۇش يېشىغا توشمىغان سەبىيلەر ھەردائىم سومكىرىلىنى ئېسىپ ئوقۇغۇچى بولۇشقا تەلپۈنىدۇ. ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە كىرگۈزۈشنى ئۆزلىرىنىڭ زور خۇشاللىقى دەپ سۆيۈنىدۇ. ياشانغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق مەزگىللىرىنى ئاتەش كەبى تۇيغۇلار بىلەن ئەسلىشىدۇ... ۋەھالەنكى ئوقۇشسىز قالغان پەرزەنتلەر، ئاتا- ئانىلىرىنىڭ غەم –قايغۇلىرى بىلەن ياخشى ئوقۇمىغان ، مەكتەپتىن چېكىندۇرۇلگەن، ھەتتا مەھبۇسلۇق كىيىمى كىيگەن سابىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەسرەتلىرى كىشىنى لەرزىگە سالىدۇ.

«ئوقۇغۇچى» بىلەن «ئوقۇتقۇچى» تەلىم- تەربىيەنىڭ ئىككى كاتېگورىيىسى بولۇپ، ئۇ «مەكتەپ»تىن ئىبارەت ئۈچىنچى كاتېگورىيە بىلەن بىرلىكتە مائارىپنىڭ ئاساسىي سىېكىلىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەمما، ئوقۇش بىلىش سۈپىتىدە مەكتەپتىن ئىلگىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىقتىن تېخىمۇ كەڭ بولغان ھادىسىدىن ئىبارەت.

مەلۇم بولۇشىچە، ئىنسانىيەت ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا تەلىم ــ تەربىيە پائالىيىتىنى جامائە مېخانىزىمىنىڭ ئاساسلىق فونكسيەسى سۈپىتىدە ئويۇشتۇرغان. جامائە ئاقساقاللىرى كېيىنچە شامان ۋە ھۈنەر- ماھارەت پىشىۋالىرى، ياشلارنىڭ تەربىيىچىلىرى بولۇشقان. يەككە ئائىلىلەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ئاتا- ئانىلار، دىن كاھىنلىرى، ھۈنەر –كەسىپ ئۇستىلىرى تەربىيىلەش، يېتەكلەش رولىنى ئۆتەشكەن. تەخمىنەن يېرىقنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن ئايرىم تەلىم –تەربىيە كەسپى بولغان مەكتەپ مائارىپى مەيدانغا كەلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، تەلىم- تەربىيە تۈرلىرى ۋە مەكتەپتىن ئىبارەت مائارىپ مۇئەسسەسەسى شۇ دەرىجىدە راۋاجلاندىكى ئۇنىڭسىز بۈگۈنكى دۇنيانى، ھەتتا ئۇنىڭ بىر قىسمى بولغان بىرەر يېزا ياكى شەھەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولماي قالدى.شۇنداق

بولىشىغا قارىماي، تېخى كۆپلىگەن كىشىلەر، ھەتتا بەزى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە مائارىپ خادىملىرى «ئوقۇغۇچى» دېگەن ئىبارىنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى، قىممىتىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئەمەس. ئۇلار ناھايىتى يۈزە ھالدا ئوقۇغۇچى ــ مەكتەپتە ئوقۇش تارىخىنى باشتىن كەچۈرىۋاتقان ياش- ئۆسمۈرلەردىن ئىبارەت، دەپ چۈشىنىدۇ.

مۇتۇپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئومۇمەن كىشىلەرنى تەلىم بەرگۈچى ۋە تەربىيلەنگۈچىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقىلىرى «يىلقا سانا» دەيدۇ. ئۇلۇغ ئالىم فارابى دۆلەت باشلىقىدىن تاكى باللارغىچە بولغان ھەممە ئاھالىنى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىدىن بولۇش لازىم، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى مۇتىپەككۇر مەدەنىيەتلىك، فازىل جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەل بىر مەكتەپ دەپ تەۋسىيە قىلغان. مېنىڭچە، مائارىپ، مەكتەپ، تەلىم –تەربىيە توغرىسىدا بۇنىڭدىن كەڭ ۋە يۈكسەك ئىزاھات بولمىسا كېرەك. ۋەھالەنكى، بىز تېخىچە ئوقۇغۇچىنى ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن، مائارىپنى جەمئىيەتكە نىسبەتەن قىسمەن نەرسە ۋە ھادىسە، دەپ قاراشقا ئادەتلىنىپ كەلدۇق!

ئىنسان ئەڭ ئالدى بىلەن بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە جانلىق ئىجتىمائىي گەۋدە. ئۇ سوبيېكت سۈپىتىدە تاشقى دۇنيا ھادىسىلىرىنى سېزىدۇ ۋە ئۇنىڭ ماھىيەتلىرىنى بىلەلەيدۇ. بۇنداق بىلىش ئىقتىدارسىز بىلىمنى ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش پائالىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

بىلىم ئەقىل ئوزۇقى. ئىنسان كامالىتىنىڭ مەنىۋى شەرتى. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ھەرقانداق سوبيېكت ئىنسان ــ بىلگۈچى، ئۆگەنگۈچى، ئوقۇغۇچىدىن ئىبارەت. بۇ ئاساسىي قائىدىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۈپمۇ، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ئۆتۈپ كېتىدىغان، ئوقۇمايدىغان «ئوقۇغۇچى»لار مەسىلىسىنى ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ.

ئوقۇغۇچى ــ مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى سەۋىيىسى. ئاساسىي بىنكارلىق ماتېرىيالى. ئىستىقبال كۆرسەتكۈچىسى. ئوقۇغۇچىلىق دەۋرى ئىنسان ھاياتىنىڭ زامان تارىخىنى، ماكان قىممىتىنى ۋە قانۇنىيەتلەر قۇدرىتىنى بىلىش دەۋرى. سائەتنى ئالتۇن بىلەن تەكرارلانماس شېرىن مەزگىلى. ئۇ، ئۈمىدۋارلىق چېچەكلىرىگە تولغان جەننەت پەسلى. ئەمما، ئۇنىڭ سوبيېكتىپ ياكى ئوبيېكتىپ پاجىئەلىرىمۇ ئېغىر.

ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلىدىكى ئون چوڭ مۇناسىۋەت

گۈزەل ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلى شەرتسىز، بەدەلسىز خىيالىي جەننەت پەسلى ئەمەس. بىر ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپتىن يارامىلىق ياكى يارامسىز ئادەم بولۇپ چىقىشى ئۇنىڭ بىر قاتار مۇناسىۋەتلەرنى قانداق سىۋپەت ۋە دەرىجىدە بىر تەرەپ قىلغانلىقى بىلەن بىۋاستە ئالاقىدار. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى ئون چوڭ مۇناسىۋەتكە ئىخچاملاش مۇمكىن.

1.مۇنتىزىم ئوقۇش بىلەن ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى. ئېيتىش لازىمكى كەلگۈسىدە يارامىلىق، بىلىملىك كىشى بولۇپ چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى ئۇلارنىڭ مەكتەپ يار بەرگەن پۈتۈن شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ۋاختىنى قاتتىق كونترول قىلىپ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. ئومۇمەن دەرسلەرنى ئاران- ئاران ئۆزلەشتۈرىدىغان، ھەتتا دىگەندەك ئۆزلەشتۈرەلمەيدىغان؛ ئۆتۈلگەن دەرستىن تاشقىرى كىتاپخانا، قىرائەتخانا فوندىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنالايدىغان ئۈچ خىل ئوقۇغۇچى بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۆزلىكىدىن، مۇستەقىل ئۆگىنىش ئادىتى ۋە ماھىيىتى ئۈستۈن بولمىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئالاھىدە بىلىم ۋە ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە يارامىلىق كىشىلەرنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىش قىيىن. بۇ ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي قىممەت ۋە تەقدىر ئېلىپ كېلىدۇ. ئوقۇغۇچى تېگى- تەكتىدىن ئالغاندا ئۆزلىكىدىن بىلىم خەزىنىسىگە ئېرىشكۈچىدۇر.

2.ئاساس كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن ئالاقىدار پەنلەر ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى. ئېيتىش كېرەككى، ئاساس كەسپى پەنلەر بىلەن ئالاقىدار پەنلەرنىڭ ئاساسلىق ۋە قوشۇمچىلىق مۇناسىۋىتى مۇئەييەن كەسىپ نوقتىسىدىن ئېيتىلغان بولۇپ، پۈتۈن پەنلەرنىڭ بىلىم سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنى نوقتىسىدىن ئېيتىلغان ئەمەس. ئوقۇغۇچى بۇ مەسىلىنى ھەم كەسپى مۇتەخەسسىسلىك نوقتىسىدىن ھەم ئومۇمىي بىلىم سىستېمىسى نوقتىسىدىن بىر قىلىشنى بىلىشى لازىم.

3.مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىش بىلەن مەكتەپتە ئوقۇشتىكى مۇددىئا (مەقسەتدارلىق) مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش لازىم. بۇ ھالقىلىق مەسىلە. ھازىرقى ئوقۇغۇچىلاردا، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ئومۇمەن دىپلوم ئارقىلىق مائاشلىق خىزمەتكە ئىگە بولۇش، تىرىشىپمۇ كەتمەسلىك، لاياقەتلىك ئۆلچىمىدىن چۈشۈپمۇ قالماسلىق ئىدىيىسى بىر قەدەر ئېغىر. بۇنداق «ياللانما» ئىدىيە تەسىرىدە دىپلومغا ئىگە بولسىمۇ، بەرىبىر دەۋر دولقۇنلىرىدا چۆكۈپ قالىدىغان ناقابىل كىشىلەر كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدۇ. بۇنداق نىيەتتىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشنى دىپلوم ئەمەس، بەلكى يۈكسىلىشقاتان زامان قايناملىرىدىكى بىر پۈتۈن ئۆمۈر قىسمىتى ۋە كىشىلىك قىممىتى بىلەن ئۆلچەشنى بىلىش لازىم.

4.ھازىرقى مەزگىل بىلەن يېقىن كەلگۈسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. بىر كىشى تىنچ ۋاقىتلاردا، داۋالغۇش ۋاقىتلىرىدا، ئۆرۈش ۋاقىتلىرىدا، ئىنقىلاپ ۋاقىتلىرىدا ۋە بىرتەرەپلىمە ئىجتىمائىي قىزغىنلىق ئەسەبىلەشكەن ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى ئۆتكۈزۈش مۇمكىن. ھەرقايسى دەۋرنىڭ ئۆز ھادىسىسى، داغدۇغىسى، تۇتەك تۇمانلىرى بولىدۇ. ياشلار تولا ھاللاردا بۇ ھالەتنى مۇتلەقلەشتۈرىۋالىدۇ. ئالدىنى، يىراقنى، كەلگۈسىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇيالىدۇ. ئالدىنى، يىراقنى كەلگۈسىنى سەگەكلىك بىلەن مۆلچەرلىيەلمەيدۇ. نەتىجىدە ئۇلار خىزمەتكە چىقىپ بىرقانچە يىلدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە نۇرغۇن ئەھمىيەتسىز قۇربانلارنى بەرگەنلىكىدىن پۇشايمان قىلىدۇ. بىلىش لازىمكى، تارىخ پەقەت ساغلام، گارمونىك، ئەتراپلىق، نۇرانىلىقنىلا تەن ئالىدۇ. دەسلەپتە ئەمەس، ئاخىرىدا كۈلۈش ئۈچۈن دائىم يىراقنى كۆرۈش، يىراقنى ئۆلچەم قىلىشنى بىلىش لازىم.

5.ئوقۇش بىلەن ئەتراپلىق يېتىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىش كېرەك. ئوقۇغۇچى سالامەتلىك، ئەخلاق، ئۆرپ- ئادەت، ئەمگەك تېخنىكىسى، چەتئەل تىلى، ئەدەبىيات- سەنئەت بىلىملىرىنى ئىگىلەشكە ۋە يېزىقچىلىق، ناتىقلىق ماھىيىتى قاتارلىق بىر قاتار جەھەتلەرگە ئېتىبار بېرىشى كېرەك. ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش بىلەن ئىدىيە، كۆڭۈل بايلىقىنى ئاۋۇندۇرۇشنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئەخلاق- دىيانەتنىڭ تۈپ نىزاملىق رولىنى تولۇق چۈشىنىش كېرەك. ئەگەر قەلب پاك، ئەخلاقى ئالىجاناب بولمايدىكەن، بەربىر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر توقۇلمىسى تەرىپىدىن شاللاپ تاشلىنىدۇ.

6. مەكتەپ بىلەن ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ھەر ئىككىسىنى ئىجابىي تەربىيە كۆلىشىنى دەپ بىلىش كېرەك. ئائىلە تۇنجى تەلىم –تەربىيە ئورنى. شۇڭلاشقا، ئائىلىدە سەلبىي ئىللەتلەر ساقلانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئوقۇغۇچى ئىمكان قەدەر ئەجدادلاردىن ئالىجانابلىق يېڭى ئەۋلاد بولۇپ يېتىشىشنى نىشان قىلىش، ئائىلىگە ئىزچىل مېھرىبان، كۆيۈمچان، ھۆرمەتچان بولۇشى، ئائىلىسىگە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھاجەتسىز بېسىم پەيدا قىلماسلىقى لازىم.

7.ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىزچىل قەدىرلىشى، پىشقەدەم ئۇستازلارنى ئىلىم ۋە ئەخلاق نوقتىسىدىن ھۆرمەتلىشى، مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي مائارىپ تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇستازلار ھەققىدە يېتەرلىك بىلىم ۋە ھۆرمەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇشى لازىم. ئوقۇغۇچىنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشى، كىتابنى ئۆستاز بىلىشى، ئوقۇتقۇچىلاردىن يېتەكلەش ياردىمى ئېلىشى، زىيادىيەت ۋە

ئوقۇشماسلىقنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشى، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز تەسىر يەتكۈزىدىغان سۆز –ھەركەتلەرنى قىلماسلىقى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شان- شۆھرىتىنى قوغدىشى كېرەك.

8.ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ئوغۇل- قىز ئوقۇغۇچىلار، ھەريەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار، ھەرخىل خاراكتىر ۋە مىجەزدىكى ئوقۇغۇچىلار، ئوخشىمىغان كەسپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاقىلانە، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى كوللىكتىۋىزىملىق روھىدىكى دوستلۇق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يۈرتۋازلىق، چېكىملىكۋە ئىچىملىككە بېرىلىش، بىكار تەلەپلىك، ئويۇن تاماشاغا ھېرىسلىك، ئوغۇل- قىزلار ئارىسىدىكى غەيرى نورمال مۇناسىۋەتلەر ھېلىمۇ مەكتەپ مۇھىتىنى «يېتەرلىك» بولغاپ، مەكتەپلەرنىڭ تەلىم- تەربىيە فونكسىيىسىنى ئۆنۈمسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماقتا.

9. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ سىرتىدىكى جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە سەگەك بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ سىياسىي كۆرەش جىددىيلەشكەن ياكى پۇل مۇئامىلىسى ئۈستۈنلىكنى ئالغان زامانلاردا ياش ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەتتىكى يامان كىشىلەر تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئىچىملىك، چېكىملىك، ئەخلاقىي چۈشكۈنلىك، پۇلغا چوقۇنۇش، ئوغرى- لۈكچەكلەر تۈركۈمىگە قېتىلىپ قېلىش ئەھۋاللىرىمۇ نۆۋەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلىلەردۇر.

10.ئوقۇغان كەسپى بىلەن جەمئىيەتتە ئىشلەيدىغان خىزمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. بۇ ئومۇمەن ئوقۇش تاماملىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىغا باغلىق بولمىغان ھادىسە بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئاساسىي بىلىمى ۋە ماھارىتى كۆپ قىرلىق بولغاندا بۇ جەھەتتە ماسلاشقىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئون چوڭ مۇناسىۋەت ھەققىدە ئوقۇغۇچى كۆزىتىش خاراتىرلىك تەھلىل يۈرگۈزۈشى، قايتا ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىشى لازىم.

## ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگۈسىگە يۈزلىنىشى ۋە ئۆز- ئۆزىنى قەدىرلىشى

ئوقۇغۇچىلار خەلقنىڭ ئۈمىد غۇنچىلىرى. كەلگۈسىنى كەلگۈسىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئۇلۇغ پىشاڭ!

شۇنى ئەپسۇس بىلەن تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، تارىخ ئۆزىنىڭ ھەربىر چوڭ قەدىمىدە كۆپلىگەن ياشلارنى، جۈملىدىن ئوقۇغۇچىلارنى بەدەل قىلىپ كەلگەن. ھەربىر سىياسىي،

دىنىي مەزھەپ، ئىرقىي كۈرەشلەر ئۆزىنىڭ ئالدامچى ھىيلىسى ياكى ھالاك قىلغۇچى تىغ ئۇچىنى ياشلارغا قارىتىپ كەلگەن. ئاچارچىلىق لاگېرلىرى، جەڭ مەيدانلىرى، مەھبۇسلۇق كامېرلىرى ياشلار، ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولۇپ تېشىپ كەلدى. پۇلدىن ئىبارەت «سېرىق ئىبلىس» ياشلارنى سېھىرلىك تورىغا قارماپ ئېلىپ، ئۇلارنى چېكىملىك، ئىچىملىك، بىكار تەلەپلىك، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، ئالدامچىلىق، ياللانمىلىق، پاھىشىۋازلىق، ساتقۇنلۇق كىرداىبىغا تاشلاپ كەلدى. تارىختا ھەر قېتىم ئېتىقاد- مەسلەك كىرىزىسىغا يولۇققان، غايە بوھرانى يۈزبەرگەن، مەنىۋى نوپۇزلار ئاجىزلاپ كەتكەن، ئەخلاق ئورنىغا تاپاۋەت، ۋىجدان ئورنىغا پۇل ئۇستۇنلۈك ئالغان، ھەرخىل پوتېنسىئال ئاك ۋە خايىش يامراپ كەتكەن مەزگىللەردە بىر ئەۋلاد ياشلار ــ ئوقۇغۇچىلار كەسكىن تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ. ئەمما تېخىمۇ نۇرغۇن ياش غۇنچىلار چەيلىنىپ خازان بولىدۇ، بۇ تارىختا كۆپ قېتىم تەكرارلانغان ھەقىقەت، ئۇنىڭغا كۆز يۇمۇش نامەردلىك، كاززاپلىق، ۋىجدانسىزلىق!

بىز 21- ئەسىرگە يۈزلىنىۋاتقىنىمىزدا كاللىنىدا ئۆزگەرگەن يېڭى رەقەمگە ئەمەس بەلكى بىز يۈزلىنىۋاتقان يېقىنقى كەلگۈسىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىگە نەزەر سېلىشىمىز لازىم. بۈنىڭدىن باشقا زامانىنىڭ ئىلمىي ــ تېخنىكىۋى تەرەققىياتىنىڭ شەخسكە بولغان شاللىۋېتىش كۈچىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. تەلەپ ئېشىپ بارىدۇ. ئەگەر بىز جەمئىيەتنىڭ يۈزلىنىشىنى توغرا ئىگەللىمەي ماھىيەت بىلەن ھادىسىنى، ئۆتكۈنچى نەرسىلەر بىلەن مۇقەررەر نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرىۋەتسەك ئاقىۋەتتە پۇشايمان يەپ قالىمىز. مەكتەپ تاماملىغاندىن كېيىنمۇ تەنتەكلىكى ۋە ئەسەبىيلىكى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تۇيۇق يولغا سېلىۋالىدىغانلارمۇ ئۇچرايدۇ. بىرەر ياشانغان ئىلمىي خادىم ياكى مائارىپچى ئۆز ساۋاقداشلىرىنىڭ قىسمەتلىرىنى، ئاڭلىغان -كۆرگەنلىرىنى بىرقۇر ئەسلەپ چىقسۇنچۇ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا بىر زامانلاردىكى يۇمران، ئۇمىدۋار ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرخىل قىسمەت بوللىرىنى كەزگەندىن كېيىنكى ھەرخىل ئوبرازلىرى كېلىدۇ.

ئوقۇغۇچى ئۇلۇغ ئىبارە، ئۇلار يىراقنى كۆرۈشى، ھەرخىل ئېھتىماللىقلارغا تاقابىل تۇرۇشقا قابىل بولىشى، ئۆزىنى قەدىرلىشى، كىشىلىك قىممىتىنى بارغانسېرى يۈكسەلدۈرۈپ تۇرىشى لازىم.

بوگۈنگىچە ياشاپ ئۆتكەن ئىنسانىيەتنىڭ سانىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما، مۇشۇ جەرياندا مەيدانغا كەلگەن مۇتۇپەككۇر، ئالىم كەشپىياتچىلارنىڭ سانىنى ئېنىقلاش بەكمۇ ئاسان. ئەنە شۇ سانى ئاز قوشۇن ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆز قوشۇنىنى تولۇقلاشقا بەكمۇ مۇھتاج!

1993-يىلى 3-ئاي، ئۈرۈمچى

# ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيتى توغرىسىدا

ئۇيغۇرلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا توپلىشىپ ياشايدىغان غوللۇق، يەرلىك مىللەت ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقى يۈرگۈزگۈچى مىللەت، ئۇيغۇرلار پارچە ھالەتتە، جۇڭگونىڭ بىر قاتار چوڭ شەھەرلىرىدە خىزمەت ۋە تىجارەت قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار جۇڭگودىن باشقا، قازاقىستان، تۈركمەنىستان، ئەرەبىستان، تۈركىيە، ئاۋستىرالىيە، گېرمانىيە، روسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە كۆرۈنەرلىك نوپۇستا، مۇئەييەن جامائەت تۈركىمى شەكلىدە ياشايدۇ.

ئۇيغۇرلار ھازىر دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا –سېتىق، مەدەنىيەت –مائارىپ قاتارلىق كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار ھازىر بازار ئىگىلىكىنى مەرگەز ۋە تەڭشەشكۈچ قىلغان ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا بارغانسېرى ئۆزلەشمەكتە. ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى قاتلىمىنى ھاسىل قىلماقتا.

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيا تىپىدىكى قەدىمكى قەبىلە ۋە خەلقلەردىن تەشكىل تاپقان. جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەنبەسى توغرىسىدا كۆپ ئىزدەندى. ئۇلار مىلادىدىن 2000 ــ 3000 يىل ئىلگىرى شىمالىي ئالتاي دالىسىدىكى ئاندرونوۋ ـ مىنوسىنىك رايونلىرىدا ياشىغان ئارى (ئارىيان) قەبىلىلىرى، سكىتاي- ساك خەلقلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئاسىياچە ئاق جىنسلىق (ئاق تەنلىك) ئەجداتلىرى دەپ قاراشماقتا. قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ باش سۆڭەك ئانالىزى، قان تىپى، قەدىمكى ئارىيان- سكىتاي- ساك ئەپسانە فولكلورى، كىيىنىش ۋە موزىكا، ئۇسسۇل، بايرام، سەيلە- مەرىكىلىرى بۇ مۇھاكىمىگە كۈچلۈك ئىسپات ھازىرلاپ بەردى. ئەينى زاماندىكى «ئات مەدەنىيتى» بۇ كەڭ ماكاندا جۇڭگونىڭ رەسمىي يىلنامىلىرىدا «ئۇلۇغخور (大胡)» دەپ ئاتالغان ئارىيان ــ سكىتاي ــ ساك خەلقلىرىنىڭ زور يۇغۇرۇلۇشىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئارىيان ـ سكىتاي ـ ساك قەبىلىلىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000- يىللاردىن تاكى 5-، 6- ئەسىرلەرگىچە غەرپ، جەنۇپ ۋە شەرققە يۆتكىلىپ، ئىران ئېگىزلىكى، ھىندىستان زېمىنى ۋە چىلەن تاغلىرى ئەتراپىغا كېڭەيدى ۋە ئىرانى خەلقلەر، ھىندىستان ئارىيان ـ ساكلىرى، تارىم ساكلىرى ۋە تۇخار قەبىلىرىنىڭ مىللەت تەركىبىگە سالماقلىق تەسىر كۆرسەتتى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا ساكلارنىڭ ئاسىنا

قەبىلىلىرى بىلەن مۇڭغۇللۇئىد (مۇڭغۇل ئىرقى) تىپىدىكى ئاشىد قەبىلىلىرى ئاسىنا ئۇرۇقىنى ئاساس قىلىپ قوشۇلدى. نەتىجىدە مەركىزىي ئاسىيا ئۇلۇغخورلىرىنىڭ 2-تۈركۈمى ـ تۈركلەر مەيدانغا چىقتى. ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ ئارىيان ـ سكىتاي ـ ساك خەلقىنىڭ يىراق ئەۋلادى، تۈركىي تۈركىمنىڭ يېقىن ئەۋلادى ھېساپلىنىدۇ.

جۇڭگۇ يىلنامىلىرىدە غەربىي جۇ سۇلالىسى زامانىدىكى ھازىرقى گەنسۇ (كەڭسۇ) ۋە ئوردۇس ئوتلىقى ئەتراپىدا ياشىغان گۈيفاڭ (鬼方)، دى- زەي (狄翟) قەبىلىلىرىنى، كېيىنچە بايقال كۆلى ئەتراپىدا ياشىغان دىڭلىڭ (دەنلەن) خەلقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە مەنبەلىرىدىن بىرى دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار. ئۇلار دىڭلارنى شەرقىي ۋە غەربىي دىڭلىڭلارغا ئايرىپ، بايقالدىن يېنسەيگىچە، يېنسەيدىن يەتتە سۇ ۋە سىر دەرياسى ساھىللىرىغىچە ياشىغان دەپ قارايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دىڭلىڭلاردىن باشقا، قەدىمكى تۇرپان، كىرۇران ئاھالىلىرى بولغان ئۇجىيې (乌结)، ئۇخۇ (乌护) ۋە قوش قاڭقىل (姑师) قەبىلىلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەنبەسى دېگەن قاراشلارمۇ مەيدانغا چىقتى.

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەت، ئارىيان ـ سكىتاي ـ ساك ـ تۈركىي خەلقلەر تۈركىمىدىكى مەدىنىيەتلىك خەلق. ئۇلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيىتى ۋە قان ئالاھىدىلىكى، تىل ۋە ئەدەبىيات- سەنئەت ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئېتنوگرافىك تۇرمۇش ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى يىراق تارىخىي قاتلاملىرىنى، تارقىلىش ماسشتابىنى، مىللەت مەنبەسى ۋە ھەرخىل تەركىبلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى، ئەجداتلىرىنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر فولكلورى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىش سالاھىيىتىنى چۆشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئوتلاق مەدەنىيىتى، ئاتلىق كۆچۈش قىسمەتلىرى، بوستان مەدەنىيىتى، يىپەك يولى ئالاقىلىرى كۆپ خىل دىنىي مەدەنىيەت باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈردى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى، نوقۇل ھالدا 840-يىلى ئۇرخۇن ۋادىسىدىن تارىم ۋادىسىغا كۆچكەن ۋە بۇ يەردىكى ساك، تۇخار، سوغدىلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ مەيدانغا كەلگەن دېگەندە، يەنىلا ئۇرخۇن ئۇيغۇرلىرى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى ساك، تۇخار، سوغدىلارنىڭ قايسى تارىخىي قاتلامدا قانداق تىلدا سۆزلەشكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، ئورتاق ھالدا مەركىزىي ئاسىيا ئۇلۇغخورلىرى بولغان ئارىيان تۈركۈمى ۋە تۈركىي تۈركىمگە بولغان تېرەن يىلدىزداشلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك. بۇ خەلقلەر كۆچمە چارۋىچىلىق ۋە «ئات مەدەنىيىتى» تۈپەيلىدىن مەركىزىي ئاسىيا رايونىغا ـ موھىمى تارىم ۋە سىر دەريا ۋادىلىرىغا، بايقال ۋە مۇڭغۇل ئوتلاقلىرىغا كەڭ تارقىلىپ ياشىدى. ئۇلار جۇڭگو ۋە ئىران (ئاخمانى) ئىمپېرىيىلىرىگە يېقىن جايلاردا ھاكىمىيەت مەركەزلىرىنى بەرپا قىلغان ھون ۋە

ساك ئەنئەنىلىرىدە دېيەرلىك ۋارىسلىق قىلدى. ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇيغۇرلار غەرپكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ خان ئۇرۇقى بولغان ياغلاقارلار گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغاندىن باشقا، ئادىزلار باشچىلىقىدىكى باشقا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قوچۇ، كۇسەن، قەشقەر، سۇياپ ـ سىر دەرياسى ۋادىسىغا يۆتكىلىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار ھاكىمىيەتلىرىنى بەرپا قىلدى. خوتەن ياغلاقار قالقالۇخانى داۋاملىق گەنجۇ ياغلاقار ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلىدى. بۇ ئۇرخۇن ۋە گەنجۇ، خوتەن ياغلىقارلىرىنىڭ قەبىلىۋى يېقىنلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ خۇددى ئۇيغۇرلار قەدىمكى سەمەرقەنت ھاكىمى ئاپراسىياپنى ئۆزىنىڭ قەھرىمان پادىشاھى دەپ ئىزچىل ھۆرمەتلەپ كەلگىنىگە ئوخشاش ئەھۋال.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنونىمى (مىللەت نامى) قاچان كېلىپ چىققانلىقى نامەلۇم. بىرىنچىدىن، بۇ ئېتنونىمنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى ئېتنىك تۈركىمىنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى قىلىپ بېكىتىۋالغىلى بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان قەبىلە دەسلەپ ياغلاقار باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا قاتناشقان بىر قەبىلىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ خاسىيەتلىك نام پۈتۈن ئۇيغۇر ئىتتىپاقى ۋە ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئورتاق نامى قىلىپ قوبۇل قىلىنغان، ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ گەنجۇ، ئىدىقۇت، كۇسەن خانلىرى ئۆز سەلتەنەت ناملىرىغا ئۇيغۇر نامىنى قوشۇپ ئىشلەتكەن. ھازىرقى يۇگۇ ـ سېرىق ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز نامىنى ياغلاقار ياكى باشقا قەبىلە نامىدا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر نامىدا ئىشلەتتى.

«ئۇيغۇر» ئىبارىسى ئومۇمىي مەنىدە «ئويۇشۇش، ئويۇشماق» دېگەن مەنىدە ئىزاھلانماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر نامىنى قوللىنىش ۋە سىياسى ھاكىمىيەت ئورنىتىشىدىن خېلى بۇرۇنلا تەدرىجى شەكىللەندى ۋە ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەرقايسى تارىخى قاتلاملىرىدا داۋاملىق راۋاجلىنىپ، تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئىزچىللىقى بىلەن تارىخى قاتلاملىقى زەنجىر ھالقىسىنى ھاسىل قىلدى. بىز ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە نەزەر سالساق، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇكەممەل ئېتنولوگىيىلىك تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە ئىگە ئېتنىك مىللەت ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىمىز.

ئۇيغۇر تارىخىدا جەڭگىۋار ئاياللار، ھاكىمىيەتكە قاتناشقان تۈركەن خاتۇندەك ئاياللار، شائىرە ۋە مائارىپچىلار خېلى كۆپ بولغان. تۇغۇت مۇناسىۋىتى بىلەن ئانا ـ باللار مەبۇدىسى ئۇماي ئانىغا (ئىسلامىيەتتىن كېيىن پۈۋى پاتىمەگە) سېغىنىش، باللىنىڭ قىرىق سۈيى، ئات قويۇش مۇراسىمى، بۆشۈك تويى، ئوغۇل بالا يەتتە ياشقا توشقاندا خەتنە

قىلدۇرۇپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە ياكى ھۈنەرگە بېرىش ئادەتلىرى ئىزچىل ساقلىنىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلاردا نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن چاي ئىچكۈزۈش، تويى ئالدىدىكى مەسلىھەت چايلىرى، نىكاھ ئوقۇپ قىز- يىگىتنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش، توي مۇراسىمى، يىگىت – قىزلار ئولتۇرىشى، قۇدىلار چىللاقلىرى ئىزچىل ساقلىنىپ كەلدى. ئۇيغۇرلاردا دەپنە مۇراسىمى ھەرقايسى دىنىي مەدەنىيەتلەر تەسرىدە ھەرخىل بولسىمۇ، ئەمما مېيىتنى پاكىزە يۇيۇپ كېپەنلەش، ھازىدارلار ئاق رومال سېلىپ، ئاق بەلۋاغ باغلاپ يىغا زارە قىلىش، مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش، جىنازىنى ئالمىشىپ، تالىشىپ كۆتۈرۈش قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىش، لەھەتتە مېيىتنىڭ يۈزىنى قىبلە (غەرپ) تەرەپكە قىلىپ ياتقۇزۇش، ئىچ كۆرنىڭ ئاغزىنى كېسەك بىلەن ئېتىپ، تاش كۆرنى توپا بىلەن كۆمۈش، قەبرە بېشىدا مېيىتنىڭ ئىجابى تەرىپىگە گۇۋاھلىق بېرىش، قەبرە تېشى- گۇمبەز ئورنىتىش، مېيىتنىڭ يەتتە، قىرىق، يىل نەزىرلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى بىردەك ئىزچىل بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجداتلىرى مېيىت سۆڭىكىنى كاھىش (ساپال) ساندۇققا سېلىپ يەرلىككە قويۇش، مېيىتنى تاش كۆرگە كۆمۈش، مىيتنى ئاستىغا ياغاچ شادا قويۇلغان گۆرگە ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە قىزىل تۇپراق ۋە قۇم تۆكۈپ كۆمۈش، شام گۆرگە قويۇش، مېيىتنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى قۇتىغا سېلىپ بۇددا مۇنارلىرىغا تىزىپ قويۇش قاتارلىق دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرىنىمۇ قوللاندى.

ئۇيغۇرلاردا ھېيت- ئايەملەر قەدىمكى تەقۋىم (كالىندار) قائىدىلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلۈپ كەلدى. «نەۋرۇز» (نورۇز) بايرىمى، «كۆك مەشرىپى»، «سۇ- مۆلەك» ئايەملىرى باھار- نورۇز بايرىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ بايرام يىراق قەدىمكى زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلار يەنە «قىزىلگۈل سەيلىسى»، «قوغۇن سەيلىسى» قاتارلىق يازلىق –كۈزلۈك بايراملارنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇددىزىم مەزگىلىدە بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «بۇرھان (بۇت) يۆتكەش» مۇراسىملىرى بولغانىدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت ئايەملىرى نورۇز بايرىمى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق بايراملىرى بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇرلاردا يېقىنقى يىللارغىچە (يېزىلاردا ھېلىمۇ بار) قوۋۇ ئىگىلىكى ھەربىر چوڭ ئائىلىنىڭ تۇرمۇش ھۆجەيرىسى بولۇپ كەلدى. چۆللۈكلەر بىلەن قورشالغان ھەرقايسى بوستانلىقلار قويۇق دەرەخلەر، ئېقىن سۇلار، ئۆم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر بىلەن قاپلىنىپ قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى قوقورۇلارمۇ مېۋىلىك باغ، ئۈزۈم باراڭلىرى بىلەن قاپلىنىدۇ،

ئۇيغۇر قورۇلىرى نەقىشلىك دەرۋازا، پىشايۋان، ئايۋان- ساراي، ئوغۇل- قىزلار ئۆيلىرى، قازناقلار بىلەن بىر يۈرۈش قىلىنىدۇ. بەزى قورۇلار بالىخانا ئۆيلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆپۈنچە ئۆيلەر گەجلەنگەن ۋاسا بىلەن «ۋاساجۇپ» قىلىپ يېپىلىدۇ. ھەرخىل نەقىشلىك مېھراپ (مەرەپ) تەكچە ۋە موربىلار بىلەن بېزىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ناخشا- ئۇسسۇل، مۇزىكىغا ئەزەلدىن ھېرىسمەن مىللەت. ئۇلار قەدىمكى مۇراسىملار، مىلىس- مەشرەپلەر ئاساسىدا يەرلىك خەلق مۇقام- مەشرەپ –سەنەملەرنى شەكىللەندۇردى. مىلىس- مەشرەپلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتنىگوراپىيە مەكتىپى، ئاخلاق- ئەقىل مەكتىپى، ناخشا- ئۇسسۇل مەكتىپى بولۇپ كەلدى. شۇ ئاساستا ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى موقام» شەكىللەندى.

ئۇيغۇرلار خەلق قوكلورى- ئېغىز ئەدەبىياتىغا باي خەلق. ئەڭ يىراق شامانىزىم ئەپسانىلىرىدىن بۇددىزىم دەۋرى ھېكايىلىرىگىچە، قەدىمكى قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرى، ئەجداد سېغىنىش رىۋايەتلىرى بولغان «بۆرە ھېكايىسى»، «ئوغۇزنامە»، «ئاپراسىياپ رىۋايىتى»، «جىستانى ئىلىگبەك رىۋايىتى»، «دەدە قورقۇت»، «تۇمارىس»، «غېرىپ- سەنەم» قاتارلىقلار بىلەن مىڭلىغان تارىخىي قوشاقلار، لەتىپە ۋە ئەقلىيە سۆزلەر ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلنى سالدى. ئۇيغۇرلار خەلق ئەدەبىياتى ئاساسىدا يازما ئەدەبىيات ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات دۇردانىلىرىنى ياراتتى. ئۇنىڭ ئەڭ بۈيۈك سەمەرىسى «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇرلاردىكى پەلسەپىۋى، دىنىي، ئەخلاقىي، تارىخىي، ھوقۇقىي كۆز قاراشلارنى شېئىرىي تۈستە ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر روھىيەت تارىخىي ۋە تەپەككۇر تارىخىنىڭ باي، رەڭدار خەزىنىسىنى ھاسىل قىلدى.

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ تەسۋىرىي سەنئەت ھېرىسمەنلىرى ئىدى، ئۇلار قيالارغا تۇرمۇش ئوبرازلىرىنى چېكىپ، بالباللار ۋە تاشپۈتۈك (ئابىدە)لەرنى ئورنىتىپ، ئالتۇن، مىس- كۆمۈشلەردىن زىبۇ- زىننەتلەرنى ياساپ، كاھىش، قاش (قاشتېشى)تىن گۈزەل تۇرمۇش بويۇملىرى ياساپ، تاشكېمىر سەنئىتى ـ بىناكارلىق، ھەيكەلتاراشلىق، تام رەسساملىقى، ياغاچ ئويما، تاختا سىزما، مىتال ۋە توقۇلمىلارغا رەسىم ئىشلەشتە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى. شىنجاڭدىن تېپىلغان زوروئاستېر (ئاتەشپە ـ رەستلىك)، بۇددا ۋە مانى دىنىغا ئائىت تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ھېلىمۇ جاھان تەتقىقاتچىلىرىنى مەپتۇن قىلماقتا.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ تاماق مەدەنىيىتىدە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا ئالدىنقى شۆھرەتكە ئىگە. تاماق مەدەنىيىتى بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ يىراق تارىخىي قاتلاملىرى بىلەن ئۇنىڭ ئېرىشكەن كامالەت دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. قايسى بىر

تەتقىقاتچى: ئۇزۇپ تاشلاپ ياكى پىچاقتا كېسىپ ئىشلىدىغان سۇيۇقئاش بىلەن ئىنچىكە سوزۇلغان ئەشمە (لەغمەن) ئارىسىدا بىر مىڭ يىللىق مۇساپە ياتىدۇ، دەپ تۇغرا ئېيتقانىدى. تونۇردا ھازىرلىنىدىغان ھەرخىل تائاملار، ئۆپكە- ھېسىپ، پېتىرمانتا ۋە مۇرابا قاتارلىق ئۇيغۇر تائاملىرىغا ئاپىرىن ئېيتمايدىغان كىشى بولمىسا كېرەك. قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىشلەپ چىقارغان ھەرخىل مەيزاپ ۋە ھاراقلار ھەتتا تاڭ تەيزوڭنىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى. ئۇيغۇر تائاملىرى يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋىغىغا جايلاشقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پىداكارانە مېھماندوستلۇق ئەنئەنىسىگە ھەسسە قوشتى. ئۇيغۇر تائاملىرى، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇزۇقلۇق ۋە تىبابەت قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇش بىلەن يەنە شەرىق- غەرپ خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئىشتىھا تەلپىگە ئۇيغۇن كەلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش مەدەنىيىتى يىراق تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ كەلدى. بىز بازىرىق، قاراسۇق، ئەسكى قەلئە، كونا كىروران، قەدىمكى قۇمۇل قارا دۆۋە قاتارلىق قەبرىستانلىقلار بىلەن سىكتاي- ساك سىزما يادىكارلىقلىرى، بۇددا تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەتئەل ئېتنوگرافلىرى سىزىۋەتكە ئالغان ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ كىيىنىشلىرىدىن ئۇيغۇر كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ تۇرمۇش، ئاتلىق يۈرۈش، جەڭ ئېھتىياجىغا لايىق بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە غايەت زور ئېستېتىك ئالامەتلەرگە، ھەتتا مانىرىزملىق (زىننەتۋازلىق) ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ ھال مىلادىدىن ئىلگىرىكى جاۋلىن ۋاڭنىڭ، مىلادىنىڭ بېشىدىكى شەرقى خەن سۇلالىسىنىڭ، شىمالى سۇلالىلەرنىڭ، ئوتتۇرا تاڭ زامانىنىڭ «خۇر كىيىمى» قىزىقىش دولقۇنىنى شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇرچە كىيىنىش، زىبۇ- زىننەت، ئاتقا مىنىش ۋە ساز- ئۇسسۇل، ھەتتا مەي مەدەنىيىتى نۇرغۇن شائىرلارنىڭ شېئىرىي مىسرالىرىغا ئىلھام بەردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىدە ئويغۇر سودا- تىجارىتى كۆرنەرلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ يىراق ئەجدادلىرىدىن سىكتايلارنىڭ ئاتاقلىق- تۆگىلىك جاھانكەشتىلىك ئەنئەنىسىنى ئۆزلەشتۈردى. ئۇلار قاشتېشى ۋە ئالتۇن سودىسى، يىپەك يولى سودا تىجارىتىدە ئۆتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئىران، ۋىزانتىيە ئارىسىدىكى سودىنى تىزگىنلىدى. مەشھۇر سودا ئاھالىسى دەپ ئاتالغان سوغدىلارنى ئۆز مىللىي تەركىپىگە سىڭدۈرۈپ، ئىران سودىگەرلىرىنى سۈندۈردى ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ بازار سودا ۋازارىتىنى بىكار قىلىپ، ئۇيغۇر سودا سارىيى قۇرۇشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېسىم كۆرسەتتى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ياسىداق سودا دۇكانلىرى، مەخانا ئېچىپ، ئۆز زىمىنىدا مال سېتىش ۋە يەرمەنكە بىلەن شۇغۇللانغۇچى «ھەتتار«لاردىن پەرقلىق ھالدا، دۆلەت، رايون ھالقىپ،

يېنىك ۋە قىممەت باھالىق بويۇملارنى ئېلىپ يۈرىيدىغان خەلقئارالىق سودا كارۋانلىرى تۆۋزدى ۋە دۆلەت – رايۇنلار ئېتىراپ قىلغان ئالتۇن ئاقچا بىرلىكىنى ياراتتى.

ئۇيغۇر تۇرمۇش مەدەنىيىتىدە تەنتەربىيە ۋە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئوقيانى ئات ئۈستىدە ئارقىغا ئېتىپ نىشانغا تەككۈزۈش، چېلىشىش، ئات ئويۇنى، ئات توپ (چەۋكەن توپ)، ئوغلاق تارتىشىش، ساغاردى ئويناش، دارۋازلىق، سېھرىگەرلىك، موللاقچىلىق، ساقا ئويناش، شاھماتۋازلىق، گاگا- توقماق، لەگلەك ئۇچۇرۇش ۋە نۇرغۇنلىغان باللار ئويۇنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرادە چېنىقتۇرۇش، مارەت يېتىلدۈرۈش تىپىدىكى تەنتەربىيە مەدەنىيىتى سېستىمىسىنى شەكىللەندۈردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن، ھەممە شەرتلىرى مۇكەممەل ئېتنلوگىيىلىك مىللەت ئىكەنلىكى شۈبھىسىزدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتى بۇ ھۆكۈمنى ھەرتەرەپلىمە ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلار تىپى ئىجتىمائىي مىللەت ۋە سىياسى مىللەت كاتېگورىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئەمەس.

ئۇيغۇر روھىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆرپ- ئادەت قاتارلىق تۇرمۇش مەدەنىيىتىدىكى ئىپادىلىرى ئۇلارنىڭ ياۋروپا مىللەتلىرىدەك ئۆز روھىيىتىنى ئىنساننىڭ تەبىئەتكە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئوق قىلىپ ئۇيۇشتۇرغان تەبىئەت تەقلىدچىلىكى ۋە تەبىئەت پەلسەپىسى تىپىدىكى مەدەنىيەتكە تەۋە ئەمەسلىكىنى، يىراق شەرق مىللەتلىرىدەك ئۆز روھىيىتىنى ئىنساننىڭ پادىشاھ ۋە ھوقۇقدارغا بولغان مۇناسىۋىتىنى ئوق قىلىپ ئويۇشتۇرغان ھوقۇق مۇقەددەسلىكى ۋە ھوقۇق كىشىلىك قاراشلىرى تىپىدىكى مەدەنىيەتكىمۇ تەۋە ئەمەسلىكىنى ، ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيا جەنۇبى سىبىرىيە ۋە غەربىي ئاسىيا مىللەتلىردەك ئۆز روھىيىتىنى ئىنساننىڭ ئىلاھىيەتكە، ئىنساننىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئوق قىلىپ ئويۇشتۇرغان پانتېزم- تەبىئەت- ئىلاھىيەت – ئىنسانىيەت بىردەكلىكى قاراشلىرى تىپىدىكى مەدەنىيەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى كۆك تەڭرى ئېتىقادى، شامانىزم، ئىسلامىيەت ۋە كىلاسسىك سوپىزم قاراشلىرى ئۆزىنىڭ ئىنسان بىلەن ئىلاھىيەت مۇناستى تىپىدىكى ئورتاقلىقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلاردا كۈچلۈك ئېتىقاد قىزغىنلىقىغا ئېرىشتى. ئۇيغۇر روھىيىتى ئاللىقاچان ھۆكۈمران ئەقىدە نوپۇزىدىن قالغان بۇ ئېتىقاد قالدۇقلىرىنى ھېلىمۇ ئۆز قاراشلىرى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا، تۈرلۈك ئۆرپ- ئادەت ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئۇنىڭغا ھۆرمەت –ئېتىبار قىلىش دېگەن تاشقى، ھاسسىۋى شەكىلۋازلىقتىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ پەلسەپىۋى مەدەنىيەت تىپىگە ھۆرمەت- ئېتىبار قىلىشقا كۆتۈرىلىشى لازىم.

1994-يىلى، ئۈرۈمچى

# كۈسەن مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى قىممىتى

«يىپەك يولىدىكى كىشىنى ئەڭ جەلىپ قىلىدىغان شەھەر ـ كۇچا بولسا كېرەك»
ــ مائىجىما شىنجى

1

بىلىش ھادىسلىرىنىڭمۇ قىزىقارلىق تەقدىر- قىسمەتلىرى بولىدۇ. پارلاق مەدەنىيەت ھەققىدىكى تارىخىي بىلىشىنىڭ ئۇنتۇلۇشى بىلەن بۇ ھەقتىكى قايتا ئويغىنىش شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ياۋروپادىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش ھەركىتى ئۇنتۇلغان قەدىمكى كرېك- رىم مەدەنىيىتى ئۈچۈن شۇنداق تارىخىي خاراكتېرلىك قايتا ئويغىنىش بولغانىدى. تېخى يېقىندىلا ئۆتكۈزۈلگەن «كۈسەن مەدەنىيەت- سەنئەت بايرىمى» مەلۇم مەنىدە ئۇنتۇلغان قەدىمكى كۈسەن مەدەنىيىتى توغرىسىدا قايتا ئويغۇنۇشتىن تۇغۇلغان ئىپتىخارلىق ئېڭىنىڭ خاتىرىلەش پائالىيىتى شەكلىدىكى ئىپادىسىدىن ئىبارەت، خالاس.

ئۇنتۇلۇش بىلەن ئويغىنىش تارىخنىڭ چۆكۈش ۋە ئۆرلەش قانۇنىيىت ئاساسىدا يۈز بېرىدىغان ئومۇمىي ھادىسە. ئۇ سەۋەبسىز بولماستىن، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ئېقىملىرىنىڭ ئورۇن يۆتكىشى بىلەن بىۋاستە تۇتاشقان. ئاسىيادىن ئەڭ دەسلەپ ئات چېپىپ بارغان سىمىلىيان ۋە سىكتاي قەبىلىلىرى قەدىمكى كرېكلارنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىنى ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت تۈسگە كىرگۈزگەنىدى، بۇ مەدەنىيەتنىڭ رىمدىكى داۋامى ئىمپېرىيە شەكلىدە ئۆركەشلىگەندە، ئاسىيادىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن ھون – ئاۋارلار بىلەن يەرلىك گوت قەبىلىلىرى ئۇنىڭغا ھالاكەت بېغىشلىدى. نەتىجىدە گرېك- رىم مەدەنىيىتى ئۇنتۇلدى. بۇ مەدەنىيەت مىڭ يىلدىن كېيىن ئەرەپ مەدەنىيىتى ۋە «يىپەك يولى» مەدەنىيىتى تەسىرىدە قايتا ئويغاندى. مانا بۇ ياۋروپادا ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىنىڭ ھەقىقى سىرى!

كۈسەن ــ تەكلىماكان قۇم دېڭىزى بويىدا خۇددى ئېگەي دېڭىزى قىرغىقىدىكى ئافىنا شەھىرىدەك قەدىم- قەدىم زامانلاردىكى «شەھەر –قەلئە دۆلىتى» سۈپىتىدە قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، كۈسەننىڭ شەھەر نامى مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرىكى خەن

سۈلالىسى تارىخىدا، مىلادىدىن ئۆچ ئەسىر ئىلگىرىكى ھىندىستاننىڭ ئاسۇكا خانلىقى مەنبەلىرىدە مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 356-323- يىللاردىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان ۋاختىدا كۇسەن دۆلىتى مەۋجۇتلىقىنى كۆرسىتىدۇ ۋە مەلۇم مەنىدە كۇسەن شەھرىنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى شەھەر- قەلئەلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

كۇسەن ئاجايىپ پارلاق ۋە مەڭگۈ ئېتىخارلىق كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ ئاپىرىدىگاھى. كۇسەن- ئاجايىپ چىۋەر ۋە جۇشقۇن كۇچا ئاھالىلىرىنى يېتىشتۈرگەن مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت بۆشىكى! مانا مۇشۇنداق قەدىمكى مەدەنىيەت ئاستانىسى «يىپەك يولى»نىڭ خاراپلىششى بىلەن خۇددى بۇلاق ياكى ئېقىن سۇدىن ئايرىلىپ، يامغۇر سۈيى بىلەن ئاندا- ساندا كۆكىرىپ تۇرغان تۇغراقتەك ئۆز ئۆتمىشىنى بىلىشكە ماجالسىز قالغاندا، «يىپەك يولى» قايتا ئېچىلدى.

2

كۇسەن مەدەنىيىتى كاتتا ئىلمىي تېما. ئۇ ھەقتە بىر قانچە كىتاپ تىزمىسىدىن ھاسىل قىلىنغان قامۇس يېزىش مۇمكىن. كۇسەننىڭ يازما تارىخىنى ئىلگىرىكى تاش قۇرال مەدەنىيىتى ۋە ئىپتىدائىي ئاڭ شەكىللىرى، كۇسەننىڭ شەھەر –قەلئە دۆلىتى بولغاندىن كېيىنكى شەھەر سېپىل- ئوردا ۋە تاشكېمىر بىناكارلىق سەنئىتى، كۇسەننىڭ كېيىنىش- مېھماندوستلۇق مەدەنىيىتى، كۇسەننىڭ بۇددا تارجىمە- تەربىيە مەدەنىيىتى، كۇسەننىڭ ھەيكەلتاراشلىق- رەسساملىق مەدەنىيىتى، كۇسەننىڭ مۇزىكا – ئۇسۇل –تىياتىر سەنئىتى، كۇسەننىڭ خەلقئارا سودا مەدەنىيىتى، كۇسەننىڭ باغۇەنچىلىك- ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتى قاتارلىق تېمىلار بويىچە توم-توم كىتاپلارنى يېزىپ يورۇتۇش مۇمكىن.

كۇسەن «يىپەك يولى» ئومۇمىي مەدەنىيەت قانىلىدىكى ئەڭ قىزىقارلىق شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ دەسلىپىدە كۇشان خانلىقى، ئالدىنقى چىن، غەربىي لياڭ، شىمالىي ۋېي، سىمالى جۇ، شىمالى چى، سۈي ۋە تاڭ پادىشاھلىرىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان مەدەنىيەت مۆجىزىلىرى، ئۇنىڭ ئاتام زامانلاردىلا يەرلىك مەدەنىيەت ئۇچىقى كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ، خەلقلەر، شەھەرلەر زەنجىرىدىكى ئالتۇن ھالقىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، ئەينى زاماندا «سەمەرقەند سەيقەلى رويى زېمىنەس» («سەمەرقەند روھىيەت دۇنياسىنىڭ ئۈزۈك كۆزى») ئەمەس بەلكى:

«كۆسەندۇر ئول زامان سۇمرۇغ ماكانى،
ئۇنىڭسىز توختىغان ئېرپان راۋانى»

بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. فېئوداللىق ئىللەت يىلتىزلىرىدىن ئۆسۈپ چىققان خەستە تۇيغۇلار تولۇپ يىلى، بۇ باھا بۇ باھانى «ئاشۇرۇۋەتكەنلىك» دەپ تونۇيدىغان، كۆڭگەن قېلىپتىكى قاراشنىڭ ئېتىرازىغا ئۇچرىشى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ قەدىمكى «يىپەك يولى»دا كۇسەننىڭ تۇتقان تارىخىي ئورنىنىڭ ھەقىقى يەكۈنىدىن ئىبارەت. بۇنداق نارازىلىقلارغا خاتىمە بېرىدىغان سائەت يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، دەۋران يېتىپ كەلدى! مانا بۇ «كۇسەن مەدەنىيەت- سەنئەت بايرىمى»نىڭ ئاددىي تەقلىدىيەتچىلىكتىن ۋە ئېتىقسىز مەمۇرىيەتچىلىك دەبدەبىلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھەقىقىي ئەھمىيىتى.

3

كۇسەندە خانلىق سەلتەنىتىنى سۈرگەن شەھرىيارلارنىڭ تولۇق تەزكىرىسى ئىشلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن دۇنياۋى ئۇچ چوڭ مەدەنىيەت تېپىگە سالماقلىق تەسىر كۆرسەتكەن پارلاق كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي قىممىتى جاھان ئەھلىگە ئايان بولۇپ تۇرماقتا. بىز گرېك- رىم مەدەنىيىتىگە كۇسەن مەدەنىيىتى كۆرىنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن دېيەلمەيمىز. ئەمما كۇشان -كۇسەن مەدەنىيەت تېپىگە كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ كۆرسەتكەن تارىخىي تەسىرىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇددىزىم بىرخىل دىنىي تەلىمات سۈپىتىدە ھىندىستاندا مەھەللىۋى ئېتىقاد بولۇپ، كېيىنچە ئاسۇكانىڭ زور كۈچ بىلەن تەرغىپ قىلىشى بىلەن كېڭەيتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ پەقەت كۇشان خانلىقى دەۋرىدە، ئېنىقراقى كانىشكا زامانىدىلا ھىندىستان ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە تەدرىجىي جۇڭگوغا تارقالغان. بۇددىزىم نوملىرى تەرجىمە- تەفسىرچىلىكى، بۇددىزىم ھەيكەلتاراشلىقى ۋە رەسساملىقى ئارقىلىق كۆپ مىللەت، كۆپ تىل ۋە خىل مەدەنىيەتلەرگە تەسىر كۆرسەتىدىغان خەلقئارا دىنىي مەدەنىيەت تېپىگە ئايلىنالىغان. بۇددىزىم سەنئىتى كۇسەندە «كۇسەن ئۇسلۇبى» ھاسىل قىلغان. كۇسەنچە تەرجىمە (كومراجىۋا بۇ جەھەتتىكى نوپۇزلۇق شەخس) تىپى، كۇسەنچە بۇددىزىم مائارىپى تىپى شەكىللەندۈرگەن. كۇسەنچە بۇددا ھەيكەلتاراچلىقى ۋە رەسساملىق ئۇسلۇبى قايتىپ يەنە كۇشان- قەندىھار، ھىندىستان- باميان بۇددا سەنئىتى ۋە ھەيكەلتىراشلىقىغا تەسىر كۆرسەتكەن. كۇسەندىن ھىندىستاندا نۇسخىسى بولمىغان كونا برامان يېزىقى

قولىيازمىلىرى بىلەن تەرجىمە قىلىنغان بۇددا دەستۇرلىرىنىڭ تېپىلىشى كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ كۈشان- كۇسەن مەدەنىيەت سىستېمىسىدا تۇتقان غايەت زور ئورنى ۋە تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتىش مۇمكىنكى، كۇسەن بۇددا سەنئىتى يالغۇز پۈتۈن بۇددا سەنئىتىدىكى ئەڭ نەپىس نەمۇنە بولۇپ قالماستىن، يەنە ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، كورىيە، ياپونىيە، كېيىنكى ھىندىستان بۇددا سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈنمۇ ئىلھام ۋە بېشارەت بېغىشلىغان.

ئىنسانىيەتنىڭ خەلقئارالىق مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ گرېك- رىم مەدەنىيەت تىپى، كۈشان-كۇسەن مەدەنىيەت تىپىدىن كېيىنكى ئۈچىنچى چوڭ مەدەنىيەت تىپى - سۈي تاڭ مەدەنىيەت تىپىگە كۇسەن مەدەنىيىتى سالماقلىق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئومۇم ئېتىراپ قىلغان تارىخىي پاكىت ۋە تارىخىي قىممەتتىن ئىبارەت. كۇسەن بۇددا تاشكېمىر سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىقى، رەسساملىقى، مۇزىكا –ئۇسسۇل- تىياتىر سەنئىتى، قىياپەت سەنئىتى (كېيىنىش، زىبۇ- زىننەت، پەرداز قىلىش)، ئوردىلارنىڭ جاھازلىنىشلىرى بىلەن بۇددا تەرجىمە، تەفسىر ۋە مائاتىپ ئالدىنقى چىن پادىشاھى خوجيەن (365ـ385) بىلەن غەربىي لياڭ پادىشاسى لۈي گۇاڭ (382ـ397)نىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن كۇسەنگە يۈرۈش قىلىش ھەۋىسىنى قوزغىغان. نەتىجىدە لۈي گۇاڭ كومراجىۋانى ھەم 20 مىڭ تۇياق ئات- خېچىردا كۇسەن سەنئىتى ۋە مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى غەربىي لياڭنىڭ پايتەختىگە (ھازىرقى ئۇۋېي) يۆتكەپ كەتكەن. بۇنىڭدىن كومراجىۋا باشلىغان يېڭىچە بۇددا تەرجىمانشۇناسلىقى، مائارىپى ۋە ماھايانا مەزھىپىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى، دۇنخۇاڭ بۇددا تاشكېمىر سەنئىتى، غەربىي لياڭ مۇزىكا- ئۇسسۇل سەنئىتى شەكىللەنگەن. كېيىنچە شىمالىي ۋېي، شىمالىي چىن ۋە شىمالىي جۇ پادىشاھلىرى داتۇڭ، لوياڭ، چاڭئەنلەردە كۇسەنچە تاشكېمىر سەنئىتى بىناكارلىقىنى باشلىغان، مەلىكە ئاسىنا، سۇجۇپ، بەيجىتۇڭ، ئاققارى ماندا باشچىلىقىدا كۇسەن كۇيشۇنسلىق نەزىرىيىسى، مۇزىكا- ئۇسۇل –تىياتىرسەنئىتى، كېيىم- كېچەك، زىبۇ- زىننەت، ئات مىنىش، يېمەك- ئىچمەك مەدەنىيىتى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېقىپ كىرگەن. سۈي، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدە بۇ كۈچلۈك مەدەنىيەت قىزغىنلىقى قوزغاپ دەبدەبىلىك ھالدا يېڭى ئەسىردىن ئارتۇق داۋاملاشقان، روشەنكى، جۇڭگو تارىخىنىڭ دۇنياغا يۈزلەنگەن ئالتۇن دەۋرى- سۈي ــ تاڭ زامانىدا كۇسەن مەدەنىيىتى نوپۇزلۇق تارىخىي قىممەت ياراتقان.

دۇنياۋى تارىخىي خاراكتېر ئالغان مەدەنىيەت كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىمۇ سىزىلەرلىكتۇر. بۇ تەسىر مۇھىمى سۇجۇپنىڭ 12 تېمپېراتسىيىلىك كۇيشۇناسلىقى ئاساسىدىكى فارابىنىڭ مۇزىكا تەلىماتى، كۇسەن –ئىدىقۇت ئاھاڭلىرىنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان جىڭگىزخان قوشۇنلىرى ۋە باخشى- زىيالىلارنىڭ غەربىي ئاسىيادىكى مەدەنىيەت پائالىيىتى، كۇسەندىكى چالغۇلار، كۇسەنچە تۈركىي مۇزىكىلارنىڭ ئەرەپ خەلىپىلىكلىرىدىكى مۇزىكا ۋە موقاملارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئىجابىي ئەھمىيىتى قاتارلىقلاردا نوقتۇلۇق ئىپادىلىنىدۇ. مەلۇم مەنىدە ۋاستىلىك شەكىلدە بۇ تەسىر ئەرەپ مەدەنىيەت جۇغلانمىسى ئارقىلىق ياۋروپا ئەدەبىيات- سەنئەت قايتا گۈللىنىش ھەركىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى.

4

كۇسەن مەدەنىيىتىنى ئادەتتىكى يەرلىك مەدەنىيەت ھالىتىدىن خەلقئارا مەدەنىيەت تىپلىرىغا سالماقلىق تەسىر كۆرسەتكەن، ئۆز ئالدىغا ئۇسلوپ ھاسىل قىلىش سەۋىيىسىدە كۆتۈرگەن. كۇسەننى يىپەك يولىدىكى ئەڭ جەلپكار شەھەر قىلىپ تونۇتقان نەرسە نېمە؟ مېنىڭچە ئۇ ئىككى مۆجىزىدىن ئىبارەت.

ئۇنىڭ بىرى، كۇسەن مائارىپى، كۇسەن ئەينى زاماندا بۇددا دىنىي، تىل، سەنئەت، تەبىئىي پەن، ئىجتىساد، قانۇن ۋە تىبابەتچىلىك مائارىپىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغاچقا ئۇنىڭغا توققۇز چاۋۇپ، سوغدى، كەشمىردىن ۋە جۇڭگودىن ئوقۇغۇچىلار، بىكسۇن- بىكسۇنى (ئەر- ئايال دىنىي كۇرسانتلار) كېلىپ ئوقۇغان، «قوۇت»، «نىلفەر»، «بۇساۋارناتخان»، «جام»، «تام»، «شىمالى تاغ»، «ئون سۇ»، «ھال (قىزىل)»، «شوركەنت» (شورچۇق)»، «يونما»، «چولتاغ (جاۋاغول) ناملىق بىھمارلار (ئوقۇش يۇرتلىرى) بىلەن جانبازلىقنى بىرلەشتۈرگەن «ئالپ» (باتۇرلۇق) بىھاراسى كۇسەن دىيارىغا يۈلتۈزدەك چىچىلغان. بۇ تۇشما، باي، فاچىن، بۇيان، كومراجىۋا، كوبىرالاربۇ، ۋاسۇ مىترا، سامگاراكا قاتارلىق مەشھۇر ئەللامىلەر بىلەن ۋىدۇساكا، سۇجۇپ ۋە ئۇنىڭ دادىلىرى بۇ يەردە تەلىم- تەربىيە بىلەن شۇغۇللانغان. كومراجىۋا لېكسىيە ئوقۇغاندا ئالتۇن شىر تەختىدە ئولتۇرىدىغانلىقى، پادىشاھ- ئەمەلدارلارنىڭمۇ دەرسكە داخىل بولىدىغانلىقى ئەينى زامادا مائارىپنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەۋزەل ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن مائارىپ، نوقۇل دىنىي ئەپسانىۋى خانىقا مائارىپى بولغاندا ئىدى، ئەينى زامان كۇسەن ئونىۋېرسال مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ خەلقئارا تەسىرىنى قىياس قىلىش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

بۇ مۆجىزىنىڭ يەنە بىرى، جەلقئارا سودا- تىجارەتتىن ئىبارەت. ئېيتىش كېرەككى، كۇسەن «يىپەك يولى» گۈللەنگەن تارىخىي موھىتتا روناق تاپقان. كۇسەن ئىقتىسادىي

ئادەتتىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھۈنەرۋەنلىك ۋە ئايلانما ئىچكى بازار ئىگىلىكىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقى، باغۋەنچىلىكى خەلقئارا سودا تەلەپلىرىگە ماسلاشقاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىكى- كىمخاپ، تەتىللا، زىبۇزىننەت، كىيىم-كېچەك، ھاراق –شاراپ تاماكا، دورا ۋە دورا ماتېرىياللىرى، يۇڭ- تېرە، ساراي- قونالغۇ مۇلازىمىتى قاتارلىق ئىقتىسادىي تارماقلىرىمۇ «يىپەك يولى» تۈسىنى ئالغان. كۆسەنلىكلەر كارۋان سودىسى قىلىش ۋە باج ئېلىشتىن تاشقىرى، تۈركۈم-تۈركۈم ماھىر تىجارەتچىلەرنى، بۇددا مانىي ئۆلىمالىرىنى، سەنئەتچىلەرنى ئارقا-ئارقىدىن يىراق-يىراق جايلارغا ئەۋەتىپ «يىپەك يولى» لىنىيىسىدىن نۇرغۇن ئىقتىسادىي قىممەت يىغىپ ئالالىتى. كۆسەنىنىڭ شۆھرىتىئاشقانسېرى، ئۇنىڭغا قىزىقىدىغانلار كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن خەلقئارا سودا مەرگەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالماي، يەنە مائارىپ ۋە سەنئەت ئاستانىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدىمۇ نۇرغۇن تاپاۋەتكە ئىگە بولدى. لۇي گۇاڭ، فاخۇي، شۈەنجاڭلار كۆسەن شەھەر مەدەنىيىتى، خانلىق ئوردىلىرىدىكى ئېسىل بويۇملاردىن ئۆز ھەيرانلىقنى ئىپادىلەشكەن. مەلىكە ئاسنامۇ توي جابدۇقلىرىنى ئاساسەن كۆسەنگە زاكاز قىلدۇرغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پەقەت بىر قانچە تاشكېمىر بىنا قىلىشتا خەزىنە قىيىنچىلىقىغا ئۇچرىغان بولسا، كۆسەندە بىرقانچە يۈزلىگەن تاشكېمىرلار ئارقا-ئارقىدىن بىنا قىلىنغان. قەدىمكى كۆسەنلىكلەر چىۋەر ۋە ئەقىللىق ئىدى. ئۇلار بىر قولدا مائارىپنى، بىر قولدا خەلقئارا سودىنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ ئىككى قانات بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئالتۇن سۇمۇرغاقا ئايلانغان ۋە «يىپەك يولى»دا بىر مەزگىل پەرۋاز قىلغان. ئۇلار مائارىپسىز بايلىقنىڭ ئاپەتلىكىنى، بايلىقسىز مائارىپنىڭ كۈلپەتلىكىنى چۈشەنمەيدىغان خامۇشلاردىن ئەمەس ئىدى. ئېھتىمال، ئۇلار ئۆتمۈشتىكى تارىخي ساۋاقلار بىلەن «يىپەك يولى»دا جاھاندارچىلىق قىلىش تەجرىبىلىرىدىن مائارىپ ۋە مائارىپ ئەۋزەللىكى ئاساسىدىكى خەلقئارا ئىقتىسادتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن.

5

«يىپەك يولى»نىڭ خاراپلىشىشى كۆسەنگە تارىخي خاراكتېرلىك پاجىئە ئېلىپ كەلدى. ئۇ راۋان خەلقئارا قاتناش ۋە سودىدىن مەھرۇم بولدى. تەبىئىي ئىگىلىك جەمىيىتىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بىكىنمىچىلىككە بەنت بولدى. ئۇنىڭ مائارىپ ئورنىغا نادانلىق، مەدەنىيىتى ئورنىغا جاھىللىق دەسسىدى. ئۇ قۇم ۋە سۇ ئاپىتىدىن ئۆزىنى

قۇتۇلدۇرالمايدىغان مەجرۇھقا ئايلاندى. ئۇنىڭ تاغ باغرىدىكى سەنئەت جاۋاھىراتلىرىنى يەر تەۋرەش، سۇ يالاش ۋە ئەسەبىي نادانلىق ۋەيران قىلدى. ئۇنىڭ تەكلىماكان ياقىسىدىكى شەھىرى كىشىلەرنى قانچە شەھەرلەرنى كۆچمە قۇم يالماپ كەتتى. ئۇ ئۆز –ئۆزىنى تولىمۇ تەسلىكتە تەملەيدىغان، كۆڭۈلنى ئەلنەغمە- ئۇسۇللار بىلەن بەزلەپ تۇرىدىغان بىچارە قىياپەتكە مۇپتىلا بولدى. بۇلار يەنە ئۇنىڭ «يىپەك يولى»دىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، مائارىپ ۋە خەلقئارا ئىقتىساد سىستېمىسىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەنلىكىدىن بولدى. مانا بۈگۈن «يىپەك يولى» قايتا ئېچىلدى. خەلق كۆزىدىكى غەپلەت دىۋىلىرى كۆتۈرۈلدى. كۈسەنلىكلەر ئۇيغۇردىن قوپقان سۈبھىلىك ھېس- تۇيغۇلىرى بىلەن ئۆز- ئۆزىنى بىلىش، ئۆز بەخت- سائادىتىنى ئىزدەش يولىدا «كۈسەن مەدەنىيەت –سەنئەت بايرىمى»نى ئۆتكۈزۈشكە تۇتۇندى.

«كۈسەن مەدەنىيەت- سەنئەت بايرىمى» مىۋە قېقىش سەيلىسى ئەمەس، بەلكى يېڭى ئويغۇنۇش ئابىدىسى بولۇپ قالغۇسى. مائارىپ ئېڭىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى تىكلەش يولىدىكى، مائارىپنى ئومۇمىي خەلقنىڭ تەقدىر تارازىسى قىلىش يولىدىكى يېڭى باشلىنىش بولۇپ قالغۇسى!

1993-يىل 10- ئاي

# فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە

ئۇيغــۇر ئــالىمى، ئارىســتوتىل تەلىماتلىرىنىــڭ ئوتتــۇرا ئەســىردىكى مــۇنەۋۋەر نامايەندىسى، بىر پۈتۈن ناتۇرالىستىك پانتېئىزىملىق پەلسەپىۋى سېستىمىنىڭ ئاساسچىسى، ئاتاقلىق لوگىك، ماتېماتىك، مۇزىكاشۇناس ـ ئەبۇناسىر فارابى مەشھۇر ئەرەپ تارىخچىسى ئىبنى خەللىكاننىڭ «ۋەقىياتۇل ئەئىيـان ۋە ئەنبەئەبنەئۇززامـان» نـاملىق ئەسـىرىدە، سـەيد مـۇھەممەد باقىرنىــڭ «رەۋزەتــۇل جىنــان» نــاملىق ئەســىرىدە، ئەخـمەت ئەيسـانىڭ «ئەل مەئىسـۇرمىن كـالامۇل ئەتىبــبە» نـاملىق ئەسـىرىدە ۋە مـۇھەممەد فەردىنىـڭ «دائىرەتـۇل مۇئارىف» ناملىق ئەسەرلىرىدە بىردەك قەيت قىلىنىشىچە «مۇلكى چىـن (خاقـانىيە دۆلىتـى نەزەردە تۇتۇلغــان) كاشــغەرگە قاراشــلىق بالاســاغۇن يېنىــدىكى فارابــدا» 870-يىلــى تۇغۇلغانـدى. فـارابى 30 يېشـدىن ھالقىغانـدا، 10-ئەسـىرنىڭ بېشـىدا ئەينـى زامانـدىكى ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ مەدەنىيەت ئوچۇقى ھېسـاپلانغان باغـداتقا كەتـكەن. مەۋلانە لـۇتپى ئۆزىنىــڭ «ھاشـىيەتى مەتـالىئۇل ئەنـۋەر (نـۇر مەنبەلـىرى ھەققـىدە مۇھـاكىمە)» نـاملىق ئەســىرىدە، تاشـكۇبرى زادە ئۆزىنىـڭ «مىفتاھۇسسـى ئـادەت (بەخـت ئـاچقۇچى)» نـاملىق ئەسـىرىدە، ھـاجى خەلـىپە ئۆزىنىـڭ «كەشفۇززۇنۇن» نـاملىق ئەسـىرىدە، جـۇرجى زەيـدان «ئەرەپ ئەدەبىيــات تــارىخى» نــاملىق ئەســىرىدە فارابىنىــڭ ئــۆز ۋەتــىنىگە بىــر قېــتىم قايتقانلىقىنى ۋە سامانى شاھى مەنسۇر ئىبنى نوھنىـڭ تەكلىپـى بىـلەن «ئەتـتە ئىلمىسـانى (ئارىســتوتىلدىن كېيىنكــى ‹ئىككىنچــى تەلىمــات›)» نــاملىق ئەســەرلەر تــوپلىمىنى يېزىــپ قالــدۇرغىنىنى موقۇملاشــتۇرىدۇ. تــۆركىيە تىبابەتچىلىــك تارىخچىســى ســۇھەيىل ئەنــۋەر ئۆزىنىــڭ «تىبابەتچىلىــك تــارىخى» نـاملىق ئەسـىرىدە ئىسـپىھاندىكى «سـۇۋۋانۇل ھىكـمە» كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغان فارابى قول يازمىسىنى ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىغا يازغـان ئەسـىرى، دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي پاراكەندىچىلىك تۈپەيلىدىن يەنىلا ئـۆز يۇرتـىدىن چىقىـپ كېتىشـكە مەجبۇر بولغـان. ئـۇ يېتىشـكەن ئېنسىكلوپېدىك ئـالىم، ئۇلـۇغ مۇتەپەككـۇر ۋە ئىنسـانپەرۋەر سـۆيىتىدە 160 پارچىغـا يـېقىن ئەسـەر يېزىـپ قالـدۇرغان. فـارابى ئىسـتېتىكا ۋە شـېئىرىيەت توغرىسـىدا قىممەتلىـك ئەسـەر يازغـان. ئـۇ چوڭقـۇر پەلســەپىۋى مەزمۇنغــا، ئاھاڭــدار شــېئىرىي ۋەزىــنگە، كۈچلــۈك ئىنســانپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە كۆپلىگەن شېئىرلارنىڭ مـۇئەللىپى ئىـدى. ئۇنىـڭ شـېئىرلىرى ئالەمنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ۋە دۇنيـا قارىشىنىڭ تولىمـۇ ئىخچام ۋە تولىمـۇ گـۈزەل

شېئىرىي تەسۋىرى سۈپىتىدە مەنىۋى ئىپادىلەش ۋە بەدىئىي مەھلىيا قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. فارابى 80 ياشقا كىرگەن يىلى، 950-يىلى دەمەشىقتە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەستى شەھەر سېپىلىنىڭ بابۇس سەغىر دەرۋازىسى يېنىغا دەپنە قىلىنغانىدى.

تۆۋەندە فارابىنىڭ ئەرەپ تىلىدىكى توققۇز پارچە شېئىرى، ئەرەپچە ۋە قىسمەن رۇسچە نۇسخىلىرىدىن تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلدى.

1

(فارابىنىڭ قاراخانىلار دۆلىتىگە قايتقاندا ئانا دىيارى تەكلىماكاننىڭ قۇم ئاستىغا غەرق بولىشىغا ئېچىنىپ يازغان شېئىرى)

ھەم چېكىنگەن ھەمدە تەتۈر بۇ زامان دەۋرانىغا،
سەن قىلىپ سۆھبەت يېتەلمەيسەن كۆڭۈل ئارمانىغا.
بارچە ئەل باشلىقلىرىنىڭ باشلىرى قاتقان تۈگەل،
ھەممە باشقا دەرت يېتىپ ئايلاندىمۇ سەۋدايىغا.
ھاجىتىم بىلسەم ئۆزەمنىڭ جانىغا راھەت كېرەك،
نۇر چۈشۈپ تۇرماق ئۈچۈن مەندەك پېقىر ئالقانىغا،
بىر نىدا كەلدى ماڭا ئىلكىمدىكى نۇر بەرقىدىن،
زوق-ھوزۇرى ئوخشىغان مىسلى ساما جەۋلانىغا.
يۇرتلىرى چۆللۈككە غەرق بولغان قەدىم ئەللەر ئارا،
مىۋە تەرگەندەك قەدەم قويدۇم جاۋاھىر كانىغا.

2

(فارابىنىڭ قاراخانىلار دۆلىتىدىكى تۈركىي قەۋملەرنىڭ بۈيۈك بىرلىكى ھەققىدىكى ئىلھامى)

يەتتە يۇلتۇز كائىناتتا مەنبەئى نۇر رەببىنا،
مىسلى كۆكتە يەتتە دەريا تىزمىسىدەك دائىما.

ھەربىرى سەييارىنىڭ سىمائى بىر ئامىل ئۇنىڭ،
ماددا ـ جەۋھەر خىسلىتى بىر ئەسلى ھەم جەمدۇر ئاڭا.
ئەي زۇھەل ھەم ئاتارۇپ ھەم مۇشتەرى شەيئىلىرى،
مەن قىلۇرمەن ياخشىلىق ئىزلەپ ھامان سۆھبەت ساڭا.

3

(فارابىنىڭ ئۆز ئانا دىيارى ۋە ئۆز ۋەتىنىنى ئۇلۇغلىشى)

چەكسىز زەخمەت-مۇلاقەت سىز تەرەپتىن تەندە جان،
سىنە-قەلبىم سىز تەرەپكە تەلپۈنۈپ شەيدا ھامان.
ئولتۇرالماسمەن ئىزىمدا قوزغىتىپ تۇرغاچ مىنى،
زوق، ئۈمىد ئىككى سەۋەپ دەل سىز تەرەپكە دائىمان.
قوزغىلىپ چىقسام ئىزىمدىن سىزدىن ئۆزگە يوق ۋەتەن،
يا ئىزىم قويغىلى يوق بىر بەدەل مەن ئوخشىغان.
سىزدىن ئەبزەلرەك دىيار-ئەل گەر تەئەززىز قىلسىمۇ،
ئىلكىگە قەلبىمنى ئالماق ئىشقا ئاشماس ھېچقاچان.

4

(فارابىنىڭ دۆلەت ئىپتىخار ئىلھامى. «بىر تۆۋەنلەشنىڭ ‹تۆۋەنلەش ـ ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى› بولۇر ئەۋجى ھامان ‹ئەۋجى- قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلىشى›)

بىر تۆۋەنلەشنىڭ بولۇر ئەۋجى ھامان،
يوقۇتۇش بولغاي سوقۇشتا دائىمان.
ئۆز خانامنىڭ راھىتى ھاجەت ماڭا،
مەن غۇرۇر ئۆز ئىززىتىدىمدىن دائىمان.
ئىچكىنىم ئىلكىمدىكى شەربەت مىنىڭ،
راھىتىمنىڭ شولىدا بەرقى ئايان.

نۇر جۇلا شىشەمدە ئەكس ئەتكەن نىدا،
خوپ ھوزۇرلۇق ساز-ساماغا ئوخشىغان.

5

(فارابىنىڭ يات ئەلدىكى ئىلىم تەھسىلى بىلەن يۇرت سېغىنچىسى)

ئىككى شىشە جام بىلەن بولدى مېنىڭ ئۆمرۈم ئادا،
ھەممىلا مەشغۇللىقىمنى تولدۇرۇپ قويغان ئاشۇ.
بىر قەدەھتە قاپقارا تۇرسا سىيايىم لىپمۇلىق،
ئۆزگىدە پەيۋەند بولۇپ تۇرغان شارابىمدۇر يانا.
بىرسىگە تولدۇرغىنىم گەر بولسا ھېكمەت گەۋھىرى،
بىرسىدىن غەم-قايغۇنى يۇدۇم پۈتۈن قەلبىم ئارا.

6

شەيئىلەر مەۋجۇتلىقىدىن ھەم سەۋەپلىك كائىنات،
ھەم سەۋەپلىكنىڭ تۈپەيلى ياخشىلىق ئۈندىن نىجات.
يەر بىلەن بەھرى- دېڭىزلار تۇرىدۇ ھەمرا بولۇپ،
رەببىنا، ئاسمان-ساما مەرگەزلىرىمۇ قاتمۇ قات.
قايدا سەن بولدى ماڭا نۇخسان-گۇناھ ئۆلپەت بۈگۈن،
پەيز-رەھمەت بەخشى ئېتىپ قىلغىن گۇناھىمدىن ئازات.
رەببى-شەيئىم پاكلىغىن بولسا مەگەر مۇمكىن مېنى،
كى ئاناسىر-ئونسۇرىدىن قالمىسۇن جىسمىمدە دات.

7

پىشمايىن سىرى-ۋۇجۇد خام قالدى ئالەم ئۆز پېتى،
يا تېشىلمەي گۆھىرى ھەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى.
گەر ئەقىل يورۇق چېچىپ ھەركىم ئاشۇ مەنە ئېيتسىمۇ،

ئەسلى چىن تەسۋىرىدىن كەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى.

8

ئەي قېرىنداش، خالى تۇر ھەمرا ئەمەس ناھەق ساڭا.
ھەق-ئادالەتنىڭ قېشىدا سەن ماكان تۇت دائىما.
بۇ جاھان ساڭا تۇرار مەڭگۈ مەقام-جايمۇ ئەمەس،
زەربە قىسمەتتىن خالاس بولمايدۇ ھېكىممۇ يانا.
قالغۇسى مۆجىز بولۇپ ئىخچام تەۋەررۇك سۆزلىرىڭ،
بەخش ئېتىپ تۇرغاچ تىرەن مەزمۇن پاراسەتلىك ئاڭا.
بىپايان ئالەم ھامان مەشغۇلى ھەركەت ئۈستىدە،
تۇرىمىز ئوخشاپ پەقەت تامچە ۋەياكى نوقتىغا.

9

قەسەم بىللا ھاياتلىقتىن بىزارمەن كۆڭۈلسىز ئەمدى،
بەئەينى ئوق كەبى تەندىن چىقار جان ۋاقتى تىز ئەمدى.
بەخت باشلانسا يەتكەيلەر زاۋاللىققا بەختسىزلىك،
تەبىئەت جىنسى بىز، ئۆز جىسمىمىزغا قايتقۇمىز ئەمدى.

# ئۇيغۇر شائىرى مازۇچاڭ ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

مازۇچاڭ (1279-1338) نىڭ ئەسلى ئىسمى مويۇن بولۇپ، تۇرپاندىن گەنسۇدىكى دىغار ئايىمىقىغا كۆچۈپ كەلگەن شىركەش نامىلىق ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكنىڭ ئەۋلادى. شىركەش ئالتۇن خاقانلىقى ۋاختىدا دىۋان بەگلىكىنىڭ تەرجىمان ئەمەلدارى، كەيفىڭ شەھىرىنىڭ قانۇن ئەمەلدارى، كېيىنچە ھەبى سوت ئەمەلدارى بولغان. شۇ چاغدا خەنزۇ تىلىدا ھەربى خىزمەت «بىڭ ما» دەپ ئاتالغاچقا، «ما» ئىبارىسى ئۇنىڭغا فامىلە بولۇپ سىڭىپ قالغان. بوۋىلىرى بۇقىناي ماشچاڭ، دادىسى مارۇڭسى قاتارلىقلار ئىزچىل تۈردە يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا يۇقۇرى مەنسەپلەردە بولغان. مازۇچاڭ قۇبلايخان جەنۇبى سۇڭ سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلغان يىلى تۇغۇلغان.

مازۇچاڭنىڭ بوۋىلىرى خەنزۇ تىل-يېزىقىغا ماھىر ئىدى. دادىسى شائىر مارۇڭسى «جاۋلىن» نامىلىق دىۋانىنىڭ ئاپتۇرى ئىدى. مازۇچاڭ كىچىكىدىن شېئىرىيەتكە ھەۋەس باغلىغان. ئۇ، 800 پارچىغا يېقىن لىرىك شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تاشلىق دىيار» نامىلىق توپلامنىڭ ئاپتۇرى. توپلامدىكى شېئىرلار بۇ مەشھۇر ئۇيغۇر لىرىك شائىرى مويۈن (مازۇچاڭ)نىڭ لىرىك شېئىرىي ماھارىتىنى نامايەن قىلىدۇ. تۆۋەندىكى بىرقانچە شېئىر – نەزمىلەر ئۇيغۇر شائىرى مويۇن ياڭخى- مازۇچاڭنىڭ «تاشلىق دىيار» توپلىمىدىكى ئاجايىپ گۈزەل بەدىئىي چەشمىدىن بىر قانچە قەترە، خالاس. موڭغۇل، يۈەن دەۋرىدە خەنزۇ ئەدەبىي تىلىدا شېئىر يازغان ۋە جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ شۇ بىر دەۋرىدىكى شېئىرىيەت گۈلزارىغا ھۆسۈن قوشقان لىيەن شىشەن، گۈەن يۈنشى (سەۋنچ قايا)، جىياۋشىيەن، مازۇچاڭ، سەي جەن، يەنزۇڭدا قاتارلىق ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزنىڭ موھىم بىر ساھەسى بولغۇسى.

ئەمدى، مويۇن ياڭخى- مازۇچاڭ شېئىرلىرىدىن بىر قانچە نەمۇنىلەرنى مۇشتەرىلەرگە سۇنىمىز.

لىڭجۇدا

مەن مۇشۇ خېشى دىيارىغا قەدەم قويغان زامان،
ياكى چۈش ياكى خىيالدەك يول ئېلىپ مەن يۇرت تامان:
ئۇندا ئۇزۇم مەيلىرى قىلغاي كۆڭۈلنى خۇش كەيىپ،
بېدىلىكلەر ئورنىنى ئالغان بۇدەم ئاشلىق ماكان.
قىزلىرى ماھىر ئۇ يۇرتنىڭ ئاتتا جەۋلان قىلغىلى،
ياشىنىپ قالغانلىرىدا يوق ساۋاتسىز بىگۇمان.
ئوردىمىز دېھقانچىلىقنى ئەتىۋار بىلگەچ بۇ چاغ،
تاڭ سەھەر ئېتىز بېشىدا كۆرىنەر سۆرەم، ساپان.

2

خېشى دىيارىدىكى نەزمە

تۇرىدۇ تىلمەن تېغى ئاستىدا خېشى مەۋج ئۇرۇپ،
يېشى ئون سەككىزدە قىزلار چېچىنى ئالغان ئۆرۈپ،
لالىدەك كۆركەم ئېگىنلەر يالتىرار گويا شەپەق،
جۈپ تاپار بۇددىست يىگىتلەر كەينىدىن ئىزدەپ يۈرۈپ.
يول ئالار غەرب تامان تۆگىگە دۇردۇن بېسىپ،
قايتىشار بايلىقتا ھەتتا تاقىغا زەر چەكتۈرۈپ.
ئالدىغا مومدىنمۇ ئاپئاق قوي يېغىنى قويۇۋېلىپ،
ئىچىشەر مەيزابنى ئۇندا كاسىنى لىق تولدۇرۇپ.

3

ئىران سودىگىرى

سودىگەر ئىرانلىقلار دەشتى-چۆللۈكتىن كېلەر،
تۈندە كولدۇرما ئۈنى يول يىراقتىن ئەسلىتەر.

قارىقاش دەريا لىۋىدىن ئېپ كېلەر تاشنى تېرىپ،
شەرق ئېلىدە ئۈنى كەندىر ھەم يىپەككە تېگىشەر.

4

شىن ۋېنخاڭنىڭ «خالتا قۇم دىۋانى»غا مەدھىيە

ئاشۇ خالتا قۇمدا زادى قانچە ئالتۇن بار دېسەم،
ھەممىسى ئالتۇن بولۇپ چاقناتتى كۆزۈمنى بۇ دەم.
سىز قەدىمدىن زەر بىلەن بوپسىز ئۇدا مەشغۇل مانا،
قىسقا-قىسقا نەزمىلەر قىممەت ئىكەن زەردىنمۇ ھەم.
بەزىسى جەڭچىگە تولغان قەھرىتان جەڭگاھ يەنە
بەزىسىدە يۈز ئاچار پەدەزدە كۆلگەن قىز-سەنەم.
باشقا ئاق چۈشكۈنچە دىلدىن يازدىڭىز شۇنچە شېئىر،
نەزمىڭىزدە ئاشۇ يىن جەن بىرلە خې سۇڭ بوپتۇ جەم.

5

چىڭياڭدا

بېدىلەر كۆكلەر باھار، ئاتلارمۇ سەمرىيدۇ بۇئان،
بۇ ئۈچۈنچى ئاي چېغى تاللار ھۆسىن قۇچقاي ھامان.
بۇ سەپەر ئۆتسەم بۇ يەردىن چۆلسىرەپ قاپتۇ راۋاق،
لەۋھەگە سالسام نەزەر، ئۈچتى ياۋا قۇشلار شۇئان.

6

سەيۋىنجى رەسىمىگە

غۇز دىيارىدا بەئەينى خەن يېرىدەك ئاي تولار،

ئەجدىھا قۇملۇقتا سۇ مۇڭ تارىسدەك ئاڭلىنار.
ئەگمە بوز ئۆيدە يىتىپ ۋىنچى كۆرۈپتۇ چۈش بۇ دەم،
قاي باھار ئۆز ئەينىكى ئالدىدا ئۇ پەرداز قىلار.

7

ۋاڭ جاۋجۈن

مەپىلىك يۈز ھارۋا ماڭدى تەڭرىقۇت دىيارىغا،
يوق ئورۇن رەسسامغا پارا بەرمىگەنلىك زارىغا.
ئوخشىدىم تاغ قىزىغا قىسسپ قۇلاققا گۈل چىمەن،
يان تەرەپتە بار ئىدى بىر ئائىلە دىھقان يەنە.

8

تانشى سادۇل ھەزرەتكە

ئايدا ئۈچ مىڭ تۈپ ئاشۇ گۈيشۇ دەرىخى بار ئىمىش،
ھەممىسىنى شۇ گۈزەل چاڭ ئې ئۆزى تىككەن ئىمىش.
كىممۇ ئۈندىن بىرسىنى ئۈزۈپ تىكەر بۇ ۋادىغا،
ئۈندىكى خىسلەت تومۇزنىڭ تەپتىسمۇ گۈل چېكىش.

# زەينۇلئابىدىن مەۋلەۋى داموللا ھاجىم تەئرىپىدە

زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر دىنىي ئالىملىرىدىن زەينۇلئابىدىن مەۋلەۋى داموللا ھاجىم كۆرنەرلىك ئورۇن ۋە شۆھرەتكە ئىگە مۇدەررىس.

زەينۇلئابىدىن مەۋلەۋى داموللا ھاجىم 1910-يىلى ئاستىن ئاتۇشنىڭ مەشھەدكە تۇتاش باغ ئېرىق يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ھاشىم قارى قۇززات بولۇپ، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، دىن مىللەتنىڭ پىداكارى، ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، ھۆرىيەتپەرۋەر ،مۇتەپەككۇر ئابدۇقادىر ئابدۇۋارىس ئەزىزنىڭ سىڭلىسى ھەلىمىخان ئۇنىڭ ئانىسى ئىدى.

زەينۇلئابىدىن مەۋلەۋى داموللام سۇلتانىم مەدرىسىدە باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ساۋادىنى ئاچقان تۇنجى ئۇستازلىرى ھابىل ھاجىم بىلەن ئابدۇراخمان خەلپىتىم ئىدى.

ئۇ 12 ياشقا كىرگەندە ئابدۇقادىر داموللام ئۇنى ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان قەشقەر توغانخان مەدرىسىگە ئېلىپ بېرىپ، ئەرەپ تىلى گىراماتكىسى بىلەن ناتىقلىق مەنتىقىسىنى ئۆگەتكەن. كېيىن ئاتۇشقا قايتىپ، سۇلتانىم مەدرىسىدە يەنە ھابىل ھاجىمدا ئىككى يىل ئوقۇغان. ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەرگە يەنە بېرىپ، تۆركۆل قورغانبويىلىق ئالىم شەمسىددىن داموللام ھاجىمدا ئىككى يىل بالاغەت، پاساھەت، مەنتىقە ئىلىملىرىنى ئوقۇپ، 18 يېشىدا ھىندىستانغا ئوقۇشقا كەتكەن. ئۇ دېيەندىكى مەشھۇر دارىلئۇلۇمغا ئوقۇشقا كىرىش ئۈچۈن سارامپۇردىكى مازاھىرۇل ئۇلۇم تەييارلىق مەكتىپىدە بىر يىل ئوقۇغان. كېيىن زەينۇلئابىدىن مەۋلەۋى داموللام بومباي يېنىدىكى دابىل شەھرىدە قۇرۇلغان جامەئىي ئىسلامىيە ئىنىستىتوتىدا بىر يىل يەنە بىلىم ئاشۇرغان. بەدرۇل ئالەم، شىببىي رەھمەت ئۇسانىي، ئەنۋەر شاھ قاتارلىق مۇدەررىسلەر ئۇنىڭغا مەنتىقە، پەلسەپە، پەلەكىيان، «تەسرىخ» (ئالەم سىرلىرى) بويىچە بىلىم بەرگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن دېيەبەن دارىلئۇلۇمغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، سەككىز يىل بىلىم ئالغان. بۇ، بىر يېرىم مىڭ ئوقۇغۇچىلىق خەلقارا ئىسلام ئالىي مەكتىپى ئىدى. ئۇنىڭ ئوقۇغان دەرسلىرى: تەپسىر، پەلسەپە، مەنتىقە، ئاقائىد، ئەدەبىيات، تارىخ قاتارلىقلار. ئۇستازلىرى ئەللامە شىببىي رەھمەت ئوسمانىي، ھۆسەيىن ئەھمەد مەدەنىي بولغان.

زەينۇلئابىدىن مەۋلەۋى دامۇللام مەكتەپنى «مەۋلەۋى»لىك ئۇنۋانى بىلەن تاماملاپ، كېيىنكى مۇدەررىسلىكتە «فازىل»لىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. بۇ، «ئەللامە» لىكتىن بىر دەرجە تۆۋەن ئۇنۋان ئىدى.

ئۇ 38 يېشىدا دېھلىدىكى جامەئىي ئەئزەم مەدرىسىدە «ئۇچ-تۆت يىل فىقھ (دىنىي قانۇن) ئىلمى بويىچە مۇدەررىس ۋە بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى بولغان.

1942-، 1943-يىللىرى ھىندىستاندا پاكىستان مۇستەقىللىقى ھەركىتى كۈچەيگەن تىنىچسىز كۈنلەردە دادىسى ھاشىم قازى كالاندىن كەلگەن چاقىرىق خېتى بويىچە ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ۋە سۇلتانەم مەدرىسىدە تۆت يىل تالىپلارغا دەرس بەرگەن. سۇ ئاپىتى خانەۋەيران قىلىش ئالدىدىكى سۇلتانەم مازىرى توققۇز مۇنارلىق گۈزەل مەقبەرە بولۇپ، ئۇ يەردە كۆپ ھوجرىلىق مەدرىسە بوغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى يەر ئىسلاھاتىدا دىنىي بىلىم يۇرتلىرى تاقىۋېتىلگىچە قەشقەر دۆڭ مەسچىتتىكى مەدرىستە مۇدەررىس ھەم مەسچىت ئىمامى بولغان. بۇ مەكتەپتە 100دىن ئارتۇق تالىپ بولۇپ، يېتىپ ئوقۇغانلار ئىچىدە سەلەي دامولا ھاجىم ئوغلى مۇھەممەد سەلەي ھاجىم، ئۈرۈمچى نەنمىڭ مەسچىت ئىمامى مەھمۇد دامولا، قارا شەھەردىن بارات دامولاھاجى، بۈگۈردىن ئەبەيدۇللا دامولاھاجىملار بار ئىدى.

ئۇ، سولچىل ئىدىيە ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا كۆرەشكە تارتىلغان ۋە ئىككى يىل دىنىي ئوقۇغۇچى بولۇپ قامالغان. كېيىن تۈرمىدىن چىقىپ ئائىلە دېھقانچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇ، غۇلجا، ئارا تۆپە قاتارلىق جايلاردا تۇغقان ۋە تالىپلىرى ئارىسىدا تەركىي ماكان بولۇپ يۈرگەن.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇ يېڭى ھايات پەسلىگە قەدەم قويۇپ، قايتىدىن مۇدەررىسلىك ھاياتىنى باشلىدى.

1982-يىلى ئۇ لىۋىيىدە ئېچىلغان «مۇئتەمەر ئالەمى ئىسلامى» (دۇنيا ئىسلام يىغىنى)غا ئىلمىز ۋەكىللىرى ئىچىدىكى تۆت ۋەكىلنىڭ ئىچىدە بىردىن-بىر ئۇيغۇر ۋەكىلى بولۇپ قاتنىشىپ، كازافىنىڭ قوبۇل كۆرۈشىگە نائىل بولۇپ، بىللە رەسىمگە چۈشكەن. پاكىستان، ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىكى، يۇگوسلاۋىيە، شۋېتسارىيە، غەربىي گېرمانىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق ئەللەردە بولغان. 1984-يىلى ھەج قىلغان.

1989-يىل①، ئاتۇش- باغئېرىق

---

ئىزاھات①: ئالىم ئابدۇشۈكۈرمۇھەممەتئىمىن بۇ ماقالىنى 1989-يىلى ئانا يۇرتى

ئاتۇشقا بارغاندا زەينۇل ئابىدىن مەۋلەۋى داموللا ھاجىم بىلەن سۆھبەتلىشىپ يازغان. ھەم «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتوتى ئىلمى جورنىلى»نىڭ 1993-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلدۇرغان. بۇ ئىككى ئالىمنىڭ شۇ قېتىمقى سۆھبىتى شۇنداق خاسىيەتلىك بولغانكى ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ 30، 40 يىللىق دۇنيا قارىشىغا قايتا نەزەر سالغان.

# ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى

## 1

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يىراق ئاتا- بوۋىلىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالىدىكى بوستان ۋە يايلاقلارنى ئاساس قىلىپ، پەرغانە ۋە يەتتە سۇ، ئۇرخۇن ۋە سىلىنگا ئەتراپىدا ياشىغان. ئوغۇزخان، ئاپراسىياپ، بۆكۈخان ۋە بۇغراخان قەھرىمانلىق داستانلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشقان خانلىق جەمەتى ياغلاقار- ياغما قەبىلىلىرىدىن تەشكىل تاپقان. ئون ئۇيغۇر، شەرقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەشكىل قىلغان ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى غۇلاپ، ياغلىقارلار گەنجۇ سىرىق ئۇيغۇرلىرىغا ئايلانغاندىن باشقا، ئادىز، ياغما قەبىلىلىرى خانلىق جەمەتىنى تەشكىل قىلغان توققۇز ئۇيغۇر ـ غەربى ئۇيغۇرلار بىشبالىق – ئىدىقۇت ئارسلانخانلىقى، قەشقەر- قۇزئوردا بۇغرا قاراخانلىقى بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلىكخانلىقىنى تەشكىل قىلىپ شەرق بىلەن غەرپ ئارىسىدىكى مەشھۇر يىپەك يولى ئالاقىلىرى بىلەن ئالەمشۇمۇل تارىخىي شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئىسلام مەدەنىيىتىگە كۆرنەرلىك تۆھپە قوشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا مىللەتلىرى ئارىسىدا ياشىغان تېرتورىيىلىرىنىڭ كەڭلىكى، ئولتۇراقلىشىش ۋە تېرىقچىلىققا ئەڭ دەسلەپ قويغانلىقى، كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ دېھقانچىلىق چۈۋە ھۈنەرسازلىق ئىشلىرى ئۇيغۇرلارنى جەلىپ قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى، شەھەر- قەلئە ھاياتى ۋە مالىيە سودىغا بولغان ماھارىتى، يېزىق ۋە ئەدەبىي تىل جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغانلىقى، ئىپتىدائىي ئانامىزم- توتېمىزم ۋە شامان ئەقىدىلىرىدىن ئاللابۇرۇن ئالاقىنى ئۈزۈپ، ئاتەشپەرەسلىك، مانىي ھەم بۇددىزم مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشقانلىقى، ئۆز تارىخىدا بىر قاتار شەھەر- قەلئە مەملىكەتلىرى ۋە بىرقانچە خاقانلىقلار بەرپا قىلغان كۈچلۈك سىياسىي تېپىك گەۋدە ھاسىل قىلغانلىقى، مەشھۇر سىياسىي ئەرباپلار، سەركەردىلەر، مۇتەپەككۇر ئالىم – شائىرلار، تەرجىمەشۇناسلار ۋە كۆرۈنگەن سودا –ئىقتىساد خوجىدارلىرىنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقى بۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ بايلىقى، ئەۋزەللىكى ۋە ئۆزگە خاس

تەرەققىيپەرۋەر خاسىيەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. خۇددى قەدىمكى سۈرىيىلىكلەر ئۆزگە خاس مىللىي مەدەنىيەتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى بېيىتقاندەك، ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ئۆزگە خاس مەھەللى مەدەنىيەتتىن تاشقىرى، ئوتتۇرا دىيار، گرېك-رىم، ئەرەپ –ئەجەم ۋە ھىندى مەدەنىيىتى تەسىرى بىلەن ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان ۋە يۈكسەلدۈرگەن. بۇ ھال ئۇيغۇر خەلقىنى پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا مىللەتلىرى ئارىسىدا ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەتلىك سەلاھىيىتىگە مۇيەسسەر قىلدى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى نوقۇل ئىسلام ئېتىقادى ۋە كالامىزىم چۈشەنچىلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن چەكلەنمەستىن، بەلكى پۈتكۈل بىر پۈتۈن دۇنياۋى مەدەنىيەت تىپىنى- ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلەنگەن. بۇ ئىككى نوقتىنى، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنداق بىرقەدەر يۇقۇرى مەدەنىيەت تىپىنى شەكلەن ئەمەس، بەلكى پائال ئۆزلەشتۈرۈش پەللىسىدە تۇرغان، مەدەنىيەت ئىقتىدارىنى، شۇنىڭدەك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت تىپلىرىدىن يۇقۇرىراق سىنكىرېتىك قاتلامدىكى دىنىي مەدەنىيەت شەكلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ئىران- تاجىك تىپىدىكى سامانىلار سۇلالىسىنى ھىساپقا ئالمىغاندا تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇ دىنىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە ئۈلگىسىنى تىكلىدى. باشقا تۈركىي خەلقلەر بىلەن تۈركلەشكەن مۇڭغۇل قەبىلىلىرى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان.

ئىسلامىيەت- دىنىي شەكىلدە مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان مەدەنىيەت ھادىسىسىدىن ئىبارەت. ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش ۋە تەپەككۇر تارىخىنى، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت تارىخىنى دىن ۋە دىنىي مەدەنىيەت تارىخىدىن ئايرىۋېتىدىغان، دىنىي مەدەنىيەت تارىخىنى ياكى مەدەنىيەتنىڭ دىنىي تىپىنى قانداقتۇر غەيرى تارىخى، غەيرىي مەدەنىي ھادىسە سۈپۈتىدە ئىزاھلايدىغان قاراش ۋە ئۇسلۇب ئىلمىغا زىت. تارىخى ھەقىقەتكە زىت قاراش ۋە ئۇسلۇب. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، دىن تارىخىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، دىنىي شەكىلدىكى مەدەنىيەت تارىخىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئىنسانىيەت روھىنىڭ تارىخىنى ۋە روھىيەتتىكى ئىنسانىيەت تارىخىنى تولۇق چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق تارىخ ئاخىرلاشقىنى يوق. ئۇ تىزدىن ئۇ تىزدىن تامامەن ئاخىرلىششى مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقىي تارىخ خۇددى گرېك ئەپسانىلىرى گرېك سەنئىتىنىڭ ئاپىرىدەگاھى (ماكرىس) بولغىنىغا ئوخشاش، دىنىي مەدەنىيەتنىڭ ئىلىم-پەن مەدەنىيىتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى، رىقابەتكار ئىلھامچىسى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا بىر-بىرىنى تولۇقلىغۇچىسى بولۇشلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. ھازىرقى ئىنفورماتسىيە ۋە يېڭىچە ئاڭ تەپەككۇر ئىزدىنىشى بىزدىن

«دەھــرىلىككە قارشــى» يــاكى «ئىلاھــىيەتچىلىككە قارشــى» جەڭگــاھنى كۆچەيتىشــنى ئەمەس بەلكى مىللەتنى كۈللەندۈرۈش ۋە ئىنسـانىيەت ھەمكـارلىقنى كـۈچەيتىش يولـدا، ھەقـــقەت، ئىنســـانىيەت ۋە بەخـــت- ســـائادەت ئۈچـــۈن بولغـــان كۆرەشـــتە ئۆزئـــارا گارمونىلىششنى تەلەپ قىلماقتا.

2

ئىسلام دىنىي دۇنياۋى دىنلار ئىچىدىكى ئەڭ كېيىنكىدىن، ياش دىن، ئەگەر بـۇددىزم، خراســتىئار دىنلــرى قــۇل ئىگىلىكــى دەرۋى مەدەنىيىتىنــىڭ خــاس شــەكلى ســۈپىتىدە شەكىللەنگەن ۋە ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتى تەلەپلىـرىگە ئۇيغۇنلاشـقان بولسـا، ئىسـلام دىنـى ئوتتــۇرا ئەســىر مەدەنىيىتىنــىڭ ئورىگىنــال بىــر تــۈرى ســۈپىتىدە مەيــدانغا كەلــگەن ۋە راۋاجلانغان. ئەگەر بۇددىزم ۋە خرستىيان دىنلىرى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دىـن ۋە مەدەنـىيەت قــۇرۇلمىلىرى ئاساســىدا مەيــدانغا كېلىــپ بىــر يــۈرۈش بۇددىزملىــق ۋە خرســتىيانچىلىق مەدەنــىيەت شــەكىللىرىنى بەرپــا قىلغــان بولســا، ئىســلام دىنــى ئــۆزگىچە بولغــان دىــن ۋە مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنىڭ ئىسلامغا مۇۋاپىق ئامىللىرىدىن پايـدىلىنىپ بىـر پۈتـۈن ئىسـلام دىنــى تەلىمــاتى، تۇرمــۇش شــەكلى ۋە مەدەنــىيەت تىپىنــى روياپقــا چىقارغــان. ئىســلام مەدەنىيتى ياۋرۇپـا مەدەنـىيەت ئويغىنىشـىنىڭ ئـۇرۇقىنى تېرىغـانلىقى ئەمـدى ھېچقانـداق سىرئەمس.

ئىسلام دىنى گەرچە باشتىلا بىرخىل مەدەنىيەت شەكلى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىشـكە باشــلىغان بولســىمۇ، ئاباســىيە خەلىپىلىكــى دەۋرىــدە يــۈز بەرگەن «شــەرق مەدەنــىيەت ئويغىنىشـى» ئـارقىلىق 9 ــ 12- ئەسـىرلەر ئىچىـدە يېپيېڭـى بىرخىــل دۇنيــاۋى تــارىخىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تىپىنى «ئىسلام مەدەنىيتى»نى شـەكىللەندۈرۈپ چىقتـى. بۇنـداق مەدەنىيەت نوقۇل ئىسلام ئېتىقادچىلىقى مەزمۇن قىلىنغـان دىنىي مەدەنىيەتـتىن تاشـقىرى، يەنە ئىســـلام قـــانۇنچىلىقى، ئىســـلام ئەدەپ- ئەخلاقــى، ئىســـلام بىناكـــارلىقى، ئىســـلام ئەدەبىيــاتى، ئەرەپ يېزىقــى ۋە خەتتــاتلىقى، ئىسـلام مەدەنىيتــى تەركىبىــدىكى پەلســەپە، تىبابەتچىلىـك ۋە تەبىـئەت ئىلىملىـرى، كالىنـدارچىلىق قاتـارلىق سـاھەلەرنى ئـۆز ئىچىـگە ئالغان كەڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت سىستېمىســىدىن ئىبـارەت بولـدى. ئىسـلام مەدەنىيتـى ئۆزىگە خاس دىنىي ياكى تارىخىي ئالاھىدىلىكلەردىن تاشقىرى ئىنسانىيەت مەدەنىيتىنىـڭ ئەينــى زامانــدىكى ئومــۇمىي مــۇۋەپپەقىيەتلىرى سەۋىيىســىگە ۋەكىللىـك قىلىـپ دۇنيــاۋى قىممەت ياراتتى. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا ئىدى ئىسلام مەدەنىيتـى مىـڭ يىللاردىـن بېرى

مىلياردلىغان كىشى قەلبىنى، تۇرمۇش يوسۇنلىرىنى ئۆزگە مۇنداق جەلىپ قىلمىغان بولاتتى.

ئىسلام دىنى ئۇمەرىيە سۇلالىسى (661- 750) دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. خەلىپە ۋەلىد (705- 715) ۋاقتىدا سەركەردە قۇتايبە ئىبنى مۇسلىم باشچىلىقىدىكى ئەرەب مۇسۇلمان قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىش يۈرىشىنى باشلاپ كۆپ يىللىق جەددىي جەڭلەردىن كېيىن 712-يىلى بۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ پەرغانە ۋە قەشقەر ۋادىسى، تالاس-يەتتەسۇ بوستانلىقلىرى ھەتتا بېشبالىقتا ئىسلام مۇخلىسلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، سامانىيلار بىلەن قاراخانىلار ئارىسىدىكى كەسكىن ھەربىي زىددىيەتلەر تۈپەيلى ئىسلام دىنى توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا قاتتىق تەقىپ قىلىندى، پەقەت سۇلتان ساتۇق بۇغراخان 935-يىلى ئاتۇشتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەندىن كېيىنلا ئىسلامىيەت قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىقى يەتكەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتنىڭ ئۇيغۇرچە مىللىي تۈسكە كىرگەن ئالاھىدە ئىپتىنىك شەكلى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سوغدى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆزلەشتۈرۈشى، ئوتتۇرا ئاسىياغا بايقال، ئېرتىش ۋادىسىدىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەرەب خەلىپىلىكىدە تۇقان ئورنىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ئۇيغۇر تۈركىي شەكلىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتى ئالامەتلىرى شەكىللىنىپ چىقتى. بۇ ئەھۋال ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىسلامىيەت شەكلىدە يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشىگە ئېلىپ كەلدى. ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بېيىتتى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىگە تۈرتكە قوشقان باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىدەك ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆچمەس تۆھپىلىرى بىلەن بېيىتتى.

3

ئالەم ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى، ئادەم ۋە ئۇنىڭ تەكرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدىكى شامانىزملىق، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددىزملىق ۋە مانىزملىق دىنىي تەسەۋۋۇر ۋە ئەقىدىلەر ئورنىغا «ئاللانىڭ بىرلىكى» ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى، ئادەمنىڭ يارىتىلغانلىقى ۋە مۇسۇلمانچىلىق مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدىكى يېڭى ئەقىدە ۋە قاراشلار ئورۇن ئالماشتۇردى. ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلغان مۇسۇلمانچىلىق پەرھىزلىرى – ئىمان، ناماز،

روزا، ئۆشرە- زاكات، ھەج قىلىش شەرتلىرى ئۇيغۇر روھىيىتى ۋە ئېتىقاد تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تېرەن ئورنىشىپ غايەت زور ۋە دائىمىي ئىچكى دىنىي پائالىيەت تۈسىنى ئالدى.

ئىسلامىيەتنىڭ ئەخلاق ۋە قانۇن (شەرىئەت) قاراشلىرى ئىلگىرىكى ئىجابىي، ئەنئەنىۋى قاراشلار بىلەن قوشۇلۇپ تەڭرىگە ۋە ئىنسانغا ھالال مۇناسىۋەتتە بولۇشنىڭ يېڭى ئۆلچەملىرىنى شەكىللەندۈردى. ۋىجدان نازارىتىدىن تاشقىرى پەزىلەت كۆزەتكۈچى، ياخشى –ياماننى ھېساپلاپ تۇرغۇچى غايىپ پەرىشتىلەر، نازارەتچى ئىسلاملاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ نىيەت ۋە پائالىيەتلىرىنى تىزگىنلەيدىغان بولدى. ئىسلام قانۇنى جازالىرى، جامائەت پىكىر ئەيىبلەشلىرى، ۋىجدان ئازاب ئۈستىگە يەنە قىيامەت سورۇقى بىلەن دوزاخ ئازابى تەشۋىشلىرى قوشۇلۇپ شەخسنىڭ ئۆز- ئۆزىنى تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتى ۋە تەسەۋۋۇرىنى كۈچەيتتى.

ئۇيغۇرلاردا مەخسۇس دىنىي تەبىقە- شەيخۇلئىسلام، ھەردەرجىلىك قازى ۋە مۇپتىلار، ھەردەرجىلىك جامە –مەسچىت ئىماملىرى، مەزىنلەر، مازار- ماشايىق شەيخلىرى، دىنىي مەدرىس- مەكتەپ مۇددەرىس- ئۆلىمالىرى، دىنىي ئىلىم بويىچە ھەردەرجىلىك ئالىملىق مەرتىۋىلىرى مەيدانغا كەلدى.

ئىسلام مەدەنىيىتى ئائىلە، يۇرت- مەھەللە، شەھەر قۇرۇلۇشلىرىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە خاس بىناكارلىق ئۇسلۇبى شەكىللەندۈردى. ئوردا- قەسىر، جامە- مەسچىت، مەقبەرە، قەبرە- گۈمبەزلىرىنىڭ ياسىلىشى ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئەڭ نەپىس شەكلى ۋە نۇسخىلىرىنى قوبۇل قىلدى. بۇ ئەسلىدىمۇ ئىسلامىيەتكە ئۇيۇشقان ياكى تەسىر كۆرسەتكەن ھەرقايسى ئەللەر ۋە خەلقلەر بىناكارلىق تەجرىبىلىرىدىن جەۋھەرلەنگەنىدى. ئەرەب يېزىقى تەدرىجى ئۇيغۇر يېزىقى شەكلى بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئاساس بولغان نەرسە مەيلى ئۇرخۇن دەۋرىدىكى «رونىك» شەكلىدىكى يېزىق بولسۇن، مەيلى سوغدى يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى بولسۇن، يالغۇز ھەرپىي ئاساس قىلغان سىمت يېزىقى سىستېمىسىغا تەۋە يېزىق بولغاچقا ئالماشتۇرۇش ئاسان ئىدى. ئەرەب يېزىقى كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ ئۇيغۇر تىلى ئىملا قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلدى. ئەرەب يېزىقى بىلەن بىللە بىر قىسىم ئەرەپچە سۆزلۈكلەر بىلەن مەلۇم سالماقتا پارس سۆزلۈكلىرى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىگە كىرىپ كەلدى. ئاتالمىش «چاغاتاي» تىلى ئۇنىڭ تىپىك ئىپادىسى بولدى. ئەرەب يېزىقى شەكلىدە ئۆزگەرتىلگەن ئۇيغۇر يېزىقى خەتتاتلىق سەنئىتىنى يېڭىچە شەكىل ۋە نۇسخىلار بويىچە ئۆزگەرتتى.

ئىسلام مەدەنىيىتىدىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار باي ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە تەرجىمە

ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىدى. يىپەك يولى مەدەنىيى ئالاقىسى ئۇيغۇرلارنى خەلقئارا سودىگەر ۋە تەرجىمان مىللەت قىلىپ قويغانىدى. كلاسسىك ئەدەبىياتى پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرلاردا بىخلىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نادىر كلاسسىك شېئىرىيەتىدىكى باشقا ئارۇز شېئىرىيەتىنىڭ يېڭى نەۋائىلىرىنى شەكىللەندۈردى. ئىستىبداتلىق ئۇيغۇر شائىرلىرى بۇ خىل بەھىر شەكىللەر ئارقىلىق ئارۇز شېئىرىيىتى ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىغا يېڭى تېماتىك مەزمۇنلار ۋە بەدىئىي ئوبرازلار بېغىشلىدى.

ئەرەپ خەلىپىلىكلىرى توپلىغان كالېندارچىلىق، ماتېماتىكا ۋە تىبابەتچىلىك ئۇتۇقلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، مائارىپى ۋە ئىلىم- پېنىنى يېڭى ئۇچۇر ۋە سەۋىيە بىلەن بېزەندۈردى. ئۇيغۇرلار ئەرەپ مەدەنىيىتى ئارقىلىق كرېك-رىم، ئىسكەندىرىيە ۋە مىسىر، سۈرىيە، ئىران ۋە ھىندىستان ئىلىم- پەن نەتىجىلىرى بىلەن قايتا تونۇشتى. قەمەرىيە كالېندارى، ھەندەسە ۋە ئالجېبىر (گېئومېترىيە ۋە ئالگېبرا) ماتېماتىكىلىرى، خارس ئىبىن كەلدا، ئەبۇبەكرى مۇھەممەد زەكارىيە ئەررازى قاتارلىق ئاپتۇرلارنىڭ تىبابەتچىلىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلار ئەرەپ مەدەنىيىتى ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم ئارىستوتىل، ئەپلاتون، بەقرات، ئوقلىدۇس قاتارلىق قەدىمكى كرېك مۇئەللىپلىرى بىلەن تونۇشتى. ئۇيغۇرلار ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى ۋە كرېك باكترىيە دۆلىتى داۋام قىلغان قەدىمكى زامانلاردىلا كرېك ئاپتۇرلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم تونۇشقانىدى.

ئىسلامىيەت مەدەنىي مۇناسىۋەتلىرىگە ئەگىشىپ ئەرەپ ساياھەتچىلىرىنىڭ توققۇز ئۇيغۇرلار ھاياتى توغرىسىدىكى يازما خاتىرلىرى ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا مەنپەئەتلىك مەنبە بولدى.

4

ئۇيغۇرلار ئىسلام مەدەنىيىتىگىمۇ كۆرىنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئەرەپ مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئارقىلىقمۇ، بىۋاستە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئارقىلىقمۇ ئەمەلگە ئاشقان.

جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئۇتۇقى ھېساپلانغان قەغەزچىلىك ۋە يىپەكچىلىك تېخنىكىسى ئۇيغۇر زېمىنلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئابباسىيە خەلىپىلىكىگە تارقالغان. جۇڭگو تىبەتچىلىكى بىلەن ئەرەپ ۋە كرېك تىبابەتچىلىكىنىڭ ئۇتۇقلىرى ئۇيغۇر ئارقىلىق

ئىبنى سىنا ئەسەرلىرىگە ۋە ئەرەپ تىبابەتچىلىكىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. پورۇخنىڭ ئەرەپ دۇنياسىدا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى ئاقساق تۆمۈردىن باشلانغاندى. ئىسلامىيەت دۇنياسىدا توققۇز ئۇيغۇر پەيلاسوپى ۋە ئالىمى ئەبۇ نەسىر فارابى ناتۇرال پانتېزىملىق پەلسەپىۋى سىستېمىسىغا ئاساس سېلىپ ئارىستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ شۆھرەت قازانغان، فارابى ئەرەپ پەلسەپىسىگە ئەرەپلەرگە گرېك پەلسەپىسىنى تونۇشتۇرۇشقا، ئەرەپ پەلسەپىسىدىكى ئىلمىي ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشقا، ئەرەپ ماتېماتىكىسىغا، ئەرەپ موزىكىسىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا فارابى قاراشلىرى، بولۇپمۇ فارابىنىڭ «تۆت زات» قاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ «تۆت تادۇ»، «تۆت ئاناسىر» ئاساسىدىكى تىبابەتچىلىك قاراشلىرىنى پۈتكۈل ئىسلام شەرقىگە، ھەتتا غەربىي ياۋرۇپاغا تارقاتقانىدى.

مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى تەقدىم قىلىپ ئەرەپ- ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىغا ھەسسە قوشقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئەسىرى ئىسلام شەرقىدە خەلىپە ھارۇن رەشىد ۋە خەلىپە مەمۇنىدىن باشلانغان مەدەنىيەت ئويغۇنىشى يېڭى باسقۇچىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىپ، ئەينى زامان تەپەككۇر مۇنبىرىدە يېڭى بىر ئېگىزلىك پەيدا قىلدى. ئەخمەد ئىبنى تولۇد ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خۇمارابا قاتارلىق توققۇز ئوغۇز سىياسىيونلىرى مىسىردا قۇرغان تۇلۇن خانلىقى (868- 905) مىسىر ئەرەپ مەدەنىيىتى ۋە خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇش بىلەن ھەربى فىلوت تەشكىللەپ ئاكا دېڭىز بازىسىنى بەرپا قىلغانىدى. غوجا ئەھمەد يەسەۋى ۋە باھائىددىن نەقشىبەندى مۇخلىسلىرىدىن مەۋلانە سەددىن قەشقەرى (ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئۇستازى) ئىسلام تەسەۋۋۇپچىلىقىنىڭ خىلمۇخىللىقىنى بېيىتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلشىر ناۋائى ۋەكىللىگىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى روھىيەت ئالاھىدىلىكلىرى تۈپەيلى ئىسلامىيەتنىڭ تۈركىي تۈردىكى كلاسسىك ئەدەبىياتىنى بېيىتتى. فارابى مۇزىكا نەزىرىيىسى ۋە مۇزىكاشۇناسلىق پائالىيىتى ئىسلام موزىكا مەدەنىيىتى تەرەققىياتىغا نەزىرىيىۋى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

مىڭ يىللاپ داۋام قىلغان شەرق مۇزىكا سەنئىتى ئاجايىپ كاتتا بايلىق «ئون ئىككى مۇقام» ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى سالجۇقلارنىڭ غەرپكە كۆچۈشى ۋە تۆمۈرلەڭ ھەربى يۈرۈشلىرى قارىلىق ئوتتۇرا – يېقىن شەرقتە 14- ئەسىردىن كېيىنكى پەيدا بولغان «ماقام»، «مۇقام» ھاسىسىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتتى.

5

ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىدىكى ئالەمشۇمۇل تارىخىي مەدەنىيەت تىپى سۈپىتىدە ئىسپانىيە (ئاندالۇسىيە)دىن جۇڭگوغىچە، ئەزەربەيجاندىن سىمالى ئافرىقىغىچە كەڭ تېرىتورىيەدە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشى (رېنىسانس) ئۈچۈن مۇھىم ئاساس سالدى.

ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن بۇيان ئۇن ئەسىردىن كۆپراق ئۆتتى. ھازىرقى كۈندە ئىسلام مەدەنىيىتى پەن- تېخنىكا ۋە سانائەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئۆزىنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ ئۆزگە خاس ئىسلام دۇنياسى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرمەكتە. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىلىم چىندە بولسىمۇ ئۇنى ئىگىلەش لازىم»، «ئالىملارنىڭ سەھىپە بەتلىرىگە يازغان سىياھى سېھىدلارنىڭ قەبرە تاشلىرىغا ئويۇلغان يېزىقلار بىلەن ئوخشاشلا قەدىرلىنىدۇ»، «مۇسۇلمانلار مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇشتا باشقا خەلقلەردىن ئارقىدا قالماسلىقى كېرەك» دېگەن سۆزلىرى ھېلىمۇ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتە يېڭىچە ئاڭ –پىكىر، ئىلىم- پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى تەكىتلەشتە ئىلھامبەخش كۈچىنى يوقاتقىنى يوق.

1989-يىلى 20-فېۋرال

# ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى دىنلار

1

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئانىمىزملىق دۇنيا قارىشى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا جەمئىيىتىدە شامان ئېتىقادى شەكلىدە تولىمۇ ئۇزاق ساقلاندى.

شامان دىنىنىڭ قاچان باشلانغانلىقى مەلۇم ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى شارائىتىدا، ئانىمىزمنىڭ ياخشى –يامان روھلار توغرىسىدىكى قارىشىدىن ئۆسۈپ چىققانلىقى، ئۇنىڭ بۇددىزم ۋە مانىزم ئۈستۈنلۈك قازانغانغا قەدەر ئاتەشپەرەسلىك دىنى بىلەن بىللە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۇنىڭ ساقىندىلىرىنىڭ ھەتتا يېقىنقى زامانغىچە ساقلانغانلىقى ئېنىق. شامان ئېتىقادىغا ئاساسلانغاندا، ئىنسان مەركەز قىلىنغان ھالدا ئالەم ئۈچ قاتلامدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاسمان- تەڭرىلەر، ياخشىلىق، ساخاۋەت مۇئەككەللىرى ھىساپلىناتتى؛ ئۇ سېغىنىش، مەدھىيلەش ۋە تالاۋەت ئوبيېكتى ئىدى. يەر- ئىنسانىيەت ماكانى بولۇپ، يەر ئاستى- جىن-ئالۋاستىلار دۇنياسى دېيىلەتتى؛ ئۇ، قارغىش، دۇئايى بەد، ئەپسۇن ئوبيېكتى ئىدى. شامان ئېتىقادىدا، ياخشىلىق، ساخاۋەت ۋە تەڭرى- ئىنسان قىياپەتلىك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. كېيىنچە ئۇلارنىڭ ۋە تۈرلۈك ھۆر –پەرىلەرنىڭ ئوبرازىدا كۆپلىگەن گۈزەل ئەپسانىلەر مەيدانغا كەلگەن.

شامان ئېتىقادى ئانا ئۇرۇقى ئاخىرلاشقاندىن باشلاپ تېخىمۇ تاكامۇللاشتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى مۇنداق بولغان:

1.ئالەمنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ قاتلامغا بۆلۈپ، ھەممىنى سىرلىق قىياپەتتە ئىزاھلاش.

2.ئىنساننىڭ خاتىرەملىكى، سالامەتلىكى ۋە مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەپ، ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلىپ، يۇقۇرىدا نۇرانە تەڭرىلەر بىلەن، تۆۋەندە جىن –ئالۋاستىلار بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ۋاستىچىلار- شامان (قامان) باخشىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى.

3.شامان باخشىلىرىنىڭ ئادەملەر بىلەن جىن –ئالۋاستىلار ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى. مەسىلەن: باخشىلارنىڭ كېسەلگە قايسى جىن- ئالۋاستى ياكى يامان ئەرۋاھنىڭ چېپىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرىشى، ئۇنى قارغىشى، قۇدرەتلىك نۇرانە روھىي كۈچلەرنى

يـاردەمگە چاقىرىـپ، جاهىـل جىـن- ئالۋاسـتى يـاكى يامـان ئەرۋاھلارغـا قارشـى ئەپسـۇن ئوقۇپ، قۇرال كۆتۈرۈپ، ئوت چېچىپ سېھىرگەرلىك قىلىشى؛ تۇغـۇت ۋە گۆزەللىـك نۇمـۇس تەڭرىسى «ئابزىت»قا دۇئا ئوقۇپ، تۇغۇتنى يەڭگىللەشتۈرىشـى؛ باشـقا كىيسـەلدىن كېلىـپ چىققان چاپلىشىۋالغان يامان روھلارنى ئىگىسىگە ھەيدەشى، ئۈزاققىچە روھـلار دۇنياسـىغا قايتمىغان ئەرۋاھلارنى قايتۇرىشى... قاتارلىقلار.

4.شـامان باخشـىلىرىنىڭ بىرقاتـار سـېھىرلىك، دراماتىـك، ناخشـا- ئۇسـۇللۇق، ئەم- ئىرىملىق، قائىدە- مۇراسىملىق پائالىيەتلىرى ۋە باشقىلار.

شامان دىنىدىكى باخشىلىق، پىرىخونلۇق، ئەم (داۋا) ئۇسـۇللىرى قەدىمكـى ئوتتـۇرا ۋە مەركىزىي ئاسيا خەلقلىرى سەنئىتى ۋە تىبـابەتچىلىكنى ئىلگـىرى سـۈردى. ئـوت، ئىسـرىق، هورداش، گۈڭگۈرتتە ئەملەش، داغلاش، ئەتـر ئىشـلىتىش، قـان چېكىش، تىـرىگە ئـېلىش، تەرلىتىش، ئۇچۇغلاش، پىر ئوينىتىش، ئىچىنى سۈردۈرۈش، كىچىـك ئوپېراتسـيە قاتـارلىقلار شامان دىنى نىقابىدا ئېلىپ بېرىلغان تىبابەت ئەمەلىيىتى بولۇپ قالغان.

شـامان دىنـى يەنە قۇربـانلىق ۋە ئىسـتىقامەت، ھېيـت- ئـايەم، يۇلتۇزغـا بـېقىش، پـال ئـېچىش، چۈشـكە تەبىـر بېـرىش ۋە باشـقىلار ئـۆز تەسـىرىنى سـىڭدۈرۈپ، پۈتكـۈل ئېتنىـك تۇرمۇشنىڭ كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلغان. مۇنداق ئىدېئولوگىيىلىك قۇرۇلمـا يېقىنقـى زامـانلارغىچە باشـقا ھەرقايسـى ئېتىقـاد شـەكىللىرى بىـلەن بىللـە يـاكى ئـۇلارنى يېپىنچا قىلغان ھالدا قىسمەن ساقلاندى.

2

ئاتەشپەرەسلىك دىنى ئوتتـۇرا ۋە مەركىزىـي ئاسـيا خەلقلـىرى مەدەنىيىتـى تارىخـىدا سالماق ئورۇن تۇتقان يەنە بىر موھىم دىنىي ئېتىقاد ھېساپلىنىدۇ.

شـۇنى ئـىزاھلاش زۆرۈركـى، ئاتەشپەرەسـلىك دىنـى مەيـدانغا كېلىشـتىن ئىلگـىرىلا ئوتتـۇرا ئاسـيادا «تـۆت زات»نـى ئاسـاس بىلـش، ئوتقـا، قوياشـقا چوقۇنـۇش ئەنئەنىسـى بولغان. ھىرودوتىس ماسسـاگىتلار ھەققىـدە توختالغانـدا، ئۇلارنـىڭ گۆلخـان يېقىـپ، ئـوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئوتقا مېۋە تاشلاپ، مېۋە پۇراقلىرىدىن مەست بولـۇپ، ناخشا ئوقـۇپ، ئۇسسۇل ئوينايـدىغانلىقىنى يازغـان. بەزى مەلۇمـاتلاردا ماسسـاگىتلارنىڭ قوياشـنى تەڭـرى بىلىپ ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ئاتاپ ئاتلارنى قۇربانلىق قىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان.

ئـوت- قۇيـاش، يەر- سـۇ ــــ ماسسـاگىتلار (سـاكلار)نـىڭ سـېغىنىش ئـوبيېكتلىرى ھېسـاپلىناتتى. بـۇ ئەسـلىدە شـامانىزىم ئەنئەنىسـىمۇ ئـىدى. ئـوتنى ئۇلـۇغلاش، ئىسـرىق

تاشلاش، ياغ پۈركۈش، قاپاق كۆيدۈرۈش، يېڭى كىلىنىنى ئۆتتىن سەكرىتىش، يېڭى قەبرىگە چىراغ يېقىش قاتارلىق ئادەتلەر ئارىيانلارنىڭ بىر قىسمى شىمالىي ھىندىستانغا كۆچكەن چاغلاردا ساقلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ «رىگاۋېدا» ناملىق قەدىمكى دەستۇرىدا ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدا يەنە، سۇ يار ئېلىپ توختىمىسا ئادەم قۇربانلىق قىلىش، مۇشۇك يۈزىنى يۇسا، سېغىزخان سايرىسا ئۇنىڭ بىشارىتىنى جوراش قاتارلىق ئادەتلەر ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ساقىندى سۈپىتىدە مەۋجۇت.

ئاتەشپەرەسلىكنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇتقا سېغىنىش پائالىيىتىدىن خاس دىنىي ئېتىقاد ئۆزگىرىشى — بۇ دىنىنىڭ ئىجاتچىسى زارا ئاستىرا ۋە بۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

زارا ئاستىرىزمىنىڭ ئەسلى ماكانى ئوتتۇرا ئاسىيا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى بۇلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئوت بىلەن قويۇشقا بولغان سېھىرلىك قاراشلىرى ئىدى.

تەبەرىنىڭ پىكرىچە، زارا ئاسترا گرېك بولۇپ، «زەردۇشت بىننى يۇنان» دەپ ئاتالغان. ئۇ، ئىختىلاپ تۇپەيلىدىن ھىندىستانغا كېلىپ، بىر غاردا «ئاۋېستا»نى يازغان. برونى ئۇنى ئەزەربەيجانلىق سەفىد تۇمان دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئىدى، دەپ قارايدۇ. ياكسۇن قاتارلىق ئالىملار ئۇنى مىدىيىلىك ئىدى. دەيدۇ. مېيىر، گېگېر، گېلدنېر، خۇئارت قاتارلىق ئالىملار، جۈملىدىن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى ۋىلىيام مىككوۋرېن: ئاتەشپەرەسلىك دىنىي- ئوتتۇرا ئاسىيادا، يەنى خارەزىم ياكى باكتىرىيەدە مەيدانغا كەلگەن، دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ خىل قاراشنى «ئاۋېستا»نىڭ تىلى ۋە ئۇنىڭدىكى جۇغراپىيىلىك، ئېتنولوگىيە مەزمۇنلار ئارقىلىق ئىزاھلايدۇ. ۋىلىيام مىكگوۋرېن بۇ ھەقتە توختۇلۇپ: « ‹ئاۋېستا› كۆپ جەھەتتىن قەدىمكى پىرسىيە تىلىغا ئوخشىمايدىغان ... قەدىمكى باكتىرىيە تىلىدا يېزىلغان»، «ھەقىقەتەن ‹ئاۋېستا›دا غەربىي ئىران ئىنتايىن ئاز تىلغا ئېلىنغان، شەرقتىكى دەريا ۋە جايلار بولسا، كۆپرەك تىلغا ئېلىنغان» دەپ يازغان. «ئاۋېستا»دا زارا ئاسترا تۇغۇلغان جاي مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «ئۇ، شۇنداق مەملىكەتكى، ئۇ يەردە بىھساپ لەشكەرلەرگە باھادىر سەركەردىلەر باشچىلىق قىلىدۇ، ئۇ يەردىكى يايلاقلار ۋە ئېگىز تاغلار چارۋىنىڭ ھەممە لازىملىقلىرىنى تەمىن قىلىدۇ. ئۇ يەردە سۇلۇق، تېرەن كۆللەر بار، ئۇ يەرنىڭ كېمە قاتنايدىغان دولقۇنلۇق، دەريالىرى ئارقىلىق ئىسكەت، پوئۇرۇت، مائۇرا (مەرۋە) خارىۋا (ئارىيە)، گەد، سوغدىيە، خارەزىم ئەللىرىگە قاتنىغىلى بولىدۇ.»

زارا ئاسترا قاچان ياشىغانلىقى ۋە «ئاۋىستا» قاچان يېزىلغانلىقى ھەققىدىكى كۆزقاراشلار ھەرخىل. ياكسۇن: زارا ئاسترا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 660- 583- يىللىرى

ئاخمانىلار سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ياشىغان دېسە، ھېرز فېلد ئۇنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 570- يىللىرىدا ياشىغان دەيدۇ. مېيېر، كېنىت، تېلې قاتارلىقلار بولسا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 900- يىللىرى ياشىغان دەيدۇ. بۇ ئاخمانىلار سۇلالىسىدىن خېلى ئىلگىرىكى دەۋرلەرنى كۆرسىتىدۇ. تەبەرى ئۇنى ئاپراسىياپنىڭ ئورنىغا چىققان تۇران قاغانى ئەرجاسپ بىلەن جەڭ قىلغان ئىران شاھى گۇشتاسپ زامانىدا ياشىغان، گۇشتاسپ زارا ئاسترا بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇ دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە نەۋرىسى ئىسپەندىيار ئارقىلىق ئىران، ھىندى، قىپچاق ئەللىرىدە تارقاتقان دېگەن پىكرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بەزى تارىخچىلار ئىسپەندىيارنى دارابىر دەپ قىياس قىلىشىدۇ. بىرونىنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، زارائاسترا «ئاۋستا» نى 12 مىڭ مال تېرىسىگە يېزىپ چىققان. تارىخىي مەنبەلەردە «ئاۋستا»نىڭ ئەسلى ئۈچ پارچە نۇسخىسى بولۇپ، بىرىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين كۆيدۈرۈپ تاشلىغانلىقى، پەقەت ئۇنىڭ تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيىگە ئائىت قىسمىنىلا ساقلاپ قالغانلىقى، يەنە بىر نۇسخىسىنى گرېتسىيىگە ئەۋەتكەنلىكى، ئاخىرقى بىر نۇسخىسىنى بولسا، بۇ دىنغا سادىق مەجۇسلەر ساقلاپ قالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. كېيىنچە ساسانىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان 3- ئەسىرلەردە زارائاسترا دىنى رەسمىي ئېتىقاد سۈپۈتىدە ئېتىراپ قىلىنىپ، «ئاۋېستا» قايتا ئىشلەنگەن ۋە ھازىرقىدەك ئىخچام ھالەتكە ـــ «زەند ئاۋېستا» شەكلىگە كەلگەن.

«ئاۋېستا» ـــ ئۈچ قىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، بىرىنچى قىسمى، ئەڭ قەدىمكى باكترىيە (باختەر) تىلىدا يېزىلغان. ئۇ زارا ئاسترا تەرىپىدىن توپلانغان شېئىرىيەت نەمۇنىلىرى بولۇشى ئېھتىمال. ئۇنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى قىسىملىرى نەسرىي ئەسەر بولۇپ، ئاخمانىلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، فارفىيە ـــ ئارشاك سولالىسى دەۋردە ۋە ساسانىلار دەۋرلىرىدە بىر- بىرلەپ تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئاتەش پەرەسلىك دىنىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى مۇنداق: دۇنيا بىر-بىرى بىلەن ھەم قوشگېزەك ئاكا- ئۇكا، ھەم بىر-بىرىگە زىت بولغان ئىككى قۇتۇپنىڭ كۈرىشىدىن تەشكىل تاپقان. ئۇ ئىككى قۇتۇپ ـــ يورۇقلۇق ۋە ياخشىلىق بىلەن، قاراڭغۇلۇق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت؛ ئۇنىڭ نامايەندىسى ئىككى ئىلاھىي كۈچ- يورۇقلۇق تەڭرىسى ئاخۇرا مازدا بىلەن زۇلمەت تەڭرىسى ئانگىرىمانيودىن ئىبارەت؛ ئالەم بۇ ئىككى ئىلاھىي كۈچنىڭ زىددىيىتى ۋە كۆرىشى بىلەن تولغان، ئەلمىنىڭ تەرەققىياتى يورۇقلۇق بىلەن ياخشىلىقنىڭ قاراڭغۇلۇق بىلەن يامانلىق ئۈستىدىن ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىش جەريانىدۇر ۋە باشقىلار.

ئاخمانىلار يازما ھۆججەتلىرى مۇتەخەسسىسى ۋ.ۋ.بىترووۋىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئاخمانىلار زارائاستىرىزمنى قاتتىق تەقىپ قىلغان. ئۇلار «ۋىسا- باگا» (ئاتا- بوۋا)

ئېتىقادىغا، كېيىنچە «شەئاشئەندە» ناملىق نىجاتلىق ئىلاھىغا چوقۇنغان.

ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ شەكىللىنىشى ــ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياۋايىلىق دەۋردىن مەدەنىيەت دەۋرىگە ــ سىۋىلىزتسىيە دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ، دەسلەپكى بوستان مەملىكەتلىرى شەكىللىنىشىنىڭ ۋە دەسلەپكى سىنىپىي، ئىجتىمائىي ئازادلىق ئىستەكلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. «ئاۋېستا»دا «تېرىلغۇ يەر» ۋە «چارۋا پادىلىرى» دېگەن ئىككى ئىقتىسادىي كاتېگورىيە بويىچە ئولتۇراق ئاھالىلەر «ياخشىلىقلار خانلىقى»، دەشت ئاھالىلىرى «يامانلىقلار خانلىقى» دەپ ئىزاھلانغان. باش تەڭرى ـ ئاخۇرا مازدا چۆلنى تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇشنى تۆھپە ۋە پەزىلەت دېگەن. بۇ ئارىيانلارنىڭ كىتابى «رىگاۋېدا»دىكى: «يەر تەڭرىسىنىڭ مەدەتكارلىقىدا يەر تېرىڭلار، بۇقۇسا تۇتۇپ يەر ھەيدەڭلار، تەييارلانغان يەرگە دان چېچىڭلار» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداشتۇر. «ئاۋېستا»دا يەنە بۇغداي، ئارپا، ئۈزۈم ھارىقى، ئولتۇراق ئۆي ۋە بوز ئۆي؛ كىگىز ئىشلەش، ئاياغ كىيىم تىكىش ۋە كىيىش، زىننەت بويۇملىرى تاقاش؛ ئاتقا مىنىش، ھارۋىغا ئات قوشۇش، ئوتتۇرا ئاسىياغا خاس قوش ئۆركەشلىك (لوككىلىق) تۇران تۆگىسى قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان. ئېيتىلىشىچە، زاراتاسترا تۆگىچى بولۇپ، «ئاسترا» دېگەن سۆز «تۆگۈچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. ئۇلار تەرىپىدىن تەۋسىيە قىلىنغان: كالا سۈيدۈكى بىلەن ناپاكلىقنى تازىلاش؛ كېسەلنى ئوت- چۆپ دورىلار بىلەن ئەملەپ ـ ئوقۇپ ئىرىم قىلىش، يېرىپ ۋە تېڭىپ داۋالاش؛ ئۆلۈكنى مۇقەددەس يەرگە كۆممەسلىك، سۇغا تاشلىماسلىق، ئوتتا كۆيدۈرمەسلىك، پەقەت ئېگىز ۋە يىراق دەشتلەرگە قويۇپ، قۇشلارغا يەم قىلىپ بېرىش دېگەنگە ئوخشاش ئادەتلەر تۆت زات قارىشى ۋە شامان ئەقىدىلىرى بىلەن بىردەك بولۇپ، بۇ، ئىران ۋە ھىندىستاندا كۆرۈلمىگەندى.

ئاتەشپەرەسلىك ــ بۇددىزم ۋە ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ساقلاندى. ئېپتالىتلار 5- ئەسىردىن ئىلگىرىلا بۇ دىننى قوبۇل قىلغانىدى. «ۋېينامە»دە كۆرسىتىلىشىچە، ئاتەشپەرەسلىك ــ قەشقەر، خوتەن، قاراشەھەر، قۇچۇ، ئىۋىرغۇلدا ساقلانغان. شەنجۇاڭ 628- يىلى سەمەرقەند ئەتراپىغا كەلگەندە بۇ دىنىنىڭ بۇددىزمدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇنىڭدىن بىر ئەسىر كېيىن ئۆتكەن ساياھەتچى خۇيچاۋ بۇ ئەھۋالدىن تەكرار خەۋەر بەرگەن. بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى كۆپلىگەن خەلق رىۋايەتلىرىدە ۋە ھېكايە – چۆچەكلىرىدە ئىپادىلەندى، ھەتتا ئەلشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىندى. ئاتاقلىق نېمىس شائىرى گيوتى «فائۇست» داستانىدا زاراتاسترا قاراشلىرىدىن ئىلھاملانغانىدى.

3

مـانى دىنىغـا كەلسـەك، ئـۇ، بىـر تەرەپـتىن، ئوتتـۇرا ئاسـىيا ئاتەشپەرەسـلىك دىنىـي قائىدىلىرىـدىن ئۆزۈۋلالىغـان بولسـا، يەنە بىـر تەرەپـتىن، ئوتتـۇرا ئاسـىيانى ئاساسـلىق بـازا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغانلىقى روشـەن ئىدى.

مانىزىم ـ ساسانىلارنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ياشىغان مانى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغـان بولـۇپ، ئـۇ، قەدىمكـى بـابىلىيە دىنـى زىرىـۋان ئېتىقـادى بـىلەن ئاتەشپەرەسـلىك دىنـى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدا بۇددىزمنىڭ ۋە دەسلەپكى خىراستىيانچىلىقنىڭ مەلـۇم تەسىرى بولغان. بۇ دىن تەخمىنەن خۇسراۋ نۇشىرىۋان زامانىدا ساسانىلار تەرىپىدىن قوبـۇل قىلىنغان بولسىمۇ، ئانچە كـۆپ ئـۆتمەي رەت قىلىنىـپ، 275- يىلـى مـانى ئۆلتـۈرۈلگەن ۋە كىتاپلىرى كۆيدۈرۈلگەن.

مـانىزم 270- يىللىرىنىـڭ ئالـدى –كەينىـدە، بولۇپمـۇ مـانى پاجىئەسـىدىن كېيىن قېچىپ كەلگەن مانىزىمچىلار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان. بۇ چاغدا بـۇددىزم ئـامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا ئەمدىلەتىن تارقالغانىدى.

مانى دىنى شىنجاڭنىڭ لوپنۇر كۆلى ساھىلىغا تەخمىنەن 6-ئەسىر ئەتراپىدا سـوغدى سودىگەرلىرى ئارقىلىق تارقىلىپ كىردى. تارىخي مەنبەلەردە بايـان قىلىنىشـىچە ئۇرخـۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئۈچىنچى قاغانى ئىـدىگەن (تەڭـرى قاغـان) 763-يىلـى مـانى ئۆلىماسـى بىلەن قارا بالغاسۇن شەھىرىدە ئىككى كۈن سۆھبەتلىشىپ، بۇ دىنىنـى قوبـۇل قىلغـان. ل.ن گوملىيېۋ «قەدىمكى تۈركلەر» ناملىق كىتابىدا بۇنى مەملىكەتنى مۇستەھكەملەش يولىـدا ئېلىپ بېرىلغان دىنىي ئىسلاھات ئىدى، دەپ كۆرسەتكەن.

مانىزم دەستۇرلىرى گەرچە ئىراندا كۆيدۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يەتتە دەستۇرىدىن بىرى بولغان «يارالمىش نومى» شىنجاڭدىن تېپىلغـان. تۇرپـان كېمىـر سـەنئىتىدە ئىـدىقۇت دەۋرىـگە ئائىـت مـانىزملىق تـام سـۈرەتلىرى سـاقلانغان. مـانىزم يەتـتە سـۇ ۋە سـىر دەريـا ۋادىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تاكى 893- يىلى باھـاردا ئىسـمائىل سـامانىنىڭ تـالاس-بالاسـاغۇن رايونىغـا كەڭ كۆلەمـدە ھوجـۇم قىلىـپ بـۇ جـايلارنى ئىسلاملاشتۇرۇشـىغىچە، تۇرپان- ئىدىقۇتتا جۇۋەينى زامانلىرىغىچە داۋاملاشتى.

4

ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى دىنلىرى ئىچىدە بۇددىزم ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 560 ــ 480- يىللىرى ياشىغان سىددخارتخا ئىتنىڭ جەھەتتىن ئارىيان- ساك ئىدى. ئۇ «ساك يامۇنى» (ساكلارنىڭ دانىشمىنى) دەپ ئاتالغان.

بۇددىزمنىڭ تۈپ ئەقىدىسى مۇنداق ئاساسقا، يەنى دۇنيانى «چەكسىز ئازاپ» دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەش ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇ، «تۆت ھەقىقەت» ئەقىدىسىنى تەلىمات قىلغان بولۇپ، ئۇلار: رېئال دۇنيانىڭ ئازاپلىق ئىكەنلىكىنى؛ ئازاپنىڭ 12 خىل سەۋەپتىن (بىلمەسلىك، بىلىپ قىلىش، روھىيەت، جىسمانى بەدەن، سەزگۈ، تەسىرلىنىش، مۇھەببەت، ئىنتىلمەك، مۇھىت ۋە تۇغۇلماق، ئاغرىماق، قېرىماق، ئۆلمەكتىن) بولىدىغانلىقى؛ نىجاتلىقنىڭ نىۋانا دۇنياسىدا مەۋجۇتلۇقى؛ ئۇنىڭغا ئېرىشىش يوللىرى ۋە ۋاستىلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت.

بۇددىزم دەسلىپىدە مەھەللىي دىن ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرى 3- ئەسىرنىڭ ئالدى- كەينىدە خوتەنگە تارقالغان. ياپۇنىيە ئالىمى يۇيىجى لياۋتى بۇ ھەقتە «غەربىي دىياردا بۇددىزم» دېگەن كىتابىدا: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 242-يىلى كەشمىرلىك ۋىروۋجىنا بۇددىزمنى خوتەندە تارقالغان دەپ كۆرسەتكەن. بۇددىزمنىڭ («غەربىي دىياردا بۇددىزم» يۇيىجى لياۋتى ‹ياپۇنىيە›، 1956-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 188-، 202- بەتلەر.) ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىشىدا تۈرك ياۋچىلىرى قۇرغان كۇشان خانلىقىنىڭ مەشھۇر ئىمپېراتورى كانىشكا بۇددا ئالىمى ئاسۋاگوشانىڭ قاتنىشىشى بىلەن 1- ئەسىردە كەشمىردە ئاچقان تۆتىنچى قېتىملىق بۇددا قۇرۇلتىيى ئاساسلىق رول ئوينىغان. بۇ قۇرۇلتاي ماھايانا مەزھىپىنى ئۇستۇن ئورۇنغا ئىگە قىلدى ۋە بۇددىزمنى غەيرى خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇپ تەشۋىق قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. بۇ ھال مەشھۇر كۇشان- كۇسەن بۇددا سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە شىنجاڭدا خوتەن، قەشقەر، كۇسەن، قارا شەھەر ۋە قۇچۇ قاتارلىق بىر قاتار دىن ۋە سەنئەت بازىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

# كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى

مەن خوتەننى كۆرمىدىم. شۇنىڭدەك ئەزىز دەرگاھنى زىيارەت قىلماقلىق ئىستىكىمنى ئۇنتىمىدىم. ئاق كۆڭۇل، دىلى ھېكمەتكە تولغان، مەردانە خىسلەتلىك، ئاقىل، مېھماندوست، قابىل ۋە شائىرانە ھېسسىياتچان خوتەن ئاھالىلىرىگە باغرىم ئەڭ ئالىي ئېھتىرام ۋە سەمىمىي ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن كۈن- تۈن چايقىلىپ كەلدى.

مەن بۈگۈن ـ خاسىيەتلىك يېڭى يىل ھارپا كېچىسى خوتەن سېغىنىشى بىلەن بۇ سۆيگۈ رىسالىسىنى خوتەن دىيارىدىكى ھەممە ئەزىز ئەھلى جامائەتكە تەقدىم قىلماقچى بولدۇم.

1

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

يىللار كالىندارى سەھىپىسىگە يېڭى ـ ئاتەشىن رەقەم چەككەندە، نورۇز شامالىرى كۆڭۇل ئۆيىنىڭ تەسەۋۋۇر پەردىسىنى ئۇچۇرۇپ، سېغىنچ دۇرلىرىنى دىيار جامالىغا چاچقاندا، مەن ئەزىز ماكان- خوتەن ئىشقىنىڭ يېڭى ئۆركەشلىرىگە غەرق بولىمەن. خوتەننىڭ ھەربىر سىقىم قۇتلۇق تۇپىسىدا بۇ نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمكى مەدەنىيەت گۈلزارىنىڭ تارىخىي جاۋاھىرات چۆكمىلىرى بىلەن ئۇلۇغ ئەزىمەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ خاسىيەتلىك قەدەم ئىزلىرىنىڭ ئىپتىخارلىق نەمۇنىلىرى ساقلانغان.

مانا، يېقىندىلا «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. يىغىن تەسىراتلىرى بىلەن يېڭى يىل ھىسسىياتلىرىنىڭ ئۇچقۇنلىرى باغرىم پەلەكىدە خۇددى ئىككى يۇلتۇزدەك جەم بولۇپ، يالتىراپ كەتتى. مۇبارەك نام ـــ خوتەن نامى قولۇمدىكى «دىۋان ھاپىز شىرازى»دا يېزىلغان تۆۋەندىكى بېيىت باغرىمغا ئىزدىنىش چاقمىقىنى چېقۋەتتى:

«ياغدى ئېتەكلەردىن گۈلاپ، ھەيران ئېرۇرمەنكى سابا،
ئۆتكەن يولۇڭ تۇپراقلىرى قىلماس نېچۈن مۇشكى خوتەن.»

پارس ئۇلۇغ لىرىك شائىرى، تىرەن تەپەككۇر ۋە ئوتىناق تەلەپپۇز ئېگىسى ھاپىز

شىرازىنىڭ بۇلبۇلدەك بۇ ناۋاسى مېنىڭ قەلبىمدە مېنىڭ دەۋرىم ۋە مېنىڭ روھىيىتىمگە لايىق ئەكس سادا قوزغىدى. دەرۋەقە، ئۆتكەن ھەربىر ئەسىرنىڭ، مۆچەلنىڭ، يىلنىڭ شاماللىرى گۈل ئېچىلدۇرۇپ گۈلاپ تۆكۈپ ئۆتتۈشتى. مەن يازما ئەدەبىياتتىكى خوتەن تەسۋىرىگە نەزەر سېلىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ بىر قىممىتى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشنى خاسلاشتۇرۇش، تېماتىكىلاشتۇرۇش، مىكرولۇق مۇھاكىمە يوللىرىنى ئېچىشتىن ئىبارەت، ئەلۋەتتە.

خوتەن ناھايىتى ئۇزاق يىللىق ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ھايات سەھنىسى ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار بىلەن قىيا سىزمىلىرى بىزگە بۇ ھەرخىل تارىخىي قاتلامدىكى يىراق ھايات مېلودىيىسىنىڭ غۇۋا ئىنفورماتسىيىسىنى داۋاملىق يەتكۈزۈپ كەلمەكتە. ئاندېرسوننىڭ چۆچىكىدىكى يېرىم بەدىنى بېلىق بولۇپ قالغان ساھىبجامال قىزدەك يېرىم گەۋدىسى قۇملۇق دېڭىزىغا كۆمۈلۈپ قالغان بۇ ماكاننىڭ يىراق تارىخى داۋاملىق ئايدىڭلاشقۇسى.

خوتەن — قاراقۇرۇم –پامىر ئۈچبۇرجىكىدىكى تارىخى ئۇزۇن شەھەر –قەلئە — دۆلەتلەر تىزمىسى سۈپىتىدە قىزىقارلىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە. بىزخوتەندىكى ئارىئان - سىكتاي (سىكىف –ساك) قەبىلىلىرىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ھايات يالدامىلىرىدىن بۇ رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا «ئاۋېستا» دەستۇرىدا تىلغا ئېلىنغان «قەھرىمان تۇرلار ساكلار»نىڭ مەدەنىيەت قالدۇقلىرىنى كۆرىمىز، ئالتۇن خۇمار، ئالتۇن- قوچقار ھايۋان ئوبرازىدىكى زىننەت بويۇملىرىنى ياساش ئۇلارنىڭ ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت ئۇسلۇبى ئىدى. گاھى ساك ۋەگاھى تۇر دەپ ئاتالغان بۇ سكىتاي تىپىدىكى ئاسىيا تىپىدىكى ئاسىيا ئاق جىنسلىرى كېيىنچە قىسمەن سېرىق جىنسلار سىېنكرىتىزمى تەسرىدە تۈركىي قەبىلىلەرگە ئايلانغان بولسىمۇ، يەنىلا «ئاۋېستا»دا ئەك قەدىمكى يازما ھۆججەتلەنگەن «تۇر»ن نامىنى ئىزچىل ئۆزلىرىگە ئېتنونىم قىلىشقان. «شاھنامە»گە ئاساس سالغان ساك- تۇر خەلق رىۋايەتلىرى ئۇنىڭ يەنە بىر ھۆججىتى ئىدى. ئىلگىرلەپ ئىزدەنگەن كىشىگە قەدىمكى خوتەن قەبىلىلىرىنىڭ قۇياش ئىلاھچىلىقى، كېيىنكى دىنىي ۋە دۇنياۋى مەدەنىيەتلەرگە سىڭىپ كەتكەن ئۆرۈپ- ئادەت، قائىدە- يۇسۇن ۋە فولكلور قاتلىمى – كۆپ ئۇچۇرلۇق يوشۇرۇنغان ماۋزۇ ھېساپلىنىدۇ.

بۇددىزم –خىلىلا گۈللەنگەن خوتەن شەھەر مەدەنىيتى ئۈستىگە كىرىپ كەلگەن. بۇددىزم خوتەن مەدەنىيىتىگە يېڭى تەپەككۇر ۋە خاس سەنئەت قىممىتى بېغىشلىدى. قەدىمكى خوتەن بۇددىزم قەلئە –راباتلىرى ھېساپلانغان يوتقان، راۋاق، مەلىكە ئاۋات، دەندان ئۆيلۈك، كونا نىيە قاتارلىقلاردىن تېپىلغان تارشا پۈتۈك، ياغاچ ئويما، تارختا

رەسىم، ياغاچ قىرما ھەيكەل، چوڭ -كىچىك لاي-گەج ھەيكەل، توقۇلما بويۇملارغا ئىشلەنگەن رەسىم قاتارلىقلار بۇ ماكاندا بۇددىزمنىڭ مىڭ يىللاپ راسا دەۋر سۈرگەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. دەرۋەقە، سىتەيىننىڭ دەندان ئۆيلىكىدىن تاپقان «قۇتلۇق ساماۋى خانىش» (لاكشمى)نىڭ يالىڭاچ رەسىمى شەرق رەسساملىق سەنئىتىنىڭ مىسلىسىز نادىر ئۆلگىسى ئىدى. مەن ئۇنى خوتەن رەسساملىرى سىزغان شەرق ۋېناسى دەپ قارايمەن.

خوتەن رەسساملىرىدىن ۋىسارا پۇچىنا، ۋىسارا ئىراسانگا ئىبلىمىز سەنئەت تارىخىدىكى ئىككى يورۇق يۇلتۇز ئىدى. ئۇلار خاس خوتەن تەسۋىرى سەنئەت ئۇسلۇبىنى ياراتتى. پۇتكۈل ماكان خاراكتىرلىك سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى «ئويما-قوپما ئۇسسۇلى»نى يورۇققا چىقاردى. سىكاناندۇ، تايۇن، تانارۇ، ۋىسارانام، شىرۇداما، ۋىساراشرۇ قاتارلىق بۇددا ئالىملىرى بۇددا نوم- سوترا تەرجىمە- تەپسىراتچىلىقىدا غايەت زور شۆھرەتلىك تۆھپىلەرنى ياراتتى. تىبابەتچىلىك، گىلەم- ئەتلەسچىلىك، قەغەزچىلىك، قاشتېشىچىلىق- زەرگەرلىك ۋە يىپەك يولى سودا ماھارىتى بويىچە ئىبلىمىز ۋە شەرق خەلقلىرى تارىخىدا ئىزچىل كۆزگە تاشلىنىپ كەلدى.

2

خوتەن ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمكى يازما ئەدەبىيات بويىچە بىزگە يېتىپ كەلگىنى سېمىرا مەلىكىنىڭ يۇرت ئەسلەش شېئىرى بىلەن سۆيي سۇلالىسى (بەلكى سىمالى سۇلالىلەر) دەۋرىدە توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «خوتەندە گۈل سەيلىسى» ناملىق شېئىر بولسا كېرەك. بۇ نامەلۇم ئاپتور يازغان شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

«قانچە پەرقلىق بولسىمۇ تاغ ۋە دىيار،<br>
چۆپ دەرەخلەر تەڭ سېزەر كەلسە باھار.<br>
شەرق ۋە غەرپتە تۇرسىمۇ يۇرتلار، بىراق<br>
كەلگۈسى گۈل سەيلىسگە سەيلىگار».

ئىسلامىيەتتىن كېيىن خوتەن دىيارى ئۆز مەدەنىي ھاياتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى باشلىدى. ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىنكى يېڭى شەرق ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات كلاسسىكلىرىلا ئەمەس، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ

قەلەم ئەزىمەتلىرى خوتەن تەسۋىرىگە ئاتاپ ئاجايىپ گۈزەل مىسرالار يېزىشتى.

يېپەك يولدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تارىخىي داستان «شاھنامە»نىڭ مۇئەللىپى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى خوتەننى تۇران شاھى ۋە قەھرىمانى ئاپراسىياپنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت ۋە سودا شەھرى سۈپىتىدە كۆپ قېتىم ئەجابىي روھ ۋە ھۆرمەت بىلەن زوقلىنىپ تىلغا ئالغان. ئۇ «سىياۋۇش قىسسەسى» ناملىق داستاندا تۇران قەھرىمانى پىراننىڭ خوتەنگە قايتىشىنى:

«بارچەسىن تاپشۇرۇپ خوتەنگە كەتتى،
شاھىن شاھنى كۆرۈشنىڭ ۋاقتى يەتتى»

دەپ؛ پىراننىڭ ئاپراسىياپنى خوتەنگە بىخەتەر يەتكۈزگىنىنى:

«بىئازار يەتكۈزدى خوتەنگە لۈتفەن،
كۈتۈشتى يىغىلىپ ئۇنى ئەنجۈمەن.»

دەپ يازسا، «بىجەن ۋە مەنىجە» داستانىدا ئىران قەھرىمانى رۇستەمنىڭ يوشۇرۇن خوتەنگە بېرىپ، ئاپراسىياپ تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان بىجەننى قۇتقۇزۇشىنى مۇنداق يازدى:

«شەھەردىن شەھەرگە سوزۇلدى كارۋان،
ئاقىۋەت كۆرۈندى كارۋانغا تۇران.
خوتەنگە كىرىشكەن ئۇلار دەشت ئېشىپ،
ئەر-ئايال چىقىشتى تاماشا قىلىپ.
تۇراندا بار ئىدى گۈزەل بىر ماكان،
ئارامىن ئالاتتى بۇ بۇ جايدا پىران.»

پىردەۋسى «بەھرەمگور پادىشاھلىقى» داستانىدا:

«كىيىن خەۋەر يەتتى ھىندى ئىلە رۇمغا،
ئابات تۈركۈ، چىنۇ قاراقورۇمغا»
«چىن خاقانى ئاڭلاپ بۇ ھەقتە خەۋەر،
چىن خوتەن مۈلكىدىن تاراتتى كۆپ لەشكەر.»

دەپ يازىدۇ. ئۇلۇغ پارس شائىرى ھاپىز شىرازى:

«ياغدى ئېتەكلەردىن گۈلاب، ھەيران ئېرۇرمەنكى، سەبا،
ئۆتكەن يولۇڭ تۇپراقلىرى قىلماس نېچۈن مۇشكى خوتەن».

دەپ يازغانىدى. لىرىك شائىر سابىر تېرمىزى مۇنداق يازغان:

«يۈزى، قاشى، ساچى مىسلى خىتا بىرلەن خوتەن ئايى،
بىرى كۆزۈڭ، بىرى مارجان، بىرى سەففاھ تىنىق مىنا».
«بولدى باغ بۇتخانە يەڭلىغ لالە گۈلدەك ھۆسنىلەر،
راستىن ئېيتسام چىنۇ قەشقەرلىق سەنەملەر بەرقىدىن».

ئابدۇرەھىم ھاپىز خارەزمى خوتەن ھەققىدە كۆپ توختالغان:

«ئىشقى پوستىدە قالمىدى ھاپىز،
ئورنى بەلگۈردى بويى مۇشكى خوتەن»
«ئول قارا كۆز ئاشنا، ئەركىن راۋان يۈگرەپ قاچار،
مۇندايىن ۋەھشى ئەمەستۇر ھېچ ئاھۇيى خوتەن».
«يۈزى ئۈستىندەكى ئول دانە خالى،
گۈلى لالە ئۆزە مۇشكى خوتەندۇر».

سەككاكى مۇنداق يازغان:

«تۈن ئاخشام تولغىنۇ سۇمبۇل بىكىن زۇلفۇندىن ئاھ ئۇردۇم،
ھەۋانى غالىيە تۇتتى، جەھان مۇشكى خوتەن بولدى».

ئاتايى ئۆز غەزەللىرىدە خوتەن لالىزارى ۋە مۇشكى توغرىسىدا كۆپ توختالغان. ئۇ مۇنداق يازغانىدى:

«كۆزۈمكى سۆيدى يۈزۈمنى مىڭ ئېئتىقادى بىلە،

كۆرەر بۇ مۇشكى خوتەننى ساچىلغۇ سەۋادى بىلە».
«نەرگىس كۆزلۈك مەنزىلى خوتەن لالەزارىندە،
ئوقى قاشىدا ئوينغۇچى بىر غەزەل يوق».
«تا سەبا زۇلفى نەسىمىدىن چىن ئەلىدە يايغالى،
مۇشك سەۋداسى كېسىلدى شەھرى چىن ئەتتارىدىن».

ئەبەيدۇللا لۇتفى:

«ساچىلغۇدىن چۈن ئوغۇزلار مۇشكى خۇشبۇي،
قىلۇرلار بەندۇبەند ئانى خوتەندە».
«گاھ تۆكتىلەر خوتەن زىيبالارنى،
زامانى رۇمنىڭ رەئنالارنى».

لۇتفى بۇ يەردە خوتەننى رۇم بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويۇپ، يۈكسەك ئېتىبار بىلەن تىلغا ئېلغان.

3

ئۇلۇغ ئەللامە ۋە تەڭداشسىز سەنئەت ئۇستازى ئەلشىرناۋائى ئەسەرلىرىدە خوتەن ئىبارىسى ئالتۇن ۋە ئاتەش بىلەن چېكىلگەن كۆپ قىرلىق، جىلۋىدار ۋە ھۆرمەت، سۆيۈنۈش دۇرلىرى چاقناپ تۇرغان ئىبارە بولدى. ئەلشىر ناۋائى ئۆز لىرىكىلىرى-غەزەللىرىدە خوتەن ئىبارىسىنى پەخىرلىك ئورۇنغا قويغان. ئۇ:

«دېمە يۈز كىم خوتەن گۈلزارىدۇر بۇ،
دېمە خەت، نافەئى تاتارىدۇر بۇ»
«چۈن مەلاھەت جان ئالۇر، ھۆسنى ئىچرە ئانى ئىستەگىل،
خاھى دىلبەر كىشۋەرى بولسۇن خوتەن، خاھى ھەبەش».
كويى تۇپراغى ئېرۇر مۇشكى ختا،
ئىستەگىن ئانى خەتا قىلما ھەۋەس»
«يۈزۈڭ بەيازىيۇ ئول خالى مۇشكىسا ھىندۇ،

غەرب تۈشتى خوتەن كىشۋەر ئارا ھىندۇ»

(ئاپئاق يۈزۈڭدىكى ئىپار رەڭلىك مېڭىڭ بەئەينى قارا تەنلىك ھىندىغا ئوخشايدۇ. خۇددى خوتەن ئەھلى ئارىسىغا بىر غېرىپ ھىندى كېلىپقالغاندەك.)

ئەلشىر شائىرنىڭ ئۆز «خەمسە» داستانلىرىدا خوتەن ھەققىدە كۆپلەپ توختالغان. ئۇ «ھەيرەتۇلئەبرار»دىن ئىبارەت پەلسەپە- ئېتىكىلىق داستانىدا مۇنداق يازغان:

«تۈركىي خوتەن، ياپتى چۈ زىبىا جەمال،
مۇشكى فىشان بولدى نەسىمى شامال»

ئالشىر ناۋائى بۇ يەردە «تۈركىي خوتەن» ئىبارىسىنى ئىككى مەنىدە ــ تۈركىي رۇم مەنىسىدە، تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى ئوچىقى مەنىسىدە ۋە قۇياش سىمۋولى سۈپىتىدە قوللانغان. نەتىجىدە بۇ بېيىت:

«قۇياش گۈزەل جامالىنى كەڭ يايدى،
شامال گويا ئىپار بولۇپ تارالدى»

بولۇپ چىقىدۇ. ئەلشىر ناۋائى «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدا تۇنجى بولۇپ ئىران پادىشاھى خۇسراۋنى باش قەھرىمان قىلغان نىزامى گەنجىۋى بىلەن خۇسراۋ دېھلەۋى ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتىپ، تۈركىي شاھزادە ۋە ھۈنەر- سەنئەت ماھىرى پەرھادنى باش قەھرىمان قىلغان تۈركىي داستان ياراتتى. بۇ غايەت چوڭ ئىپتىخار ۋە جاسارەت ئىدى. ئۇ خوتەن ھەققىدە كۆپلەپ بېيىتلار يازغان:

«خوتەن مۈلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر،
ساۋادى ئۆزرە جەننەت جان فىشاندۇر»

(خوتەن دىيارى جەننەتتىن نەمۇنىدۇر. ئۇنىڭ كۆكلىمى جان بېغىشلىغۇچى جەننەتنىڭ ئۆزىدۇر).

ئەلشىر ناۋائىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت ۋە غايىۋى پادىشاھ توغرىسىدىكى ئۇتوپىك ئىدىيىلىرىگە بېغىشلانغان ئاخىرقى داستانى «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا خوتەن

تەسۋىرىگە ئائىت مىسرالار كۆپ:

«بۇ سۆزلەر دېگەچ شاھى چىنۇ خوتەن،
دۇئاسىغە تىل چەكتىلەر ئەنجۇمەن»

(چىن ۋە خوتەننىڭ پادىشاھى بۇ سۆزلەرنى ئېيتىش بىلەنلا، مەجلىس ئەھلى دۇئاغا تىل ئاچتى.)

«بىرى ئول خوتەن زادى مېھرۇ ئىدى،
يەنە مەھۋەشى تۇرفە كۈزگۈ ئىدى»

(بىر خوتەنلىك مېھرۇ ئىدى، ئۇ ئاجايىپ ئاي يۈزلۈك گۈزەل ئىدى.)
ئەلشىر ناۋائى خوتەن تېمىسىغا زور ھۆرمەت ۋە تەشەببۇسسىز ئىشتىخار بىلەن يېقىنلاشقان. ئۇنىڭ نەزىرىدە خوتەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى قەلئەسى ۋە شەرق سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قەسرى ئىدى. ئۇ خوتەننى قۇياشقا، جەننەتكە ئوخشاش راھەتلىك دىيارغا، مانى، دانى، قارەن قاتارلىق ناملاردا ئاتالغان ماھىر رەسساملار يۇرتىغا، ئىپار چاچلىق، ئاھۇ كۆزلۈك ساھىبجامال قىزلار بىلەن ئىپار ھىدلىك باغ –دالىلار، ئىپار كېيىكى ماكانىغا ئوخشىتىپ تىلغا ئالغان.

4

بابارەھىم مەشرەپ خوتەن دىيارىنى كەزگەن ۋە بۇ قۇتلۇق زېمىننى ئالىي ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ مۇنداق يازغان:

«مېنىڭ ئاشۇفتە كۆڭلۈم غۇنچىدەك ھەرگىز ئاچىلمايدۇر،
يۈرەكتىن غەم كېتەر دەپ بۇ سەبەبدىن مەن خوتەن كەلدىم»

(مېنىڭ كۆڭلۈم غۇنچىدەك ھەرگىز ئېچىلمايدۇ، يۈرەك غەملىرىم كېتەر دېگەن سەۋەپتىن مەن خوتەنگە كەلدىم.)

«شەھىدانە خوتەننى تەۋق ئېتەرگە، ئەي مۇسۇلمانلەر،
چۇ لالە دامەنى سەھرا تۇتۇپ دەشتى خوتەن كەلدىم.»

(ھەي مۇسۇلمانلار، مەن شەھىدانە خوتەننى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن، سەھرا ئېتەكلىرىنى لالىزار بىلىپ، خوتەن دەشتىگە كەلدىم.)

«گۇناھىمدىن خەبەر ئالسام جۇھۇد، تەرسا مېنىڭدەك يوق،
ختايۇ، چىنۇ ماچىندىن خوتەن دەپ ئۆرگۈلۈپ ئۆتتۈم»

(گۇناھلىرىمنى سورىساڭ جۇھۇد، تەرسادىن ئارتۇقمەن، خىتاي بىلەن چىن ماچىننى خوتەن دەپ ئايلىنىپ چىقتىم.)

«ئاياغ باسقان يېرى سەرسەبز بولدى، ياسۇمەن بولدى،
مەشامىم بويىدىن ھەر سائەتى مۇشكى خوتەن بولدى.»

(ئاياغ باسقان يېرىڭ گۈلزار ياكى ياسۇمەنزار بولغاچقا، دىمىغىمدىن ھەرسائەت خوتەننىڭ ئىپار ھىدى چىقىپ تۇردى.)

«ئاھۇي خوتەن چەشمى سىياھىڭگە تەسەددۇق،
جانانەئى چىن زۇلفى دۇتاھىڭگە تەسەددۇق»

(ئەي خوتەن ئاھۇلىرى قارا كۆزۈڭگە تەسەددۇق، چىن جانانلىرى ئىككى تال چېچىڭغا تەسەددۇق.)

بىز خوجا نەزەر ھۇۋەيدانىڭ:
«كۆرۈپ چۇ زۇلفى خەتىڭنى خوتەندەگى ئاھۇ»

(چاچلىرىڭنى كۆرگەندە خوتەن ئاھۇلىرىنىڭ خۇشبۇيىنى ھېس قىلدىم.)

«سۈزۈپ پىيالەئى مەينى يىغلاسا ئىشرەپ ئەھلى،

سۇنارغا مۇغبەچە مەينى كاسەئى خوتەن ياخشى»

(پىيالىدە مەي ئىچىپ ئىشرەت ئەھلى يىغلاشقا چۈشكەندە، مەينى ساقى سۇنۇشقا خوتەن قەدەھى ياخشى.)

«مۇھەببەت بۇيىدىن بىر زەررە لەززەت قابىماغانلارغا،
دىماغىغا ئۇلارنىڭ مۇشكى ئاھۇيى خوتەن ياخشى»

(مۇھەببەت پۇرىقىدىن ئازراقمۇ لەززەت تاپالمىغان كىشىلەرنىڭ دىمىغىغا خوتەن كىيىكىنىڭ ئىپارى ياخشى.) دېگەن مىسرالىرىدىن ئۇنى قەشقەردە تۇغۇلۇپ، ئافاق خوجا تەرىپىدىن ئات قويۇلۇپ، چوڭ بولغاندىن كېيىن بۇ دىيارغا توپلانغان مۇھەببىتىنى كۆرىمىز.

مۇھەممەت سىدىق زەلىلى:

«ساچقالى ئىپارىنى ئاھۇي خوتەن ياخشى» دېگەن روھتا كۆپلەپ خوتەن تەسۋىرىگە بېغىشلانغان بېيتلار يازغان؛

«ئەي زەلىلى، گۈشەنى ماچىندە ئەمدى بادە ئىچ،
مۇھتەسىب گەرشەھر ئىچىدە ئەلنى ئەيلەر ئىھتىساب»

(ئەي زەلىلى، ماچىن گۈلشەنىدە ئەمدى مەي ئىچكىن، گەرچە شەھەر تەكشۈرگۈچىلەر تىنتىشىپ يۈرسىمۇ.)

«شەھرى ماچىندۇر زەلىلى تەلبە ئەيلەپتۇر سەپەر،
ئەردەۋىل ئىلە كۇچاۋۇ سەيرى تۇرفىندۇر تەمەئى»

(تەلۋە زەلىلى ماچىن شەھرىگە سەپەر قىلدى. ئەمدى ئاقسۇ، كۇچا ۋە تۇرپان سەيلىسى ئۈنىڭ ئارزۇسىدۇر.

«تاماشايى زەلىلى مەھۋەشانى شۇخى ماچىن ھەر،
خىتا سەھراسىدىن گەر جىلۋەگەردۇر ماھى تۇرفانىم.»

(زەلىلى ماچىننىڭ ئاي يۈزلۈك شوخلىرىنى تاماشا قىلىۋاتقاندا، ختىا سەھراسىدىن تۇرپانىم ئايدەك جىلۋە قىلىدۇ.)

«ختىا سەھراسىدىن سۇمبۇلنى ھەرگىز بىزگە كەلتۈرمە،
يىبەرگىل ئاھۇيى مۇشكى خوتەن ئەلبەتتە-ئەلبەتتە»

(ختىا سەھراسىدىن بىزگە سۇمبۇل كەلتۈرمە، ئەلۋەتتە، خوتەن ئىپار كېيىكلىرىنىڭ ئىپارىدىن ئىپارىدىن ئىبەرت.)
خوتەنلىك لىرىك شائىر نەۋبەتى خوتەن توغرۇلۇق ئاجىيىپ غۇرۇر بىلەن گۈزەل مىسرالار يازغان:

«مۇساھىبىم قىلساڭ پەيام ئەۋۋەل خوتەندىن باشلاغىل،
دىلبەرىم، خۇرشىد يۈزۈم ئول سىيمتەندىن باشلاغىل.
باشقا گەپكە ئاچما لەب، يوقتۇر بۇنىڭدا خاسىيەت،
دىل ئارام تەفا خۇرۇم ئول جانۇ تەندىن باشلاغىل.»
«رەۋزىگە مانەند خەيال ئەت خوتەننى،
بىھىشتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى.
خۇجەستە خاكى رەھمەت سۈرمەسىدۇر،
كۆزۈڭگە تۇتىيا خال ئەت خوتەننى.
پەرىلەر بۇسەسى تۇرغە شىرىندۇر،
ھۆرلەر لەبىگە بال ئەت خوتەننى.
تەلئەتىگە خۇرشىد، كۆزلەرىگە ئەختەر،
يادەك قاشىگە ھىلال ئەت خوتەننى.
مۇئەللىمى ئافاق بىنىشىن سۇخەنگۇي،
تىفلىگە دەرس مەقال ئەت خوتەننى.
جاھان شائىرلەرى گۈلشەنى باغى،
خەمسەڭگە قۇرباش ئىنتىسال ئەت خوتەننى.
سەن ھەم نەۋبەتى سىياھ رۇي ئىلىگە،
رەقىبلەت كۆزىگە زەۋال ئەت خوتەننى»

ھەيدەر خارەزمى «گۇلشەنۇل ئەسرار» ناملىق داستانىدا:

«چۈن يورىدى سۇبھى سەھەر ئۇردى دەم،
تىكتى خوتەن خۇسرەۋى ئالتۇن ئەلەم»

دېگەن بېيت ئارقىلىق خوتەن نامىنى قوياش سىمۋولى ئورنىدا ئىشلەتتى.

5

خوتەن ھەققىدىكى گۈزەل تەسۋىرى كلاسسىك چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى پەسلىدىمۇ ئۆز ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇردى.

نادىرە پارىسچە يازغان غەزەللىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دىدى:
«شەرم ھايادىن تۆكۈلەر ياش سۇرمەرەڭ قارا كۆزلۈك،
خوتەن ئاھۇلىرى كۆزدىن شوخلۇقلار يوقالغاندەك»
ھەر كېچە قارا خالىڭ سەۋداسى ئەتىر چاچقاي،
خوتەن ئاھۇلىرى فەرياد قىلىپ مۇشكىن تارتقاندەك»

فۇرمەت مۇنداق يازغان:

«خوتەن ئاھۇلىرىدەك ئانچە سەرگەردان بولۇپتۇرمەن،
ساچى مۇشكى، خىتا رەشكى خەيالى دىلرەبالەردىن»

لىرىك شائىر مەھزۇن خوتەنى:

«مەنى مەھزۇن نېتەي بۇ غۇربەت ئىچرە،
خوتەن مۇلكى مىنىڭ ئېردى دىيارىم»
«مەھزۇن خوتەنگە ئالتە شەھەر چارباغىدىن،
كەتكىل مەقامى ئەسلىغە يان ئۆز دىيار خوپ»

دەپ يازسا، موللا نىياز قارىي سابىر:
«ئاتا مۇلكۇم خوتەن چاقار تاغى،
تۆت ئىمامىلار مۇھىببى مەن داغى»

دەپ يازغان. مۇھەممەت رەھىم راغىبى:

«نېتسۇن ئىھان ئۇلماي خوتەن مۇشكى جاھاننىڭ كۆزىدىن،
مۇشكىن مۇسەلسەل كاكۇلۇڭ سۇمبۇلنى رەسۋا ئەيلەسە»

(سېنىڭ ئىپاردەك قارا ۋە خۇش پۇراقلىق ئۆرۈم چاچلىرىڭ سۇمبۇلنى رەسۋا قىلىۋاتسا، خوتەن ئىپارى جاھان كۆزىدىن ئۆزىنى يۇشۇرماي قاندان قىلسۇن.) دەپ يازغان.
سەدائى:

«نەسىمى سۇبھىدىن قىلغان مۇئەتتەر بۇ دىماغىمنى،
خوتەن سەھراسىدا بۇ مۇشكى تاتارىمدىن ئايرىلدىم»

(تاڭ سەھەرلەردە دىمىغىمنى خۇشبۇي قىلىدىغان خوتەن سەھراسىدىكى ئىپار پۇراقلىرىدىن ئايرىلدىم.)
ئابدۇرازاق ئەندىجانى:

مېھرى رۇخىڭنىڭ دەۋرىدە زۇلفىڭ شىكەن- شىكەن،
تاپار دىماغىم ئاندە نەسىمى خوتەن- خوتەن»

(چېھرىڭ قوياشىنىڭ ئەتراپىدا چاچلىرىڭ ئورام- ئورام بولۇپ تۇرىدۇ. دىمىغىم ئۇنىڭدىن خوتەننىڭ خۇش ھاۋاسىنى تاپىدۇ.) دەپ يازسا، موللا بىلال نازىمى:

«كى ناقىل نەسىمى كېتۇردى سۇخەن،
نېدۇركى سۇخەن بەيئى مۇشكى خوتەن»

(نەقىل كەلتۈرگۈچى سۆز شامىلىنى كەلتۈردى. گەپ ئەمەس بەلكى خوتەن ئىپارىنى كەلتۈردى.) دەپ يازغان.

چىك سۇلالىسى شائىرى شاۋشۇن «غەرپىزېمىن نەزمىلىك بايانلىرى» ناملىق ئەسىرىگە ئۆزىنىڭ 1863 ــ 1878 –يىللىرىغىچە 15 يىل تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمال- جەنۇبىنى ئايلانغاندا ئالغان تەسىراتلىرىنى توپلىغانىدى. ئۇنىڭغا خوتەن ئالتۇنى، قاشتېشى، كىچىك خوتەن دوپپىسى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تۆتلىكلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ بىرى مۇنداق يېزىلغان:

«مۇندا قاشتاش قوي يېغىدەك يالتىراپ قىلغان جۇلا،
قاراقۇرۇم تېغىنىڭ تەكتى ئىكەنغۇ باشقىلا!
قارا- يۇرۇڭقاشقا جەمدۇر ئالتە شەھەر قاشچىسى،
سۇغا كىرىپ ئىزدىشەر قاشنىڭ چوڭىنى شۇنچىلا.»

ھەئە- شۇنداق، لۇياۋزى ئەپەندى بىلەن رەئىس ماۋزېدۇڭ ئارىسىدا يېزىلغان مۇشائىرىلەردىن بىرىدىمۇ خوتەن (يۇيتيەن شەكلىدە) تىلغا ئېلىنغان.

خوتەن، ھەقىقەتەن ئۇلۇغۋار ھېكمەت دىيارى. خوتەن ئۆز بېشىدىن ئەڭ دەھشەتلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. خوتەن دىيارى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بىلەن ئىپادىلەپ تاماملىغىلى بولمايدۇ. يېقىنقى زامان يېڭى ئەدەبىياتى قەلەمكەشلىرىمۇ بۇ گۈزەل ماكان ھەققىدە كۆپلەپ ئەمگەك سىڭدۈرۈشتى. ئەمما، خوتەن ــ ئەبەدىيلىك، پۈتمەس- تۈگىمەس ئۇلۇغۋار تېماتىكا.

خوتەن يېقىنقى قىرىق يىل مابەينىدە ئۆز ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدە يېڭى سۈپەت ۋە يېڭى راۋاجلىنىشقا قەدەم قويدى.

مەن خوتەننى كۆرمىدىم. شۇنىڭدەك ئەزىز دەرگاھنى زىيارەت قىلماقلىق ئىستىكىمنى ئۇنتىمىدىم. ئاق كۆڭۈل، دىلى ھېكمەتكە تولغان، مەردانە خىسلەتلىك، ئاقىل، مېھماندوست، قابىل ۋە شائىرانە ھېسسىياتچان خوتەن ئاھالىلىرىگە باغرىم ئەڭ ئالىي ئېھتىرام ۋە سەمىمىي ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن كۈن- تۈن چايقىلىپ كەلدى.

مەن بۈگۈن ــ خاسىيەتلىك يېڭى يىل ھارپا كېچىسى خوتەن سېغىنىشى بىلەن بۇ سۆيگۈ رىسالىسىنى خوتەن دىيارىدىكى ھەممە ئەزىز ئەھلى جامائەتكە تەقدىم قىلماچى بولدۇم.

1991-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى.

# تەبەسسۇم

1988-يىلى كۈزدە ئاخىرقى تىنىقلىرىنى تىنىۋاتقان شائىر ئابدۇكېرىم خوجايېفنى يوقلاپ كېسەلخانىغا چىقتىم. خوجايېف كارۋىتىدىن ئايرىمچە قوزغۇلۇپ ئولتۇرۇپ ئاجىزلاپ كەتكەن ئاۋازى بىلەن: مەن باشقىلار تاقاپ قويغان رەڭلىك كۆزەينەك بىلەن سىزگە يىگىرمە يىل خاتا قارىدىم. ئىككى- ئۈچ يىل بولدى، بۇ كۆزەينەكنى چۆرىۋېتىپ قارىسام سىز... ئۇ هاياجان ۋە مەردانە سۆزلىرىنى ئېيتىپ كۆكسىدىن بىر ئېغىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ تەبەسسۇم قىلدى. بۇ تەبەسسۇم ئۇنىڭ كۆزىدىمۇ، سۆزىدىمۇ بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى. مەن ئىختىيارسىز كۆزۈمگە ياش ئالدىم.

___ ئا.مۇھەممەتئىمىن

تەبەسسۇم، ئۇ، تاۋار ئەمەس، ئالدى –ساتتى قىلىدىغان ياكى پۇل ئورنىدا بانكىغا قويۇپ ساقلايدىغان.

تەبەسسۇم، ئۇ، مۇغەمبەر كۈلكە ياكى خۇشامەت ھېجىيىشى ئەمەس، ناپاك نىيەتنى بېزەپ جۇلالاندۇرىدىغان ۋە بىر پاشكا ئالىي ماركىلىق تاماكىدەك يانچۇقتا سېلىپ يۈرۈيدىغان.

تەبەسسۇم ــ ئىنسان قەلبىنىڭ سىرتلاشقان نادىر گۈل- چېچىكى، ئىنسانىي ھېسسىياتنىڭ خۇشبۇي ئېپار- ئەنبىرى. تۇغۇت ئازابىدا پەرياد چەككەن ئانا، دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋىقىنىڭ تۇنجى يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا تەبەسسۇم قىلىدۇ، مەيلى ئۆز ياكى ئۆزگە پەرزەنتىنىڭ تۇنجى قېتىم تايتاڭلاپ ماڭغىنىنى كۆرگەن كىشى تەبەسسۇم قىلىدۇ. ئۇ پاك ھېسداشلىق روھىنىڭ ئىختىدارى، تەلپۈنىشى ۋە جۇلاسى سۈپىتىدە ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ بىباھا ئەڭگۈشتىرى بولۇپ مەيدانغا كېلىدۇ.

تەبەسسۇم ــ ھۆرمەت ۋە ئىختىدار يالدامىسى تەرىزىدە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە چاقنايدىغان مەرۋايىت. بىز مېھمانلىرىمىزنى تەبەسسۇم بىلەن كۈتىۋالىمىز. ئۇسسۇل- تانسىلاردا ھۆرمەت ۋە زوق تەبەسسۇملىرى ئېپادىلەيمىز. تەبەسسۇم ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى پەقەت ئۆز ھېسسىياتىنىڭ چىنلىقى بىلەنلا گەۋدىلەندۈرەلىشى مۇمكىن.

ئىككى ئىش ئېسىمدە. 1950-يىلى يازدا مەن جەنۇبى شىنجاڭدىكى بىرقانچە

ۋىلايەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋەكىل بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمدە ئۈچ ۋىلايەتتىن تېپىچان ئېلىيېۋ قاتارلىق بىر قىسىم ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىزنى قىزغىن كۈتىۋالدى. ئۈرۈمچى ۋە شۇئەندە تېيپچان ئېلىيېۋ مەن بىلەن بىرقانچە قېتىم قىزغىن تەبەسسۇم قۇچقان ئىللىق چىراي ۋە مېھرىبان سۆزلەر بىلەن پاراڭلاشتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋردە يولى ئېتىلگەن ۋە ئازاپ ئىچىدە ئىگرىغان جەنۇبى شىنجاڭ خەلقىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى ۋە ئۆملۈك ئارزۇسىنىڭ بەھرىمەنلىك ئۇچقۇنلىرىدىن بىرى ئىدى.

1988-يىلى كۈزدە ئاخىرقى تىنىقلىرىنى تىنىۋاتقان شائىر ئابدۇكېرىم خوجايېفنى يوقلاپ كېسەلخانىغا چىقتىم. خوجايېڤ كارۋىتىدىن ئايرىمچە قوزغىلۇپ ئولتۇرۇپ ئاجىزلاپ كەتكەن ئاۋازى بىلەن: مەن باشقىلار تاقاپ قويغان رەڭلىك كۆزەينەك بىلەن سىزگە يىگىرمە يىل خاتا قارىدىم. ئىككى- ئۈچ يىل بولدى، بۇ كۆزەينەكنى چۆرىۋېتىپ قارىسام سىز... ئۇ ھاياجان ۋە مەردانە سۆزلىرىنى ئېيتىپ كۆكسىدىن بىر ئېغىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ تەبەسسۇم قىلدى. بۇ تەبەسسۇم ئۇنىڭ كۆزىدىمۇ، سۆزىدىمۇ بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى. مەن ئىختىيارسىز كۆزۈمگە ياش ئالدىم. ئۆلۈم بۇ ئىككى ئەزىمەت شائىرنىڭ تەبەسسۇمنى ئاخىرلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئەسلىگەندە، يازغاندا، ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا قايتا پەيدا بولىدىغان ھالال تەبەسسۇم دولقۇنلىرىنى ئاخىرلاشتۇرالىغىنى يوق.

تەبەسسۇم ــ تەلمۈرگەن كۆڭۈل بۇلبۇلى ئۇچراشقان گۈل جىلۋىسى، تەلپۈنگەن يۈرەك كېپىنىكى ئېرىشكەن گۈل شېرىنسى. ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ يوقاتقان ۋە ئىزدەپ يۈرگەن ئۆز قەلبى، ئۆز مەھبۇبى، ئۆز مەبۇدى. مەن يىگىرمە ئىككى يىلغا سوزۇلغان تەبەسسۇمسىز دۇنيا ئازابلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تەبەسسۇم چىمەنىدازلىقنى سېلىشتۇرغىنىمدا تەبەسسۇم ئىنساننىڭ تاشقى ھىسسىياتى، ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى بەختى ئىكەنلىكىنى سېزىمەن.

تەبەسسۇم ــ ئىجتىمائىي مۇھەببەت، ئۆزى بىلەن ئۆزگىنىڭ قەلبىنى بىر رىشتىدا سۆيۈندۈرگەن. تەبەسسۇم ــ ئالىي خەيرىخاھلىق، ئۆزى بىلەن ئۆزگىنىڭ ھېس تۇيغۇسى، زوق ئېھتىيارى، رىغبەت ۋە ھۆرمىتىنى بىر ئوبرازغا مۇجەسسەم قىلغان. تەبەسسۇملۇق تۇرمۇش بەختلىك، تەبەسسۇملۇق ئائىلە ئىناق ئائىلە. ئويلايمەنكى، تەبەسسۇم پەقەت ئائىلە سىرتىدىكىلەرگە قارىتىلغان قىزىل سىرلانغان دەرۋازا ياكى تۈز شەكلى چېكىلگەن پەردە بولمىسا كېرەك. ئائىلىدە ئەر- ئايال ياكى ئۆرمىنىڭ ئاخىرغىچە ئۆزئارا تەبەسسۇمغا مۇختاج. تەبەسسۇمسىز مۇھەبت كېسەلچان مۇھەبت. ئۇنىڭ خىزمىتى تېز قېرىتىش ۋە تېز

ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت. «گۈلنى سىرتقا، تىكەننى ئائىلە ئىچىگە» قىلىدىغان بەختسىز ئائىلىلەر يوقىتىۋاتقان تەبەسسۇم گۆھىرىنى تۆمەنلەپ پۇل ياكى زىبۇ- زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن قايتا تېپىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق تەبەسسۇم مۇھىتى بولمىغان ئائىلىدە ئاتالمىش «تەقۋايىلىق»، ئەدىپنى بىرىش، ۋايساش ۋە ئاقىۋەتتە پەرزەنتلىرىنىڭ تۇل - قوپال، كۆكەرمە، ھەتتا ئاتا- ئانىنى سىلكىشلىشى ھۆكۈمران مۇھىت بولۇپ قالىدۇ. «يازغا بۇلبۇل، قىشقا تۇل قاغا»، مانا بۇ ئىككى خىل ئائىلە مۇھىتىنىڭ يارىشىقى!

تەبەسسۇم ـ رىقابەتكە تولغان دۇنيادا ئەڭ پاك، ئەڭ ئىزگۈ ئىنسانىي ئالىي- پىكىر، ھېس ۋە ھېسداشلىقنىڭ مەشئىلى. ئۇ ئۇكىياندىكى مايالا، دانكو قولىدىكى ياللۇنلۇق يۈرەكتەك ئىنسان ئەۋلادىنى ئۈمىدلەندۈرۈپ، ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ لەھجىسى: «سەن ھامان ئىنسان!» دېگەندىن ئىبارەت. دەر ھەقىقەت، ئىنسان ھامان ئىنسان، ئۇ ئۇنچە جاۋاھىرلار غارىغا ئىگە بولغىنىدەمۇ، دۇلدۇل تۇلپارىغا مىنگەندىمۇ، ياپراقسىز يالغۇز دەرەخ تۈۋىدە ھەسرەتلىنىۋاتقاندىمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقى كېرەك. ئۈمىدسىزلىك مۇز دەرياسىغا ۋەكىللىك قىلغان ئادەم «ئىنسان» ئىبارىسىنى تاكى ھاياجانلانغىچە تەكرارلىسا، ئۈمىد ۋە جاسارەت ساھىلىغا قايتىش مۇمكىن. ئۇنى كۆتىۋالىدىغان تۇنجى مەلىكە باشقا نەرسە ئەمەس، يەنىلا ھېلىقى ئالتۇن چىراغ- تەبەسسۇمدىن ئىبارەت. پىتنە- ئىغۋا كۆلكىلىرى، قەستۇ- كۈنەملىك ھىجىيىشلىرى، مۇغەمبەرلىك نىزىقاشلىرىغا كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھەقىقىي ئىنسانىي قەدىر- قىممەتنى خارلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تاپاۋىتى تارىخنىڭ ئاچچىق مەسخىرىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تارىخ ئىنسانىيەتنى يارىتىپ، ئۇنى تاكامۇللاشتۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ ئۇلۇغ ئانا بۈركۈت چۈجە ئوغۇرلىغۇچىلارنى كەچۈرمەيدۇ. ئىنسانىيەت بەخت- سائادىتىنى ھۆددە ئالغان تارىخ دولقۇنلار يېرىپ ئىلگىرىلەيدۇ. تەبەسسۇم، ئۇنىڭ مېلودىيىسى!

1990-يىل 12-ئاينىڭ 12-كۈنى، ئۈرۈمچى.

# سۆكۈنات

سۆكۈنات ـ ئۇ سۆكۈت قىلىش ئەمەس!

سۆكۈت قىلىش ــ يولسىزلىققا شېرىكچىلىك ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۆرەشتە جۈرئەتسىزلىكتە ئىپادىلىنىدىغان ۋىجدانسىزلىق ئىپادىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ھەممىگە روشەن.

سۆكۈنات ـ ئۇ تاقەت جۈملىسىدىكى ئەقلىي ھادىسە، ئىنىقراق ئېيتقاندا، سۆكۈنات ــ تەپەككۇر ئۆركىشىدە شەكىللەنگەن، ئىرادە ئارقىلىق تورمۇزلانغان بىر مەزگىللىك ئالاھىدە روھىي كەچۈرمىشتىن ئىبارەت.

سۆكۈنات شەخس ئۈچۈنمۇ، مىللەت ۋە دۆلەت ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە قىممەتلىك تەپەككۇر ۋە تەدبىر پەيتى بولۇپ، ئۇ مول مېۋىلىرى، ھېكمەتلىك بېشارەتلىرى، تەجرىبە-ساۋاقلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن.

سۆكۈنات تۈرلىرى ۋە سۆكۈنات سەمەرىلىرى ھەرخىل. لۇسۇن ھەم ئىچ ئاغرىتىپ، ھەم نەپرەتلىنىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ئوبيېكتلىرىنى «ئاكيۇ» ئوبرازىغا مۇجەسسەملەش ئالدىدا سۆكۈنات ئازابىدا پىكىر ئۆركەشلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن.ئابدۇقادىر داموللام چەتئەلدىن ئوقۇشنى تاماملاپ ئۆز يۇرتىغا قايتقاندا، مىللىي زۇلۇم ۋە جاھالەت تۇمانلىرى ئۈستىگە قوشۇلغان ئەجنەبىي جاھانگىرلارنىڭ ھىيلە-مىكرىنى بايقاپ، جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي تونىغا ئورىنىۋالغان مالايلارغا قارشى ۋولقاندەك پارتلاپ چىقىش ئالدى-كەينىدە كۆپ قېتىم سۆكۈنات خىلۋىتىگە چۆككەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نوقۇل تەلۋە دەبدەبىلەر بىلەن تېتىقسىز ۋايساشلار مەزگىلى بولغىنى يوق. ئۇ، ئۆز نۆۋىتىدە جۇڭگو تارىخىدىكى ئۇلۇغ سۆكۈنات دەۋرى ھەم بولدى. جۇڭگودىكى ئىلغار كىشىلەر كۆپ جەھەتلىمە، مول بىلىش، چۈشىنىش، پەرق ئېتىش، ئويغىنىش پىكىر تەلقىنلىرى بىلەن يېڭى دەۋر تەسەۋۋۇرىنىڭ كارتىنىسىنى سىزىشتى.

سۆكۈنات ـ شەخسنىڭ ئۆز ئىرادىسىدىن ھالقىپ كەتكەن تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي كۈچلەر بېسىمى ئالدىدىكى ئىنسانىي تەپەككۇردىمۇ، شۇنىڭدەك ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلىگەن ئاڭلىق ۋە ئىرادە ئاستىدىكى قايتا ئويلىنىشتىمۇ، جۈملىدىن، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل يالغان-ياۋىداق بوھتان ياكى بىر مەزگىللىك چۈشەنمەسلىكتەك روھىي بۇرۇختۇرمىلىققا

ئۇچرىغاندىمۇ يۈز بېرىدۇ. نەتىجىدە، تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي كۈچلەر مۇشكۈلاتلىرىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئوبيېكتلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى كونكرېت مۇھاكىمە قىلىدۇ؛ ئۆز پائالىيىتىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئەۋزەل پائالىيەت ئۇسۇللىرىنى ئويىنلىدۇ؛ بۆھتان ۋە چۈشەنمەسلىكلەرنى جەمئىيەتشۇناسلىق، سىنىپى (سىياسى) كۈچلەر سىلىشتۇرمىسى ۋە كىشلەردە ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىش شەكىللەنگىچە سۈكۈنات يوللىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

سۈكۈنات ـ ئۆزىگە قارىتا ئالغاندا، ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، تارىخ- ئۆتمۈشى، ۋىجدان – مەجبۇرىيىتى، ئىرادە- جاسارىتى، ئۇتۇق –سەۋەنلىرى ئۈستىدىكى ئەقلىي ئويلىنىش شەكلىدىمۇ غايەت قىممەتلىك كامالەت شەرتىدىن ئىبارەت. مۇنداق سۈكۈنات خۇددى ئايرۇپىلاننىڭ ئايرپورتقا قونۇشى سىياقىدىكى «قايتا ئويلىنىشى» (ئۆز مەجبۇرىيەتلىرى، ۋىجدان ئىجراسى، قەتئىيلىكى، تەدبىر پاقلىقى ۋە تەدبىر ئاقىلانىلىكى) ۋە «قايتا بايقىشى» (ئۆز خەلقى ۋە پۈتكۈل كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئالاقە قۇرۇلمىلىرىنىڭ ھازىرقى رېئال ھالىتى) بولۇپ كىتاپتىن ئالامغان دانىشمەنلىك سەمەرىلىرىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ. سۈكۈنات قىلىشنى بىلىش چوڭ بەخت ۋە كاتتا ئىقتىدار بولۇپ، بۇ ئومۇمەن ھايۋانلاردا بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئىنسانىي خاسىيەت ۋە كامالەت ھېساپلىنىدۇ. بۇنداق سۈكۈناتىنىڭ شۇئارى «مېنى ئاسارەتكە سالغان نەرسە ئۆز ئەقلىم، تەپەككۇرۇم، روھىمدىكى كىشەنلەر» دېگەن بولمىقى لازىم.

سۈكۈنات ــ باشقىلارغا قارىتا، ئۇلارنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى، چىن ساختىلىقىنى، جىددى- يەڭگىللىكىنى بايقاشتا تېپىك كۆزىتىش ۋە ئويلىنىۋېلىش مومېنتىدىن ئىبارەت. ئۇ ساختا قەھرىمانلارنى، ۋاپاسىز دوستلارنى، پۇرسەتپەرەسلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئېچىپ بېرىدۇ.

سۈكۈنات ــ ئۆز مىللىتىنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ شۇ بىر دەۋرىدىكى سىۋىلىزاتسىيە قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى، ئۇنىڭ ئۇتۇق ۋە زەئىپلىكلىرىنى ئەستايىدىل ئويلىنىشتىمۇ مۇھىم تەپەككۇر شەكلىدىن ئىبارەت. ۋاھالەنكى، «تەپەككۇر قىلىدىغان» مىللەتنى يېتىشتۈرۈش بارلىق ھەقىقىي تەلىم- تەربىيىنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى ھېساپلىنىدۇ. «ئۆز –ئۆزىگە ماختىنىپ يۈرگەن» مىللەت بىلەن «تەپەككۇر قىلىدىغان» مىللەت بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان تارىخىي ئىستىقبالغا يۈزلەنگەن مىللەتتۇر، خالاس.

سۈكۈنات ـ شەخسىنىڭ ھاياتىدا كۆپ قېتىم دۇچ كېلىدىغان روھىي ھالەت بولۇپ، ئۇ ئۆز مەزمۇنى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ساپاسى، يەكۈن ۋە تەدبىرلىرىنىڭ ئاقىلانىلىكى بىلەن بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىدۇ.

سۈكۈنات ــ ئۈمىدۋار، يىراق كۆرەر، قەيسەر قەلبنىڭ ئۆز -ئۆزىنى ئاڭقىرىش، ئۆز-ئۆزىنى كۈچەيتىش ۋە ئۆز- ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى «مىراج»دۇر. بۇ مىراج»دا ئۇ رېئاللىق بىلەن تويۇنغان تەپەككۇر بىلەن ئۇچرىشىدۇ! ئەگەر قورقۇش كەلسە تەلۋىلەرچە لاپخورلۇق قىلىۋاتقان دۈشمەندىن ئەمەس، زەئىپلەرچە سۈكۈنات قىلىۋاتقان رەقىبتىن قورقۇش لازىم.

1990-يىلى 12- ئاينىڭ 13-كۈنى

# «قۇلىقىڭنى تارت!» توغرىسىدا

بۇ ـ ئىغاڭلاتسا يوپۇرماقلىرىدىن پۇل تۆكۈلىدىغان، تىكەنلىك دەرەختىن باشقا ھېچ نەرسە يېلتىز تارتمايدىغان مەدەنىيەت چۆللۈكىدىكى ھازىرقى زامان ئەپسانىسى...

بۇ ـ يۈرىكى زەرگەرنىڭ ئېرىتىش ئوچىقىدا سۇغا ئايلىنىپ، يالجىراپ تۇرغان چوغقا سىڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، نىگاھىنى ساختا تەكەللۇپ يوپۇرماقلىرى بىلەن بېزەندۈرۈپ تۇرغان شۆھرەت قەھۋەخانىسىدا ئوقۇلغان كېچىلىك ناخشا...

بۇ ـ ئەتىرگۈل بەرگىگە سىغىز تۇپراق چاڭ- توزانلىرىدىن لاك سۈركەلگەن، ئەقىل – ئىدراك ئەينىكىگە ھودۇققان تەلۋىنىڭ ئېغىر مۇشتىدىن دەز كەتكەن تومۇز ئاپتىپىدىكى غەلىتە رىۋايەت...

بۇ ـ «كېچىسى قەتىل قىلىپ، كۈندۈزى ھازا ئاچقان» ھىيلىگەر بەگزادىنىڭ قارا قەلبىدىن تامغان قارا بۇتقىدا بويالغان ھېلىلە ياغلىقنى كۆزىگە تاقىۋالغانلىقنى ئۇنتۇلغان سەبىينىڭ قاتىلغا ئەگىشىپ، ياقا يىرتىپ ۋارقىرىغان ھاماقەت نالىسى...

بۇ ـ يوپۇرماقلىرىنى بوران سوققان، قوۋزاق- پوستىنى ئېشەك غاجىلىغان، تۈۋىنى سەلەپىنىڭ قارا سوقماقلىرى بوشاتقان پەرۋىشسىز دەرەخنىڭ بىگۇناھ يولۇچىنى بېسىۋېلىپ، ئادا قىلماقچى بولغان پۇغانىدىن چىققانلىق غۇرۇرى...

بۇ ـ بىر ئاپەت، ھاقارەت، ئاچلىق، قورقۇش كىردابىدا تەمتىرەپ ھودۇققان بەختسىز ئەرۋاھنىڭ ئۆز تەقدىرىگە ئۆز بېسىپ كېتىۋاتقان خۇبىن تىرىك چۈشىدىكى مەجنۇن پىرىسىدەك ئەسەبىي چۈش...

بۇ ـ رۇستەمنىڭ ئۆز دادىسى زالنى تونۇۋېلىشتىن ئىلگىرىكى، ئۇنىڭ كۆكسىگە قاداپ قويغان بەھەيۋەت خەنجىرى...

بۇ ـ گۈل بىلەن نورۇزنىڭ يۈزلىرىگە زەنجىر تور تاقىۋالغان دەقىقىلەردە بىر-بىرىگە قارشى شىلتىغان قىلىچلىرىنىڭ ئىدراكسىز ساداسى...

بۇ ـ خۇرسىنارلىق يىغا، ھاقارەتلىك نالە، شۇنىڭدەك قاقاھلاپ ئاڭلانغان كۆلكە، ئۆز- ئۆزىنى قايتا بىلىشنىڭ جىمجىت سۈكۈناتى...

مەن ئويلايمەن: ساغلام بەدەندىن ساغلام ئەقىل تۇغۇلىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ نادىر كەۋدىسى بىتابلىق خەستىلىكتىن خالىي ئەمەس!

مەن ئويلايمەن: بۇزۇلغان مۇھىتتىن بۇزۇقلۇق ئۈمىلەپ چىقىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ ئىللىق

قويندا يۇقۇملىنىش پەيدا قىلىدىغان كېسەل سۇغۇرلار يوق ئەمەس!

مەن ئــويلايمەن: ئەقىلنىــڭ بىــر قــانىتى ۋىجــدان، بىــر قــانىتى ئــار- نۇمــۇس. مىللىتىمىزنىڭ ئەقىل ئىگىلىرى پاك ۋىجدانىنى ئۇلۇغلاپ، ناپاك قاباھەتنى قامچىلاشنى ئىنسانىي بۇرچ دەپ بىلىدۇ. بۇنداق ئۆتكۈر ئەقىل- ئىدراك مۇنبىرىدە سۆيقەست ئۇستىكاسىنىڭ، ھىيلە-پىلىملىرىدا يەملەنگەن زىيانكەشلىك دەۋالىرىنىڭ «ئادالەت» موھرى بىلەن پېچەتلىنىپ، بەرقارار تېپىشىدىن ئىبلىسنى خۇشال قىلىدىغان پاجىئەلەرنىڭ چىقماسلىقىغا يەنە ئەقىل- ئىدراك، ئادىل ۋىجدان، ئىزگۈلۈككە بولغان ئىشەنچ- ئىماندىن باشقا قايسىبىر قۇدرەت كاپالەت بېرەلەيدۇ؟! ئادىشىپ ئىشىنىپ قېلىش خۇددى بىۋاستە ئەمەلىيەتتە، بىۋاستە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئىشىنىشتەك بەرقارار بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا كۆڭۈلدىن كۆزگىچە دولقۇن چېچىپ تۇرىدىغان ئىشەنچتۇر. بۇ ئىنساندا بولۇپ تۇرىدىغان بىلىش جەريانىدىكى ھەقىقەتكە ياندىشىقان غەيرىي ھەققىي ھادىسە. ئۇ ئۆز- ئۆزىنى ئىنكار ۋە سالاۋات قىلىشقا تەييار بولغان «سۆيۈملۈك ئادىشىش».

مەن گېرېكلار دارغا ئېسىۋەتكەن سوقراتنى، قۇندۇز ھاكىمىي دارغا ئاسقان مەشرەپنى، بۇرھانىدىن خوجا چاپقان ئەرشىنى، تاز مەزۇن بوغۇزلىغان ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆز خەلقىدىن چىققان دۆمەنلەر ياتلارغا ئالدىنىپ قەتىل قىلغان، دەپ قاراپ كېلىۋاتىمەن. بىر زامانلاردا خەنزۇلار ئارىسىدا ۋاڭجىڭۋېي ئەمەس، بەلكى لۇشۈن ئەپەندى مىللەت خائىنى دېيىلگەندى. كېيىنچە ئويغانغان جامائەت لۇشۈن جىنازا يوپۇقى ئۈستىگە «مىللەتنىڭ ئەرۋاھى» (مىللەتنىڭ روھى) دېگەن يوغان ئۈچ خەتنى يېزىشتى. يېقىندىلا قىرغىز- ئۆزبېك مىللەتلىرىنىڭ كالتە توقۇنۇشلىرىدا، ئۆز خەلقىگە ھاي بەرگەنلىكى ئۈچۈن چىڭغىز ئايتىۋاماتوۋنى ئۆز مىللىتى ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر «مىللەت خائىنى» دەپ ۋارقىراشمىدىمۇ؟ مانا بۇلار، بىۋاستە ئەمەلىيەتتە سىنالمىغان، كۆزنىڭ ھېچقانداق ساھىتلىقى، مەنتىقىنىڭ ھېچقانداق غەيرىي زىددىيەتلىك ئىزچىللىقى، سۆز- ھەركەتنىڭ ھېچقانداق ئۆز- ئۆزىگە مەسئۇلىيىتى بولمىغان قارا كەلگۈنى بولماي نېمە؟

دەرەخنى ئۇنىڭ ئۆز شېخىنى ساپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر- بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ۋەيران قىلىش مۇمكىن بولغىنىدەك، ئەقلىنىمۇ گەپ- سۆز بىلەن، تەپەككۇرنىمۇ يالغان – ياۋىداق بىلەن شاخ- شېخىدىن كەسلىۋېتىش مۇمكىن ئىكەن! ھەيرانمەن: سەيتانىمۇ ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ كۆزىگە ئەمەس، قۇلىقىغا يالغان –ياۋىداق سۆزلەپ، قۇلاقنى كىرلەشتۈرۈپ «تۇنجى گۇناھ»غا باشلىغانىدى. شۇ يىراق ئەلمىساقتىن بېرى ئاداشقانلارنىڭ كۆپى كۆزدىن ئەمەس، قۇلاقتىن كەتكەن! بۇ قارىغۇ قۇلاق، بۇ تەمنى سېزىدىغان تىلى، قاتتىق –يۇمشاقنى سېزىدىغان چىشى، چوڭ –كىچىكنى

پەرقلەندۈرىدىغان ئىپىز بوشلۇقى يوق قۇلاق زەررىدىن تاكى ئالەمگىچە بولغان ھەممە نەرسىنى شۇ پېتى يالماپلا ئەقىل تەختىگە ياندۇرۇپ قويىدۇ. قۇلاق تۇپەيلى يېقىلغان ئوت، ئېتىلغان ئازمۇ؟!

ئويلاپ قالدىم: قولـۇقنى تـارت، تىلىڭنـى تـارت، نەپسىڭنى تـارت! دېگەنلەرنـى كـۆپ ئاڭلىدىم، كۆپ كىتاپلاردىن تەكرار ئوقۇدۇم، «قۇلىقىڭنى تـارت!» دېيىش بىزگە، مۇشۇ ئەۋلاد كىشىلىرىگە قالغان ئاچچىق ھېكمەتنامە بولسا كېرەك...

«قۇلىقىڭنى تارت!» شۇ چاغدىلا ئىبلىس تۇزىقى، كىشىلىك كىرلىرىدىن پاكلانغان ئىنسانىي ئەقىل بۈركۈتىنىڭ ھەقىقەت دۇردانىلىرى چېقىنداپ تۇرغان نىجادىيەت گۈلزارىغا قاراپ سۈزۈك تەپەككۇر، يەڭگىل بەدەنلىرى بىلەن ئازادە پەرۋاز قىلالايدۇ. بۇنىڭسىز ئىللەت بوتقىسىدىن ئۆمۈلەپ تۇرۇشىڭ مۇمكىن ئەمەس!...

مانا بۇ، نەملىرى ئاياغلاشقان قەلبىمدىن تىزىلغان ئاخىرقى قەتىرىلەر...

1991-يىلى 9-ئاي، قەشقەر

# تەسەۋۋۇپ ۋە مۇھەببەت

«ئۆزلۈك» ــ ئۆزىنى بىلمەك سوپىزىم ۋە يېڭى گۇمانىزىم پىكىر ئېقىمىدىكى ئاساسىي كاتېگورىيە.

«ئۆزلۈك» ــ ئىنساننىڭ ماھىيىتى، ئىنسان ئالەمنىڭ ماھىيىتى. جالالىدىن رۇمىي بىلەن ھەرقايسى تەسەۋۋۇپچىلار: ئىنسان ماھىيىتى جەھەتتە تەڭرى، نەپسانىيىتى جەھەتتە شەيتان؛ ئىنساننىڭ كامالىتى ــ ئىنساننىڭ شەيتان ۋەسۋەسىلىرىگە ئىسيان قىلىشى، ئۆزلۈكىنى ــ تەڭرىلىك ماھىيىتىنى بىلىشى، تېپىشى ۋە ئاسرىشى، دېيىشىدۇ.

ئىنسان جىسمانىي جەھەتتە بىر ئات، بىر ھايۋان. ئىنسان مەنىۋى جەھەتتە ئاتقا مىنگۈچى، ئەگەر ئاتقا مىنگۈچى دانا بولسا، ئاتنى كامالەتكە باشلايدۇ، نادان بولسا، ئات ئۇنى ئوقۇرغا باشلايدۇ. ئىنسان روھىيىتى ھايۋان ئوزۇقىنىڭ ــ ئات يېمىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ. بىراق، ئىنسان ئۆزى ھەققىدە بىلمەيدۇ، غەم يېمەيدۇ، ئەنسىرىمەيدۇ. بەلكى، ئات غېمىدە، ئات يېمى غېمىدە پايىپېتەك بولىدۇ. سېنىڭ شېرىن خىياللىرىڭغا يوشۇرۇنغان پۈتۈن ئاتەشنى نىيەتلىرىڭدىن يوشۇرماي، ئۆز ئالقىنىڭغا تۆك، قارا، ئۇنىڭ قانچىسى ئۆز ماھىيەتلىرىڭ غېمىدە ۋە قانچىسى ئات بوغۇزى غېمىدىكىن! سەن ئاسمان- زېمىن ھەققىدە دانىشمەن بىلىمدان، بىراق «ئۆزلۈك» ھەققىدە بىر نادان، ھەتتا تەلۋە ئەمەسمۇسەن! روھى زېمىندا ئۆلگەن كېيىك بەدىنىدە مىغىلداپ يۈرگەن چۈمۈللەردەك ئىنسان تۈركۈملىرى نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى قىملداپ تېنىم تاپمىدى. ئۆزلۈك خەزىنىسىگە قەدەم قويغانلار نېمە دېگەن ئاز؟! ئۆزلۈك ــ ئۇلۇغ ئىلىم. ئۇ ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئۇنىڭ چۈمۈلىدەك توپلىۋالغان كېيىك پارچىلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى كامالەتكە قانچىلىك يېقىن- يىراقلىقى بىلەن ئۆلچەيدۇ. ئىنساننى بايلىق تارازىسىدا ئۆلچەپ بولامدۇ؟!

ئەمما، ئۆزلۈك ئىلمى ئون پاتمان ناننى كۆتۈرۈۋالغان ناۋايغا ئوخشىمايدۇ. كۆتۈرۈپ يۈرگەن بىلىملىرىڭ باشقا نەرسە، سەن ھەزىم قىلغانلىرى باشقا نەرسە، دەرھال كۆتۈرگەن ناننى، دەرھال يەۋېتەلمەيسەن- دە!

ئۆزلۈك ئىلمى ــ ئۆلمەس چەۋەنداز. ئادەم قېرىپ، ئۇنىڭ مىنگەن ئېتى ھاسىرايدۇ. بۇ دەل ئات مىنگۈچىنىڭ پىشقان، ئاتنى ئۆز يولىغا كۆندۈرگەن ۋە كامالەت گىرۋىكىگە يېقىنلاشقان چېغى سادىر بولىدۇ. مانا بۇ ئۆمۈر دېمەكتۇر.

ئىنسان ماددىي ھايات ۋە مەنىۋى كامالەت ناتەكشىلىكىدە ھەركەتلىنىدىغان شەيئى. ئىنسان ئۆمرىنى باللىقمۇ ئەمەس، قېرىلىقمۇ ئەمەس، دەل بۇ ئىككى ئارىدىكى يېرىم ئەسىر ماددىي جەھەتتە پۇچۇلدۇرىدۇ، مەنىۋى جەھەتتە يېتىلدۈرىدۇ. ئەتتەڭ، «ناۋا مۇقامى» ئەۋجىگە چىققاندا تارى چاراس قىلىپ ئۈزۈلىدۇ، تارا ئالماشتۇرالمايسەن. قولۇڭدىن كېلىدىغىنى؛ «ناۋا سازىنى دەۋران مۇترەبى بەزمىدە چالغاي» (نەۋائى مىسراسى) دېگەندىن ئىبارەت.

ئۆزلۈك ئىلمى زىدىدىيەتچان ماددىي دۇنيادا «بىرلىك» («ۋەھدەت») ۋە «ئىشىق» (مۇھەببەت)نى شۇئار قىلغان. مۇھەببەت ــ ئۆزلۈككە ئىنتىلىش، ئىنسانىي ئىنسان بىلەن (ھايۋان بىلەن ئەمەس)، ئىنسانىي ئات مىنگۈچى بىلەن (ئات بىلەن ئەمەس)، ئىنسانىي مەنىۋى ئوزۇق بىلەن (ئات يېمى بىلەن ئەمەس) قوشماق. قۇشۇلماق ــ ۋەسلى، ۋەسىل ــ ئىنساننىڭ ئۆز- ئۆزىنى تونۇشى، كۆرۈشى، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس (قۇتلۇق) قەسىرىگە كۆتۈرۈلىشى. ئۆزلۈك شوتىسى ياكى ئۆزلۈك دۇلدۇلىسىز ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىلاھىي كامالىتىگە، ئىنسانىي قىممەت مىراجىغا چىقالمايدۇ. ئۇ پۇلدار تۈلكە، ھۆسنىدار ئاق ئېيىق، ھوقۇقدار شىر، ئالتۇن قاسىراقلىق سۈيىقەستچى يىلانلىق ماقامىدىن چەتنەلمەيدۇ. ئۇ «نۆل» بىلەن يوقلۇقتىن كېلىپ، يەنە يوقلۇققا «نۆل» بىلەن كېتىدىغان تىللىق، زىبۇ زىننەتكە ماھىر ھايۋان بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

مۇھەببەت ــ ئىنتىلىش. ئۇ ئىنسانىي سۆيۈشكە ھەقلىق. ئۇ ئىنساندا مەيلى مەھبۇبنى سۆيۈش، مەيلى ئىنسانلىق ھەقىقىتىنى سۆيۈش، مەيلى ۋەسلى ئىنسان (ۋەسلى ئىلاھىيە) يولىدىكى مۇھەببەت بولسۇن بىر پۈتۈن، ئۇ ھاياتنىڭ ئۆزلۈكنى تېپىش يولىدىكى كارۋان بېشى.

سۆيۈش ئاتىمۇ، ئاتقا مىنگۈچىدىمۇ بولىدۇ. ھەقىقىي مۇھەببەت ھەقىقى ئۆزلۈككە ئېرىشكەن ئىككى ماھىيەتنىڭ قوشۇلۇشى بولۇپ، بۇ ئالەمنىڭ ئوچۇق- يورۇق ۋە تەنتەنىلىك تويى، ئۇلۇغ ئىزدىنىشنىڭ زەپەر كۈيى، ئىلاھلار ۋەسلى مىراسى. شېئىرىيەت ۋە سەنئەت ئۇنىڭ خاتىرىسى ۋە سارىيى، خالاس. مۇھەببەت جىمى ئالەمدە روھسىز، ئۆزلۈكسىز، ئەمما كامىل ئىنساندا روھىيەت قۇببىسىغا يەتكەن ھالدا ئەبەدىلىئەبەت داۋام قىلىدۇ. بۇ مۇھەببەتنىڭ بېشىدا، مەنپىي ئىلاھ ــ ئاياللىق كامالىتى تۇرىدۇ. ئۇ ئالەم بىنا قىلغۇچى رىئال بىشنادۇر. ئۇ يول بېشىدا ئوماق قىز، يول ئاخىرىدا مېھرىبان موماي قىياپىتىدە چاقنايدۇ.

مۇھەببەت مەسىلىسىدە ئىككى شەرت شۇكى، سەن كامىل قەلبنى ئىزدە ۋە ئۆزەڭمۇ كامىل قەلب بول. كامىل قەلب ھەقىقىي ئۆزلۈككە ئېرىشكەن ئىنسان ماھىيىتىدىن

ئىبارەت. ئاتقا مىنگەن مەلىكە ياكى شاھزادە، ئات رىزقىنى يېمەسلىكى لازىم بولغىنىدەك، ئاتقا ياكى ئاتتەك ھايۋانىي سۆيگۈگە قۇربان بولماسلىقى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. قارا، مۇھەببەت نامىنى سېتىپ يۈرگەن ۋە مەڭگۈ مۇھەببەتتىن بىخەۋەر كىشىلەرگە! ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئالدامچىلىق ۋە تەنتەكلىك ھەجىيىشى بىلەن يوپۇقدالغان ھايۋانلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرىدۇ. غەزەپ ۋە خىرىس بەربىر سېپىنىڭ ئۆلپىتىنىڭ بولۇپ، پاھىشىخانىغا نىكاھلانغان ياكى ئېيىق غارىغا سولانغان ئايالغا ئايلىنىپ قالىسەن.

ئىنسان تۇغۇلىدۇ، ئەمما سەن تەكرارلانمايسەن. جەننەت بىلەن دوزاختا ئوخشاشلا قىزىل يېپىنچا تاشلىغان ئىشقۋازلىق تۇيغۇلىرىدا تولكىنىڭ، ئېيىقنىڭ، شىرنىڭ، قوتازنىڭ، مايمۇننىڭ، يىلاننىڭ نىكاھلانغان مەھبۇبى بولۇپ قالدىڭمۇ، بولدى، بەس! سەن ئۆزلۈك ئەينىكىدە دوزاقتا كۆيگۈچىسەن. ئىسىڭدىن چىقمىسۇنكى، ھەقىقى جەننەت كەۋسىرىگە تەشنا ئىكەنسەن، ئۇنى قەلبتىن ئىزدە، كەۋسەر قاچىلانغان ئىدىشىنىڭ شەكلى- پەكلى بىلەن كارىڭ نېمە؟! چۈنكى، ئويغانغانلار تولىمۇ ئاز ۋە ئۇلار خېلىلا يول يۈرگەن! بىلگىنكى، ئىنساننىڭ يېتىلىش يولىنى سىزىپ بەرگەن ئۆزلۈك ماقامىدىكى دانىشمەنىنىڭ نۇرانە قىياپىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ يېشىنىڭ نىمە ئەھمىيىتى بار! سەن ئۇنى ئىزدە، ئات مىنگۈچىلەر ۋە ئاتنى قانداق مىنىشنى ئۆگەتكۈچىلەردىن ئىزدە!

1992-يىلى 8- ئاينىڭ 23-كۈنى

# ئۆزىنى تىزگىنلەش

ئىنسان مۇرەككەپ ئىقتىدارلىق زىددىيەتچان مۆجىزە. ئۇنىڭ روھىيىتى ناگاندا چەكسىز تەلپۈنۈش ۋە پايانى يوق تەسەۋۋۇر چېچەكلىرى بىلەن پەرۋاز قىلسا، ناگاندا دېڭىز- ئوكيانلاردەك تاشقىنلاپ، بۇجغۇن چاچرىتىپ، رەڭدار بۇلۇتلاردەك ئىگىز چوققىلار ئۈستىگە يېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسى يۈنىلىشتە، قۇلۇلىدەك ۋىجىكلەپ تۈگۈلىۋالىدىغان، پەرۋاندەك ئۆزىنى ئاتەشكە ئاتقۇسى كېلىدىغان ھالەتلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇ سېھىرلەنگەن «سۇلايمان قۇمرىسى»دىكى بەھەيۋەت دىۋىدەك قۇمرا ئاغزىدىن پۇرقىراپ چىقىپ ، يەر- زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرسە، بەزىدە كىچىككىنە قۇمرا ئىچىدە تۈگۈلۈپ يېتىشتىن ئۆزگە ئىلاج بولمايدۇ. دەر ھەقىقەت ئىنسان ئەڭ ئالدى بىلەن ماددىي مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە، مۇنداق مەۋجۇدىيەتنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان ۋە چەكلەنگەن.

ئىنسان فىزىئولوگىيىسىدە، بولۇپمۇ نېرۋا پائالىيىتىدە ئوخشۇش ۋە تورمۇزلىنىش ئىقتىدارى تۈپەيلى ئۇ ھاياتىي پائالىيەتلەرنى گارمونىيىلەشتۈرىدۇ. ئىنسان ئىختىيارى قىلغان ماددىي ۋە مۇرەككەپ سايمانلاردا، قاتناش ۋاستىلىرىدە ئېچىش- يېيىش تۈچكىلىرى، تېزلىنىش- ئاستىلىتىش، قوزغىتىش، توختىتىش ئەسۋاپلىرى بولىدۇ. بۇ ھەممىگە روشەن ئېلىمېنتر چۈشەنچە.

ئەمما، ئىنسان ئۈچۈن، ئىنسان تۈركۈملىرى ئۈچۈن بىر خىل جىددىي ئاڭ سۈپىتىدە ئۆزىنى تىزگىنلەش قۇرۇلمىسىنىڭ بولۇش- بولماسلىقى، ئۇنىڭ ئىقتىدار مەلىكىسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھەممە بىلگەن ئەمەس. چېكىدىن ئاشقان ئاچ كۆزلۈك، ساختا شۆھرەت ئۈچۈن ھەممىنى ۋەيران قىلىش تەلۋىلىكى، ھىستېرىيە ھاسىل قىلغان ئىغۋا- تۆھمەتخورلۇق، بۆرچ، نومۇس ۋە شەرمى –ھايا رىجىلىرىنى دەپسەندە قىلىدىغان بىشەملىك... ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان «سەلبى ۋە بۇزغۇنچى چەكسىزلىك» ئۇرۇنۇشلىرى ئۆزىنى تىزگىنلەش ئاڭ قۇرۇلمىسىنىڭ بولماسلىقى بىلەن ئالاقىدار.

ئەڭ ئىپتىدائىي ئىنسان ئۆزى ئوۋلايدىغان ھايۋان تۈركىمىگە قۇربانلىق قىلىش، ئۇنىڭ كۆشەندىلىرىنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزى ئوۋلايدىغان ھايۋان

روھلىرى ۋە ئىلاھلىرىنىڭ كەچۈرۈم ۋە خەيرىخاھلىقىغا ئېرىششىنى رىجە قىلىشقانىدى. قەدىمكى قۇل ئىگىلىكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدا ئەخلاق سۇئىلىزاتسىيىسى تەشەببۇسلىرىگە نامايەندە بولغان كۇڭ فۇزى، ساكيامۇنى، سوقرات ھېكىملەر ئىنسانىنىڭ چەكسىز خايىشىغا بىرىلمەسلىكى، ئۆزىنى تۇتۇپ، ئەدەپنى بەجا كەلتۈرۈشى، ئىنساپلىق بولۇشى توغرىسىدا ۋەز- نەسىھەتلەر قىلىشقان. قەدىمكى كىشىلەر ياخشىلىق- يامانلىق ئىلاھلىرى، يورۇقلۇق- قاراڭغۇلۇق دىۋىلىرى توغرىسىدا دىنىي ياكى ئەپسانىۋى ئەقىدىلەر توقۇشقان.

سىنىپىي زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى ۋە بىر تەڭرىلىك دىنلارنىڭ ھاكىملار ھامىيلىرىغا ئايلىنىشى بىلەن ئۆزىنى تىزگىنلەش ئېغى ئىزىلگۈچىلەرنىڭ ئۆز- ئۆزىنى تەقىپ قىلىش، خارلاش ۋە قۇللۇق ئاسارىتىدە دەپسەندە قىلىشنى مۇتلەقلەشتۈرىدىغان، تەقدىرلەشتۈرىدىغان پاسسىپ نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. فېئودالىزم ئىسكەنجىلىرىگە قارشى ئەركىنلىك تەشەببۇسلىرى تاكى بۇرجۇئازىيە مەھكۇم سىنىپتىن ھاكىم سىنىپقا ئايلانغىچە بولغان بۇرجۇئازىيە مەرىپەتچىلىكى ۋە بۇرجۇئازىيە ئىنقىلابى دەۋرىدە نىسپىي- تارىخىي مەنىدە ئىلغار تەشەببۇس بولغان بولسىمۇ، كاپىتالىستىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر كەسكىنلەشكەن كېيىنكى بىرقانچە ئەسىر ئىچىدە ئۆزىنىڭ ساختا، پۇچەك ۋە ناقابىل ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. ئىنسانىنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئاڭ قۇرۇلمىسى، بۇ جەھەتتىكى كۆپ قاتلاملىق مۇئەسسەلەرنىڭ مۇتلەق زۆرۈرلىكىنى بارغانسېرى ھالقىلىق سۇئىلىزاتسىيە تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. مۇئاييەن مەنىدە ئىنسانىيەتنىڭ مەخت- سائادىتى، تىنچ- ئامانلىقى، تەقدىر- ئاقىۋىتى ئىنسانىيەتنىڭ ئاڭلىق ۋە ئۇنۇمدار يوسۇندا ئۆز- ئۆزىنى كونتىرول قىلىش سەۋىيىسىگە باغلىق بولۇپ قالدى. زەھەرلىك ئىچىملىك ۋە چېكىملىك، مۇھەببەت بۇلغىنىشى، قارا جەمئىيەت گورۇھۋازلىقى، ئىرقىي ۋە مىللىي ئۆچمەنلىك پىكىر ئېقىمى، پىسخىك ئىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەسەبىيلىك چۆكمىلىرى ھاسىل قىلىشى، ۋاپا ۋە مېھىر- شەپقەت گۈلزارىنىڭ پۇل ۋە پاراغەت قۇيۇنلىرىدا ۋەيران بولۇش خەۋپى، ساتقۇنلۇق ۋە پۇرسەتپەرەسلىك، ھەربىي راسخوتنىڭ كىشىنىڭ يىلىكىنى شۈمۈپ كېتىشى، ئۇرۇش تەلۋىچىلىكى ۋە نوپۇس كۆپىيىشى بوھرانى، شەخس، ئائىلە ۋە مىللەت تۇرمۇشىدىكى ئۆزىنى تىزگىنلەش ئارقىلىق خالىي بولغىلى بولىدىغان ۋە ئۆزىنى تىزگىنلىمەسلىكتىن يۈز بەرگەن پاجىئەلەر شەرق ۋە غەرپتە ئۆزىنى تىزگىنلەش سىستېمىسىنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدىكى كۈچلۈك ئويغىنىش ۋە ئىزدىنىشنى شەكىللەندۈرمەكتە. مەن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئىجتىمائىي بەخت تۈزۈلمىسى فورمىسىدا ئىلىم- مائارىپ، ئادىل سىياسەت- قانۇن، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى

قاتالاملارنى تەدرىجىي بېيىتىش يوللىرى توغرىسىدىكى ئۆللۈق قاراشلار بىلەن «ئۇدغۇرمىش» ئوبرازىغا يىغىنچاقلانغان ۋە ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا دىنىي، تەسەۋۋۇپ تۈسى ئالغان «قانائەت»، «ئاقىۋەت» كاتېگورىيىسىنىڭ تۈپكى ماھىيىتى، ئىجتىمائىي بەختۇە ئىنسانىيەت سۇلىزاتسىيىسىنىڭ يەنە بىر ئۆللۈق شەرتى ــ «ئۆزىنى تىزگىنلەش» كاتېگورىيىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مۇشۇ مەنىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ زامانىسىدىكى ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكلەر كونكرېتلىقى ئەينىكىدە ئۆزىنى تىزگىنلىمەسلىك ۋە شەخسىي مەنپەئەت ھەم شۆھرەت پەرەسلىككە بېرىلىش يالدامىسى بولغان ئومۇمىي چۈشكۈنلۈك ۋە ئەخلاق بۇلغىنىش ھادىسىسىنى تەسەۋۋۇر قىلالىغان.

ئۆزىنى تىزگىنلەش ئاڭ قۇرۇلمىسى بىلەن ئاپائىيەت سېستىمىسى يالغۇز «دوللار ئىمپېرىيىسى» دۇنياسىغىلا ئەمەس، ھەممە، راۋاجلىنىشتا ئارقىدا مېڭىۋاتقان خەلقلەرگىمۇ مۇتلەق زۆرۈر. ئېيتىش مۇمكىنكى، ئۆزىنى تىزگىنلەشنى ئىنسانىي ئاڭ ۋە ئىجتىمائىي مۇھىم ۋە دائىمىي شەرتى قىلغان خەلق، گەرچە راۋاجلىنىشتا ئارقىدا مېڭىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزى-ئۆزىنى قورقۇتىۋاتقان ۋە ئىجتىمائىي، مەنىۋى ئىللەتلەر ئازابىنى چېكىۋاتقان تەرەققىي قىلغان خەلقلەرگە نىسبەتەن، روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان ئاقىلانە تۇرمۇش شارائىتىگە مۇيەسسەر بولۇشى ۋە پات ئارىدا ئىجتىمائىي بەختىنىڭ بىرقەدەر يۇقۇرى پەللىسىگە ئېرىششى مۇمكىن.

1990-يىل 12-ئاينىڭ 14-كۈنى

# تۇپراقنىڭ مونولوگى

تۇپراق....

تۇغۇلغىنىمدىن بېرى تۇپراقنى كۆرۈپ ، تۇپراق بىلەن ھەپىلىشىپ كىلىۋاتىمەن . دەرسلىرىممۇ تۇپراق ، شېئىرلىرىممۇ تۇپراق ... خىياللىرىم تۇپراق ئىلتىجاسى ! تۇپراققا دەسسەپ تۇرغان تۇپراقنىڭ تۇپراق توغرىسىدىكى شېرىن خىيالى !

تۇپراقنى كۈرۈپ ، تۇپراق بىلەن ھەپىلىشىپ يېشىم ئەللىكتىن ھالقىغاندىن كىيىن ، تۇپراقنى ئويلىنىدىغان قالدىم .ئۇ تۇپراقشۇناسنىڭ ياكى ئالخىمىكنىڭ تۇپراق تەركىبى ، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقى توغرىسىدىكى قىزىقىشلىرىدىن ، ئەھمەت يەسسەۋىينىڭ ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ، خوجا نەزەر ھۇۋەيدانىڭ « تۇپراق بول » دىگەن نەزم -ھېكمەتلىرىدىن پەرقلىق بولغان تۇپراق تەسەۋۋۇرىغا غەرق بۇلۇشقا باشلىدىم . كىم بىلسۇن ، بۇمېنىڭ تۇپراق توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلىرىم بولماي ، بەلكى تۇپراقنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەپەككۇر قىلىشى بۇلۇپ چىقتى .

مەن -بىر سىقىم تۇپراق ! مېنى كۆپتۈرۈپ تۇرغان نەرسە -سۇ ، ھاۋا بىلەن مەئىشەت.

مەن -بىر سىقىم تۇپراق ! مېنى يالتىرىتىپ تۇرغان نەرسە -ئەتراپىمدىكى تۇپراقلاردىن چۈشكەن نۇر قايتىلىمىسى بىلەن تۇپراقنىڭ ھېكمەتلىك يارالمىش تارىخى . بۇ تۇپراق جانسىزنىڭ جانغا ئايلىنىشى ۋە جاننىڭ جانسىزغا ئۆزگىرىشىنىڭ تۈمەن يىللىق ئاجايىپ ھېكايەتلىرى ۋە « خېمىرى » نى تاۋلىغان .

مەن-بىر سىقىم تۇپراق ! تەڭرى ئادەم ئاتىنى يارىتىشتىن ئىلگىرى ئەقىل-ئىدراك ، قايغۇ-ھەسرەت ، ئېپتىخار-نۇمۇستىن بىخەۋەر ئاشۇ تۇپراقنىڭ ، ئۆتمۈشتىكىمۇ ئەمەس ، كەلگۈسىدىمۇ ئەمەس دەل ھازىرقى ئەۋلادى ! مەن ئۆز زاتىدا ئەجداتلىرىمدىن قالغان خاك قالدۇقلىرى ۋە ئەۋلاتلىرىمغا قالىدىغان توپا « خېمىر تۇرۇچى » بارلىقنى ناگان-ناگاندا چۈشەكەيمەن .

مەن -بىر سىقىم تۇپراق ! گاھىدا ھەسرەت كۆز ياشلىرىمدىن لايغا ئايلىنىمەن ؛ بەزىدە جاسارەت ئۇچقۇنلىرىمدىن گاڭدەك قاتىمەن . بۇ كۆز ياشلار ۋە بۇ ئۇچقۇنلار مېنىڭ تارىخىم . مەن بىر قانىتى نەۋقىران ، بىر قانىتى سۇنغان بۈركۈتنىڭ پەرزەنتى !

مەن - بىر سىقىم تۇپراق ! نادان نەزەرىدە ئات تۇۋىقى چەيلەپ ئۆتكەن بىر خەستىدەك كۆرۈنىمەن ؛ دانىشمەنلەر مېنىڭ زېمىنىدىن يۈلتۇزلار دۇنياسىغا يۇلۇپ

تاشلىنىشمنى يەر شارىدىكى تەڭپۇڭلۇقۇمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نازۇك قانتى دەپ قارىشىدۇ .
مەن ئالەم تارازىسىنىڭ گىرى ، قىيامەت ئىشكىنىڭ ئەپسۇنى !

مەن -بىر سىقىم تۇپراق ! مەن ساناشقا سان يەتمەيدىغان ئالەم توزانلىرىنىڭ ئەرزىمەس بىر ئوچۇمى ، شۇنىڭدەك جاھان دەۋرانىنىڭ تەپەككۇر قىلىدىغان روشەن ئەينىكى . بىلگەنلىرىم بىلىم ، بىلمىگەنلىرىم تىلسىم ...

مەن -بىر سىقىم تۇپراق ! گاھىدا قىلىچ پارچىسى ، گاھىدا دەپتەر سەھىپىسى ، گاھىدا شاھ تاجىسى ۋە گاھىدا دەرۋىش ھاسىسىنىڭ ، مەيخور كاساسىنىڭ ئۇچىغا بىنا بولۇپ ، ھايات تاناسىپلىرى بىلەن مامات نىسبەتلىرىدىن ئالجەبرى تۈزۈپ يۈرگەن توزانمەن .

مەن -بىر سىقىم تۇپراق ! گۈزەلنىڭ يۈزىگە لاك بولۇپ سۈركەلگىنىمدە ، ساھىبجامالنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىغا تارق بولۇپ تىرەنلەپ كىرگىنىمدە ، ئاشىقنىڭ بىتاقەت تەلپىي ۋە مەشۇقنىڭ ئىنتىزار كالپۇكى قىياپىتىگە كىرىپ ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم سۆيگىنىمدە خۇددى بىر-بىرىنى يوقتىپ ، تۇنجى ھىجران ھېكايىسىنى ياڭراتقان ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىدەك ئۆز ئۆزۈمنى تىپىۋالغاندەك روھلىنىمەن . ھەيكەلتاراشلار تۇرقى-ھالىتىمنى ، رەسساملار قەددى-قامىتىمنى يەنىلا مېنىڭ ئۆز خاكىمدىن تەقلىد قىلىشىدۇ.

مەن -بىر سىقىم تۇپراق ! ئاددىيغىنە سەزگۈلىرىمدىن كۆرە ئۆز -ئۆزۈمنى سېزىپ تۇرغان ۋە ئاللىقانداقتۇر ئىسىم-فامىلە ، ئۇنۋان-شۆھرەت ، لەقەم -تەخەللۇس بىلەن تامغىلانغان « ھازىر-مەۋجۇت » تۇپراق قاتۇرمىسى بولساممۇ ، ھەققى تەپەككۇرلىرىمدىن كۆرە مەن يۇقالغان شەيئىمەن ! « جان » بىلەن « تەن » قوشۇلمىسى تەڭلىمىدە « ھايات » تىن باشقا نەرسە ئەمەس . بۇ مەن ئۇچۇن ۋە ئۆزىنى « مەن » دەيدىغان ھەممە تۇپراقداشلىرىم ئۇچۇن « ئىنسان » ماقامىدىكى « ھايات » تىن ئىبارەت . ماھىيەت « ھايات » بىلەن « ئىنساننىڭ » ، « ئىنسانى » ھاياتنىڭ ھەقىقى پەرقى !

مەن ، دەل مۇشۇ « ماھىيەت » ۋە ئۇنىڭ ھەقىقى قىممىتىنى يۇقاتقان خاك تۈزىنى . جاننىڭ نالىسى تەنگە قايتا قوشۇلماق بولغاندەك ، مېنىڭ مۇناجاتىم يۇقاتقان ئىنسانىي ماھىيەتلىرىمگە مۇيەسسەر بولماق .

مەن -بىر سىقىم تۇپراق ! مېنىڭ ئالقانغا سىغدىلىدىغان ھەجىمىمدە دېڭىزلارنىڭ ئۆركەشلىرى ، تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش تارىخى ، مىڭلىغان يىللار داۋامىدا تىرنالغان بوقۇسا ئىزلىرى بىلەن جەڭگى-جىدەل ، غەلىبە -زەپەر شەجەرىلىرىنىڭ يالدامىسى ، قەسىرە ۋە ئېھراملارنىڭ كېسەك -تالقانلىرى ، مەي كوزىسى ۋە ھاپىز ھاسىسىنىڭ سۇنۇقلىرى ، ھېكمەتلەرنىڭ مەلھەملىرىبىلەن ئۆلىمالارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى مۇجەسسەم . ئۇ مېنىڭ قەددى

قــامىتىم ، تــۇرقى-هــالىتىم ، رەڭگــى -روهــىم ، خىيــال -تەســســەۋۋۇرلىرىم ، ســۆيگۈ-ئىنتىلىشلىرىمنىڭ خېمىرىنى يۇشۇرغان .

مەن -بىــر ســىقىم تــۇپراق ! مەن مېنــى زېمىنــدىن ، تــۆت ئەتراپــدىكى تــۇپراقلار تۆركۈمىدىن ، بۇ تۇپراقلارنىڭ تارىخى هېكايەتلىرى ، چۆشەكەش روهىيەتلىرى ، ئۈمىدۋار شېئىرىيەتلىرى ۋە ئاجايىپ هېكمەتلىرىدىن يۇلۇپ ئېلىپ ، شاهانە يۇپۇقلار بىلەن بېزەپ ، ئاخرۇمازدا ئىلهى ياكى مېتىرا قۇياش مۇئەككىلىدەك « نۇر » ، « نۇر ئەفشان » ، « نۇر ئوغلى » دىگۈچىلەرگە قوشۇما قېشىمنى كۆمۈردەك قارايتىپ ، مۇشتۇملىرىمنى تاغدەك تۈگۈپ هومىيىدىغان تۇپراقمەن .

مالائىكىلەر تۇپراقتا ، قۇياش زېمىنگە ، تاغ چوققىلىرى تېرەن جىلغىلارغا تەزىم قىلىدىغان زامانلاردىلا ئىنسانىيەت ئۆز ماهىيەتلىرىگە مۇيەسسەر بۇلۇشى مۇمكىن .

مانا بۇ -تۇپراقنىڭ مونولوگى !!!!!!

1991-يىل 9-ئاينىڭ 7-كۈنى

قەشقەر-سەمەن

# ئۆزلۈك ئەينىكى

ئىنسان تۇپراقتىن ئۈنگەن گىياھ، گىياھتىن قەد كۆتۈرگەن ھايۋاننىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان كارامەت مۆجىزە سۈپىتىدە يارالغان پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئۇلۇغ ئەۋرىشكىسىدىن ئىبارەت. ئۇ ئەينەككە مۇھتاج. ئۇ ئەشۇ ئەينەك ــ ئۆزلۈكتە ئۆزىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزگىلەرنى كۆرۈش ئىشقىغا، ئىنساننى ئىنسانىي كامالەتكە كۆتۈرۈش ۋە ئىنساننى بىر-بىرى بىلەن قوشۇش مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۆزىنى كۆرمەسلىك ــ ئۆزلۈكنى بىلمەسلىك ئىنساننىڭ ھايۋانلىق زىندانىدىكى ئەڭ قورقۇنۇچلۇق غاپىللىق ئۇيقۇسىدىن ئىبارەت. بۇنداق غاپىل مەغرۇر، تەنتەك، ئاخماق ۋە جاھىللىقنى «سەگەكلىك» ۋە بەخت ھالاۋىتى دەپ قاراشقا ئىجىلراقتۇر. بۇ ئاخىرقى ھېساپتا ئىنسانلىق ماھىيەتلىرىگە تولمىغان پۈچەك ئىنسانلىق سۈرىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ ــ ئىنسان ئىقتىدارىنى، ئۇنىڭ كامالەت مۇمكىنلىكىنى ھالاك قىلغۇچى يەڭگىلتەك غاپىللىق.

ئىنسان ئۆزىنى چەكلەش ۋە ئۆزىنى كونتىرول قىلىش ئارقىلىق، رەقىپ ۋە كۈشەندىلىرىنىڭ تەھدىتى، مۈشكۈل ۋە يېڭىلىشلارنىڭ روھىيەتتە تاۋلىشى، ئۆلۈم تەھدىتى ۋە كىشىلىك ئۈمىدى ئارقىلىق ئۆزىدە ئىرادە ۋاراقلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، نۇرانىلىق ھاسىل قىلىدۇ. بۇ نۇرلار ئۆزئارا قوشۇلۇپ، ھىممەت ئىلھامى ئاستىدا ئۆزلۈك ئەينىكى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن!

ئۆزلۈك ئەينىكى ئىنسانىي كامالەتنىڭ قەلبىتىكى ماھىيەتلەر قوياشى. ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى مەقسەتلەرنىڭ پەقەت ۋاستە ئىكەنلىكىنى، مەيلى مەئىشەت، مەيلى مەدەنىيەت، مەيلى ئىلىم ۋە ئىمان، سەنئەت ۋە شېئىرىيەتنىڭ ۋاستە ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي مەقسەت بولسا خۇددى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەسىرلەپ كىشىلىك تەسەۋۋۇرىدىن يوقالغان شەمسىدىن ئەتتاردەك بىرلا نەرسە ــ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ كامالەتلىك ئىجتىمائىي – مەنىۋى بەخت- سائادىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسەن. ئۇ چاغدا ئۇلۇغ قۇلدارلارنىڭ لاي قورچاق ۋە خار كۆرگەن قۇللارنىڭ نۇرانە مالائىكە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭ، كىشىلىك يولىدا مەسلەك يۆتكىشىڭ ھېچقانداق سىر بولماي قالىدۇ!

ئۆزىنى چۈشەنگەن كامىل، ئۆزۈمچىلىكنى تاشلىغان ئالىمدۇر، ئۇ ئۆزىنى- ئۆزى ئۇنتۇيدۇ ۋە بارلىق ئىنسانىيەت ئالىمى بىلەن قوشۇلىدۇ. بۇ ئارىدا ھەقىقەتنى يوشۇرغان

پەردىلەر، چىگرالار، سىپىللار، ھېلىقى لاي قورچاقلارنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە سەجدە قىلدۇرۇش كويىدا ياراتقان ئەپسۇنكەش رىسالە ۋە سېھىرگەر نىزاملار بولۇپ چىقىدۇ. سەن تەڭرىلىك مۇقامىدا تۇرۇپ ئىنسانغا چوقۇنىسەن، بۇ ئۇلۇغ ياتلىششتىن ئۆزلۈك ۋە ۋەھدەت دۇنياسىغا قايتا كۆز ئېچىش دېمەكتۇر. سەن شۇ چاغدا ئىستىغپار ئوقۇيسەن؛ ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلمىگەن، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھايۋانىي تەرىپىنى تەرىپىنلا تەن ئېلىپ، كامالەت تەرىپىگە ئاقلىپ يەتمىگەن ياكى ئۇنى تەن ئېلىشنى خالىمىغان، ھەتتا چەتتىن ئۇلۇغۋار ئەللامە ئىزدەپ، ئۇڭا مۇرت بولۇپ، ئۆز ئۇلۇغلىرىڭنى ئىغۋا كۈھىقاپنىڭ تاش بورانلىرىدا يىقتىپ، ئەيسا دەل دارغا دارغا مىخلاپ، ئۆزگىلەر قولى بىلەن قەتىل قىلىپ، كونا جۇۋىغا پۈركۈنۈپ يۈرگەن كۈنلىرىڭگە توۋا قىلىسەن.

دەرھەقىقەت، دانىشمەنلىكنىڭ دەردى نۇرغۇن، ئۇ ھاياتنىڭ ساختا لەززىتىدىن كېچىپ، ھەقىقىي ئازابلىرىدا ياشايدۇ؛ ياشاشنىڭ قىسقىلىقىنى بىلىپ، كېچە- كۈندۈز ئەجىر – ئەمگەك قىلىدۇ؛ ئۇ ئالدىن دىل يورۇتقاچقا قەلبى ھەقىقەت، لەۋزى ئادالەت ئوتىدا كۆيۈپ، كىشىلەر بىلەن ئامەتلەرنىڭ ئىللەتلىكىنى ئېغىزىدىن چىقىرىشتىن ئەيمەنىپ، ئېغىر دىلكەشسىز ــ تەنھالىق ئىچىدە دەرد يۇتىدۇ؛ ئۇ ئۆمۈر بويى رەشك ۋە جاھالەت ئىللىتىدىن نەپرەت ۋە مەيۈسلۈك چېكىدۇ. ئۇ ئۆز ھاياتىدا قايتا ئويغىنىش، ئۇلۇغ بۇرۇلۇش بىلەن ئىككىنچى قېتىم قايتا تۇغۇلغان تەپەككۇر بايراقدارىنىڭ دەل ئۆزى! ئۇ قوياش! تەنھا، بىراق مىليون- مىليون يورۇق يۇلتۇزلارنى ياراتقۇچى قەلب كامالىتىنىڭ ئىنجىنىرى. ئۇلار دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ تۇرسىمۇ جەننەت دەرۋازىسىنى ئاچقۇچىلارنىڭ سىماھى بەستى ۋە زاھىرى ئەسلىدۇر.

ئۆزلۈك ئەينىكى ــ مىراجى ئەلاكى، ئۇنىڭسىز تەڭرىنى، ئۆزۈڭنى، ئاشىقىڭنى، مەشۇقىڭنى، مەھبۇبىڭنى، مەقسىتىڭنى كۆرەلمەيسەن. ئۆزلۈك ئەينىكى كامىل ئىنساننىڭ قەلبىدىكى ۋەھدەتتۇر.

ۋەھدەت ـ مۇھەببەتنىڭ ۋىسال تويى!

1992-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنى

# ئۆزلەت ۋە ئۆزۋٴگنى تونۇ!

ئىنسان يىغلاپ تۇغۇلۇپ، جاپا بىلەن ياشاپ، ھەسرەت بىلەن ئۆلىدۇ! ئىنساننىڭ سىرلىرى، مۇئەممالىرى مۇناجات قۇببىسىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزلەك بىناسىدا !

تىلەكلىرىنىڭ نىجادىيىتى ئۆزۋٴگدە ئىكەنلىكىنى بىل ! تىلەكلىرىڭ ئاجىزلىقىڭدىن. ئاجىزلىقىڭ سەندىكى گۇمانىنى ئارقىغا ياندۇرالايدىغان ئۇلۇغ كۈچ- قۇدرەتىڭ تاغ ھالىتىدىن قۇم ھالىتىگە پارچىلانغانلىقىدىندۇر. ئۇنى پارچىلىغان ئۆزۋٴك! نەپسىڭ، تەمەخورلۇقۇڭ، رەشكى –ھەسەرتلىرىڭ، نادان ۋە تەرسالىقىڭ ۋە ئۆزۋٴك ياساپ، ئۆزۋٴك ئىچىڭدا قىلغان تۆمۈر مۇش قورچاقلىرىڭ!

پارچىلانغانلىقىڭ ۋەھدەتتىن چەتنىگەن، ئۆز ماھىيەتلىرىڭگە نىسبەتەن ياتلاشقان قەلبى ھىجرانىڭدىن ئىبارەت. سەن پارچىلانغاچقا نىيەتلىرىڭ بۇزۇلغان، ئۆزلۈك ئەينىكىڭ سۇنغان، ئۈمىد- ئارزۇلىرىڭمۇ تالقاندەك پارچىلىنىپ، بىر-بىرى بىلەن جەڭگى –جىدەل جەڭگاھى تۈزگەن. نەيزە- ئاپتۇماتلىرىڭ ئۇنىڭ تەرسا چوقانلىرى. قارا، سەن ئاقىۋەت ھايۋاندىنمۇ بەتتەر يىرتقۇچلۇق، خەستىنمۇ تۆۋەن قەدىرسىزلىك ئىچىدە جاپا ۋە ھەسرەت داشقازىنىدا ئىڭرايسەن. سەن ئىنسانلىقىڭنىڭ ئاسىيسى، كامالەتىڭ قاتىلى، تۇرمۇشىڭ ئەخلىتى، بۇ تەقدىرىڭنى ئۆزۋٴك تۈزگەن، ئاتەشتىن، ئەمما نەپسانىي ئۈمىد تەنتەكلىرىڭگە مەھلىيا بولۇپ تۈزگەنسەن!

تەقدىرىڭ ئەزىلىلىكتە ياكى ئىلاھىيەتىڭ رەھىم- شەپقىتى، قەھرى –غەزىپىدە ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت- نەپرەتكە تولغان بۇ ئالەمدە، ئۆزۋٴك يوقاتقان، ئۆزۋٴك ئىزدەپ يۈرگەن، ئۆزۋٴك يەنە كۆتۈرۈپ يۈرگەن نەرسە- ئىنسانىي قىممىتىڭدە!

ئىنسانىي قىممەت ئاتقا مىنگۈچىنىڭ ماھىيەت قىممىتى! ئاتنىڭ سۈرەت باھاسى ئەمەس! ئۇنى زەڭگى ئات باھاسىدا قاراپ تەمەننا قىلما، بەلكى ئاتقا مىنگۈچى قىممىتىدە قاراپ نەپرەتلەن! ئۆزۋٴگدىن نەپرەتلىنىشنى بىلمىگەن ئىنسان ئۆزىنى بارغانسېرى نەپرەتلىك سىماھقا ئايلاندۇرىۋاتقان ئىنساندۇر. مىنىڭ ئاخىرقى «ئىنسان» ئىبارىسىنى دىلىم غەش، قەلىمىم تىترەپ يېزىۋاتقانلىقىمنى پەقەت ئۆزلۈك ھېسسىياتىدىلا ھېس قىلالىشىڭ مۇمكىن. ئات پېتىقلىۋەتكەن بۇ ئىنسانىي قىممەتتىن ساڭا قانداق تەقدىر نېسىپ بولاتتى، ئەي نادان!

سىنى جاھان بىلمەك، ھېس قىلماق، مەقسەدى مۇتلەق قىلىپ يوقلۇقتىن ياراتتى. سەن بارلىقلىق گۈللىشى، سىرلارنىڭ ئاچقۇچى. ئاللا ھەممە ئىقتىدارىڭنى ئۆز ئىلكىڭگە بەرگەن. سەن ئەقىل ئىزدە! ئۇ كىتاپ سەھىپىلىرىدە، تەجرىبە جەريانلىرىدا، تۇرمۇش تۈزانلىرىدا، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ تەلقىن ۋە قاناتلىرىدا. ھەسەل ھەرىسىلا بال يىغالايدۇ، بال يەشىكىدىن ئەمەس، مۇھىتتىن. ھەسەل ھەرىسى بول. بىلگىنىكى، ئەقىل يېنىڭدا ــ نادانلىقىڭنىڭ لاچىن قارىچۇقلىرىغا، غەزەپلىرىڭنىڭ يىلان تىلى تېگىگە، تەرسالىقىڭنىڭ ئات تۇۋىقى ئاستىغا كۆمۈلگەن!

ھەممە نەرسىسىنى كۆمگەن ۋە ئۇنىڭ مۇختاجلىقى سەھراسىدا ئېچىرقاپ يۈرگەن ئىنساندا نېمە بايلىق- ئاۋاتلىق، بەخت- گۈزەللىك، كامالەت ــ سىۋىلىزاتسىيە بولاتتى! ئۇ، تار نەزەر ئوچىقىدا، داچەن تۆشۈكىدە چاشقان كۈتۈپ ياتقان مۈشۈك، ئەڭ مۇبالىغە قىلغاندىمۇ مۇلۇندۇر.

ۋەھىمە ۋە بىخۇدلۇق، تەمەخورلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق، پەلەمپەي سىياقىدىكى مەنىۋى قۇللۇق ۋە قۇلدارلىق، ئاچكۆزلۈك ۋە ئىسراپخورلۇق ــ قىسقىسى كامالەت مىزانىدىن چەتنىگەن غەلىتە روھىيەت، مانا ئۇنىڭ ئۆمۈر موھىيىتى! ئۇ قاتىل ۋە ئۆلگۈچى، ئوغرى جاللات، قۇل ۋە زوراۋان. ئۇنى ئۆلگەن ياكى كىشىلىك دۇنياسىغا تېخى كەلمىگەن، دەي دېسەڭ ئۇنىڭ زەھەرلىك قالدۇقلىرى ھايات چىمەنزارلىقنى بۇلغىغان. غەلىتىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ قالدۇقلىرى ئاداشتۇرغۇچى ساختا كىرستالدەك، قەلبى ئاجىز كۆزلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ!

1992-يىلى 8- ئاينىڭ 26-كۈنى

# ياتلاشقان ئىنسان ۋە ياتلاشقان ئەقىل-پاراسەت

ئىنسان ـ كائىناتنىڭ مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشكەن مېۋىسى.

ئىنسان ــ پۈتكۈل گۈزەل تەسەۋۋۇر، ئىزگۈ ئىستەك ۋە مۇقەددەس مۇئەككەل ئوبرازلىرىنىڭ ئىجادچىسى.

ئىنسان ــ ئۆزىدە تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى، مادda ۋە روھىيەتنى، ھالاكەت ۋە نىجادىيەتنى، مۇقەررەرلىك ۋە ھۆرلۈكنى، غايە ۋە تارىخى ئەسلىمىنى، چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن مۆجىزىدار شەيئى!

ئىنسان ـ زېمىن سەتھىدە مەدەنىيەت ئېكىنزارلىقىنى بەرپا قىلغۇچى، جۇملىدىن يەنە شۇ زېمىن سەييارىسىدە ئۆز ئىختىرالىرىنى پېتىقلىغۇچى ۋە ئاخىرىدا تېخى زېمىن ھالاك بولماي تۇرۇپ كىشىلىك قىيامىتىنى ھاسىل قىلغۇچى قەيسەر!

ئىنسان ــ بەخت توغرىسىدا چۈشەكەيدىغان، ئەمما ئانا- زېمىننى چەيلەپ، ئەسەبىيلەرچە ئۆستۈنلۈكتە، تەرسالارچە قاقاھلاپ كۈلۈپ ئۆتۈشنى بەخت، دەپ چۈشىنىدىغان، بەخت ئاررۇسىدا زېمىنىدىكى بەخت بۇلاقلىرىنىڭ كۆزىنى تىنىدۇرۇپ يۈرۈيدىغان، تۈمەن يىللاردىن بېرى تېخى بەخت ئوبرازى ۋە بەخت قىياپىتىنىڭ مودېلىغىمۇ ئېرىشەلمىگەن، ئابستراكت بەخت ھەققىدە كونكرېت رىيازەت چېكىدىغان تەلۋە!

ئىنسان ـ ئىبلىس قاباھىتىگە قارشى جەڭ ئاچقان يەھۇى؛ ئىلاھىي مۇقەددەسلىكنى ئۆز نەپسىگە يەم قىلغان شەيتان! ئۇ ساختىلارغا قارشى ئىلىم- پەن ھەقىقەتلىرىنىڭ چىرىغىنى پەرلىگۈچى زەكىي، شۇنىڭدەك، ئۆزىنى ئۆزى توقۇپ چىققان ئويدۇرمىلار بىلەن بەزلەپ يۈرگۈچى خۇدبىن! ئۇنىڭ ئەقىل- پاراستى ئۇنىڭ نادانلىقىدىن ئىبارەت كرېست ياغىچىغا ئېبىسادەك مىخلانغان.

دەرھەقىقەت، ئىنسان ياتلاشقان؛ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ماھىيىتىدىن يۈز ئۆرىگەن؛ ئۇ زۇلۇم قىلغۇچى ۋە زۇلۇم چەككۈچى. ھاكىم ۋە مەھكۇم، ئۈستۈنلۈك غۇرۇرى ۋە زەبۇنلۇق زاراللىتى تۈپەيلى ئۆز ماھىيەتلىرىدىن ياتلاشقان بولۇپ قالماي، يەنە قۇدرەت ۋە بەخت، بايلىق ۋە ھوقۇق، بىلىم ۋە ئىجادىيەت مۇمكىنلىكلىرى تۈپەيلىمۇ ئۆز ماھىيەتلىرىدىن ياتلاشقان. قارا ئۇنىڭغا، ئۇ ئۆز- ئۆزىنى چەيلەپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆز نەپسىنىڭ

ۋاستىسى، ياللانما مالىيى، قۇربان بولغۇچىسى قىلىپ پۈچەك تۇرمۇشقا يۈزلەنمەكتە. ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا باغى ئېرەمدىن ئىبلىسنىڭ دامىغا چۈشۈپ ئۆز ماھىيىتىدىن ياتلاشقانىدى. سىڭىللىرىنى تالىشىپ قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى. چېكىدىن ئاشقان ياتلىششىنى نوھ زامانىدىكى توپان، سالىھ زامانىدىكى چاقماق، لۇت زامانىدىكى يەر تەۋرەش توختىتالىغىنى يوق. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەرخىل قىرغۇچى قۇراللار، مەسخىرىگە مۇناسىپ تاج- پاگونلار، غەلىتە غادىيىش ۋە خوشامەتگۈيلۇقلار، رەڭمۇرەڭ نۇرلاندۇرۇلغان ساختاپەزلىكلەر كىشىلىك تۇرمۇشقا سىڭىپ كىردى. ئالەمنى ياراتقان خالىقمۇ ئادەم ئاتا ئەۋلاتلىرىنى تۇپراق تەكتى بىلەن ئۆزگىلەر قولىدىن ئالتۇن يىغىۋېلىشىنىڭ ساراسىم كېسىلىگە كىرىپتار قىلىپ قويىدۇ. مەلۇم مەنىدە، ئىنسانىيەت ئالتۇن ئالەمنى تالىشىپ ئالەمشۇمۇل تىرۇيا ئۇرۇشىغا غەرىق بولۇپ كەتكەن. ئىنسانىيەت ئۆز- ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا «ئىلىنا» ئۈچۈن ئۆلۈم گىردابىغا خۇددى ئوتقا ئىنتىلگەن پەرۋانىدەك يېپىلماقتا. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئاتالمىش زەپەر- ۋاستە ئۈچۈن مەقسەتنىڭ قۇربان قىلىنىشىدۇر. ئۇنىڭ ئەسەبىيلىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق ساخۇتتىگە ئاتىغانىدەك ھالاكەتكە يەتتى. تەڭرى ئىبراھىمغا قوچقار ئەۋەتىپ، مەقسەت بىلەن ۋاستىنىڭ چېكىنى ئايان قىلدى. ئەمما، ئىنسان ئۆز نەپسى ئۈچۈن كاتتا زەپەر تەنتەنىلەر ئىچىدە ئەڭ ياتلاشقان تاج- پاگونلارنى تاقاپ، ھازىرقى زامان- تۇتېم مەبۇتلىرى بولۇشۇالدى. «ئۇلۇغ» دەپ ئاتالغان تەنتەنىلىك ئىبارە ئېپتىدائىي ئىنساننىڭ ۋەھىمە ئالدىدا قورقۇپ تىترىشىدىن ھاسىل بولغانىدى. دەھشەتلىك كەلگۈن سۇلىرى بىلەن كىشىلەر يولىنى توسۇپ ياتقان ئېگىز تاغ، ئوتلۇق چۆللەر، گۈلدۈرماما، چاقماق ۋە بوران ئۇلۇغ ھېساپلىناتتى. ئاددىي ئىنساننى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە پايمال، ھەتتا ھالاك قىلىۋېتىدىغان قۇدرەت «ئۇلۇغ» ئىبارىسى بىلەن ئىزاھلىناتتى. ياۋۇز ۋە قان پۇراپ تۇرىدىغان بۇ ئىبارىگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن ئاددىي ئىنسانلىقتىن ئالاھىدە ياتلىششى كېرەك ئىدى. تارىخ «ئۇلۇغ»لۇق مۇقامى بىلەن ياتلىششىنى توغرا تاناسىپ قىلىپ قويغان!
چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇغلۇقى لىنا دەرياسىدىن دىنپىرگىچە، دەشتى قىپچاقتىن ئىلەم ئېگىزلىكىگىچە كەڭ كەتكەن زېمىننى قان بىلەن شەلپەر ماتادەك بويىغاندىن كېيىن بەرقارار بولدى، بۇ ئۇلۇغلۇق خارەزىم سۇلتانلىقى، رۇس كېنەزلىكى ۋە ئەرەپ خەلىپىلىكى زېمىنىدىكى ھەممە جانلىق، جۈملىدىن ئىنسانلار روھىيىتىنى مىڭ يول يىراقتىكى سۈرلۈك دەبدەبىسى بىلەن ۋەھىمىگە سېلىپ تىترەتكەن. ۋاھالەنكى، ياتلاشقان ئىنسانىيەت بۇنداق چوڭ- كىچىك «ئۇلۇغ»لارنى ھەمىشە ياساپ چىقىرىپ ئۇلارغا خۇددى ئۆز قولىدا ياسىغان لاي بۇتقا چوقۇنغاندەك سەجدە قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇنداق ياتلىششش

ئەدەپ، ئۇنىڭغا «ئۆزلۈك» شولىسىنى چۈشۈرۈش ئالجىغانلىق ھېساپلىنىدۇ.

ئەقىل- پاراسەت- مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆز- ئۆزىنى سېزىش ۋە بىلىش مەلىكىسىدىن ئىبارەت. ئۇ ئىنساننىڭ ئىنسانلىق ئىقتىدارى ۋە خاسىيەتلىرىنىڭ ئۇلى ۋە ئاساسىي خەزىنىسى. ئۇنىڭسىز ئىنسان توغرىدىن –توغرا ھايۋاندۇر. ئەمما، ياتلاشقان ئىنساننىڭ ئەقىل –پاراسىتىمۇ ياتلاشقان! ئۇ، ئىنسانىي ماھىيەتلەرنى كۆرەلمەيدىغان، ئىنساننىڭ ئۆز- ئۆزىگە مەقسەتدارلىق قىممىتىنى ئاڭقىرالمايدىغان، نوقۇل ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدىكى نەپسانىي مەنپەئەتلىرى بىلەن كىبىرلىك دەبدەبىلىرى ئۈچۈن تىنىمسىز ھەرىكەتلىنىدىغان ھېسابات چوتىغا ئوخشاش بىرخىل ئىقتىدارىدىن ئىبارەت. ئەقىل- پاراسەت ــ ئىنساننىڭ داۋاملىق ياتلىشىپ بېرىشىغا يول باشلىغۇچى ئىزتقۇغا ئايلانغان. ئۇ، ھىيلىگەرلىك، ھەسەتخورلۇق، مۇغەمبەرلىك شەكلىدىمۇ، شۇنىڭدەك ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت، سودا ۋە تىجارەت قانۇنىيەتلىرىنى ئىزدىنىش كۆرۈنىشىدىمۇ، تەقۋادار ياكى سالاپەتلىك دىنىي ئىززەت ياكى دىپلۇماتىك ماھارەت تەرىزىدىمۇ ياتلاشقان ئىنسانغا خاس ياتلاشقان! ئۇ، خۇددى ئەرەپ تىلىدىكى «ئەقىل» ــ تۆگىنىڭ چۈلۈكنى ئۇنىڭ چۆككەن ۋاقتىدىكى پۇتىغا باستۇرۇپ باغلاپ، ئۇنى قوزغىلالماس قىلىپ قويۇشقا قارىتىلغانىدى. ئەبۇ رەيھان بىرۇنىنىڭ: «بوگۈنكى تەدبىرى تۈپەيلى ئەتە يەنە تەدبىر قىلىشقا ھاجىتى قالمىغان كىشى ئەقىللىقتۇر» دېگەن بىر جۈملە سۆزىمۇ ئەقىلنىڭ ئۆزىگە مەنپەئەتلىك ئىشتىكى چېۋەرلىكىگە، ئۇستاتلىقىغا قارىتىلغان بولۇپ، يەنىلا ياتلاشقان ئىنساننىڭ ياتلاشقان ئەقىل- پاراستىنى كۆرستەتتى.

شۇنداق! ئىنسانىيەت تاكى ئۆز- ئۆزىنى پۈتكۈل تارىخىي پائالىيەتنىڭ مەركىزى ۋە مەقستى قىلمىغۇچە، تاكى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى ۋە ئۇنىڭ يەر شارىدا ياشاش شارائىتىنىڭ ئاساسى بولغان تەبىئىي مۇھىتىنى ئۆزىنىڭ ساغلام، ئاقىلانە تۇرمۇشىغا لايىقلاشتۇرىدىغان تەپەككۇر، قۇرۇلما ۋە پائالىيەت تورىغا ئايلاندۇرمىغىچە ياتلاشقان ھالەتتىن خالاس بولالمايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا ئاقىلانە، نورمال، ساغلام، مەرىپەتلىك غايىۋى كىشىلىك تۇرمۇشىغا ئىگە بولالمايدۇ. بۇ يەردە ئىنسان روھىيىتىنىڭ ساغلاملىقىشى ۋە «ئىنسان روھىنىڭ پاكلىنىشى» (ئارىستوتىل سۆزى) ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئىنسان ئەقىل پاراستىنىڭ پىكىر شەكىللىرى، مۇھاكىمە ئۇسۇللىرى، خەلقئارا تەدبىر يىغىنلىرى، پەن- تېخنىكا كەشپىياتلىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى، دىنىي ۋە مىللىي كۆزقاراشلارنى، شۇنداقلا پۇل- بايلىق، قورال- ياراغ، ھاكىممۇتلەقلىق ۋە بىرتەرەپلىمىلىك نىزالارنى چۆرىدىمەي، پەقەت ئىنسان قىممىتى ۋە ئۇنىڭ پىر پۈتۈن بەخت- سائادىتى بىلەن ئىجتىمائىي كامالىتىنى مەركىزى ئوق ۋە ئەڭ ئالىي ئۆلچەم قىلىش

لازىملىقىنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئېيىتىش كېرەككى، ئىنسان ئۆز ماھىيىتىگە قايتىش ئارقىلىق ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنىغا تويۇنغان ئەقىل –پاراسەت ئارقىلىق «ئۆزىنى كونترول قىلىپ، ئەدەپكە قايتىپ» (كۇڭزى) ئىجتىمائىي كامالەتكە- پارلاق كەلگۈسىگە ئېرىشىشى مۇمكىن. بۇ ئادىي رېئاللىقتا ئۆز-ۋۇلۇكنى ئاسراش، ھايۋان تۈرلىرىنى ساقلاپ قېلىش، يەر، سۇ، ھاۋا مۇھىتىنى نورماللاشتۇرۇش، نوپۇس ۋە نامراتلىقنى تىزگىنلەش، ھاكىممۇتلەقلىقنى بىكار قىلىش، مىللىي- دىنىي ئاداۋەتلەرنى يوقىتىش، ئىنسان نەسلى، ساغلاملىقى ۋە روھىنى ئەۋزەللەشتۈرۈش، مائارىپ ۋە پەن-مەدەنىيەتنى نوقۇل ئىنسانىيەتنىڭ كامال تېپىشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىشى لازىم. ئىنسان داۋاملىق ياتلىشىش ئارقىلىق ئۆز نەپسى مەنتىقىسى بۇيۇنتۇرۇقىدا پىكىر ۋە پائالىيەت قىلىش ھېسابىغا شۇنداق ياتلاشقان «تەرەققىيات»لارغا ئېرىشىشى مۇمكىنلىكى، بۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ جانسىز تاشقى مۇھىتى ــ يەر، سۇ، ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ جانلىق تاشقى مۇھىتى ــ ئۆز-ۋۇلۇك، ھايۋانات دۇنياسىنىڭ ياشاشقا ئىلاجسىز ھالەتكە چۈشۈشى بىلەن يۈز بېرىدىغان ھەقىقىي قىيامەتتىن ئىبارەت.

ئالدىمىزدا بۇنداق ئىككى پىكىر قاتلىمى تۇرۇپتۇ: بىرىنچى، ئىنسان ئىككى قاتلام بولۇپ، بىرى ياتلاشقان، تىرىكچىلىك دالاسىدا تەمتىرەپ يۈرگەن ئىنسان؛ يەنە بىرى، شۇ ھالەتتىكى ئىنسانغا يوشۇرۇنغان ئىنسانىي ماھىيەت. نۇرغۇن قەلب كۆزى ئېچىلمىغان كىشىلەر بۇ ئىنسان ئىچىدىكى ئىنساننى كۆرەلمەيدۇ. ھەتتا بۇ ھەقتىكى پىكىرلەرنى پەلسەپىلىك سۆز ئويۇنى، دەيدۇ. «ئەنەلھەق» تەلىماتىدىكى «جەۋۋام ئىچىدە ئىلاھ مەۋجۇت» دېگەن چۈشەنچە دەل رېئال، ئەمما ياتلاشقان ئىنسان ئىچىدە ئىلاھىي مۇقەددەسلىككە ئىگە ئىنسانىي ماھىيەت يوشۇرۇنغان دېگەنلىكتۇر.

ئىككىنچى، ئىنساندا ئاڭ مېنىڭچە (فېروئىدچە ئەمەس) ئۈچ قاتلاملىق بولۇپ، بىرى، ئۆز مەنپەئەتى، نەپسى، خاھىشى ئۈستىدىكى دائىمىي، ئالدىنقى ئاڭ، بۇ «ئات بوغۇزى» ھەققىدىكى پىداركار ئاڭ؛ يەنە بىرى، ماتېماتىكىلىق مۇلاھىزىلەر، پەن- تېخنىكا ئىختىرالىرى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئالاقىلەرگە خاس لوگىكىلىق (مەنتىقى) تەپەككۇر ئېڭى؛ ئۈچىنچى، ئىنساننىڭ ئۆز- ئۆزى ھەققىدىكى مەنپەئەت ياكى ئۇنۇمدارلىق تەرىپىدىن تىزگىنلەنمەيدىغان ئىنسانىي قەلب ئېڭى، باشقىچە ئېيتقاندا «ئارىفلىق» (ئويغاقلىق) ئېڭى. ئالدىنقى ئىككى قاتلام ئاڭ ھەممىگە خاس. كېيىنكى ئارىفلىق ئېڭى ئىنساننىڭ ھەممىسىدە پەقەت مۇمكىنلىك ھالىتىدە ساقلانغان بولۇپ، پەقەت گۇمانىزىمچى مۇتەپەككۇرلاردىلا زاھىر ھالەتكە يەتكەن. دەۋرنىڭ ۋە بىلىش

جۇغلانمىسىنىڭ ھەرخىل بولۇشىغا ئەگىشىپ، بىر خىل ئاڭ مانىزم، بۇددىزىم، سوپىزم، گۇمانىزم ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىك پەلسەپىسى شەكلىدە ئىپادىلىنىپ، بىر- بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى. ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكى مايتىرى بۇرھان، ئىمام مەھدى ئاخىر زامان ياكى ئېيسانىڭ زېمىنغا قايتىپ 3 مىڭ يىل پادىشاھ بولىشىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك «ئۆزىنى تۇتۇپ» ئارىپ بولۇپ، ئىجتىمائىي كامالەتكە يۈزلىنىشىگە مۇھتاج، ئۇنىڭسىز «قىيامەت» توسقىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت، خالاس.

ياتلاشقان ئىنسان ۋە ھەقىقى ماھىيەتكە قايتقان ئىنسان، ياتلاشقان ئەقىل-پاراسەت ۋە ھەقىقىي ئويغانغان (ئارىپ) ئەقىل –پاراسەت، مانا بۇ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ يېڭى ئەسىرگە ئېلىپ بارىدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك مۇئەمماسى.

1993-يىل 11-ئاينىڭ 15-كۈنى

# روھىيەت ۋە مەدەنىيەت

سەن ئۆز قەلبىڭنى يورۇتالايدىغان نۇرلۇق چىراق بول

ــ ساكيامۇنى

## 1.سېھىرلىك روھىيەت دۇنياسى

«ئىنسان ــ كائىناتنىڭ مەركىزى» دېگەن قاراشقا ئەمدىلىكتە ئېتىراز بىلدۈرگۈچىلەر كۆپ بولمىسا كېرەك. ئەمما، بۇ قاراش نوپۇزغا ئېرىشكەنچە ئىنسانىيەت نەچچە مىڭ يىللىق سېھىرلىك قاراش ۋە ئادەتلەرگە بەنت بولۇشۇپ، قانداقتۇر ئۆزىنى «روھىيەتتىن خالىي»، «ئۆزلۈك روھىيىتى بولمىغان» مەخلۇق ساناپ كېلىشتى. ئۇلار ئىنساندىكى روھىي ھادىسىلەرنى قانداقتۇر ياخشى ياكى يامان ئىلاھلارنىڭ، ئىزگۈ ياكى قاباھەتلىك ئەرۋاھلارنىڭ ئىنساندىكى شولىسى، سېھىري تەسىرى، بۇغى (ساۋاسى) دەپ قاراپ كېلىشتى. ئىپتىدائىي ئىنسان تۇركۈملىرى قۇدرەتلىك تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدە دەھشەتلىك تەسەۋۋۇرلىرىغا ئىتىقاد باغلاپ، ئۆزلىرىنى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھچىلىقى قاراشلىرى بىلەن بەزلەپ كېلىشتى. ئانا ئۇرۇقىغا سېغىنىش ئەجداد ئىتىقادچىلىقىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئارقىدىنلا تەخمىنەن يېڭى تاش قورال ــ ئەپسانە دەۋرىدىن باشلاپ ئىنسانىيەت روھىيىتى ئادەم قىياپەتلىك تەڭرىلەر تەسەۋۋۇرىغا ئۆتتى. ئىنسان روھىيىتىنىڭ بۇ ئىككىنچى چوڭ تارىخىي باسقۇچى، ئەپسۇنكارلىق مۆجىزىلىرى بىلەن بېزەندى. «بەدىۋىلىك» نامى بىلەن ئاتالغان مۇشۇ دەۋردە كېيىنكى «سىۋىلىزاتسىيە» دەۋرىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت قېلىپلىرى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت تۈرەلمىلىرى تۇرمۇشقا كىرىپ كەلدى.

پرومىتىنىڭ ئاسىي سۈپىتىدە سكىتايلار دىيارىدىكى قىياغا زەنجىرلىنىشى بىلەن ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ ئېرەم جەننىتىدىن گۇناھكار سۈپىتىدە زېمىنغا ھەيدىلىشى گەرچە ئىنسان تېمىسىنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىغا كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ تېما يەنىلا ئىپتىدائىي ئىنسانغا خاس «ئۆزلۈك روھىيىتى بولمىغان» مەخلۇق ــ ئىنسان ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشقا نىسبەتەن «ئىسيانكار»، «گۇناھكار» ئىنسان تېمىسى سالاھىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان

بولسىمۇ، بۇ ھال يەنىلا «ئىنسان كائىناتنىڭ مەركىزى» دېگەن قاراشنىڭ روياپقا كېلىشىنىڭ تېخىي تولىمۇ يىراق تارىخىي مۇساپىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. سوقرات ۋە ئەپلاتۇن ئاجايىپ- غارايىپلىق بىلەن گادىرچاچ بولۇپ ئۆتكەن روھىيەت ۋە مەدەنىيەتنى مەڭگۈلۈك ئۆلچەم بىلەن ــ سوقرات ئەخلاق بىلەن، ئەپلاتون ئىدېئال چۈشەنچە بىلەن تەرتىپكە سالماق بولدى. ئارستوتېل بۇ ئىككى ئۇلۇغ پېشىۋاغا قارىغاندا تەبىئەت قانۇنلىرىغا كۆپرەك ئېتىبار بېرىپ، روھىيەتنى «فىزىكا» (تەبىئەت ئىلىملىرى) سېستىمىسىدىن كېيىنكى «مېتافىزىكا» (تەبىئەت ئالىملىرىدىن كېيىنكى ئالىملار) سېستىمىسىغا كىرگۈزدى.

گرېك ھەيكەلتاراشلىرى ئىشلىگەن «دېسكا ئاتقۇچى» (مىلوننىڭ) «ئۇچ تەقدىر ئىلاھى» (فىدىئاسنىڭ)، «نەيزە ئاتقۇچى» (پىلۇكرىتنىڭ)، جۈملىدىن نىدۇستىكى ئافرودېتا»، «مىلوستىكى ئافرودېتا»، «رائوكۇن» قاتارلىق ھەيكەللەر بىلەن ختەن دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان شەرق ۋىناسى «لاكشمى» (ئۆز تەڭرى) رەسىمى قەدىمكى جۇڭگۇدىكى «ئىنسان ـ ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچىمى» دېگەن قاراش بىلەن بىللە قەدىمكى دۇنياغا ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا چاقنىغان بىر چېقىن بولۇپ ئۆتتى.

تەخمىنەن ئېپسا سەلب تاختىسىغا مىخلىنىپ، توققۇز ئون ئەسىردىن كېيىن، شەرقتە «مۇتەزز بىلىم» بىلەن «رىسالەت» ناملىق قامۇس مۇئەللىپلىرى، دەسلەپكى سوپىزم نامايەندىلىرى، جۈملىدىن فارابى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئىنساننى ئۇنىڭ ئەقلىي بىلىش ئىقتىدارى نوقتىسىدىن كائىناتنىڭ ئەڭ ئالى مۆجىزىسى، ھەقىقەت قۇلۇبىنىڭ ئاچقۇچى، دەپ قاراشتى. بۇ خىل پىكىر ئېقىمى غەربىي ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىدىن كېيىن، پەلسەپە ۋە سەنئەت ۋاستىلىرى بىلەن كەڭ راۋاجلاندۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن مىكران جىرۇ، لىئۇناردۇ داۋىنچى، رافائىل، دىدرو، گولباخ، مونتىسكى، بېكوندىن تاكى گېگېل، گېوتى، فېيرباخ ھەتتا نىتزى، فرېئود، ئېرك فرۇمم، سارترىي، ماسلوۋغىچە بولغان سەنئەت ۋە پەلسەپە مۇتۇپەككۇرلىرى بىلەن روھىيەتشۇناس ئالىملىرى كۆپ تەرەپلىمە ئىلھاملىنىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئېغىزدا بولسىمۇ «ئىنسان ــ كائىناتنىڭ مەركىزى»، «ئىنسان ــ ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچىمى» دېگەن قاراش يېقىنقى بىر- ئىككى ئەسىردىن بېرى رەسمىي نەزىرىيىۋى پەندە يەنە مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ قالدى. بىر قەدەر نوپۇز تىكلىگەن ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا راتسىيئونالىزىملىق گۇمانىزم دەپ ئاتالغان بۇ پەلسەپىۋى، ئەخلاقى سىستېمىغا پسىخولوگلار، ئەڭ ئالدى بىلەن روھىي كېسەللىكلەر تەتقىقاتچىسى فرېئود ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھاملانغان ئىنسانشۇناسلار ھەم ئېتىراپ قىلغۇچى، ئەمما كونكرېتلاشتۇرغۇچى كۆزقاراشلىرى بىلەن ياندا‌شتى. ئۇلار قويغان مەسىلىنىڭ تۈگۈنى: ئىنساننى ھەم ئەقىل ـ

پاراسـﯩـتە مۇئەييەنلەشـﯩـتۈرۈپ، ھەم ئەدەپ- مەدەنىيەتـﯩـتە كىشـﯩـلەپ ئـﯘنى نوقـۇل ئىجتىمائىيلىققا مەھبۇس قىلىپ قويماسلىق؛ ئىنسـاننى يەنە ھـېس- كۆڭۈلـدىمۇ ئىپتـراپ قىلىپ، شەخسىنىڭ يەككە تۇرمۇشنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ بىئولوگىـك مەۋجۇتلۇقىغا چىقىـش يولى بېرىشتىن ئىبارەت.

ئىنسان ـ ئۆزى توغرىسـىدا تولىمۇ نـادان. ئىنسـان توغرىسـىدىكى بىـر قاتـار ئىلىـم ۋە مەرىپەتلەرنـىڭ ئىنسـاننىڭ سـېھىرلىك روھـىي دۇنياسـىغا يۈزلىنىشـى يـاكى يۈزلىنەلىشـى شـۈبھىلىك. ئۇلارنـىڭ يەكـۈنلىرى زىنۇسـىنىڭ پرومىتـى، يەھۋانـىڭ (يەھـۋا- خىرىسـتىيان دىنىـدىكى ئاللانـىڭ يەنە بىـر خىـل ئاتىلىشـى) ئـادەم ــ ھەۋۋا ئۈسـتىدىكى ئەپسـانىۋى ھۆكۈملىرىدىن پەرقسىز. پاجىئە مانا مۇشۇ يەردە!

قىزىقارلىق، ئاما تراگېدىيىلىك، شۇنىڭدەك پۈتـۈن سىۋىلىزاتسـىيىدىن ئىلگىرىكـى ۋە كېيىنكى ئىنسانىيەت تارىخىدا داۋاملىق ۋىزووۋى يانـار تىغىـدەك پـات- پـات لاۋا چاچرىتىـپ تۇرىدىغان غايەت زور ـ ئەمەلىي تىما كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ.

## 2.ئىپتىكىچى بىلەن پسىخولوگىنىڭ دىيالوگى

پسىخولوگىيە تەتقىقاتچىلىرى ھازىر بىرقانچە تـۈرگە بۆلۈنـۈپ كەتـكەن بولسـىمۇ، ئـۇ يەنـىلا فىزىئولوگىيىلـىك ئىقتىـدارنى پسـىخىك پائالىيەتنـىڭ نېگىـزى دېگـۈچى بىئـو- پسىخىكلار بىـلەن ئىجتىمـائىي ئـاڭنى پسـىخىك پائالىيەتنـىڭ ھەركەتلەنـدۈرگۈچى كـۈچى دېگۈچى سوتسىئولوگىيىلىك پسىخىكلاردىن يىراقلاشـمايدۇ. ئەمەلـىي پسـىخولوگىيە روھـىي كېسەللىكلەر تەتقىقاتى ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئاساسلىق ھاياتى مەۋجۇتلـۇق قـاتلىمى يەنـىلا تۇغمـا ئىقتىـدارنى ئـۇل قىلغـان بىئـو ــ پسـىخولوگىيىلىك جەريانغـا تايىنـىدىغانلىقىنى، بـۇ ھايـاتىي مەۋجۇتلـۇق قـاتلىمنى ئـاتلاپ ئۆتـۈپ روھـى پائالىيەتنـىڭ ئىجتىمـائىي شـەكلى بولغـان نۇتۇقلـۇق (مەنتىقىلـىق) ئـاڭ قـاتلىمى توغرىسـىدىكى سـۆز ئـېچىش مـۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. نەتىجىدە، ئىنسان تۇرمۇشنى بىلىش ئۈچۈن ئىنسـان تەبىئىتىنـى بىلىـش لازىملىقـى، باشـقىچە ئېيتقانـدا روھـىي پائالىيەتنـىڭ ئەقلىـي گىنوسـئولوگىيىلىك (بىلىـش نەزەرىيىسـى) قـاتلىمنى كۆزۈتـۈش ئۈچـۈن، روھـى پائالىيەتنـىڭ بىئولوگىيىلـىك- ئونولوگىيىلىك (ئەسلىزاتلىق) قاتلىمنى ئۆگىنىش لازىملىقى گەۋدىلىنىپ چىقتى.بـۇ ھېلىمـۇ جىددىي نوپۇزلۇق ئەنئەنىۋى قاراشقا تاقىلىدىغان ئۆتكۈر مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ تۇرماقتا.

ئىپتىكىچـى (ئەخلاقشـۇناس) بىـلەن پسـىخولوگىنىڭ دىئـالوگىنى بىـز «A، «B» بەلگىسى بويىچە بىر قۇر كۆرۈپ چىقايلى:

A: ئەخلاق ـــ مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزى ۋە گۈلى، ئىنسانىيەتنى ياۋايىلىق ۋە بەدبۇيلۇقتىن قۇتقۇزغان پىشاك. ئۇنىڭ نوپۇزى مۇقەددەس ۋە دەخلىسىز.

B: ئەخلاق ــ ئىنساننى پەقەت روھىيەتنىڭ ئاڭ شەكلى بولغان ئەقىلگە بويسۇندۇرۇپ، ئۇنى ئىتائەتمەن قىلىدىغان شامان ۋە كاھىن. ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىنى ۋە بىرقانچە مىڭ يىللىق ئەجىر- ئەمگەك بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەدەنىيەت قارىشىنى قايتىدىن تەنقىدىي ئوپېراتسىيە قىلىش لازىم.

A: ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي يۈكسىلىشى مەدەنىيەتنى، مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي ئۆتۈقى ئەقىل تەرەققىياتىنى تەقەززا قىلىدۇ.

B: هازىرغىچە بولغان مەدەنىيەت ۋە ئەقىل راۋاجى ئىنساننىڭ پېرسونالىلىقىنى (خاراكتېر خاسلىقىنى) چەكلەشنى، ئىنساننى ئەقلى تەپەككۇر بويىچە، ھېسسىي روھىيەت بويىچە ئۆز- ئۆزىگە قاتىل قىلىشنى بەدەل قىلمىدۇمۇ؟

A: مەدەنىيەت ۋە ئەقىل ئارقىلىقلا بەختكە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكىنى ئىنكار قىلىپ بولامدۇ؟

B: مەدەنىيەت ۋە ئەقىل ئىنسانغا بەخت ئاتا قىلىش بىلەن بىللە، ئاپەتمۇ ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇ مەدەنىيەتلىك دۇنيانى ياراتتى ۋە ئىنساننى ئۇنىڭدىكى مەھبۇسقا، قۇلغا ئايلاندۇردى. ئۇ، ئىنساننى ياتلاشتۇرۇشتىن ئىنساننىڭ ئاتالمىش غەيرىي ياۋايى كۆنۈكىشىنى شەكىللەندۈردى.

A: ئىنسان تەبىئىتى چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا بىسىم قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلمىغاندا، ھېچقانداق ئىجتىمائىي ئىلگىرلەش بولمايدۇ. بىسىم ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىش بىلەن بىللە يەنە ئەقىلگە مۇۋاپىق خىزمەتتۇر.

B: مەدەنىيەت تارىخى مۇھەببەت خاھىشىنى مەركەز قىلغان ئىنسان روھىيىتىنى بېسىشۋە ئۇنى ئىنساندىن ياتلاشتۇرۇش تارىخى بولۇپ كەلدى، ئۇ خۇددى بۇددىزمدەك مۇھەببەت خاھىشىنى مەدەنىيەتكە (جۇملىدىن ئەدەپ ۋە ئەقىلگە) زىت قويۇپ، خۇددى خرىستىيانىدەك بۇ خاھىشنى «تۇنجى گۇناھ» دەپ قاراپ كەلدى! نەتىجىدە ھەممىلا مەدەنىيەت فورماتسىيىلىرى ئىنسان ماھىيەتلىرى بىلەن كۆپ قىرلىق توقۇنۇش ھاسىل قىلدى.

دىئالوگ تىمىلىرى بۇنىڭ بىلەنلا ئاياغلاشمىسىمۇ، مەسىلە ناھايىتى روشەن، ئۆتكۈر، ئىزچىل ۋە قەدىمىيلىكلىكى بىلەن خاراتتېرلىنىدۇ.

بۇ زىددىيەت دىن ۋە ئەخلاق، سەنئەت ۋە ھوقۇقنىڭ نۇرغۇن چەكلەنگەن راتونلىرىغىچە كېڭەيتىلگەن.

دىن: ئىنسان ئۆز خايىشلىرىگە يول قويۇپ تۇنجى گۇناھ سادىر قىلغان، دىنىي ئەخلاق تۇنجى گۇناھنىڭ تەكرارلانماسلىقىنى، ئىستىغفار ۋە ئېتىقاد ئارقىلىق ئۇنىڭدىن پاكلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، - دېيسە؛ بۇ قاراشنىڭ مۇخالىپلىرى: زىۋس ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس ئائىلىسى ئىپتىدائىي جىنس ئېتىقادچىلىقى، شامان ۋە كاھىنلارنىڭ تۇنجى كېچىلىك ھوقۇقى، ئىپتىدائىي خرىستىيان چېركاۋلىرىدىكى يات جىنسلار ئۇچرىشىشلىرى، بۇددىزم رەسساملىقىدىكى يالىڭاچ ئادەم تەسۋىرى، ئىسلام ئېتىقادىدىكى كۆپ خوتۇنلۇق قاتارلىق دىنىي ئېتىقادتىكى جىنسىي خايىش ھادىسلىرىنى قانداق ئىزاھلاش مۇمكىن؟ ـ دەيدۇ؟

ئەخلاق: ئىنساننىڭ كامالىتى ئۆزىنى تەبىئىي ۋە ھايۋانىي ـ بەدىۋى خاھىشتىن پاكلاشتۇرۇپ، ئىدېئال - غايە – خۇدالىق كامالىتىگە يېتىشتۇر، - دېسە؛ بۇ خىل قاراشنىڭ مۇخالىپلىرى: ئەخلاقىي قۇرۇلمىلار ئىنساننى مەقسەت قىلىشى، جەمئىيەتنى ئىنسانغا لايىقلاشتۇرىشى، ئەكس ھالدا ئىنساننى ئەخلاق قېلىپلىرىدا قۇيۇلغان قورچاق بۇتقا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقى لازىم، - دەيدۇ.

سەنئەتتە ئەھۋال مۇرەككەپ. ئۇنىڭ بىر قىسمى: سەنئەت ئالدىنقى ئاڭنىڭ قارشىلىقى، چۇقان ۋە فونتان ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئازادلىق ئىنتىلىشى، - دېسە؛ ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى: سەنئەت سىياسىي، قانۇن، ئەخلاق ۋە دىنغا ماسلىشىشى، كىشىلىك تورىنى تەشكىل قىلغان يىپلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۈگۈن بولۇشى لازىم، -دەيدۇ.

ھوقۇق- ئومۇمەن ئىگىدارچىلىق تۈزۈلمىسى ۋە مۇناسىۋەتلىرىگە لايىق روھىيەت تۈزۈلمىسى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىقارالىقىنى ياقلايدۇ.

مۇنبەردىكى تەپەككۇر ۋە نوتۇق بىلەن سۆزلەنگەن بۇ ئىبارىلەر بەرىبىر جانلىق ئىنسان ئاغزىدىن چىققان. قىزىقارلىقى شۇكى، كاھىن كېچىلىك ھوقۇقىدىن زوقلىنىشتىن ئۆزىنى چەكلىيەلمەيدۇ. ئەخلاقشۇناس كۆڭلى چۈشۈپ قالغان چۈۋاننىڭ قىياپىتىنى، ئاۋازىنى سېغىنىپ بىئارامىلىقتا ئازاپ چېكىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشلىرىگە ئاپلاتۇننىڭ ئېتىكىلىق رېجىملىرى تولىمۇ قېلىپىدىن چىققان روھىي دىكتاتۇرا سىماسىدا سايە تاشلايدۇ. ئەمما، ئۇلار ئۆزىنىڭ كەسپىي فورمىلىرىنى كىيىشىپ مۇنبەرگە چىققاندا يەنىلا قېلىپلاشقان ئۆز ئەھكاملىرى ئۈستىدە مەرۇزە سۆزلىشىدۇ.

## 3.ئىنسان روھىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنى

ئىنسان ھايۋانات دۇنياسىدىن ئىجتىمائىي ئىنسانغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ

روھىيتى ئاسماندىن چۈشكىنى يوق، بەلكى ئىلگىرىكى بىئولوگىيىلىك روھىي ئىنىستىنكت (تۇغما ئىقتىدار) ئاساسىدا، ئۇنى ئۇل قىلغان يېڭى روھىي قاتلامغا مۇيەسسەر بولدى. ئىنسان روھىيتى ئىككى كىنەزلىككە – ئىنىستىنكت كىنەزلىكى بىلەن ئەقلىي بىلىش (پاراسەت) كىنەزلىكىگە ئايرىلدى. تارىخ، بۇ ئىككى كىنەزلىكنىڭ بىرى جاھانگۇشاي سۈپىتىدە، ئىككىنچىسىنى ئىستىلا قىلىش، نەتىجىدە بىر پۈتۈن روھىي مەدەنىيەت ئىمپېرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى مىليون ھېكايىلىرى، مىليارد پاجىئەلىرى بىلەن داۋاملىق ئۇچۇر قىلماقتا.

ئىنسان روھىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنى بىرقانچە قاتلاملىق روھىيەت ھادىسىلىرىدە ئىپادىلىنىپ، ئاجايىپ- غارايىپ رەڭگارەڭلىك ھاسىل قىلغان. مەسىلەن، ھايات خاھىشى بىلەن مامات خاھىشى؛ ئۈمىد تەلپۈنىشى بىلەن ئۈمىدسىزلىك روھىيتى؛ ئەقىل ئىقتىدارىدىن ھەم بەخت، ھەم ئازاپ ھېس قىلىش؛ ئارزۇ بىلەن مۇمكىنلىك ئارىسىدا بىئارام بولۇش؛ ئاڭ بىلەن كۆڭۈل (پوتېنسىئال ئاڭ) ئارىسىدا تىكىرقاش؛ جىنسىي ئىنىستىنكتلىق ئارقىلىق روھىي ئازاپ ئىزدەش ۋە ئۆزىنى قايتىدىن روھىي مەھبۇسلىققا سىلىشقا ئالدىراش؛ مۇھەببەت قوغلىشىپ مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەسلىك؛ ۋاپا ۋە ئەقىدىلىرى ئۈچۈن ۋاپاسىزلىق ۋە خىيانەتكارلىققا ئۇچراش ئازابىنى چېكىش؛ نىكاھ ۋە مۇھەببەتنىڭ بىر-بىرىدىن ياتلىشىپ كېتىشى؛ ئېغىر ئەخلاقىي بېسىم مۇھىتى ئىچىدە تۇرۇپ ئىختىيارسىز ئىشق ئەسەبىيلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش؛ كۆڭۈل ۋە جىنسىي خاھىشىنىڭ داۋاملىق قايتا تەشكىللىنىپ تۇرۇشى؛ ئۆزىنى ئالداش، غىدىغلاش ۋە زەھەرلەش ئارقىلىق ساختا روھىي شادلىق قوغلىشىش؛ ئىنىستىنكتلىق خاھىش بىلەن يەنە ئۆزىنى ئەيىپدار بىلىشتەك زىددىيەتچان روھىيىتىگە تەڭ گىرىپتار بولۇش؛ مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان رەشك... بۇلار ئۇنىڭ بىر قىسىم تىپىك مىسالى، خالاس.

ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنىنى ھەر خىل روھىي قاتلاملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىلا ئەمەس، يەنە بىرخىل روھىي قاتلامنىڭ، مەسىلەن: ئەقلىنىڭ جىنسىي خاھىشىنىڭ، مۇھەببەت خاھىشىنىڭ ئوبيېكت ۋە سوبيېكت ھەركەت كۈچلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ.

ئېيتىش كېرەككى، ئىنىستىنكتنىڭ خۇشاللىقنى ئالىي ماقام قىلغان پائالىيەتچان ئىقتىدارى بولغان كۆڭۈل (فرئيودنىڭ ئەسلى ئىبارىسىدىكى «Unconscious» - يوشۇرۇن ئاڭ) بىلەن ئەقلىنىڭ رېئاللىقنى ئالىي پىرىنسىپ قىلغان پائالىيەتچان ئىقتىدارى بولغان ئاڭ (فرئيودنىڭ ئەسلى ئىبارىسىدىكى «Consiusness») ئارىسىدىكى بۆلۈنۈش ئىنسان روھىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنىيىتىنىڭ ئوقى ۋە تىپىك شەكلى بولۇپ

ھېساپلىنىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىدا بەدەن بىلەن روھنىڭ ئايرىلىشى؛ بەدەنىدىكى تۇپراق ۋە سۇدىن ئىبارەت ئېغىر زات (تادۇ)لار بىلەن ھاۋا ۋە ئوتتىن ئىبارەت يەڭگىل زات (تادۇ)لارنىڭ ئايرىلىشى؛ ئىنساندىكى تۇغما ۋە ھايۋانىي ئىشتىدارلار بىلەن ئەخلاقىي ۋە ئېرىشكەن ئىقتىدارلارنىڭ ئايرىلىشى؛ ئىنساندىكى بەش «ئوغرى قاچتى» (بۇددىزم ئىبارىسى) سەزگۈلەر بىلەن قەلب كۆزى ۋە پەزىلەتلىك خاسىيەتلەرنىڭ ئايرىلىشى؛ ئىنساندىكى ئىنستىنكتلىق بىلەن مەدەنىيەتلىك ئاڭنىڭ ئايرىلىشى ھەققىدىكى بايانلار ماركس، دارۋىن، فرېئود قاتارلىق كىشىلەر تىلغا ئالغان بىر چوڭ ھەقىقەتكە مەركەزلەشكەن. بۇ بولسىمۇ، ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىئولوگىيىلىك قاتلىمى بىلەن ئىجتىمائىي قاتلىمىنىڭ نىسبى بىر پۈتۈنلىكى ۋە زىددىيىتىدىن ئىبارەت.

ئىنسان خۇددى فارابى ئېيتقاندەك ھايۋاندا بولىدىغان ئوزۇقلىنىش، نەسىل قالدۇرۇش، سېزىش ئىقتىدارى ئۈستىگە نۇتۇق- تەپەككۇر ئىقتىدارى قوشۇلغان مەۋجۇدات.

ئىنسان خۇددى ئىجتىمائىي ھايۋان. ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىقى ئۇنىڭ مىېراللىقى، ئۆسۈملۈكلىكى ياكى پاك- پاكىز ئىجتىمائىيلىقى ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھايۋانلىقى ئۈستىگە قوشۇلغان. ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىقى ئۇنىڭ بىئولوگىيىلىك ھازىرلىقلارنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ ھايۋانلىق تۈزۈلمە ۋە ئىقتىدارىنى يوققا چىقىرىش بەدىلىگە ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي بىئولوگىيىلىك جىسمانىي تۈزۈلمە ۋە ھاياتى قۇۋۋەتلىرىگە يەنى ئىنستىنكتلىق- ئاڭدىن خاسلىق روھىي ئىقتىدار بىلەن نۇتۇقلۇق- ئاڭ تەپەككۇرلۇق روھىي ئىقتىداردىن ئىبارەت ئىككى قەۋەتلىك بىنا شەكلىدىكى پىسخىك خاسلىقنى بەرپا قىلىشنى بەدەل قىلغان.

«جەننەتتىن ئايرىلغان ئىنسان» ۋە «ئىنساندىن ئايرىلغان جەننەت»نىڭ ھەرئىككىسى ئىنسانغا نامۇناسىپ بولۇپ قالدى! ئاڭ –ئىنساننى نوقۇل، يۈگەنسىز پوتېنسىئال ئاڭدىن، تۇغما ئىختىداردىن ياتلاشتۇردى. ئىنسان ئۆچۈنمۇ، ئاڭ ۋە تەپەككۇر تىزگىنىدىن ئايرىلغان ئىنستىنكت، بولۇپمۇ تۇغما جىنسىي خاھىش چەكلىنىشى، تىزگىنلىنىشى لازىم بولدى.

ئىنسان روھىيىتى خۇددى ئوتتۇرىسى ئۈزۈلگەن تاقا شەكلىدىكى ماگنىتتەك، كۆڭۈلگە لايىق نەرسە بىلەن ئەقىلگە مۇۋاپىق نەرسە، مۇھەببەت خاھىشى بىلەن ئەخلاق نىزامى ئارىسىدا توختىماي پىرقىراشتىن مەڭگۈ خالاس بولالماسلىق سېفىراسىغا جايلاشتى. مانا بۇ، تەقۋىدار كاھىنلار، سۇخەنساز ئەخلاقشۇناسلار، مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇرلار يوشۇرۇپ كەلگەن چىنلىق- ئىنساننىڭ روھىيىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنى، قىزىقارلىق

تەققاس: كىشىلەر روجدېستووۋ بايرىمى ئۆتكۈزۈش ئاقلىق ئېيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ تەنتەنە قىلىشىدۇ، ۋەھالەنكى، ئاشۇ نۇرانە پەرزەنتنىڭ تۆت كوچا ئاغزىدا كرېست ياغىچىغا مىخلىنىپ تۇرغان تەقدىرىنى ئېسىگە كەلتۈرۈشمەيدۇ...

## 4.ئىنسان روھىنىڭ بىر پۈتۈنلىكى ۋە كۆپ قاتلاملىقى

ئىنسان گەرچە جانلىق تەبىئەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سەمەرىسى بولسىمۇ، ئۇ ئاڭسىز تەبىئەت مۆجىسى بولماستىن، يەنىلا ئىجتىمائىي ئاڭغا ئىگە بولغان مەدەنىيەت مۆجىزىسىدىن ئىبارەت. ئىنسان ئۆچۈن خاس بولغان بىر قاتار فىزىئولوگىيىلىك تۇغما ئىقتىدار ھادىسىلىرى يەنىلا ئىنسان ئۆچۈنمۇ خاس بولغان پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن شەكىللىنىدۇ، ھەركەتلىنىدۇ ۋە ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە ئىنساندا ئەقلىي بىلىش ئەقلى ئاڭ ئارقىلىق مەيدانغا كەلمەيدىغان ياكى بۇنداق بىلىش ۋە ئاڭ ئارقىلىق بىردىن تەرك ئېتىپ بولمايدىغان بىر قاتار ئىنستىنكتلىق پوتېنسىئال ئاڭ خاراكتېرلىك روھىي ھادىسىلەر، ئەڭ ئالدى بىلەن ھېسسىي، كۆڭۈل تۇيغۇسىنى ئالغان ھادىسىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئىنسانغا خاس بولۇپ، پۈتۈنلەي ھايۋانى ئەمەستۇر. ئەگەر بۇ نوقتا بولمىغان بولسا، ئىككىگە بۆلۈنۈش توغرىسىدا ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

دەرھەقىقەت، ئىنسان بىئولوگىيىلىك تۈزۈلمە ۋە ئىجتىمائىي (مەدەنىيەت) تۈزۈلمىسىگە ئىگە مۆجىزە. شۇنىڭدەك ئىنسان بىئولوگىيىلىك ئېھتىياج ۋە خايىش، ئىجتىمائىي ئېھتىياج خاھىشقا ئىگە مەۋجۇدات. ئىنساندىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي خايىش ئىنساننىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى، ئېھتىياجى ئاساسىدا بىرخىل لىبىدۇ (Libidu- جىنسىي ئىستەك)، ئىنتىلىش ۋە بېغىشلاش شەكلىدە تەجەللى بولىدۇ، ئۇرغۇپ چىقىدۇ. بۇ، ئومۇمەن سەۋەبىياتلىق، قانۇنىيەتلىك بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئىلمىي تەپەككۇرغا – ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر.

ئىنساننىڭ بىئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسى نوقۇل جىنسىي تۈزۈلمە بولماستىن، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارى، ھاياتىي خاھىشى، ھاياتلىق كامالىتى بولغان ساغلاملىققا بولغان ئىنتىلىشنى تەمىلەيدىغان ھاياتلىق تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت. پەندە «ئائۇرا» دەپ ئاتىلىدىغان، ئادەمنىڭ بەدەن ھالىتى سىرتىنى قاپلاپ تۇرىدىغان بىر قاتلام ھاياتىي نۇر چەمبىرىكى ۋە بۇ ئائۇرا قاتلىمىنىڭ سۈپەت ھالىتى دەل مۇشۇ ھاياتلىق تۈزۈلمە ئىختىدارىنى كۆرسىتىدۇ. بۇددا، مانىزم ۋە خرىستىيا رىۋايەتلىرى ئاساسىدا باش قىسمىنى قاپلاپ تۇرغان نۇرچەمبىرى بىلەن مۇقەددەس ئوبرازلارنى سىزىش ئادىتى، ھازىرقى كۈندە

پۈتۈن بەدەننىڭ تاشقى نۇر چەمبىرى بولغان ئائۇرانىڭ ئىلاھىلاشتۇرۇلغان بىر قىسمى دەپ قارالماقتا. «ئائۇرا»- ھاياتىي كۈچ بولۇپ، ئۇنىڭ «لىبىدو»- ئىنستىنكتلىق ئىقتىدار (قۇۋۋەت)دىن كاتتىلىقىدا مەسىلە بولمىسا كېرەك. ماماتلىققا زىت بولغان بۇ تۈپكى ھاياتىي تۈزۈلمە، ئىقتىدار، خايىش ۋە ئىنتىلىشنىڭ ئىككى ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بىرىنچىدىن، ئۇ ئىنساندىكى باشقا بارلىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىدار، خايىش ۋە ئىنتىلىشلەرنىڭ ئۇلى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ باشقا بارلىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىدار، خايىش ۋە ئىنتىلىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. دىققەت قىلىڭ: ئىنسان ئۈچۈن ھاياتلىق قىممىتى نوقۇل جانلىق تەبىئەت قىممىتى- بىئولوگىيىلىك قىممەت بولماستىن، يەنى ئىجتىمائىي قىممەت ۋە مەدەنىيەت قىممىتى! ئىنساننىڭ بىئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسىدىكى تۇغما ئىقتىدار ھەققىدە ئالدىمىزدا ئىككى مەشھۇر مۇھاكىمە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىرى، فرېئودنىڭ «جىنسىي خاھىش ئىنستىنكتىنىڭ مەركىزى» دېگەن قارىشى. بۇ قاراش «ئىنساننىڭ ھايۋانلىقى- ئەسلىدىكى مەنلىكتۇر» دېگەن تېزىسقا ئاساسلانغان. ئۇنىڭ يەنە بىرى فرېئودتىن ئازكەم مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنانىڭ «رىسالە ئىشق» ناملىق ئەسرىدە تىلغا ئالغان «كامالەتكە ئىنتىلىش- مۇھەببەتتۇر»، «كامالەتكە ئىنتىلىش كائىناتنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى»، «ئۆزىدە بولمىغان قۇتۇپقا ئىنتىلىش، تولۇق- مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش- كامالەتكە ئىنتىلىشتۇر»، «ئىككى جىنس ئارىسىدىكى سۆيگۈ- كائىنات ئىشقىنىڭ ئىنساندىكى ئىپادىسىدۇر» دېگەن قاراشلاردىن ئىبارەت. فاېئود بىلەن ئىبنى سىنا بىر نەرسىنى- ئالەمنىڭ مەنپى- مۇسبەت قانۇنى، زىددىيەت تەرەپلىرىنىڭ جەزبىدارلىقىنى، بۇ ئومۇم ھادىسىنىڭ ئىنساندىكى ئىپادىسىنى تىلغا ئالغان.

فرېئود روھىي كېسەللىكلەر ئۈستىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن خۇددى ئىسلام سوپىزمى تىلغا ئالغان ئەقىلدىن ئايرىم، مەنتىقىي تەپەككۇردىن خالىي، ئاڭدىن تىرەن بولغان «كۆڭۈل» ئىبارىسىگە ئوخشايدىغان پوتېنسىئال ئاڭ ئاتالمىسىنى يەكۈنلىدى. ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى بىلەن دىئالېكتىك روھقا ئىگە راتسىيونالىزملىق سوپىزملىق قاراشلار ئۇلىدا ئۆزىنىڭ «رىسالە ئىشق» (مۇھەببەت رىسالىسى) ناملىق ئەسىرىنى يازغان.

فرېئود گەرچە جىنسىي خاھىش بىلەن مۇھەببەت خاھىشىنى بىر-بىرىگە تۇتاشقان، ئەمما بىر-بىرى بىلەن پۈتۈنلەي بىردەك بولمىغان خاھىش دەپ ئىزاھلىسىمۇ، جىنسىي خايىشنىڭ تىزگىنسىز يامراپ كەتمەسلىكىنى تىلغا ئالسىمۇ، ئۇ ئاڭدىن خالىي بولغان جىنسىي خاھىشنى تۇغما ئىقتىدارنىڭ يادروسى، خۇشاللىق ئىنتىلىشىنىڭ ھەممىنى بېسىپ

چۈشىدىغان ھۆكۈمران شەكلى، دەپ قارايدۇ.

ئامېرىكا پسىخولوگى ماسلوۋ ئىنساندىكى ئېھتىياجلار توغرىسىدا توختالغاندا، تۇغما ئىقتىدار (ئېنىستىنكت) نەزەرىيىسىنى بىر پۈتۈن ئىنساندىكى تەبىئىي (بىئولوگىيىلىك) ۋە ئىجتىمائىي (مەدەنىيەت) ئېھتىياجى ئاساسىدا، يۇقۇرى- تۆۋەن دەرىجىگە ئايرىپ ئىزاھلاشنى ئوتتۇرغا قويىدى. ئۇ ئىنساندىكى ئېھتىياجنى (تەقەززا، Needs ) (بىئولوگىيىلىك ئېھتىياج)، «بىختەرلىك ئېھتىياجى»، «مۇھەببەت ئېھتىياجى»، «قەدىرلىنىش ئېھتىياجى»، «ئۆز ئىختىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئېھتىياجى»دىن ئىبارەت بەشكە ئاجراتتى. ئۇنىڭچە، ئالدىنقى ئېھتىياج ھەل قىلىنمىغىنىدا، كېيىنكى ئېھتىياج شەكىللەنمەيدۇ. ماسلوۋمۇ تەبىئىي ئېھتىياجنى يىمەك- ئىچمەك، بىخەتەرلىك بىلەن باشلاپ، ئىنساننىڭ ئۆز ئىقتىدارى بويىچە تارىخىي تۆھپە يارىتىشتىن ئىبارەت يۇقۇرى دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي ئېھتىياجى بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. ماسلوۋ تىلغا ئالغان ئېھتىياج قاتلاملىرى، ئىنساندىكى خاھىش ۋە پائالىيەتنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرى ھېساپلانغان. مېنىڭچە، ماسلوۋ تىلغا ئالغان ئېھتىياجلارنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈش، شۇنىڭدەك ئۈچ قاتلاملىق ئېھتىياجغا ئومۇملاشتۇرۇش مۇمكىن. بۇ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج ۋە خاھىش، مۇھەببەت ئېھتىياجى ۋە خاھىشى، مەنىۋى مەدەنىيەت (بولۇپمۇ مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش) ئېھتىياجى ۋە خاھىشىدىن ئىبارەت. مەلۇم مەنىدە ئۆزى ئاچ- يالىڭاچ ھالەتتە ئۆتكۈر گەۋدىلىنىدىغان فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجىدىن خالىي بولسىمۇ، كۆزى ئاچلىق تۈپەيلى مال –دۇنيا ھېرىسلىقى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتلەرنى تۆۋەن قاتلامدىكى ئېھتىياج، خاھىشغا يانداشتۇرۇش مۇمكىن. ئىنساندىكى يۈشۈرۈن ئىقتىدارنى جارى قىلىپ، كىشىلىك مەدەنىيەت تارىخىغا تۆھپە قوشۇپ، ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنىڭ نوقۇل فىزىئولوگىيىلىك ئوبيېكت ۋە ئائىلىۋى سوبيېكتلىق سالاھىيەت بىلەن چەكلەنمەيدىغان ئىجتىمائىي قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت يۇقۇرى دەرىجىلىك ئېھتىياج ۋە خاھىشى بىلەن فىزىئولوگىيىلىك ۋە تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەقەللىي ئىجتىمائىي خاھىش ئارىسىدا مۇھەببەت ئېھتىياجى ۋە خايىشى جايلاشقان.

ئىنسان روھىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بىلەن ئۇنىڭ بىرپۈتۈنلىكىدە گەۋدىلىك رول ئوينايدىغان مۇھەببەت ئېھتىياجى ۋە خاھىشى ھەققىدە ئايرىم توختىلىش جائىز.

## 5.مۇھەببەت خاھىشنىڭ ئىنسان روھىيىتىدىكى ئورنى

مۇھەببەت ــ نوقۇل جىنسىي خاھىش بولماستىن، «ئالەمنىڭ تۈپ قانۇنى ــ

كامالەتكە ئىنتىلىش» ۋە ئۇنىڭ «ئىككى جىنس ئارىسىدىكى ئىپادىسى» (ئىبنى سىنا)، «هاياتلىق ئىستىكى» (گوركىي)، «بارچە ھېسسىياتلارنىڭ ئەۋجى ۋە غالىپى» (ھېنرىخ ھېينى)، «بىزنى قايتا ياراتقۇچى قۇدرەت» (دوستويېۋسكى)، «مەھبۇب ھاياتنى قوشۇلۇپ ياشاش» (تولستوي)، «بەخت خەزىنىسى» (موللېر)... مۇھەببەت ــ ئىنساننىڭ تۇغما ئىقتىدارىدىكى جىنسىي خاھىشىدا، ئىنساننىڭ ئاڭ ۋە ئىختىيارىدىكى ئىجتىمائىي تەلپۈنۈشىدە، قىسقىسى ئىنساننىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى، تەقەززاسى ۋە خاھىشىدا ئىپادىلەنگەن ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتچانلىقنى قارماپ تۇرغان ئۇلۇغ ئالەم قانۇنىيىتىدىن تاشقىرى نەرسە ئەمەس. ئۇ ئىنساندىكى ئىككى كېنەزلىك قاتلىمىنىڭ بىرلىك ھالقىسى، ئىنسان ھاياتىغا ماھىيەت، ئىقتىدار ۋە قىممەت بېغىشلىغۇچى ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ماماتلىق خاھىشىغا زىت ھاياتلىق خاھىشى ماھىيەتتە يەنىلا مۇھەببەت ـ كامالەتكە ئىنتىلىش خاھىشىدۇر.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، مۇھەببەت ئېھتىياجى ۋە خاھىشى قارىماققا خۇددى ماسلىۋۇ كۆرسەتكەندەك تەبىئىي ئېھتىياج بىلەن ئىجتىمائىي ئېھتىياج ئارىسىغا جايلاشقاندەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتە بۇ ئېھتىياج ۋە خاھىش ئاجىز ياكى كۈچلۈك ھالەتتە ئىنسان تەقەززاسى ۋە خاھىشلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرىدىن تېپىلىدۇ. ئۇ ئاڭ، تەپەككۇر، ئەخلاق ۋە مەجبۇرىيەت بىلەن يېقىن ھاياتى كۈچ، مەدەنىيەت خاراكتېرى ئالغان ئەڭ تۆپكى ۋە ئەڭ دائىمىي ھاياتىي تەقەززا، پائالىيەتچان خاھىش. ئۇ ئىنسان ئۈچۈن «كۆڭۈلگە ياقىدىغان نەرسە» بىلەن ئەقىلگە مۇۋاپىق نەرسە»نىڭ مۇجەسسەم گەۋدىلىنىشى. مۇھەببەت نوقۇل ئاڭدىن خالىي تۈزۈلمىنى غىدىغلاش ۋە روھلاندۇرۇشنى ئەمەس، يەنە ئاڭ ۋە ئاڭلىق پائالىيەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئىلھاملاندۇرۇشنى ئۆزىگە قانائەت ۋە ئىپتىخار نۇقتىسى قىلغان. ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ كۈچى يالغۇز جىنسىي خاھىشنى قوزغاشۋە تىزگىنلەشتىلا ئەمەس، يەنە ئۇمىدسىزلىكنى يېڭىشتە، ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشتا، قېرىش ۋە ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، مۆجىزىلەر يارىتىدىغان مەنىۋى قىزغىنلىق ۋە جاسارەتتە جىلۋىلىنىدۇ. روشەنكى مەۋجۇتلۇق قىممىتى بىلەن ئىنساننىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇق قىممىتىگە بولغان ئاڭلىق بىلىشى ــ مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنىڭ ھەقىقىي بۇلىقىدۇر.

بۇ يەردە تەكىتلەشكە تېگىشلىك ئىككى مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئىبنى سىنانىڭ «رىسالە ئىشق» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان. ئىبنى سىنا نوقۇل جىنسىي خاھىشقا بېرىلىشنى مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتىنى كۆرمەستىن، پەقەت ئۇنىڭ سىرتىنى كۆرگەنلىك، دەيدۇ. ئۇ پەقەت ئۈچ نەرسىگە ئېرىشىش ــ سۆيۈشمەك، قۇچاقلاشماق ۋە جىنسىي ئالاقىگە

ئېرىشىش، پەقەت مۇھەببەتنىڭ سۆرىتىگە ئېرىشىش بولۇپ، ئۇلار خۇددى «ئايدىڭنى قېتىق دەپ بىلگەندەك»، مۇھەببەت ئارقىلىق ئېرىشىش لازىم بولغان ماھىيەتتىن قۇرۇق قالغان بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ماھىيەت ــ ئەۋزەللىك، مۇكەممەللىك، كامالەتتىن ئىبارەت. ھەقىقىي جىنسىي تۇرمۇش ئۆز مەھبۇبىدىن ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى مەنىۋى يېتىلىش ۋە مەنىۋى ئەۋزەللىك ئالامەتلىرىنى تېپىش، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن قوشۇلغان ئېھتىيار تۇغدۇرىدۇ. دېمەك، مۇھەببەت خاھىشى ــ مەنىۋى ئەۋزەللىككە ئىنتىلىش خاھىشى بولۇشى لازىم.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ماسلوۋنىڭ «ئىنسان نىيىتى ھەققىدىكى نەزەرىيە» ناملىق ماقالىسىدە تىلغا ئېلىنغان. ئۇ؛ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج بىلەن بىخەتەرلىك ئېھتىياج قانائەتلەندۈرۈلگەندىن كېيىن، مۇھەببەت ۋە تەۋەلىك ئېھتىياجى يېڭى مەركەز بولۇپ قالىدۇ. كىشى دوست، مەھبۇب، خوتۇن، ئەر، پەرزەنت خاھىشىنىڭ كۈچلۈك تۈرۈتكىسىدە بىر قاتار روھىي زىددىيەتلەرگە گىرىپتار بولىدۇ، دەيدۇ. مۇھەببەت خاھىشى ئۈچىغا چىققاندا، ئىنسان ئۆز روھىيىتىدىكى خاھىش چەكلەش تۈيغۇسىنىڭ تورمۇزىنى بۇزۇپ، خەتەرگە قارىماي، ئىلگىرىكى تۇغما ئىقتىدار خاھىشىنىڭ قانائەتلىنىش ئەسلىمىسىنى قايتىدىن رېئاللاشتۇرۇشقا ياكى يېڭىدىن مۇنداق قانائەتلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. ھەتتا قانائەتلىنىشتىن قانائەتلەنمەسلىككە ئۆتۈپ، يېڭى قانائەت ئۈچۈن داۋاملىق ئىزدىنىشى مۇمكىن. مەجنۇنلۇق ئەنە شۇنداق تەلۋىلىكنىڭ ئەسەبىي شەكلى، خالاس.

ماسلوۋ ھەرقايسى خاھىشنىڭ ئورۇندىلىشىنى شۇ خاھىشنى تۇغدۇرغان ئېھتىياجدىن باشقا، تاشقى رىغبەتلەندۈرگۈچى ئوبيېكت بىلەن ئىچكى مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ تەسىرىدىن ئاجرىتىپ قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ. مۇھەببەت خاھىشىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمۇ خۇددى شۇنداق. مەسىلە شۇ يەردىكى، نۇرغۇن كىشىلەر فىزىئولوگىيىلىك ۋە ئەقەللىي ئىجتىمائىي خاھىشنى ھەل قىلغاندىن كېيىن كېيىن، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئەقىل ۋە ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇپ ئىنسانىيەتكە تۆھپە قالدۇرۇش ئېھتىياجىغا ئۆتمەي مۇھەببەت خاھىشىدا لەيلەپ ياكى چۆكۈپ قالىدۇ. بۇ ئۇلار ئۈچۈن خۇددى ئىبىن سىنا ئېيتقاندەك مۇھەببەت سۈرىتىگە ئېرىشىپ، مۇھەببەت ماھىيىتىدىن مەھرۇم قىلىشتۇر. روھىيەت ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئۇلارنى ئۆزىنى، ئۆز موھتىنى بىلىش ئارقىلىق كامالەتكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە يېتەكلەشتىن ئىبارەت.

مۇھەببەت ئۈچۈن «لىبىدۇ» (جىنسىي ئاڭ) ئاددىيلا جىنسىي ئىقتىدار ئەمەس، ئۇ

ئەۋزەللىكنى قوبۇل قىلىش بىلەن كامالەت (تۆھپە، قىممەت) بېغىشلاشتىن ئىبارەت. مۇشۇ مەنىدە، ئادەم ئۆلۈپ، ئۇنى ئوراپ تۇرغان مۇجەسسەم بىئوفىزىك نۇر چەمبىرى «ئائۇرا» ئۆچكەندىن كېيىنمۇ بۇ كامىل مەنىدىكى «لىبىدۇ» ئۇزاق ساقلىنىشى مۇمكىن.

## 6.يېڭىچە روھىي مەدەنىيەت: كۆڭۈل بىلەن ئاڭنىڭ ھەمجەھەتلىكى

ماقالىمىزنى «ئىنسان ـ كائىناتنىڭ مەركىزى» دېگەن ھۆكۈم بىلەن باشلىغانىدۇق. پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخى بىلەن جىمىكى «فىزىكا» ۋە «مېتافىزىكا» پەنلىرى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىنساندىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۆجىزىنىڭ ئۆز- ئۆزى ھەققىدە تېخى ئىپتىدائىي ئىزدىنىش بوسۇغىسىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىلاھىيەت ھەققىدە ياراتقان «نەزەرىيىۋى دۇنيا»، «لەقىدىلەر دۇنياسى»، «تەسەۋۋۇر دۇنياسى»، «باقىي ئالەم» قاراشلىرى ھەممىدە بولۇپ ئۆتكەن ۋە كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولۇۋاتقان رېئال دۇنيا ھادىسىلىرى بىلەن نەقەدەر كەسكىن سېلىشتۇرما- ھە؟!

ئىنسان ئۆزى ھەققىدە ئىزدەنگىنىگە بىرقانچە مىڭ يىل بولدى. بۇنداق ئىزدىنىش ئىنساننىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق ياتلىنىش تارىخى بىلەن بىللە ياتلىشىپ تۇردى. مورگان تەرىپىدىن شەرتلىك مەنىدە ئىشلىتىلگەن ئاتالمىش «سوتسىيالىزاتسىيە دەۋرى» ئىنساننىڭ ياتلىنىش تارىخى بىلەن قوشگېزەك بولۇپ تۆرەلدى، ئىنسان ئۆزى ياراتقان ماددىي مەدەنىيەت مېۋىلىرى ئۇنىڭ تەييارتاپ ھاكىملىرى ئۈچۈن، قىرغۇچى ئۇرۇشلىرى ئۈچۈن، ئاز بىر قىسمى كۈندىلىك تىرىكچىلىك زۆرۈرىيەتلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىندى. ئىنسانىيەت ياراتقان مەنىۋى مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىلىم ۋە سەنئەتتىن باشقىلىرى ئىنساننى داۋاملىق ياتلاشتۇرۇش ۋە ئاجايىپ –غارايىپ ئەقىدە – نىزاملار بىلەن چۈشەپ قويۇش ۋاستىلىرى بولۇپ قالدى. تارىخى دەستۇرلار ساراي ھادىسىلىرى ۋە جەڭنامىلەرنى مەرگەز قىلغان سەھىپىلەر دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەنقا قۇشى جەنىنەتكە كىرىپ كەتكەندەك، بەخت- سائادەت ئارزۇلىرى باقى ئالەمگە قالدۇرۇلدى. ئىنسان ھەققىدىكى، بولۇپمۇ ئىنسان روھىيىتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش تىراگېدىك سەنئەت بىلەن روھىي كېسەللەر تەقىقاتىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا ھەيدەلدى. ئانچە- مۇنچە باش كۆتۈرگەن ئىنسانشۇناسلىق ئاب- ھاۋاسى بەزىدە سوپىزم، بەزىدە بىدئەتلىك، بەزىدە بۇرجۇئا ئىنسان تەبىئىتى نەزىرىيىسى نامىدا ھاقارەتلەندى. «ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچىمى بولغان ئىنسان» ئۆز- ئۆزىگە ئۆلچەم بولالمىدى. ئۇ خۇددى توغما ئەمادەك تېخى ئۆز سىياقىدىن بىخەۋەر

پېتى قىلىۋەردى. ئىنسان ئۆز مۇھتىنى سۈنئىي ۋە تەبىئىي بايلىقلار بىلەن بېزەش بىلەن بىللە، ئۆز روھىيىتىنى يېتەرلىك بۇلغىۋالدى. ئۇلار جىنايى مەيدانلاردا بۇلغىنىش بىلەن دىنىي ئېھراملاردا ئىستىغفار ئوقۇشنى ئارقاق- ئۆرۈش قىلغان ئۆمۈر پەلسەپىسىنى يېپىنىۋېلىپمۇ روھىي ئازاتلىققا، كۆڭۈل خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمىدى. بىرزامانلاردا ئىنسان تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلگەن ئاقچا بارغانسېرى ئىنساننىڭ ھەممە ئېھتىياج ۋە خاھىشلىرىنى ئىگىلەپ، ئىپتىدائىي ئىنسان تەسەۋۋۇردىكى تەڭرىنىڭ ئورنىدىن ھەسسىلەپ ئارتۇق بولغان يېگانە روھىيەت ئىلاھىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىنسان روھىيىتى ئۆز- ئۆزى ئۇستىدە تېخى ھېچنىمىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ، ئاقچا توغرىسىدىكى تەخىرسىز، پۇتمەس- تۈگىمەس روھىيەت ئەسەبىيلىكىگە غەرق بولدى. بىز دەل مانا مۇشۇنداق رېئاللىق ئاستىدا، دەل مانا مۇشۇنداق ئېتىبارسىز تاشلانغان تېما ـ ئىنساننىڭ روھىي ماھىيىتى توغرىسىدا نېمە دېيىشىمىز مۇمكىن؟

ئىنسان قايتىدىن ھەقىقىي ئىلمىي ئاساستا، بارلىق دىنىي ۋە بىرتەرەپلىمىلىك ئىدىيىۋى قاراشلار بېسىمى ھەم چەمبەرلەردىن خالىي ھالدا تەتقىق قىلىنىشى لازىم؛

سۇبيېكتىپ تارىخى ئىنساننى مەركەز ۋە مىزان قىلغان ھالدا قايتىدىن ئاپپراتسىيە قىلىنىشى، بىرقانچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت ھادىسلىرى ئىنساننى ياتلاشتۇرۇش ۋە ئىنسان ماھىيەتلىرىنى ئېچىش، ئىنساننى تەرەققىياتنىڭ ۋاستىسى ياكى مەقسىدى قىلىش بويىچە تەلقىن قىلىنىشى لازىم؟

ئىنساننىڭ ماددىي تۈزۈلمىسى ئۆزىنىڭ ئېلېمېنتار ئاساسلىرى بويىچە ئالەم تۈزۈلمىسىگە ئوخشاش فىزىكىلىق ــ خىمىيىلىك تەبىئەتتىن تۈزۈلگەنلىكى، ئۇنىڭدا تەبىئەت ئېلېمېنتلىرى ۋە ئېنېرگىيىلىرىنىڭ مۇجەسسەم ھەركەتتە تۇرغانلىقى، ئىنساننىڭ بىئولوگىيىلىك، فىزىئولوگىيىلىك، پسىخولوگىيىلىك تۈزۈلمە ۋە پائالىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، ئىنساننىڭ تەبىئىي ئالامەتلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ئالامەتلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق بىرگەۋدىلىكى ۋە ئۆزئارا ئۆتتۈشچانلىقى، ئىنسان پۈتۈن كائىناتتىكى ھەممە ئاساسىي قاتلام ۋە جەريانلاردىن تۈزۈلگەن ئەڭ مۇرەككەپ ۋە ئەڭ ئالىي مۆجىزە ئىكەنلىكى تەتقىق قىلىنىشى لازىم؛

ئىنساننىڭ تەبىئىي، فىزىئولوگىيىلىك ۋە ئىختىمائىي كومپلېكس (مۇجەسسەم) شەيئىلىكىگە مۇناسىپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياج، ئىستدار ۋە خاھىشلىرى مەۋجۇتلۇق نۇقتىسىدىن پۈتۈنلەي ئېتىراپ قىلىنىشى، ياخشىلىق ياكى يامانلىق كاتېگورىيىلىرىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە تىزگىنلەش (تەدبىق قىلىنىش) دائىرىسى تولىمۇ چەكسىزلىنىپ، ئىنساننى ياتلاشتۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى لازىم؛

ئىنسان روھىيىتىدە گەۋدىلەنگەن ئىقتىدار، تەقەززا ۋە خاھىشلارنىڭ زىددىيەت ۋە بىۋھرانلىرى ئىنسانىنىڭ كامالىتى، مەدەنىيىتى، ئەقىل- تەپەككۇرىنى يېتەكچى ۋە تىزگىنلىگۈچى كۈچ قىلغان ھالدا، ئەڭ جىددىي تۈۋەن دەرىجىلىك ئىقتىدار، تەقەززا ۋە خاھىشنى بەھرىمەن قىلىشنىڭ پازىل ۋە ئەۋزەل ئۇسۇللىرى بىلەن ھەل قىلىنىشى، نوقۇل ئىدىيولوگىيە ئارقىلىق باستۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىشى لازىم؛

ئىنسانىنىڭ يېمەك- ئىچمەك، كىيىم –كېچەكىم ئىجتىمائىي خاتىرجەملىك ۋە جىنسى تۇرمۇشتىن ئىبارەت تار دائىرىدىكى خاھىش ۋە بەھرىمەنلىك ئىچىگە چۆكۈپ قېلىشى ئۇنىڭ ئەڭ زور ئىسراپچىلىقى ئىكەنلىكىدىن ئۇنى خەۋەردار قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئېلىمېنتار تۇرمۇشتىن ھالقىغان ئۇلۇغ تۆھپىكار (ھىممەتكار)لىققا دەۋەت قىلىش لازىم. ھىممەت- ئىنسان روھىيىتىنىڭ كامىل مۇقامىدىن ئىبارەت.

ئەخلاق — ئىنسانىنى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئىنسانىنى تۈرلۈك بېسىملار ئارقىلىق ئۆز ماھىيەتلىرىدىن ياتلاشتۇرىدىغان ئاتالمىش «سۆيلىزاتسىيە»دىن پەرقلىق يېڭىچە ھەقىقىي سۆيلىزاتسىيە ۋاستىلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىشى؛ ئۇ، ئۆز پائالىيىتىنى ئىنسانىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇش قاتلاملىرىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىنسانىيەت، جەمئىيەت ۋە تەرەققىيات بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىنىڭ ياخشى ياكى يامانلىق خاراكتېرىگە قارىتىشى لازىم.

تەبىئەت ئۇلۇغ مۆجىزە ـ ئىنسانىيەتنى ياراتتى.

ئىنسانىيەت ــ گۈدەكلىك ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ ھازىرقى ماددىي مۇھىتى بىلەن روھىي دۇنياسىنى شەكىللەندۈردى. ئىنسانىيەت تېخى ياش. ئۇ ئۆزىنى ئىزدەپ تاپقىنى، ئۆزىنى مەرگەز قىلغىنى، يۇشۇرۇن ئىقتىدارلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرالىغىنى يوق. ئۇ ئاپەت، ئاچارچىلىق، نادانلىق، جەڭگى –جېدەل، بىرتەرەپلىمە قاراش ۋە ئەقىدىلەر ئىچىدە تەمتىرىمەكتە، ئىڭرىماقتا. ئۇنىڭ روھىيىتى ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن- ھازىرقى مەدەنىيەت موھىتى بىلەن تۇغرا تاناسىپ. ئۇنىڭ روھىيىتىدىكى زىددىيەتلەر ئۇنىڭ تارىخىي سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن. ئىنسانىيەتنىڭ تىزگىنسىز بۇلغىنىشى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى تۈپەيلى يەر يۈزىدە ئىنسانىيەت ئۇرۇقى قۇرۇپ كەتمىسىلا، ئىنسانىيەت روھىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ پازىل پەللىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

1993-يىل 4- ئاينىڭ 21-كۈنى

# مەنسۇر ھەللاجنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەكس ساداسى

1

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەپەككۇر دولقۇنى بىلەن سىمانتىك خەزىنىسىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئىسلام سوپىزمىنىڭ ئۇنىڭغا سالماقلىق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، سوپىستىك پىكىر ئېقىمىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ۋە روشەن ئىپادىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ، ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيە تارىخى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس.

گەرچە سوپىستىك پىكىر ئېقىمى بىلەن كېيىنكى زامان ئىشانكەشلىكىدە تارىخى باشلىنىش بولسىمۇ، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيلىرىنى ئاشكارا قىلغان كلاسسىك سوپىزىم بىلەن پىرقىچىلىق ۋە سىياسى ئىغۋا تەرغىباتىنى دەستەك قىلغان ئىشانكەشلىكنى كەسكىن پەرقلەندۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ.

مەنسۇر ھەللاجى (858-922) ئىسلام سوپىزىمىنىڭ روشەن گۇمانىستىك سېستىمىسى ۋە سالماق ئىسيانكارلىق دولقۇنىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇلۇغۋار مۇتىپەككۇر، جەسۇر تەرغىباتچى شۇنداقلا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئەزىمەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەم پەرىدىن ئەتتار، جالالىدىن رۇمى، باھاۋىددىن نەقشى بەندى، خوجا ئەخمەت يەسەۋى قاتارلىق ۋارىسلىرى ئارقىلىق ئىسلام شەرقىي گۇمانىزىمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا، ياۋرۇپا مەرىپەتچىلىكى، گۇمانىزمى، ئانتروپولوگىزمىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۆرنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن تەپەككۇر تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ سىما.

2

مەنسۇر ھەللاجى ھاكىممۇتلەقلىقنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئۇستىدىكى تىراگېدىيىسى

سۈپىتىدە قەتىل قىلىنغانىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىدىيىلىرى تېزلەكتە يالقۇنغا ئايلاندى. مەنسۇر ئىدىيىلىرىنى پەقەت ئۇنى قامال قىلىش، قارىلاش، ھەتتا ئۇنىڭدىن سۈيئىستېمال سۈپىتىدە بۇرملاپ پايدىلىنىش ئارقىلىق «قەتىل» قىلىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. ئۆتمۈشنىڭ فېئودال ھاكىمىيەتلىرى ئۇنىڭغا نىسبەتەن شۇنداق مۇئامىلە قىلدى. مەنسۇرنىڭ ئىدىيىلىرىنى كېيىنكى زامان مىتافىزىكلىرى، سولچىل ھاكىمىيەتلىرى قانداقتۇر نوقۇل روھانىيەتچىلىك نوقتىسىدىن قارىلاپ، ئۇنى ئۆز زامانىدا مەنسۇرنى دارغا ئاسقان فېئودال-ھاكىمىيەتلەق كۈچلەر بىلەن بىر كاتېگورىيىگە كىرگۈزۈپ بەنت قىلىپ قويدى. بۇ ئىككى خىل ئەھۋال مەنسۇر ھەللاجنىڭ ھەقىقى ئىدىيىۋى ماھىيىتى ئىنسان ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇشبۇ تەپەككۇر پرومېتىسنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى ھاكىمىيەتلىق بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئۆتكۈر زىددىيەتلىرىگە مەرگەزلەشكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

تارىخ، جۈملىدىن تەپەككۇر تارىخى ئۆتمۈشنىڭ بىردىن بىر، ئورگىنال رېئاللىقى بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ خاھىشىمىز ۋە ئىرادىمىزدىن خالىي، ئۇنىڭغا بېقىنمايدىغان تارىخى ھادىسىدىن ئىبارەت. بىزنىڭ ئۇنى تەتقىق قىلىش ۋە ئەيىنەن ئىزاھلاش مەجبۇرىيىتىمىز بار، ھەرگىزمۇ ئۇنى قايتا قۇراشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ھوقۇقىمىز يوق. تارىخنىڭ ئەڭ ئاچچىق مەسخىرىسى ئۆز ئۆتمۈشىنى بۇرملاشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ يۈرۈشكە نېسىپ قىلىنغان!

## 3

مەنسۇر ھەللاجى نوقۇل تار مەنىدىكى تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ 10-ئەسىردىكى ۋارىسى بولماستىن، كەڭ مەنىدىكى ئىنسانشۇناسلىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ- ياكى پرومېتى، ئاتالاستىن باشلاپ، مۇتەئتەزىلىم، «سادىق دوستلار»، مانىزىم مەزداك تەلىماتى ۋە بابېك قوزغىلىڭىنىڭ تەڭ تەخسىماتلىق ۋە ھۇررەم (ئەركىنلىك) قاراشلىرىنىڭ ئىسلام خەلىپىلىكىدىكى يېڭى مۇجەسسەم ئىپادىچىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ «ئەنەلھەق» ئىدىيىسى ئىنساننى تەبىئەت بىلەن ئىلاھىيەتنىڭ بىرلەشكەن گەۋدىسى، ماددا بىلەن روھنىڭ بىر گەۋدىدىكى ئىپادىسى، مۇقەررەرلىك بىلەن ئەركىنلىكنىڭ بىلىش ۋە قىلىشتىكى بىرلىكى دەرىجىسىگە كۆتۈردى.

تەڭرىنى ئادەم قىياپەتلىك ئالەم ياراتقۇچى ۋە ئۇنى ھالاك قىلغۇچى ئوبيېكت مۇقەددەس روھ دەپ قاراش سىۋائىزىم، براخمانىزم، گرېك ۋە يەھۇدى دىنلىرىدا تەرغىپ

قىلىنغانىدى. تەڭرىنى يەردىكى پادىشاھ ۋە ئىمپېراتورنىڭ ئاسماندىكى ئوبرازى شەكلىدە تەسۋىرلەش يىراق شەرق ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دىنىي قاراشلىرىدا گەۋدىلەنگەن؛ تەڭرىنى ئىنساننى مەقسەت ۋە ئەك ئالى ئىجادىي مۆجىزە سۈپىتىدە ياراتقۇچى، ئىنساننى داۋاملىق زالالەتتىن، شەيتانى نەپسى ئاداشتۇرۇشلىرىدىن قۇتقۇزۇپ نۇسرەتكە يېتەكلىگۈچى، ئارقا-ئارقىدىن ئەلچى-پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ، ئىنساننى ئىزگۈ، ئەقىل، كامالەتكە تەرغىپ قىلغۇچى قىلىپ ئىزاھلاش ئىسلام قائىدىلىرىدە نوقتىلىق ئىپادىلەنگەن؛ پانتېزىملىق ئىدىيەلەر تەبىئەتنى تەڭرى ئاساسىدا، تەڭرىنى تەبىئەت ئاساسىدا تەرىپلەشتى. پەقەت مەنسۇر ھەللاجىلا ئۆزىگە ئىلھام بەرگەن ئىدىيەلەر ياردىمىدە تەڭرىنى- ئىنسان، ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزى، ئىنساندا گەۋدىلەنگەن تەبىئەت ۋە ئەركىن روھىيەت دەپ يەشتى.

ئالەمنى ئىنساننىڭ تەبىئەتكە بولغان مۇناسىۋىتى نوقتىسىدىن ئىزاھلاشتىن دېمۇكرىت، ئارىستوتىل، گۇلباخ ۋە فېيېرباخ ئانتروپولوگىزمى مەيدانغا چىقتى؛ ئالەمنى ئىنساننىڭ پادىشاھ ھوقۇقدارغا بولغان مۇناسىۋىتى نوقتىسىدىن ئىزاھلاشتىن كۇڭفۇزى ۋە شەرق ھوقۇق-كىشىلىك قاراشلىرى، رىجە ۋە روھىيىتى مەيدانغا چىقتى. ئالەمنى ئىنساننىڭ تەڭرىگە بولغان مۇناسىۋىتى نوقتىسىدىن ئىزاھلاشتىن كۆكتەڭرى- شامانىزىم، زارائاستىرىزىم، ئىسلامىيەت ۋە پانتېئىزىم پەلسەپىلىرى مەيدانغا كەلدى. ئالەمنى-جۈملىدىن تەڭرىنى ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىگە، ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان مۇناسىۋىتى نوقتىسىدىن ئىزاھلاش- ئىنساننىڭ تەڭرىگە بولغان مۇناسىۋىتى نوقتىسىدىن ئىزاھلاش ئاساسىدا، مەنسۇر ھەللاجى كىشىلىك قاراشلىرىدا بەرق ئۇرۇپ چىققان يېڭىچە گۇمانىستىك نۇر بولۇپ قالدى. ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىنسان بىلەن پادىشاھ-ھوقۇقچىلىقنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان مەدەنىيەت تېپلىرىدىن توغرىدىن- توغرا، بىۋاستە مۇنداق مەنسۇرانە قاراشنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

4

مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ئاجايىپ كامىل گۇمانىستىك ئىدىيىلىرى ئۆز مۇھىتى ۋە ئۆز تارىخىي سەۋەبلىرى بىلەن سوپىستىك تۈس ئالدى، تەسەۋۋۇپ تونى بىلەن ئورالدى. ئەمما ئۇ ماھىيەتتە ئىنساننىڭ ئىلاھنى ئىزدىشى، ئىلاھقا بولغان ئىشقى، ئىنساننىڭ ئىلاھ بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشنى، ئىلاھىيەتچىل ئەقىدىلىرىدىن خالاس قىلىپ، ئىنساننىڭ ئىلاھلىق كامالىتىنى، ئىنساندا «مەن» ۋە «ئۇ» دېگەننىڭ پەقەت بىرلا «مەن» ئىكەنلىكىنى، ئىنساننىڭ ئىلاھقا بولغان ئىشقى ماھىيەتتە ئىنسانلار ئارىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىززەت ۋە

ئىنسانپەرۋەرلىك رىشتىلىرى ئىكەنلىكىنى، ئىنساننىڭ ئىلاھ بىلەن قوشۇلىشى ماھىيەتتە ئىنساننىڭ تۇرمۇش قىستاڭچىلىقى ۋە ھايۋانىي نەپسانىيەتنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس پاكلىق ۋە ئالىجاناپلىق ماھىيەتلىرىنى تېپىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرغا قويىدى. بۇ ئىنساننى ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپلىرىغا يېتەكلەش ئىدى.

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا توغرىدىن- توغرا مەنسۇر نامى بىلەن باغلانغان پەلسەپىۋى دۇردانىلەرنىڭ پېشقەدىمى خوجا ئەھمەت يەسەۋىدىن ئىبارەت. ئۆتمۈشتە ئەھمەت يەسسەۋى (1105-1166) يالغۇز خەلق تىلىغا يېقىن ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھېكمەت قوشاقلىرى يازغانلىقى تىلغا ئېلىنغانىدى. گەرچە يەسسەۋى مەنسۇردىن پەرقلەنسىمۇ، ئەمما ئۇ مەنسۇر ئۆلۈمگە ئاتاپ ئالتە مۇرەببە، 13 مىسرا نەزىم پۈتكەن.

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ئىنسان- شەيتان ئازدۇرغان تەڭرىدۇر، ئۆز- ئۆزى بىلەن كۆرەش قىلىپ، شەيتانى نەپسنى يېڭىش- ئىنساننىڭ ئەسلىدىكى ئىلاھىي ماھىيەتلىرىگە قايتىشتىكى ئاساسىي مەشىق ۋە پائالىيەت، دېگەن قاراشلىرى مەنسۇر ھەللاجى ئىدىيىلىرىنىڭ داۋامى ئىدى.

ئەھمەد يەسسەۋىدىن كېيىن مەنسۇر ھەللاجى نامىنى غايىبى موتىفدا تىلغا ئالغان مۇتىپەككۇر شائىر ئەلشىر ناۋائى بولدى. نەۋائى (1441-1501) «نەسائىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ جالالىدىن رۇمىغا ئاتىغان قىسىمىدا: «جالالىدىن رۇمىي سۆزلىرىدە مەزكۇردۇركى، شەيخ مەنسۇر ھەللاجنىڭ نۇرى يۈزئەللىك يىلدىن كېيىن شەيخ پەرىددىن ئەتتارنىڭ روھىغا تەجەللى قىلدى ۋە ئۇنىڭ مۇرەببى بولۇپتۇر» دەپ يازدى. ئۇ «چاھار دىۋان»نىڭ 2-قىسمىدىكى تەركى بەندىدە:

«گە يەقىن ئەھلىنى مەنسۇر كەبى قەتىل ئەتمەس، نىدىندۇر شەجەرۇ سۇنبۇلى دارۇ رەسەنى ؟» دەپ يازىدۇ. ناۋائىنىڭ سوپىستىك ئىدىيىلىرىدە ئىنساننىڭ ئىستىقامىتى يەنىلا ئۆز-ئۆزىنى بىلىش ۋە ئىزدەش ھەققىدىكى ئىدىيىلەر كۆپلەپ ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، ئۇ تەڭرى بىلەن ئىنساننى ئىككى كاتىگورىيىگە ئايرىغان ۋە تەڭرىنى ئىنسانپەرۋەر ئىلاھ سۈپىتىدە ئىزاھلىغان. ئۇنىڭ:

«پارچىدىن غەرەزگە پارچە ئىنسان ئىدى،
ئاڭا داغى مەقسۇد ئىرفادە ئىدى».

دېگەن مىسراسى بۇ جەھەتتە ئورىگىنال ئەھمىيەتكە ئىگە.

5

باباـرەھىم مەشـرەپ (1659-1711) مەنسـۇر ھەللاجـى ئـىدىيىلىرىنىڭ نەۋائىـدىن كېيىنكى 17-ئەسىردىكى يەنە بىر ياڭقۇنلۇق ۋەكىلى بولدى. ئۇ:

«يېشى يەتمىشكە يېتىپ ساتتۇردى ئۆزىنى بايەزىد» دەپ باشلىنىدىغان غەزىلىدە بايەزىد، شەيخ شىبلى، شەيخ ئەتتار، مەنسۇر ھەللاجى، نەسىمى، شەيخ سەنئان قاتارلىق گۇمانسىتك- سوپىستىك تەپەككۇر ساھىبلىرىنىڭ غايە ۋە پاجىئەلىرىنى تىلغا ئالىدۇ.

مەشرەپ مەنسۇر «ئەنەلھەق» ئىدىيىلىرى توغرىسىدا ھەممىدىن كۆپ يازدى، ئاخىرى بەلخ ھاكىمى مەھمۇد قۇتاغان تەرىپىدىن دارغا ئېسىلىش ئالدىدا:

«مىلڭ شۈكرى خۇدايىمغا مەنسۇرگە قوشۇلدۇممەن،
ئول روھى قارالار كىم مەنسۇرنىمۇ ئۆلتۈرگەن»

دەپ يازدى، مەشرەپ ئۆز غەزەللىرىدە:

«ھەركىشىنىڭ دەردى گەر بولسا ئانىڭ قۇربانى مەن»
تەرەھھۇم ئەيلەبان كۆرگىل جاراھەتخانە مەشرەبمەن»
«تەۋابى ئادەمى دىل قىل، جاھاندا ھەر بەشەردىن سەن،
ئەگەر بىر دىلنى سەن بۇزساڭ يۈزەر كەپە بۇزۇلماسمۇ»

دەپ ئىنساننى ئىتىقاد ئوبيېكتى ۋە ئىتىقاد سوبيېكتى قىلدى. ئۇ مەنسۇر نامىغا ئاتاپ:

«ئەنەلھەق گۇئى ئەجادەم، تەجەللى، پەرۋەرى ئىشقەم،
مۇدام ئەزخۇنى مەنسۇرەم، زى دۇرى ساغارى ئىتتەم».

(مەنىسى: ئەنەلھەق خۇددى مېنىڭمۇ ئىجادىم، خۇددى مەنسۇردەك ئادەملەرگە بولغان ئىشقىم تۈننى يورىتار) دەپ يازدى.

خوجا نەزەر ھۇۋەيدا مەشرەپنىڭ زاماندىشى سۈپىتىدە:

«ئەي ھۆۋەيدا قىلمىغىل مەنسۇرىدەك سىگرىنى پاش،

ئەيلىسـەڭ ھـۆي ئەنەلـھەق، دارىـدىن ئەندىشـە قىـل» دەپ گۇمـانىزىمنى ئەندىشـىدە قالغان يوشۇرۇن ئىدىيە سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى.

مەنسۇر ھەللاجى ۋە «ئەنەلھەق» ئىدىيىلىرى مۇھەممەت سىدىق زەلىلى ئەسەرلىرىدە ئىزچىل ياڭراق ئەكس سادا دولقۇنى ھاسىل قىلدى. ئۇ مۇنداق يازدى:

«تەفەررۇج قىل دىلۇ-جانىنى بەرباد ئەيلەدى مەنسۇر،
ئەنەلھەق رەمزىنى بىر قەترەئى مەيدىن ئەيان ئەيلەپ»
«مەي مەنسۇرى تۇقىل ساقىيا، سىر ئاشكارا ئەيلە،
ئەگەرچە لالە يەڭلىغ خۇن ھەسرەتتىن ئاياغىم بار»
«مەنسۇر ئەنەلھەق سىرىنى ئەيلەدى زاھىر،
ئولى قافىلەر دىنى ئىلگىرى يولىن تۆگۆتۈپتۇر»
ئارزۇي سۆھبەتىن مەنسۇرى ھەللاج ئەيلەسەڭ،
ئۈستىخانىڭدىن سەراپا نەردىبانى دار بول»
«زەنجىرى جۇنۇن لايىق مەنسۇرىگە مۇھەببەت، دا ئۈستىدە جەران»
قەدەھ مەنسۇر ئاتىغا تولدۇرۇپ كەلتۈر ئەي ساقى،
تەنىمدە ھەم رەگۇ، ئۈستىخاندا ھەم رەسەت كەلدىم»
«دادۇگەر ئىشقىنىڭ تاراجىدىن مەنسۇرى ۋار،
نەغمەئى جۇشى ئەنەلھەق چەككىلى مەردانە يوق»
«بىر قەترەئى ئىشىق رەھدەئى ئەنەلھەق ئەيتۇر،
ئەي قەۋمەئى پارسايان پەرھىز ئېتىڭ بىغا يەتى».

زەلىلى ئەنەلھەق ئىدىيىلىرى بىلەن يېتىلگەن ئىنساننى تەڭرى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ:

«باقىبان ئەل سارى جانا يۈزۈڭدىن گەر نىقاپ ئالساڭ،
روھىڭنى چۈن ھاھى ئەنۋەر، تەجەللىئى خۇدا دەرلەر»

دەيدۇ. ئۇ:

«قايدا ئىيسا كەبى مەسىھا،
كۆرگەي ئەسرارى ھەقنى مەريەمدە»

دېگەن مىسراسى بىلەن تىرىلدۈرۈش قۇدرىتى بىلەن ئىلاھىيەت سىرلىرىنى ئىنسان-ئىيسا ۋە مەريەمگە جۇغلايدۇ.

زەللى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ئازاپ- ئوقۇبەتلىرى ئۇستىگە جۈڭغار بېقىندۇرغۇچىلىرىنىڭ مىللىي زۇلمى قوشۇلغان موھىتتا «يوقالغان غەزنە»- ئىنساننىڭ ئىلاھىي ماھىيەتلىرىنى ئىزدەپ- سوراقلاپ يۈرگەن 17- ئەسىر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئىدى.

ئابدۇللا خەراباتى (1638- 1730) ئۆزىنىڭ «مەسنەۋى خەراباتى» ناملىق ئەسىرىنى خۇددى جالالىددىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى رۇمى» ناملىق مەشھۇر ھېكمەتنامىسى تەرىزدە يازدى. ئۇ ئەينى زامان ئىللەتلىرىنى تەنقىتلەشتىن زور دەرىجىدە ھالقىپ ئىنسانغا قارىتا «ئىنسانشۇناس» بولۇشنى ئوتتۇرغا قويدۇ. بۇ گۇمانىستىك ئىدىيىنىڭ 17- 18 ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر سىمانتىك ئۆركىشى ئىدى.

6

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەدەبىيات شەكلىدىكى بىلىش ھەركىتىدىن، نەزىم-نەسىر شەكلىدىكى تەپەككۇر ھەركىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى كىشىلىك ئىلمى ھېساپلانغان ئەدەبىيات ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىنسان تۇركۇمىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى بىلىش جاھاننامەسى، ئۆز يولىنى يورۇتۇشىنىڭ مەشئەل چىرىغى، ئۆز- ئۆزىنى ئۆيغىتىش، قايتا ئويلاندۇرۇش سىگنالى بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇيقۇ ئۇچۇن ئەللەي ناخشىسى، بىخۇدلۇق مەي سۆھبىتى، ھاماقەتلىك مەدھىيىسى ۋە ئەدەپلىك شۆھرىتىنىڭ تەنتەنىسى ئەمەس.

مەنسۇر ھەللاجنىڭ ئەنەلھەق ئىدىيلىرى بىر قىسىم يۇكسەك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە جانلىق ئىپادىلەنگەنلىكى ئەينى زامان خەلق خارلىنىشىنىڭ پاجىئە دەرىجىسىنى ئەكس ئېتىشتىن تاشقىرى، يەنە ئەينى زامان ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەپەككۇر گىرادۇسلىرىنى كۆرسەتتى. بۇ يۇكسەك دەرىجىگە ھەممە كلاسسىكلىرىمىز ئوخشاش كۆتۈرۈلگەن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تەپەككۇرى ۋە يازما ئىجادىيىتىدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن موزېي كۆرگەزمىسى ئەمەس! بىز تارىخ، جۇملىدىن

هاياتلىق يولىدىكى كۆرەش تارىخىمىز 3000 يىللىق ئىرانىڭ بىرىنچى ئەسىرىگە- 21- ئەسىرگە ئۆتۈشكە يېرىم مۆچەل قالغان بۈگۈنكى كۈندە، ئون يېرىم ئەسىر ئىلگىرى جىسمانىي پاجىئە ۋە ئىدىيىۋى تەنتەنە زىلزىلىسى پەيدا قىلغان مەنسۇر ھەللاجى گۇمانىزىمىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەكس ساداسىغا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، تەبىئىي يۇسۇندا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىز ئۈستىدە بىر دەقىقە بولسىمۇ قايتا ئويلانماي تۇرالمايمىز. «ئەدەبىياتىمىز ئاشۇ كلاسسىك تەپەككۇردىن ئىلگىرىلىدىمۇ ياكى ئىلگىرلىيەلمىدى»، ھەتتا بۇ ھەقتە ئويلاپ قويماي نوقۇل تەبىئەت لىرىكىلىرى، مۇھەببەت قوشاقلىرى، كالىندار مەدھىلىرى بىلەن ئاداۋەت روھىيىتىگە چۆكۈپ قالدىمۇ؟ «يىگىرمىنچى ئەسىردە بىزدە رومان، دىراما، سىنارىيە ۋە ھەرخىل ئارۇز، بارماق ۋەزنىدىكى نۇرغۇنلىغان بەدىئىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، مۇشۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ تەپەككۇر قىممىتى قايسى كاتېگورىيىدىن قايسى كاتېگورىيىگە كۆتۈرۈلدى. بىرەر مىسرا ياكى جۈملىدە بولسىمۇ ئەڭ يۈكسەك ئىلھام بەخش تەپەككۇر دۇردانىسى دەپ ئىملەرنى كۆرسىتەلەيمىز؟» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ خامىنىدىن ھەقىقى ئېلىنغان ھوسۇل زادى نېمە؟ مانا بۇلار ھەقىقەتەن تەپەككۇر دۇردانىلىرىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن پۈتۈن كىشىلىك، دۇنياۋى- تارىخى باھا بېغىشلايدىغان سىمانتىك قىممەتتىن ئىبارەت. يازما ئىجادىيەت دېگىنىز- ئوكياندەك ئۆركەشلەۋاتقان ھازىرقى زاماندا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخى ئۇتۇقلىرىنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆتكەن ئەسىردىن ھالقىغان تەپەككۇر جاۋاھىراتلىرى بىلەنلا ئۆلچەش مۇمكىن. بۇ بىر ئاڭنى ئاڭلىق تۇرغۇزۇشتا مەنسۇر ھەللاجى گۇمانىستىك ئىدىيىلىرىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەكس ساداسىنى تىلغا ئېلىش ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەلۋەتتە.

1993-يىلى ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

# يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە «تۆگە قۇشى» روھى

«ئويغاتماق- ئەڭ مۈشكۈل ئىش، چۈنكى، ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنى بىئارام قىلىدۇ»
ــ «ئىنجادىيەتنامە»دىن

يۇرتىمىزنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ تارىختىكى شۆھرەتلىك مەدەنىيەت گۈلزارىنى سۇغىرىپ كەلگەن خەلقئارا ئالاقە يولى ــ «يىپەك يولى» قايتا ئېچىلدى! مىلادىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردىن تاكى يېقىنقى زامان دېگىز- ئوكيان قاتنىشىغىچە داۋام قىلغان يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ سىمۋولى بولغان «تۆگە» يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن «قاناتلىق تۆگە» ئوبرازىدا قايتا نامايەن قىلىندى. بىزنى تەقەززا قىلغان كەلگۈسى بىزنى كۈتۈپ تۇرغان كەلگۈسىگە ئايلانماقتا!

«تۆگە» سىمۋول قىلىنغان يىپەك يولى زامانلىرىدا ئەجدادلىرىمىز شەھەر – قەلئەلەرنى ھالقا قىلغان ئاۋات بوستان مەدەنىيىتى ياراتقان، ھۈنەرپەز ۋە خەلقئارا سودىگەر خەلق سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلغان، پەلسەپە ۋە تەبىئەت پەنلىرىدە قامۇسى ئالىملارنى يېتىلدۈرگەن، مۇشۇ ئاساستا سەنئەتتە داڭق قازانغانىدى. ئۇ چاغدىكى تەكلىماكان چۆللىكى دىيارى مەدەنىيەت چۆللۈكى ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان بولماستىن، ئەكسىچە ساياھەتنامە مۇئەللىپلىرىگە ئالتۇن ئىلھام بېغىشلىغان مەدەنىيەت دەھلىزى ئىدى.

«تۆگە» سىمۋول قىلىنغان ئاۋات ئەسىرلەر خارابىلىرىنى ئوغۇت قىلىپمۇ ئوغۇت قىلىپمۇ باياشاتلىققا ئىگە بولالمىدۇق. ئەمدى «قاناتلىق تۆگە» سىما قىلىنغان يېڭى ئەسىرلەر تىزمىسى ئالدىدا تۇرىمىز. بۇ غايەت كاتتا ھادىسىنى يېتەرلىك مەنىسى بىلەن ھېس قىلىدىغان كىشىلەر ئاز بولسىمۇ، ئۇنى كەلگۈسى تارىخچىلىرى ئېنتخارلىنىپ تىلغا ئالىدۇ.

ئويلاپ قالدىم، «تۆگە» بىلەن «قاناتلىق تۆگە»نىشانلانغان تارىخىي دەۋرلەر ئارىسىدا ئۆتكەن زۇلمەتلىك ئەسىرلەرگە نېمىنى سىمۋول قىلىش لازىم؟ بۇ بىر سىمۋولنىڭ ئىنچىكىلاش ۋە ھېس قىلدۇرۇپ تەربىيەلەش كۈچى ناھايىتى چوڭغۇ! مېنىڭچە «تۆگە

قۇشى» نى سىمۋول قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە!

شۇنداق، بىز بۇ جاھالەتلىك ئەسىرلەردە ئىلىم ۋە ھېكمەتتىن ئايرىلىپ، ئىشانلىق ۋە مەزھەپ مۇرتۋازلىقى لاتقىسىغا پاتتۇق. «ئاق تاغ»، «قاراتاغ» بولۇۋېلىپ، قان تۆكتۇق، ئۇيغاتقۇچى مەشرەپ، زەلىلى، خەراباتى، ئەزىزى ۋە خالىقلارنى خارلاپ سىرتتىن كەلگەن مەختۇم ئەزەم، يۇسۇپ چاڭمۇزىلارنى ئەۋلىيا قىلىۋېلىپ، ياسالما مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ ياتتۇق. قولىمىزدىن كەلگىنى داپ تاراڭشىتىپ ئۇسسۇل ئوينىاش بىلەن مەدداھلىق ۋە ھاپىزلىق بولدى! ئاخىرى بىر تال قەنت، بىر تال سەرەڭگىنىمۇ چەتتىن ئالىدىغان كۈنگە قالدۇق!

يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى خەلقئارا تارىخىي خاراكتېرلىك ھادىسە ئىدى. بىز بۇ تاشقى موھىت ئىچىدە بارغانسىرى بېكىنمىچىلىك بىلەن شۇغۇللاندۇق. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى بىرقانچە ۋىلايەت- ناھىلەر بويىچە قاماپ تاشلاپ بىر-بىرىدىن ئۈركۈيدىغان، بىر- بىرىنى چەتكە قاقىدىغان «يۇرتۋازلىق پسىخولوگىيىسى» تەييارلىنىۋالدۇق. بىر زامانلاردا ۋاڭ يەندى، يىللۇچۇسەي، ماركاپولو ۋە بىر توپ ئەرەپ ساياھەتچىلىرى قەلىمىدە ئىزچىل «ئۇيغۇر» دەپ تىلغا ئېلىنغان ئىبارە كېيىنچە رادلوۋ، مالوۋ، روبروۋسكى، ۋەلىخانوۋ قاتارلىقلار قەلىمىدە «قۇمۇللۇقلار»، «تۇرپانلىقلار»، «تارانچىلار»، «دولانلىقلار»، «قەشقەرلىكلەر»، «ماچىنلىقلار» دەپ يېزىلىدىغان بولدى. ئۇيغۇر ئىبارىسى پەقەت «سېرىق ئۇيغۇر»لارنىڭ نامىدىلا قالدى. گەرچە بۇ ئەسىردە يېڭى مەدەنىيەت مەشئەلچىلىرى تەشەببۇسى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مائارىپىنىڭ ئىلھامىدا «ئۇيغۇر» ئىبارىسىنى ھەممىمىز ئېغىزدا، قەغەزدە، ۋىۋىسكا ۋە تامغىلاردا ئېتىراپ قىلغان بولساقمۇ، لېكىن روھىيەتتە، ئاستىنقى ئاڭدا تېخى قوبۇل قىلىپ كېتەلمىدۇق. مۇھەببەت- نەپرەت سېزىمىدا، ھالاۋەت تەخسىم قىلىش چۆمۈچىدە، مەسىلە ھەل قىلىش تەستىقىدا، دوستلىشىش ۋە مۇراسىم داستىخانلىرىدا، باھا- تەقرىز زۇۋانلىرىدا، ئۆرلەش- چۈشۈش تاناپلىرىدا، كىرىم- چىقىم سېتكىلىرىدا تېخى «ئۆز يۇرت بالىسى»، «ئۆزگە يۇرت كالىسى» ئالاھىلىكى ئېغىر! مىللىي مەدەنىيەت ئارغىماقلىرىنىڭ بەيگىسىگە قويۇلغان توساق شادىلىرى ھەربىر يۇرت بويىچە بىردەك ئەمەس! بۇ بولمىغۇر، ھالاك قىلغۇچ ئاپەتنى جىن -شەيتانلار ئەمەس، «ئۆز يۇرت» ئەزىمەتلىرى بىجا كەلتۈرۈپتۇ. تاماقخانىلارغا كىرىشتىمۇ «ئۆز يۇرت»، خىزمەت تەخسىماتىدىمۇ «ئۆز يۇرت»، ماقالە- كىتاب نەشر قىلىشتىمۇ «ئۆز يۇرت»، «ساداقەت بىلدۈرۈشتىمۇ «ئۆز يۇرت»، ئۆلۈم -يېتىمدىمۇ «ئۆز يۇرت!» پەقەت «توتېم» پوسۇنىدا بەدەنگە گۈل چېكىش بىلەن «شامان» قىياپىتىدە گىرىم قىلىشلا قالدى!

سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش شامىلىدا ھەربىر ناھىيىلەرگىچە كۆپلىگەن

كىتاپ- جورنال يايمىلىرى كەڭ تارقالدى. ئۇنىڭدا جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدىن، ھەتتا تەيۋەن، شياڭگاڭلاردىن كەلتۈرۈلگەن خەنزۇچە كىتاپ- جورناللار ئەركىن سېتىلماقتا. مەن پات-پاتلا يىراق ئۆلكە- شەھەرلەردە چىقىدىغان جورناللارنىڭ ئەسەر ئەۋەتىش تەكلىپلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالىمەن، بۇ گۈللەش مۇھىتى بىلەن گۈللەش روھىيىتى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆزدەك بىرلەشكەن مەنزىرىنىڭ ئىپادىسى، بىزدىچۇ؟ بىر ۋىلايەتنىڭ جورنىلىنى باشقا ۋىلايەتلەردە، ھەتتا ئۈرۈمچىدە كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. بىزدە خېلى كۆپ جورنال نەشر قىلىنىدۇ. ئەمما، ئۇ خۇددى مەھبۇس تامىقىدەك ئۆز- ئۆزىنى قامال قىلغان روھىيەت سېپىلى ــ ئۆز يۇرت دائىرىسىدىلا ھەزىم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەربىر ۋىلايەت جورناللىرى ئۆز يۇرت كىشىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىلان قىلىپ، ئۆز يۇرت كىشىلىرىگىلا ئەۋەتىلىدۇ.

يېقىندىن بېرى، يەرلىك شۇبىلەرنى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات سۈپىتىدە ماختاپ كېڭەيتىدىغان، يەنە ئىسىم فامىلىلەر ئاخىرىغا «ئارتۇشى» «كەلپىنى»، «دولانى»، «لەمجىنى» دېگەنلەرنى ھەتتا تېخىمۇ كىچىك كەنت نامىلىرىنى قوشۇپ ئاتايدىغان باشلامچىلار چىقىپ قالدى! يىراق ئەللەردە مۇساپىرەتتە قوللىنىلغان بۇ يۇرت نامىلىرىنى ئۆز يۇرتىدا «توتېم» ئۈرۈقداشلىقى تامغىسى قىلىۋېلىش قايسى روھىيەتتىن ئېتىلىپ چىققاندۇ- ھە؟! يىگى يېپەك يولى ئېچىلدى! ئەمما مەھەللىۋى مەدەنىيەت بىكىنمىچىلىكىنىڭ پىچەتى بۇزۇلغىنى يوق! «قاناتلىق تۆگە» پائالىيەتكە كىرىشتى! ئەمما «تۆگە قۇشى» بىشىنى قۇمغا تىقىۋېلىشتىن خالاس بولغىنى يوق! بۇ ھال داۋاملىشىدىكەن، قەدىمكى يىپەك يولى ئەزىمەتلىرى بولغان ئۇيغۇرلار خۇددى كۆكۈم- تالقان بولغان بوتۇلكا سۇنۇقلىرىدەك بىر زاماندىكى شېشىلىك ھالىدىن قالغان كىرىستاللىرىنى ئاپتاپ نۇرىدا يالتىرىتىپ ماختىنىشتىن باشقا، يىگى شەربەتكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ. بۇ يېڭى يىپەك يولى ھېكمەتلىرىدىن داۋاملىق چەتتە قېلىشقا ئېلىپ بارماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ھەي، ئەتتەڭ! لۇسۇن ئەپەندى «ئاكيۇ» روھىنى سىزىپ بەرگەندەك، «تۆگە قۇشى» ئەرۋاھىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان ئەقىل ۋە قول قاچان قەلەم تۇتاركى...

1993-يىلى ئاپرىل، ئۈرۈمچى

# يېپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەڭگۈشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش

## 1.كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن دۇنيا ۋە زامانىۋى ئەقىل

«غايە رېئاللىققا مۆكۈنگەن بولىدۇ، ... غايە رېئاللىقنىڭ كۆچۈرمىسى ئەمەس، بەلكى ئەقىل بىلەن كۆرۈلىدىغان، تەسەۋۋۇر بىلەن تەقلىد قىلىنىدىغان مەلۇم نەرسىنىڭ مۇمكىنلىكى.»

ــ بېلىنىسكى

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ بۈگۈنكى سەۋىيىسى ئىنسانىيەت تارىخى ئىككى مىڭ يىل ئىچىدە ئېرىشكەن ھەممە مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنىڭ جەمئىيىتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. مەدەنىيەت ئىنسانىيەتنىڭ (سىۋىلىزاتسىيە) ــ جەمئىيەت ۋە ئىچكى مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدىكى ئاڭ ۋە تىزگىنلەش ئىقتىدارى ساھەسىدە يېڭى بۆرۈلۈش دەۋرىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى پەيدا قىلدى. ئىنسانىيەت تەبىئەت ــ زېمىن ۋە ئالەم سەھنىسىدە ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قالماستىن، يەنە ئۆز- ئۆزىنى بىلىش، تىزگىنلەش، ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقايسى تۈركۈملىرى ـ دۆلەت، رايون، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئاقىلانە، گارمونىك يېڭى رېلسىغا كىرگۈزۈش جەھەتتىمۇ ئۆز مۇمكىنلىكلىرىنى رېئاللاشتۇرۇشقا يۈزلەندى. ئىلىم- پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇھىتنى بۇلغاش دۈشمەنلىكنى كۈچەيتىش، ھەربىي ئەسلەھەلەر مۇسابىقىلىرىنى ئاشۇرۇش، ئۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەرگە ھېرىسمەنلىك قىلىش قاتارلىقلارغا قارىتىش، قىسقىسى مەدەنىيەت (كۇلتۇر) بىلەن مەرىپەت تېخنىكا بىلەن ئاقىلانە ئاڭ ئارىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتلەر ئورنىغا ئۇلار ئارىسىدىكى يېڭىچە تەپەككۇر ۋە راتسىئونال مەرىپەتنى يىتەكچى قىلغان گارمونىك بىردەكلىكنى دەسسىتىش تارىخنىڭ ماھىيەتلىك جەريانىغا ئايلانماقتا.

شۇنى ئايرىم كۆرسىتىش ھاجەتكى، بۈگۈنكى تارىخ ئادەتتىكى كالېندار تەرتىپى

بويىچە 20- ئەسرنىڭ 21- ئەسرگە ئالمىشىشىدىن ئىبارەت مىقدار قىممىتىنى كۆرسىتىش بىلەن ئەمەس، شۇنىڭدەك، پەن- تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تىزلىكى ئاساسىدا ئۇچۇر ئىلمى ۋە پەن- تېخنىكىنىڭ يېڭى سىستېمىلىرى ۋە قۇرۇلمىلىرى ساھەسىدىكى كۆنتەرتىپلەر قىممىتىنى كۆرسىتىش بىلەنمۇ ئەمەس، مۇھىمى، پۈتۈن پەن- مەدەنىيەت ۋاستىلىرىنىڭ سوبيېكتىپ مەقستى بولغان ئىنسانىيەتنىڭ ئاقىلانە- مەرىپەتتىن ئىبارەت يېڭى سۈپەتتىكى تاكامۇللىنىش دەرىجىسى بويىچە ئىزاھلىنىشى لازىم، تارىخ ئەمدى پەن- تېخنىكا ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ ياتلاشقان ئىنسانىي تېخىمۇ ياتلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ بەختسىزلىك سەۋەبلىرى ۋە شارائىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي ۋە روھىي پاجىئەلەرنى پەن –تېخنىكا ۋاستىلىرى ۋە ئەسەبىي- تەنتەك ۋەھىمىلەر بىلەن تېخىمۇ كۈچەيتىش، مەدەنىيەت ئېرىشكەن ئېلېكترونلۇق ۋە ئىنفورماتسىيىلىك «گۈرزە» ۋە «سېھرىي ئالخىمىيە»لەر ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ۋە قەلبىنى تېخىمۇ دەپسەندى قىلىشقا خاتىمە بېرىدىغان مىسلىسىز زور ئەقىل ــ ئاڭ ئويغىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. مانا بۇ ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ماھىيتى، تارىخىي خاراكتېرستىكىسى! بىز كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن دۇنيا دېگەندە دەل مۇشۇ ماھىيەت، دەل مۇشۇ خاراكتېرىستىكىنى نەزەردە تۇتىمىز.

زامانىۋى ئەقىل دېگەندە ئىككى قاتلاملىق مەنىنى ئاڭقىرالايمىز. بىرىنچىدىن، زامانىۋى ئەقىل ــ زامانىۋى ئاڭ بولۇپ، ئاڭنىڭ ھازىرقى زامان شەكلىنى نەزەردە تۇتىمىز. بۇ رېئاللىقنىڭ ھازىرقى زامان ئىنسانىيىتى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنى، زامانغا لايىق ھەرخىل ئاڭ شەكىللىرى ۋە سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھازىرقى مەرىپەتكە خاس ئاقىلانە (راتسىئونال) تەپەككۇر باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دېگەنلىك مەلۇم ئەسىردىن ئىبارەت مىقدار خاراكتېرلىك، كالىندار خاراتېرلىك ئاڭ شەكلىدىن پەرقلىق بولغان پۈتكۈل تارىخىي خاراتېرلىك، سۈپەت خاراكتېرلىك، ئىنساننىڭ ئۆز- ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىشى خاراكتېرلىك ئەقىل دېگەنلىكتۇر. بىز تۆۋەندە شۇ مەنىدىكى زامانىۋى ئەقىل توغرىسىدا توختىلىمىز.

ھازىرقى زامان ئەقلى مەدەنىيەت بىلەن مەرىپەتنىڭ، مەقسەت بىلەن ۋاستىنىڭ ، جۈزئىي ئىنسان گۇرۇھى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ، ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشقا يۈزلەنگەن ئاڭدىن ئىبارەت. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تاكامۇللىنىش يولىدىكى غايەت زور قەدەم.

ھازىرقى زامان ئەقلى تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەر بولسۇن، تەرەققىي قىلىۋاتقان مەملىكەتلەر بولسۇن، ھازىرقى زامان سەۋىيىسىدىن تولىمۇ يىراقتا قالغان مىللەتلەر

بولسۇن ئۇلارنىڭ رېئال تۇرمۇشى ۋە كەلگۈسىگە ئىنتىلىشلىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتمەكتە، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن مىللىي ئويغىنىش، مەدەنىيەت ئويغىنىشى، مەرىپەتچىلىك دەۋرى، پەن- تېخنىكا ئىنقىلاپلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ھازىرقى ئىدېئولوگىيىلىك ئىنقىلابىي ئويغىنىش ئۆچۈر دەۋرىگە خاس ئالەمشۇمۇل، پۈتكۈل ئىنسانىيەت خاراكتېرى ئالغان. ئۇ ھەم مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ھەم مەھەللىۋى چەكلىمىلەر بىلەن چەكلەنمىگەن. ھەرقانداق تەرەققىيپەرۋەر، ھەرقانداق ئىلىم- مەدەنىيەتپەرۋەر، ھەرقانداق ۋەتەنپەرۋەر ۋە ئىنسانپەرۋەر زامانىۋى ئاڭ ئويغىنىشىغا يېتەرلىك پائالىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ توپ يۆنىلىش ئۇرغىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان، دەۋر ئېقىمىدىن ئارقىدا قالغان بولىدۇ. بۇ ئەستايىدىل ئويلىنىشقا تېگىشلىك توپ مەسىلە، تارىختا ھەر قېتىملىق ئاڭ ئىنقىلابى ۋە مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت ئويغۇنۇشلىرىغا قارشى مەيدانىدا تۇرغانلىقلىرى ئۇچۇن ئۆزىنىڭ تارىخىي خاراكتېرىستىكىسىغا مۇتەئەسسىپلىك ئالامەتلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالغان مەشھۇر نوپۇز ئىگىلىرى بولۇپ ئۆتكەن. بۇ ئۇلارنىڭ بىلىملىرىنىڭ ئەينى زامان سەۋىيىسىدىن كەملىكى تۈپەيلى ئەمەس، بەلكى ئەقىل- پاراسەت ۋە ئالدىن كۆرۈش، تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ كەملىكى، قاتماللىقى سەۋەبىدىن شۇنداق بولغان. قەدىمكى كۈسەن بۇددا مۇتەپەككۇرى كومراجىۋا بۇددىزمدا ھىنايا مەزھىپىدىن ماھايا مەزھىپىگە بۇرالغاندا، ئۇنىڭ كۈسەندىكى ئۇستازى بوتۇشما نامىلىق مەشھۇر ئالىم قارشى چىققان، كومراجىۋانىڭ كەشمىردىكى ھىنايا بويىچە تەلىم بەرگەن ئۇستازى پانتۇدادۇكۈسەنگە كېلىپ ئۆز ئوقۇغۇچىسىنىڭ تەسىرىدە ماھايانا قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇددا ئىسلاھاتىغا قاتنىشىپ زور شۆھرەت قازانغان. بۇ ئۇنىڭ ئاقىلانىلىقىنى كۆرسەتكەن. چۈنكى «بىلىملىك بولغانلىق ئەقىللىق بولغانلىق ئەمەس» (گراكلىت). «كىشىلەر ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئۆزىنىڭ ئەڭ يۈكسەك نەرسىگە مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم» (گېگېل).

## 2.يېپەك يولى ۋە ئۇنىڭ قايتا جانلىشى

بىزنىڭ مەنپەئەتلىرىمىزنى ھەمراھلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن ئايرىپ تاشلايدىغان ئەخلاق ساختا ۋە مەنىسىز ئەخلاقتۇر»

ــ گولباخ

«يىپەك يولى» ئىبارىسى بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ يۇقۇرى ۋە ئەڭ كەڭ مەنىدە ئىنسانىيەتنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملىرى بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقان، بىر-بىرى بىلەن قوشۇلغان، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز- ئۆزىنى ئىزدەش تارىخىدا ئالاھىدە بىر قاتلام بىلىش ۋە مەدەنىيەت بەرپا قىلغان ئەڭ زور قۇرۇقلۇق بەلۋىغى مەنىسىدە مۇجەسسەم ئىبارە بولۇپ قوللىنىلماقتا. ئۇ ئىلگىرىكى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» يولى، «ياۋرو –ئاسىيا مىللەتلەر كۆچۈش يولى»، «قەدىمكى كارۋان يولى»، «ئۇيغۇر ـ سوغدى يولى» دېگەن مەنىدىكى قىممەت كاتېگورىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى، يىپەل يولى ھەقىقەتەن شەرق بىلەن غەرپنى تۇتاشتۇردى، يىپەك يولىغا خاس سىنكرتىك مەدەنىيەت ئالامەتلىرىنى شەكىللەندۈردى، يىپەك يولى مەركىزىي قىسمى رايونلىرىنى، بولۇپمۇ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئۇنىڭغا ئالاقىدار مۇئەييەن- قىپچاق دالالىرىنى دۇنياۋى ئالاقىگە ئىلىپ كىردى. يىپەك يولى ئوتتۇرا- مەركىزىي ئاسىيا كۆچمە چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى بىر قەدەر ئالدىغا كەتكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىشى، بوستان، شەھەر- قەلئە ھاياتىغا كىرىشى، خەلقئارا سودىغا قەدەم قويۇشى ۋە ئارىئان تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا يازما مەدەنىيەت، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە كلاسسىك مۇقامچىلىقتا، جۈملىدىن خەلقئارا تەرجىمە –شەرھچىلىكتە ئالدىغا كېتىشتە سالماقلىق تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلار تەسىرىدە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى باشقا خەلقلەر مىڭلىغان يىللار مابەينىدە تەدرىجىي يۇسۇندا ئۇلار بىسىپ ئۆتكەن مەدەنىيەت باشقۇچلىرىغا قەدەم قويۇشقا باشلىدى. بۇ ئاددىي ساۋات بولۇپ قالغان تارىخىي پاكىتتىن ئىبارەت.

يىپەك يولى توۋار ئېگىلىكى بويىچە شەرق بىلەن غەرپ ئارىسىدىكى ئەڭ زور كانال سۈپىتىدە ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى، جاڭ چەننىڭ غەربىي دىيارغا كېلىشىدىن تاكى ماركاپولونىڭ جۇڭگوغا قىلغان سەپىرىگىچە 17 ئەسىردىن ئارتۇق داۋام قىلدى. دېڭىز- ئوكيان قاتنىشىنىڭ راۋاجلىنىشى، جۇغراپىيىلىك كەشپىياتلار، ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشى بىلەن تەدرىجىي يۇسۇندا جوڭ قۇرۇقلۇق قاتنىشى مەھەللىۋى تۈسكە، بىكىنمىلىك ھالەتكە كىرىپ قالدى. نەتىجىدە يىپەك يولى خارابىلىققا، تارىخىي ئۆتمۈشنىڭ ئەسلىمىلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىش ۋە خاراپلىشىش تارىخى بىزگە بىرقاتار قىممەتلىك ھەقىقەتلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ موھىمى يىپەك يولى ئالاقىلىرى ئېچىۋېتىشنىڭ بىكىنمىلىككە زىت ھالدا شىنجاڭ جەمئىيىتى تەقدىرىگە بۇۋاستە، بىرقانچە تىل- يېزىق، بىرقانچە دىنىي مەدەنىيەت، بىرقانچە مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، سىڭىشىشىنى، ئاجايىپ مۇددىزىم كىمىر سەنئىتى، چالغۇ- مۇزىكىلار مۆجىزىلىرى، يىپەك

يــولى تېماتىكىســـى ۋە دىتـــاللىرى بىـــلەن تۈيۈنـــدۈرۈلگەن كلاسســـىك ئەدەبىيـــات ۋە تەرجىمەشۇناسـلىق مـۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئىلىـم- پەن، شـىپاگەرلىك، بىناكـارلىق، نەققاشـلىق ئۇتۇقلىرى يىپەك يولى راۋان ئېقىمى بىلەن مەھەللىۋى مۇنبەت تـۇپراق ئاساسـىدا مەيـدانغا كەلـگەن. ئـالەمگە مەشـھۇر بولغـان ئۇيغـۇر (جۇملىـدىن ئۇيغۇرلاشـقان سـوغدى، توققـۇز چاۋۇپ) سودىگەرلىرى يىپەك يولىنى ئېچىش، يىپەك يولى گۈل –چېچەكلىرىنـى سـۇغىرىش، يىــپەك يــولى شـــەھەر- رابـــاتلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇشــتا دائىمـــي باغۋەنلىـــك خىزمىتىنـــى كۆرســـەتكەن. ئۇلارســـىز پادىشـــاھ- ســـەركەردىلەر، راھـــب- ســـاياھەتچىلەرنىڭ ناگـــان- ناگاندىكى سەپەرلىرى مۇنداق زېمىن ئۈستىدىكى «سـامانيولى»نـى دائىمـي راۋان ھـالەتكە كەلتۈرەلمىگەن بـولاتتى. تـاۋار مەنپەئەتلـىرى مەدەنـىيەت ئېقىمنـى ئۆركەشـكە كەلتـۈرۈپ تۇرىدىغان يالقۇنلۇق قۇدرەت سۈپىتىدە يىپەك يولىغا ھايات بېغىشلىغانلىقى سىر ئەمەس.

شىنجاڭلىقلار، ئالدى بىـلەن ئۇيغۇرلارنىـڭ بىكىنمىچىلىـك ئاسـارىتىدە ھەتتـا يىـپەك يولىنىـڭ مىڭلىغـان يىللارنـى ئـاتلاپ گـۈللەنگەن ئـاۋات مەنزىرىسـىنى ئۇنتـۇپ كەتـكەن، ئۆزىنىــڭ ئاجايىــپ مەدەنــىيەت ئىختىــرا قىلىــش ئىقتىــدارى بىــلەن ياراتقــان شــانلىق تــۆھپىلىرىنى ئۇنتــۇپ كەتــكەن، ئىقتىســادىي تۇرغۇنلــۇق، نــامراتلىق، مەنىــۋى نــادانلىق، خۇراپــاتلىق، روھــى كېســەللىكلەر ئىچىــگە تــرەن چۆكــۈپ قالغــان. بــۇ ھــالەت گويــا ئەلمىساقتىن شۇنداق دېگەنـدەك ئـۆزىنى بىلمەسـلىك دەرىجىسـىگە يەتـكەن. يىـپەك يـولى گۈللەنگەن دەۋرگە سىلىشتۇرغاندا ئۇيغۇرلار ياتلىشىپ كەتـكەن. قەدىمكـى كرىـك- رىـم ۋە قەندىھار مەدەنىيەتلىرى بىلەن ھۆسۈن تالاشقان شـىنجاڭ مەدەنىيىتـى خـارابىلىرى ئۇنىـڭ ئېچىنىشلىق ئىپادىلىرىدىن بىرى.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بۆگـۈنكى تەرەققىيـاتى، پەن- تېخنىكـا، تـاۋار- قاتنـاش، مەدەنىيەت- مەرىپەتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى «يىپەك يولىنى قايتا ئېچىش» شۇئارىنى بارلىققـا كەلتـۈردى. ئامېرىكـا- يـاپونىيە مـالىيە گـورۇھلىرى يىـپەك يـولى بـويىلاپ دۇنيـاۋى يۇقـۇرى سۈرئەتلىك تاشيول پىلانلىـدى. ئەمـدى ئىنسـانىيەت ئۆچـۈن ئـۆز دىققەت نەزىرىنـى يېڭـى ئېچىلغـان ئامېرىكـا ۋە ئاۋسـترالىيە قىتئەلىـرىگە مەركەزلەشـتۈرۈش، دېڭىـز –ئوكيـان قاتنىشـىنى قۇرۇقلـۇق قاتنىشـىدىن قـۇلاي كـۆرۈش دەۋرى ئۆتـۈپ كەتتـى. ئىنسـانىيەت زېمىننى، ئۇنىڭ ئاتمۇسفېرا بوشلۇقى، دېڭىز –ئوكيانلىرى، تاغ –داۋانلىرىنـى ئومۇميۈزلـۈك بويىسۇندۇرۇش دەۋرىگە كىرىپ كەلدى.

يىـپەك يـولى قايتـا جـانلىنىش دەۋرىـگە قەدەم قويـدى. بـۇ ھـال بىـزگە يىـپەك يـولى ھەققىدە ئەقلى ـ تـارىخىي قاراشـنى تىكلـەپ، مىللىتىمىـز يۈزلىنىۋاتقـان يېڭـى گـۈللىنىش ئىستىقبالىنى ئالدىن كۆرۈپ، رىقابەتكە تولغان، تۈرلـۈك مەدەنـىيەت ۋە تەپەككـۇر تىپلىـرى

ئۆزئارا سۈركىلىشىۋاتقان بوگونكى دەۋردە مۇنەۋۋەر ئەنئەنە ۋە هاياتىي ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلىپ، يېڭى قىياپەت بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 3.نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە تارىخنى قايتا ئويلىنىش

«مىللەت پەننىڭ يۇقىرى چوققىسىدا تۇرۇشنى خالىسا، نەزىرىيىۋى تەپەككۇردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدۇ.»

— ف. ئېنگېلس

يىپەك يولى گۈللەنگەن ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر خەلقى ئاجايىپ ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ياراتقانىدى. سىرتقا ئىشىك تاقىۋالماسلىق، دېهقانچىلىق- قول ھۈنەرى ۋە رايون ئاتلاپ ئېلىپ بېرىلغان خەلقئارا سودىغا قاتنىشىش، مېهماندوستلۇق، ھەممە سەنئەت ۋە مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن شەكىللىرىنى بىردەك ھۆرمەت قىلىش، قوبۇل قىلىپ يېڭىلىق يارىتىش، شەرق- غەرب سودا ۋە مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرۇش قاتارلىقلار ئۇنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن ئىدى. بۇ خىل ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاڭلىق نەزىرىيىۋى بىلىش، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئېگىزلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ مىڭ يىللاپ ئىزچىللاشقانىدى.

ئەگەر بىز يىپەك يولى گۈللەنگەن دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن كلاسسىك مەدەنىيەت دۇردانىلىرىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئۇنىڭ ھەرقايسى پەن ۋە سەنئەت ساھەلىرى بويىچە ئەينى زامانىڭ يۈكسەك نەزەرىيىۋى تەپەككۇرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بايقايمىز. ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق، تام رەسىملىرى، بىناكارلىق، مۇزىكا، مۇقام، داستانچىلىق، خەمسەچىلىك، تېبابەتچىلىك قاتارلىق گېئومېترىيە، ماتېماتىكا، ئېستېتىكا، گېئودېزىيە، دىنامىكا، پەلسەپە، دىداكتىكا، غايىۋى قەمئىيەت قاراشلىرى، ئالەم قاراشلىرى، بىئولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئاڭلىق مەشغۇلات ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ نوقتىنى تارىخىي مىراسلارغا نوقۇل تارىخشۇناسلىق سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنۇېرسال ۋە يۈكسەك تارىخ پەلسەپىسى سالاھىيىتى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندىلا، ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش نوقتىسىدىن مۇئامىلە قىلغاندىلا روشەن پەرق ئېتەلەيمىز.

يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى ئارقىسىدا نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئەنئەنىسىدىن بىر پۈتۈن ئەنئەنە سۈپىتىدە ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزنى ھەممە بىلىشى ۋە ئېنىق شۇنداق قاراش

تىكلىشى زۆرۈر. دەر ھەقىقەت، ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىمىز دەل مۇشۇ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئەنئەنىسى ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە قايتىۋاشتىن يېپەك يولىنى گۈللەندۈرۈش، يېپەك يولىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى باھارىنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈنمۇ يەنىلا نەزەرىيىۋى تەپەككۇرغا مۇھتاجمىز. مۇنداق نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ـ تارىخنى قايتا ئويلاشتىن ئىبارەت.

«قايتا ئويلاش» ئىبارىسى ئەسلى گېگېلنىڭ پەلسەپە تارىخىغا قوللانغان ئىبارىسى ئىدى. ئۇ قايتىدىن راتسىئونال ـ پەلسەپىۋى مۇھاكىمە قىلىشنى، قايتا تەلقىن قىلىشنى، قايتا قاراپ چىقىشنى، شۇ ئارقىلىق ماھىيەتلەرنى، ھەقىقەتلەرنى تېپىۋېلىشنى نەزەردە تۇتاتتى. بىز مۇشۇ «قايتا ئويلاش» ئىبارىسىنى قەدىمكى گرېكلارنىڭ ھەقىقەتنى تېپىش يولىدىكى «دىئالوگ» (كېيىنچە «دىئالېكتىكا») ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشلا ھەقىقىي ماھىيەتلەرنى تېپىش ئۇسۇلى دەپ قارايمىز. بۇ ئۇسۇلنى تارىخىي ھەقىقەتلەرنى بىلىشكە تەدبىق قىلىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا «تارىخنى قايتا ئويلاش» ئۇسۇلى كېلىپ چىقىدۇ. بارلىق مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر مەرىپەت بىلەن ۋەتەنگە ئىممۇناتسىئونال ھېسسىيات بىلەنلا ئەمەس، يەنە ئەقلىي تەپەككۇر كۆزى بىلەن قاراپ، مۇنداق «تارىخنى قايتا ئويلاش»نىڭ بۈگۈنكى كۈندە بىزگە ھەممىدىنمۇ زۆرۈرلىكىنى بىلىش لازىم. بۇ نوقتىنى ئويلاپ يەتمەي، يەنە مەرىپەت بىلەن ۋەتەن ھەققىدە سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس!

«تارىخنى قايتا ئويلاش» مىللىي ئويغۇنۇشنىڭ مەدەنىيەت ئويغۇنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە مۇقەددىمىسى. ئۇ مىللەتنىڭ ئۆز- ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىشىدىكى ئىجابىي قانات ۋە ئۇچقا توسقۇن سەلبىي كۈشەندىلىرىنى پەرقلەندۈرىشى ئۈچۈن زۆرۈر تەپەككۇر. ئېنگېلىس «دىيۇرىڭغا قارشى» ناملىق ئەسرىدە: «بىرەر مەقسەتكە ئېرىشىشنى خالىغان كىشى ئۇنىڭغا ئېرىشىش چارىلىرىنىمۇ خالىشى كېرەك»، «ھەرقانداق يەنىگە ئوخشاش پىكىر قىلىش توغرىسىدىكى يەن تارىخىي يەندۇر، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى يەندۇر» دېگەنىدى.

تارىخنى قايتا ئويلاش ــ ھازىرقى دۇنياغا نەزەر سالغان، تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن، مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە كۆيۈنگەن ھالدا مىللەتنىڭ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ ۋە مىللىي ئېتنىك روھىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە ھازىرقى زامان ئېڭى ۋە ئەقلىي تەپەككۇرى ئېگىزلىكىدە تۇرۇپ، قايتا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا قارىتىلغان پەلسەپىلىك زور بىلىش قۇرۇلىشى. بۇ مىللەت ئۈچۈنمۇ، دۆلەت ئۈچۈنمۇ گۈللىنىش ئەگگۈشترى! بۇ مىللەر ۋە دۆلەتتىكى مەرىپەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ھەقىقى ياكى ساختىلىقىنى، ئاڭلىق يىكى ئاڭسىزلىقنى ئايرىيدىغان رېئال مىزان! «تارىخنى قايتا

ئـويلاش»، «نەزەرىيـۋى تەپەككـۇر»، «ئارىلاشـما مەدەنىيەتـتىن ئـوزۇقلىنىش»، «مىللىـي روھنـــى ساغلاملاشـــتۇرۇش»، «مىللەتنـــى قايتـــا گۈللەنـــدۈرۈش» قاتـــارلىق تـــارىخىي تېماتىكىلارنى بىـرچەتكە قايرىـپ قويـۇپ نوقـۇل ھالـدىلا ئـادەتتىكىچە ئىلىـم، مەدەنىـيەت، ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر بىـلەن شـۇغۇللىنىش ئاڭسـىزلىق ۋە چاكىنـا ئىشقىۋازلىق بولۇپ قالامدۇ؟

شەخسىي گۈللىنىمەن دېسە ئۆزىنىڭ پوتېنسىئال ئىمكانىيەتلىرى ۋە ئىقتىدارىنى قايتـا ئويلىنىشى كېرەك. مىللەت گۈللىنىمەن دېسىمۇ ئـۆزىگە نىسـبەتەن تـارىخىي قايتـا ئـويلاش ئېلىپ بېرىشى لازىم. بۇ ئاددىي ئەمما ئومۇمىي ھەقىقەت.

## 4. مىللەتنى سۆيۈش ۋە مىللىي روھىيەتنى ساغلاملاشتۇرۇش

«بىرقانچە يۈز يىلدىن كېيىن مەيلى دوزاخ يـاكى جەننەتـتە بـولايلى، بەرىبىـر روھقـا ئايلىنىپ كېتىمىز. ئەمما ئەۋلادلىرىمىز قالىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ئاز- تولا ھەدىيە قالدۇرىشـىمىز لازىم»

— لۇشۈن

سۆيۈش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ھېسسىي (ئىممۇناتسىيلىك) سـۆيۈش، يەنە بىـرى ئەقلىي (راتسىيلىك) سۆيۈش. مىللەتنى سۆيۈشتىمۇ مۇشـۇنداق ئىككـى تۈركۈمـدىكى يـاكى ئىككى دەرىجىدىكى كىشـىلەر مەۋجـۇت. بەزى كىشـىلەر ئۈچـۈن بـۇ ئىككـى خىـل سـۆيۈش بىرلەشكەن، بەزى كىشلەر ئۈچۈن بۇ ئىككى خىل سۆيۈش ئۆزئـارا زىـددىيەتلىك كۆرۈنـۈش ئالغان. مىللەتنى سۆيىدىغان، ئەمما «تارىخنى قايتا ئويلاشـقا» ئېتـىراز بىلـدۈرۈپ يـۈرگەن كىشـىلەر پەقەت ھېسسـىي سـۆيگۈ بىـلەن تۇيۇنـۇپ قالغـان ۋە بېكىنمىچىلىكنـى مىللەتنـى قۇتۇلدۇرىدىغان «نىجادىيەت» دەپ تونۇغۇچى كىشلەر، مەيلى ساۋاتسىز يـاكى بىلىملىـك، مەيلـى ئـادەتتىكى يـاكى نوپـۇز ئىگىسـى بولۇشـقا قارىمـاي مىللەتنـى سۆيۈشـنىڭ ئـاقىلانە قاتلىمىغا كۆتۈرۈلمىگەن، ئۇنىڭغا قارشـى روھىـيەت بىـلەن شـۇغۇللانغان كىشـىلەر بەرىبىـر مىللەتنىڭ نىجادىيەتچىلىرى بولالمايـدۇ. بـۇ تولىمـۇ نـازۇك ئـىدېئولوگىيىلىك ئىنـدىۋىدۇئال خاراتېرىسـتىكا ئـۆتكىلى! تـارىخ ھەر قېتىملىـق مەرىـپەت دولقۇنلىرىـدا ئۇنىـڭ ئىجـابىي ۋە سـەلبىي قەھرىمـانلىرىنى ئـۆز سـەھىپىلىرىگە خـاتىرىلەپ كەلـگەن. ھەرقايسـى مىللەتـلەر تارىخىدا مۇنداق نۇر ۋە سايىلەر ئاز ئەمەس!

ئـائۇرىلىئوس: «مېنىـڭ شـەھىرىم، مەملىكـتىم رىـم. شۇڭلاشـقا ئۇنىڭغـا كېرەكلىكـى

مىنىڭ كېرەكلىكىم» دېگىنىدە قانداق ئاقىلانە پىكىر قىلغان- ھە! ھوسېئا: «خەلقىم بىلىمسىزلىك تۈپەيلىدىن ھالاك بولدى!» دېگىنىدە قانداق ھەسرەتلەنگەن — ھە! ساكيامۇنى توغرا ئېيتقان: «ئۆز قەلبىڭگە ئۆزى چىراغ يېقىش كېرەك!» دېمەك، مىللەتنى سۆيۈشمۇ ئوخشاشمايدۇ.

«تارىخنى قايتا ئويلاش» تارىخنى تەتقىق قىلىشقا زىت بولماستىن، بەلكى تارىخنى چۈڭقۇر، ئەتراپلىق، داۋاملىق، قېزىش، تەتقىق قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە راتسىئونال سەۋىيىدە ئىزچىللىشىشىدىن ئىبارەت.

تارىخ ئىككى جەرياندىن ئىبارەت. ئۆتمۈشكە نىسبەتەن ئۇ بىر «خەزىنە» بولۇپ، ھادىسىلەر بىلەن ماھىيەتلەرگە تولغان؛ ئۇنىڭ ھېكمەتلىك جاۋاھىرلىرى نۇرغۇن. كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۇ بىر «بىناكارلىق» بولۇپ، ئۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسى تارىخنى يارىتىشنى، مىللەتنى ھازىرقى زامان مىللەتلىرى قاتارىدا تاكامۇللاشتۇرۇش يوللىرىنى ئىزدەشنى نىشانلىغان. ئەگەر بۇ ئىككى نوقتا تۇرغۇزۇلمىغان ۋە بىرلەشتۈرۈلمىگەندە ھەقىقىي تارىخنىڭ بولۇشى، ھەقىقىي تارىخچىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق پەيلاسوپ ـ تارىخچى ئۈچۈن تارىخ شۇ سەۋەبلىك قىممەتلىككى، ئۇنىڭدا كەلگۈسىنىڭ بىخلىرى، تۈپرىقى، ئۆسۈمتىسى ۋە ئالامەتلىرى ساقلانغان بولىدۇ. «خەزىنە»نىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئۆزىنى بىلىش ئۈچۈنمۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىن «بىناكارلىق» ماتېرىياللىرى ئېلىش ئۈچۈنمۇ ئەھمىيەتلىك بولغانلىقىدا. «تۈگۈندە ئىككى نەرسە بار» (ئېمپېدوكىل)، «تارىخ ئۆز مەقسىتىنى ئىزدەپ يۈرگەن كىشىنىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت» (ماركس).

«ئاۋۋال تارىخنى تولۇق قېزىپ بولۇپ، ئاندىن زامانىۋى ئاڭنى تۇرغۇزۇش، تارىخنى قايتا ئويلاش كېرەك» دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھېچقانداق مىللەت ۋە دۆلەت تارىخنى تولۇق قېزىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇ ھەقتە ئەقلىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنى شەرت قىلغان ئەمەس، تارىخ ھەمىشە ئۆزىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلىشلار، ئەقلىي قايتا ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق تولۇقلىنىش جەريانىنى ئاخىرلاشتۇرمايدۇ.

«تارىخنى قايتا ئويلاش» مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىلىش ئاساسى. ماركس روگىغا يازغان خېتىدە: «ئىنسانىيەت باشتىلا بىرەر يېڭى ئىشنى ئېلىپ بارمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ كونا ئىشلىرىنى ئاڭلىق قىلىشقا باشلايدۇ» دېگەنىدى.

«تارىخنى قايتا ئويلاش مىللىي مەدەنىيەتنى يوقىقا چىقىرىدۇ» دېيىش بىھۇدە ئەندىشە. تارىخنى قايتا ئويلاش دەل مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. مىللىي مەدەنىيەتمۇ خۇددى مىللەت تارىخىدەك ئىككى نوقتىدىن — ئۆتمۈشتە يارىتىلغان مىللىي مەدەنىيەتتىن، ئەمدى يارىتىلغان يېڭى زامانىۋى مەدەنىيەت

ئاسـمـىنىدىن چۈشـمەيدۇ. ئـۇ ئەنئەنـىۋى مىللـىي مەدەنىيەتنىـڭ بـارلىق ئىجـابى ئەڭگۈشتەرلىرى ۋە ئىجابى تەرەپلىرىنى جارى قىلىش بىلەن غەيرى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان پايدىلىق ۋە ئىجابىي ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا، مىللەت ئۆچۈن ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ جەريان تارىخنى قايتا ئويلاشنى، مەدەنىيەت تارىخنى قايتا ئويلاشنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەكسىچە تەقەززا قىلىدۇ.

تارىخنى قايتا ئويلاش گەرچە تار مەنىدىكى بېكىنمىچىلىك ۋەزىيىتى پەيدا قىلغان كونىلىقنى ساقلاپ، ياراتمايدىغان ئەنئەنىۋى كۆزقاراشقا زىت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كەڭ مەنىدىكى مىللىي ئەنئەنىگە زادى زىت ئەمەس! كەڭ مەنىدىكى ئەنئەنە شۇ مىللەت، شۇ دۆلەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك بىناسى بولۇپ، شۇ مىللەت، شۇ دۆلەتنىڭ بارلىق ئىجادىي ئىقتىدارى ۋە مەنىۋى دۇنياسى شۇ خىل ئەنئەنە بىناسىغا جەملەنگەن بولىدۇ. بۇناق ئەنئەنە بىناسى مەۋجۇت بولمايدىكەن، بۇنداق مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ «تارىخنى قايتا ئويلىنىش» ھەققىدە گەپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

مىللىي مەدەنىيەت سىڭنكرتىك ئامىللىرىغا مۇخالىپ ئەمەس. مىللىي مەدەنىيەت قەبىلىلەر مەدەنىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، غەيرى مىللىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ تەدرىجى تەسىر قىلىشى ئاساسىدا راۋاجلانغان. نىبى مەنىدە مىللىي مەدەنىيەتنى ساپلاشتۇرۇش غەيرى مىللىي ئامىللارنى چەتكە قېقىش بىلەن ئەمەس، بەلكى غەيرى مىللىي ئامىللارنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ ئىلگىرلەش بىلەن، شۇنىڭدەك ئۆزلەشمەيدىغان خام- خۇتتا نەرسىلەرنى تاشلىۋېتىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنداق قىلىپ مىللىي مەدەنىيەت شۇنداق بىر سەرۋى دەرىخكە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ يىلتىزلىرى ھەرخىل مەنبەلەردىن ئوزۇقلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدىكى ئورنى، خۇسۇسىيىتى ۋە قىممىتى بىر پۈتۈن ئاشۇ سەرۋى دەرىخىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەنبەسىز ئېقىن ۋە ئوزۇقسىز دەرەخ بولماسلىقى ئاددىي ساۋاتقۇ! سىڭنكرتىك مەدەنىيەت مەنبەسى قارىشىنى چاكىنا چۈشەنمەسلىك لازىم.

مىللەتنى سۆيۈش مىللىي روھنى ساغلاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ساغلام مىللىي روھ ئارقىلىق ئۆزىنى يۇقۇرى قاتلامغا كۆتۈرىدۇ. مىللىي روھى ساغلام بولمىغان كىشى — ھەسەتخور، قارانىيەت، سۇيىقەسچى، يۇرتۋاز، پىتنىخور، كاززاپ، زوراۋان، بۇشاڭ، ھورۇن، سانتقۇن كىشى مىللەتنى «ئېغىز»دىلا سۆيىشى مۇمكىن.

مىللىي روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ھازىر تىلغا ئېلىنىۋاتقانلىقى يوق. بىز ئۇرخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىن، خەلق ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»،

«مەھبۇبۇلقۇلۇب»، «مەسنەۋى خەراباتى» قاتارلىق كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن، ئابدۇقادىر ئەزىزى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق دېموگراتىك- مەرىپەتچىلەرنىڭ شېئىر ۋە تەشەببۇسلىرىدىن مىللەت گەۋدىسىنى چىرمىۋالغان روھىي ئىللەتلەرگە بىلدۈرۈلگەن كۆچلۈك نەپرەت بىلەن گۈزەل ئەنئەنىۋى پەزىلەتلەرگە قارىتىلغان يالقۇنلۇق مەدھىيىنى كۆرىمىز، بۇ بىزگە مىللىي روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللىتىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مۇنەۋۋەر مۇتەپەككۇرلىرى ئىزچىل تەكىتلىگەن تەشەببۇس ئىكەنلىكىنى، بۇمۇ مىللىتىمىزدىكى يەنە بىر مۇنەۋۋەر ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. مەسىلە شۇكى، بۇ ئۇلۇغ تەشەببۇس ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنى يوق!

مىللەت گەۋدىسى روھىي (پسىخىك) كېسەللىكلەر بىكىنىمە مۇھىت فېئوداللىق قەمئىيەتنىڭ روھىيىتىمىزدىكى خۇنۇك چۆكمىلىرى بولۇپ ئۇنىڭدا يەنە بىر قىسىم چەتئەلدىن، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەردىن يۇقتۇرىۋالغان روھىي كېسەللىكلەرمۇ بار. «ئاكىيۇ» روھى مىللىتىمىزدىمۇ ئۇيغۇر «ئاكىيۇ»چىلىقنى شەكىللەندۈرگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا دوگماتىزىم، باگۇچىلىق، سولچىلىق، ھاكىمۇتلەقلىق، چېقىمچىلىق ئىللەتلىرىنىمۇ يۇقتۇرىۋالدۇق. بۇ، ساندۇقنىڭ چۈشقۇر يېرىدە ساقلايدىغان «گۆھەر» ئەمەس، ئۇنى ئېچىپ تاشلاپ مىللەت گەۋدىسىدىن تازىلىشىمىز لازىم.

مىللەت گەۋدىسىدىكى روھىي ئىللەتلەرنى تازىلاش «مىللەتنىڭ يۈزىگە قارا سۈركەش»، «ئۆيدىكى خۇنۇكلۇكنى سىرتقا يېيىش» ئەمەس، بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «باردۇر» دېگەن شېئىرىدا تىلغا ئالغان يالقاۋلىق (ھورۇنلۇق)، ھەسەتخورلۇق، پىتنىخورلۇق، كاززاپلىق، سۈيقەستچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەرگە يۇرتۋازلىق ۋە سول- ھاكىمۇتلەقلىق قاتارلىقلارنى قوشۇپ ئومۇم خەلق نەپرىتىگە ئايلاندۇرساق نېمىسى يامان؟ مىللىتىمىزنىڭ ئاق كۆڭۈل، مەرھەمەتچان، مېھماندوست، يېگىلىق تەرەپدارى بولۇش قاتارلىق پەزىلەتلىرىگە كەلگەندە ئۇنى زامانىۋى ئاڭ ئاساسىدا داۋاملىق جارى قىلىمىز.

«ھەسەتخور كىشىلەر ئۇلۇغ ئىشلارنى ئورۇندىيالمايدۇ. ئۇلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە باشقىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقلىرىنى تۆۋەنلىتىشكە ئۇرۇنىدۇ» گېگېل)، «ئىغۋاگەرلەر ئىغۋا ئارقىلىق ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ئۆزىمۇ ئىغۋا ئىچىدە ئۆلىدۇ» (لۇشۈن)، «باشقىلاردىكى ئۇلۇغ ئارتۇقچىلىقلارغا نىسبەتەن ھۆرمەت بىلدۈرۈشتىن باشقا چارە يوق» (گيۇتى).

## 5. خۇلاسە

«نادانلىقتىن ئۈچ بىخ ئۆسۈپ چىققان، ئۇلار : قارانىيەت، ساختا شۆھرەت ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن ئىبارەت»

ــ شوپىنخائۇئېر

«ئەقلىدىن ئۈچ ئەخلاقى خۇسۇسىيەت تۇغۇلىدۇ. ئۇلار، ئېسىل ئىدىيە، ئېسىل سۆز، ئېسىل ھەركەتتىن ئىبارەت.»

ــ دېموكرت

سوقرات: «ئەقىل يېتەكچىلىك قىلغان قەيسەرلىك سائادەت، نادانلىق باشلىغان قەيسەرلىك ئاپەت كەلتۈرىدۇ» دېگەنىدى. ئەقىل ـ راتسىئونال تەپەككۇر بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەت يۈزلەنگەن يېڭى سۇلىزاتسىيىلىك دەۋرنىڭ يېتەكچى پرىنسىپىغا ئايلانماقتا، ئىنسانىيەت ئەمدىلىكتە ئىنسانىيەتكە زىت ھادىسىلەرگە قارشى كۆرەش قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ قالدى.

پۈتۈن دۇنيا بويىچە كۆتۈرۈلگەن يېڭى مەرىپەت (سىۋىلىزاتسىيە) دولقۇنى ئېلىمىزدە، ھەرقايسى مەملىكەتلەردە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز- ئۆزىنى تېپىشىش يولىدىكى يېڭى ئىلگىرىلىشىنى ناشانلىدى، ئىقتىساد، پەن- تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي ئەسلىھەلەر ئەقىل ۋە ھەمكارلىق بىلەن بىرلەشمىسە بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئىنسان پرىنسىپى ـ ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپى كىشىلىك قارشى، ئىجتىمائىي ئىشلار، مىللەتلەر ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاقىلانە، شۆھرەتلىك يېتەكچى پرىنسىپىغا ئايلىنىشقا يۈزلەندى. تارىخ قانچە- ئەگرى- توقايلىقلارغا دۇچ كەلمىسۇن بۇ يۆنىلىشنى تۈپتىن بىكار قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىنسان سوبيېكتىنىڭ ئۆز- ئۆزىنى ئىنتىرا قىلىشى، ئۆزىدىكى پوتېنسىئال ئىقتىدارىنى جارى قىلىشى ھازىرقى زامان ئېڭى قۇرۇلمىسىنىڭ يادروسىدىن ئىبارەت. بۇ مىللەت كاتېگورىيىسى نوقتىسىدىن ئالغاندا مىللەت سوبيېكتىنىڭ ، مىللىي روھنىڭ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ، مىللەت ئىقتىدارىنىڭ ئۆز- ئۆزىنى قايتا تېپىشىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ مىللەت ئۈچۈن يېڭى مىللىي مەدەنىيەت ئويغىنىشى باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھەممە دىنىي يېڭىلاشلار بىلەن مەدەنىيەت كۆللىنىش ھادىسلىرى «يىپەك يولى» بويلاپ يۈزبەرگەن ئالەمشۇمۇل تارىخى خاراكتېرلىك

مەدەنىيەت ئۆزگەشلىرى بىلەن باغلىنىشلىق ھالدا يۇزبەرگەنلىكىنى كۆرسەتتى. يىپەك يولى ـ شەرق- غەرپ مەدەنىيەت كانىلى سۈپىتىدە گرېك- رىم مەدەنىيىتى، كۇسەن بۇددا مەدەنىيىتى، سۇي- تاڭ مەدەنىيىتى، ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى ئاملىلىرىنى ئاققۇزۇپ، ئالماشتۇردى. يىپەك يولىنىڭ قايتا جانلىنىشى، ھازىرقى زامان تاۋار مۇئامىلىسى ۋە پەن- مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنىڭ ئېقىپ كىرىشى ئۇيغۇر ئېتنىك تۇرمۇشى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىدە يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى، بۇ كونا يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قايتا ئويلاش ۋە يېڭى يىپەك يولى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ماھىيەتتە، يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەڭگۈشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. رومىن روللان: بىر كىشىنى چۈشەنگەنلىك بىركىشىنى ئىجاد قىلغانلىققا باراۋەر، دېگەنىدى. بۇ سۆزگە: ئۆز- ئۆزىنى چۈشەنگەنلىكمۇ ئوخشاشلا ئۆز- ئۆزىنى قايتا ئىختىرا قىلغانلىق بولىدۇ، دەپ قوشۇپ قويۇشقا بولىدۇ.

ھەرقانداق مەدەنىيەت مىللىي بولغىنىدەك ھەرقانداق زامانىۋى ئاڭ ۋە مەدەنىيەتمۇ مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ ئەھۋالغا ئۇيغۇنلىشىشى لازىم. يېڭى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يەنىلا ئۇيغۇر خەلقىگە خاس يېڭىچە مىللىي مەدەنىيەت بولۇپ قالىدۇ. ئۇ پەقەت ھازىرقى زامان ئېڭىغا ئىگە، ئوچۇق ۋە پائالىيەتچان ئىقتىدارغا ئىگە، ھازىرقى زامان پەن- تېخنىكا، ئەدەبىيات- سەنئەت سەۋىيىسىگە ئىگە يېڭى تەرەققىيات قاتلىمىغا كۆتۈرىلىدۇ. «خۇاڭخې» ۋە «تارىم» دەرياسىمۇ- مىللىي خاسلىقمۇ، «يىپەك يولى»مۇ ــ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ زۆرۈر. بۇ ئىككى روھنىڭ بىرىنى ئىنكار قىلىپ، جۇڭگوچە مىللىيەتلىككە ئىگە بولغان سوتسىيالىستىك زامانىۋى مىللىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مىللىي مەدەنىيەتتىكى خاسلىق ۋە زامانىۋىلىقنىڭ مىللىي خاسلىققا ئىگە بولىشى مىللىي مەدەنىيەت مەۋجۇتلىقىنىڭ ئۇلىدىن ئىبارەت. مەدەنىيەت جەھەتتىكى قوبۇل قىلىشتىن مەقسەتمۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ زامانىۋى رىقابەت دۇنياسىدىكى ھاياتىي كۈچىنى يېتىشتۈرۈشتىن، كۈچەيتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق ئۆتمۈشتە ئېلىمىز ۋە دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قىممەتلىك تۆھپىلەر قوشقان. بۇ بىزنىڭ شەرەپلىك ئۆتمىشىمىز. ئۇ بىزگە ھەمىشە «ئەمدى قانداق تۆھپىلەر يارىتىسەن؟» دېگەن سوئال بىلەن ئىلھام بېرىدۇ. مەلۇم مەنىدە بۇنى شانلىق ئۆتمۈش بىزگە تەلمۈرمەكتە، كەلگۈسى ئىستىقبالمۇ بىزگە تەلمۈرمەكتە، دېيىش مۇمكىن.

دېموكرت «مۇئەييەن گۈزەللىكنى ئۆزلۈكسىز ئىجاد قىلىپ تۇرۇش مۇقەددەس مەنىۋى كۈچنىڭ ئالامىتى» دېگەنىدى. ئۇنداق ئىكەن بىز دۇنياغا، كەلگۈسىگە،

سىۋىلىزاتسىيىگە يۈزلەنمەي قانداق تۇرالايمىز؟! تەرەققىپەرۋەر ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرى ھازىرقى رىقابەتكە، ئىقتىدار قىممىتى سىېلىشتۇرمىسىغا تولغان يېڭى تارىخىي مۇھىتتا چوقۇم مىسلىسىز مىللىي ئويغۇنۇش ۋە مىللىي گۈللىنىش جاسارىتى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، مەرىپەتلىك، زامانىۋى، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان ئىلغار مىللەتلەردىن بولۇپ چىققۇسى.

1988-يىل 6-ئاي، ئۈرۈمچى

# يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى

«ئەگەر ياۋروپا ئىدىيىلىرى باكتېرىيە ئارقىلىق يىراق شەرققە تارقالغان دەيدىكەنمىز، ئوخشاشلا، ئاسىيا چۈشەنچىلىرىمۇ دەل مۇشۇ قانال ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغان.»

— دراپېر

1

تارىخ يېڭى بىر ئېتنولوگىيىلىك ــ ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى دەۋرىگە يۈزلەنمەكتە. بېكىنمىچىلىك ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى، شەرق-غەرب ئىقتىسادىدىكى ئۆزئارا يېقىنلىشىش ۋە چېگرا ھەم يەرلىك تاموجىنىدىن ھالقىغان خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تورىنىڭ بىر قەدەر تېز شەكىللىنىپ بېرىشى، ئۆتمۈشنى قايتىۋاشتىن چۈشىنىش ۋە يېڭى مەنىۋى تۇرمۇش نورمىلىرىنى ئىزدەش يولىدىكى پائالىيەتلەر ئۇنىڭ ئاساسىي زەربىدار ئۆزگىشىنى ھاسىل قىلماقتا.

كىشىلەر ھازىر قايتىۋاشتىن «يىپەك يولى» قىزغىنلىقى مىلادىدىن ئىلگىرىكى خەن ئىمپېرىيىسى، ئاخمانىلار ئىمپېرىيىسى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن زامانىدىكى «يىپەك» قىزغىنلىقى بىلەن؛ سالجۇق تۈركلىرى ۋىزانتىيىنى ئىشغال قىلىپ، ياۋرۇپا بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى «يىپەك يولى» ئالاقىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىغاندىن كېيىن ئېغىر ئىقتىسادىي بۆھرانىدا قالغان غەربىي ياۋرۇپالىقلار گىبرالتار بوغۇزىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ھىندىستان ئارقىلىق «يىپەك يولى»غا چىقىش ئۈچۈن 15-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرى قوزغىغان، نەتىجىدە ئامېرىكا قىتئەسى بايقالغان زامانىدىكى «يىپەك يولى» قىزغىنلىقى بىلەن؛ جۈملىدىن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە بۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ھازىرقى ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى نوقتا قىلىنغان تارىخ —جۇغراپىيە- ئارخېئولوگىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان «يىپەك يولى» ئېكىسپېدىتسىيىسى قىزغىنلىقى بىلەن تۇپتىن ئوخشىمايدۇ.

ھازىرقى «يىپەك يولى» قىزغىنلىقى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى ئېرىشكەن جىمىكى

رېئال ئۇتتۇقلار جەمغۇرمىسى ئاساسىدا يۈز بېرىش بىلەن بىللە، ئۇ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئېچىۋېتىلگەن يېڭى سۆلىلىزاتسىيىگە يۈزلىنىش مۇقەررەرلىكىدىن بىشارەت بەرمەكتە.

2

«يىپەك يولى» ــ ئۆلۈغ ئىبارە. ئۇ رىم ۋە ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ «سېرىس» ئىلگە بولغان ماددىي ۋە غايىۋى (ھەتتا ئەپسانىۋى) قىزىقىشى تۈپەيلى، يېقىنقى زامانىدا قوللىنىلغان ئىبارە. ئۇ نوقۇل سودا- تىجارەتنى، بولۇپمۇ يىپەك سودىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىبارە بولماستىن، بەلكى، «قەدىمكى قىتئە» ــ ئاسىيا –ياۋروپا- ئافرىقا خەلقلىرى ئارىسىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ غول لىنىيىسىگە قارىتىلغان ئىبارە.

دەرھەقىقەت، «يىپەك يولى» ئىنسانىيەت ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئۆزىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىزگە مەلۇم بولغان ۋە بىز يۈلىنىۋاتقان مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتتى. بىز بۇ ئالاقىلەر تارىخىدىن مۇستەسنا قالغان قەدىمكى ئامېرىكا بىلەن قەدىمكى ئاۋستىرالىيە ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىگە بىر قۇر نەزەر تاشلىساقلا، «يىپەك يولى» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ كارۋان يولىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك تەرەققىپەرۋەر ئەھمىيىتىنى ھېس قىلالايمىز. بۇ بىزگە «يىپەك يولى»غا نىسبەتەن «بېكىنمىچىلىك» بىلەن «ئېچىۋېتىش»تىن ئىبارەت ئىككى تۈپ ھادىسىنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى نۇرانە ۋە جاھالەت خاراكتېرىنى روشەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئىلھام بېرىدۇ.

3

«يىپەك يولى» ۋە «مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتى» تەتقىقاتىدا، ھازىرقى «يىپەك يولى» يېڭى قىزغىنلىقىغا ئاساسەن بىر قاتار مېتودولوگىيىلىك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىلىش لازىمكى، تارىخ ــ ئىنسانىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ بىرەر مىللەت، بىرەر رايون ــ دۆلەتتىن ھالقىغان مۇجەسسەم توقۇلمىسىدىن ئىبارەت. تارىخنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بولغان بىردەكلىك، ۋارىسلىق، سىڭىكرېتىك راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى تارىخنىڭ بېكىنمە ئەمەس، ئوچۇق، ھاكىمۇتلەق ئەمەس، گۇمانىيلىق ــ ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىق خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن. تارىخ ئالەم بىرلىكى ۋە ھەركىتىنىڭ ئىنسانىيەت پائالىيىتىدىكى

ئىپادىسى بولۇپ، تەبىئەت بىلەن كىشىلىك جەمئىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن دىئالېكتىكىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. تارىخنى ئۈزۈۋېلىش، تارىخنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۈنىڭ ئومۇم ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىق خاراكتېرىگە قارشى قويۇش، «يىپەك يولى» تارىخىغا ئۇنداق ياكى بۇنداق «مەدەنىيەت مەركەزچىلىكى» ياكى بىكىنمىچىلىكى پسىخولوگىيىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىشنى مىللىي ئىپتىخار ياكى مىللىي بۆرچ ھېساپلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۇبيېكتىپلىقتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئىلمىگە ۋە ئەقىلغا زىت.

4

ئېيتىش كېرەككى، تارىخچىلار ھازىرغىچە ئۆتمۈشنى نوقۇل، تەكرارلانماس كەچۈرمىش دەپ قاراپ كەلدى. بۇنداق قاراش تارىختا قانداق ئىش قىلىنسا، ئۇ شۇنداق ئىش بولۇپ قالىدۇ، قانداق نەتىجە ياكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلسا، ئۇ شۇنداق بولۇپ قالىدۇ دېگەن تارىخىي قاراشنى ئىلىپ كەلدى. تارىخ ھەققىدىكى پەلسەپىلىك قايتا كۆزىتىش شۇنى كۆرسەتتىكى، تارىخ ئۆزىنىڭ ھادىسىلىرى، كۆرۈنۈشلىرى، ۋەقەلىرى نوقتىسىدىن ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ؛ ئۇ ئۆتمۈش سۈپىتىدە زامان ۋە ۋەقەلىك سالاھىيىتىدىن ئايرىلىدۇ؛ ئۇ ئۆتمۈش سۈپىتىدە باھالىنىدۇ ۋە قايتا باھالىنىدۇ. ئىنسانىيەت ھەربىر سۇبيېكتىپلىقتىن ئىبارەت ۋە ئۆزگىرىشچان ھالەتتە مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن، دەبدەبىلىك تارىخىي ھادىسىلەرنى قايتىدىن تەنقىدىي، يۇمرىك بالايدۇ. تارىخ يەنە ئۆز ماھىيىتى، روھىيىتى، كامالەتكە ـ ئەۋزەللىككە ئىنتىلىشى، داۋاملىق تېخىمۇ كەڭ چەمبەردىكى ئويغىنىشى، بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى نوقتىسىدىن ئۆتمۈشكە ئايلانماس ۋە ئۇ ئەبەدىلىكتە ھاياتتۇر. ئۇ ئۆتمۈش تارىخ روھىيىتىنى رېئاللىقتا ۋە كەلگۈسى تارىخ جەريانلىرىدا داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ كرېك مەدەنىيىتىدە مىسىر- بابىلون مەدەنىيىتى، ئەرەب مەدەنىيىتىدە گرېك –رىم، ھىندىستان- جۇڭگو مەدەنىيىتى، ياۋروپا ئويغىنىشى دەۋرى مەدەنىيىتىدە كرېك- رىم ۋە ئەرەپ مەدەنىيىتى روھى ھايات دېگەن سۆز.

تارىخ ئۆزىنىڭ ئۆلمەس روھى بىلەن تۆۋەنرەك باسقۇچتىن داۋاملىق يۇقۇرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلىدۇ ۋە تۆۋەنرەك باسقۇچنىڭ روھىيىتىنى ساقلايدۇ، بېيىتىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. روشەنكى، تارىخ تەنقىدىي جەرياندىن، تۈرمۈشنى، تۈرمۈش موھىتىنى ئىنسان ماھىيەتلىرىگە داۋاملىق ماسلاشتۇرۇپ بېرىش ۋە بۇ ماھىيەتلەر بىلەن ئۇنى داۋاملىق باھالاپ، ئۆزگەرتىپ بېرىش جەريانىدىن ئىبارەت.

5

تــارىخ، تېگــى ــ تەكتــدىن ئالغانــدا، ئىنســانىيەت مەدەنىيىتــى تــارىخى بولــۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن، پىلاتون ۋە گېگېل ئېيتقان مۇتلەق ئىـدىيىنىڭ راۋاجلىـنىش تـارىخى، ئىـدېئال چۈشــەنچىنىڭ «تىرىئــادە» (تېــزىس، ئــانتى تېــزىس، ســىنتىز) تــارىخى ئەمەس؛ يەنە بىر تەرەپتىن، نوقۇل سىياسى ھـاكىمىيەتلەر، قۇراللىـق جەڭـلەر تـارىخى ۋە قەھرىمانلارنىـڭ پائـالىيەت كۆرسـىتىش تـارىخى ئەمەس. ئەلـۋەتتە، كۆپلـۈك بىشـارەت ۋە ھادىسىلەر خۇددى شۇنداقتەك قىلسىمۇ، مـاھىيەتتە تـارىخ مـاددىي ۋە مەنىۋى مەدەنـىيەت ئىشلەپچىقىرىش ئالماشتۇرۇش تارىخىدىن ئىبارەت.

ئېيتىش كېرەككى، مـاددىي مەدەنىيەتنىـڭ تولىمـۇ ئـاز، ئالاھـىدە بىـر قىسـمى ــ قىيا سـىزمىلىرى، ئەلئېھـراملار، قەلئە- سېپىل، تاشـكېمىرلەر ئەسـىرلەپ ساقلانسـىمۇ، يىـمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك، تۇرمۇش روزىغارلىرى ناھايىتى ناھايىتى تېز سەرپىياتقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. پەقەت مەنىۋى مەدەنىيەتلا، ئىدېئولوگىيە ۋە بىلىم شەكلىگە كىـرگەن مەدەنـىيەتلا تولىمـۇ ئـۇزاق، ھەتتـا ئىنسـانىيەت بىـلەن بىللە ياشـايدۇ. ھەقىقى تـارىخ، ئېچىـۋېتىلگەن تارىخ، ئىنسانىيەتكە يـۈزلەنگەن تـارىخ ئىنسـانىيەتنىڭ ئۇلـۇغ مەدەنـىيەت تـارىخى بولمـاي مـۇمكىن ئەمەس. مەدەنــىيەتكە يــۈزلەنمىگەن سىياســىيون پەقەت خوجىــدار سىياســيون، ئوخشاشلا، مەدەنىيەت تارىخىغا يۈزلەنمىگەن تارىخشۇناس پەقەت سالنامىچىدۇر، خالاس.

6

تــارىخ مەدەنــىيەت تــارىخى ئىـكەن، ئـۇ ھەرقايســى خەلقـلەر، ئىنسـان تۈركـۈملىرى پائالىيىتىنىڭ «ئىزلىرى» ئۇچۇر سىستىمىسى بولـۇپ ھېسـاپلىنىدۇ. بۇنـداق ئۇچـۇر، ئالـدى بىلەن ، شۇ خەلقلەر، شۇ ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنـىيەت مەھسۇلاتلىرى، تامغا ياكى يېزىقلىـرى ئـارقىلىق ئۇچـۇر چۆكمىسـى ھاسـىل قىلغـان بولىـدۇ. قوشـنا خەلقـلەر، سـاياھەتچىلەرنىڭ ئەينـى زامانـدىكى بىۋاسـتە قالـدۇرغان خاتىرلىرىنىـڭ ئۇچۇر قىممىتى ناھايىتى زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ.

مەن «تـارىخنى ئۆزىنـىڭ ئـۆز ئۇچـۇرى ئـارقىلىق ئـىزاھلاش»نـى تـارىخ تەتقىقاتىـدىكى مۇھىم مېتود دەپ تىلغا ئـالىمەن. مېـنىڭچە، تـارىخ تەتقىقـاتى كېيىنكـى زامـان كىشـلىرى تەرىپىـدىن رەت قىلىنمايـدىغان، تارىخنىـڭ ئـۆز تامغـا ۋە ئۇچـۇر سىستېمىسـىنى تەتقىـق

قىلىش ۋە بايان قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.

روشەنكى، ھېرودوتۇس بىلەن سىماچيەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئىككى چوڭ تارىخ مۇئەللىپى، ئۇلارنىڭ كۆرگەنلىرىدىن ئاڭلىغانلىرى، ئۆز دەۋرىگە ئائىت بىلگەن ئۇچۇرلىرىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئائىت توپلىغان ئۇچۇرلىرى كۆپ بولغان. ئۇلارنىڭ نامى ئوخشاپ كېتىدىغان «تارىخ»، «تارىخى خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەرلىرىدىن كېيىن، ئىككى مىڭ يىل ۋاقىت ئۆتتى. بۇ دەۋرلەردە بىز تارىخنى ئوردا كاتىپلىرى، ھەربىي يۈرۈش سالنامىچىلىرى، تارىخ ھەۋەسكارلىرى، ساياھەتچىلەرنىڭ كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرى بويىچە يېزىلغان كىتابلار بويىچە چۈشىنىپ كەلدۇق. بۇ جەرياندا بىر خىل قېلىپ — تارىخشۇناسلىق ئەنە شۇنداق بولىدۇ دېگەن قاراش شەكىللىنىپ قالدى.

ھازىرقى زامان فوتو تېخنىكىسى ۋە ئارخېئولوگىيە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھېرودوتۇسنىڭ تېرىگە، سىماچيەننىڭ بامبۇك تاختىغا تارىخ يېزىش دەۋرىدىن تولۇپتىن پەرقلەندى. ئەمدى تارىخنى ئۇنىڭ ئۆز ئۇچۇر چۆكمىسىنى ئىسكىلىت قىلىپ يېزىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى. پەن- تېخنىكا تارىخ تەتقىقاتىغا شۇنداق مۇمكىنچىلىكنى بەردىكى، ئەمدىلىكتە تارىخنىڭ قىياپىتىنى «ھېكايە تىلى» ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى روشەن سانلىق پاكىت، ئېنىق «سۈرەت» ئارقىلىق كۆرۈش مۇمكىن بولدى.

بۇنداق يېڭىچە مېتود يېزىق ئارقىلىق يۈز بېرىدىغان ئابستراكت تۇتەكلىك، ھەركىم خالىغىنىنى كۆپتۈرۈش ياكى چۆكتۈرۈش، سۇنئىي تارىخ ياساش («كېخمېنىر شېئىرلىرى»نىڭ پاش قىلىنىشى بۇنداق ھادىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتتى) قاتارلىقلارغا يول قويىدىغان تارىخشۇناسلىقتىن كۆپ ئىلمى. ئەگەر «كېخمېنىر شېئىرلىرى» دەك سۇنئىي ھادىسىلەر ياسالغاندىمۇ، ئۇ ئۇچۇر سىستېمىسى ھاسىل قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن دەرھال شاللىنىپ چىقىرىلىدۇ.

7

تارىخ تەتقىقاتى، تېگى –تەكتىدىن، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى ئىكەنلىكىنى تارىخشۇناسلار بارغانسىرى كۆپرەك چۈشەنمەكتە. تارىخنى مۇھىمى پادىشاھ- ۋەزىر- سەركەردىلەر شەجەرىسى دەپ قارايدىغان تارىخ تەتقىقاتى- سىياسىي باشقۇرۇش تارىخى سۈپىتىدە تارىخشۇناسلىقنىڭ كىچىك بىر تارمىقى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

تارىخ ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى بولىدىكەن، ئۇ مەڭگۈ ئىككى رېلىس- ئىككى قانال بويىچە پەيدا بولىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ مىللىي (يەرلىك) مەدەنىيەت

بىلەن خەلقئارا مەدەنىيەتتىن ئىبارەت. يەرلىك – مىللىي مەدەنىيەت بۇلاقلىرىنىڭ ماھىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئاھالە پونكىتلىرى ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاساسىي گېنېئالوگىيىلىك (پەيدا بولۇش ئىلمىي) بازا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارسىز خەلقئارا، ئومۇمىي كىشىلىك مەدەنىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇپ بولمايدۇ. مىللىي- يەرلىك مەدەنىيەت يوقۇلىدۇ، دېگەن قاراش ئىلمىگە زىت، خاتا ھەم زىيانلىق قاراشتۇر. خەلقئارا مەدەنىيەت مىللىي (يەرلىك) مەدەنىيەتلەر سىنكرىتىزىمى (كۆپ مەنبەلىك) قوشۇلۇش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىشى، ھەرقايسى خەلقلەر تەرىپىدىن ئومۇمىي ئەۋزەللىكلىرى بويىچە قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ فولكلور شەكلى بىلەن كلاسسىك شەكلى ــ دىئونىس شەكلى بىلەن ئاپوللو شەكلى، مېنىڭچە، يالغۇز ئانتىك دۇنياغا خاس ھادىسە ئەمەس.

8

مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى ئېدۋارد تىلور (1872- يىلدىكى «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» دېگەن كىتابچىنىڭ مۇئەللىپى) بىلەن جېمس فرازېر (1890- يىلدىكى «ئالتۇن شاخچا» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى) باشچىلىقىدا، «مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتى نەزىرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلار، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇئەييەن رايون ياكى خەلق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى پەيدا بولۇش، تولۇقلىنىش، راۋاجلىنىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ ۋە ئۆز دائىرىسىدە مومۇملىشىدۇ، دەپ قارايدۇ.

مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ يەنە بىر قىسمى فرېدرىخ راتزىل (1888- يىلدىكى «ئىنسانىيەت جۇغراپىيىسى» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى)، گ.سىمىت (1915- يىلى ئېلان قىلىنغان «مەدەنىيەتتە دىفاۋزىيىلىك (تارقىلىش ئارقىلىق راۋاجلىنىش نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا ئاتتى. ئۇلار مىللەتلەرنى «تەبىئىي مىللەت» (مەلۇم يەرلىك ئىپتىدائىي مەدەنىيەتتە چەكلەنگەن مىللەت) ۋە «مەدەنىيەت مىللىتى» (مەدەنىيەت ياراتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى مىللەت) دەپ ئىككى كاتېگورىيىگە بۆلدى. ئۇلار دۇنيا مەدەنىيىتى بىرەر ياكى بىر قانچىلا مەدەنىيەت بۇلاقلىرىدا ئاپىرىدە بولۇپ، «تەبىئىي مىللەتلەرگە كېڭىيىدۇ، تارقىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يىگانە مەركىزى مىسىر، بۇ مەدەنىيەت مسۇپوتامىيە، تارىم ۋادىسى ئارقىلىق خۇاڭخې ساھىلىگە مىلادىدىن 25 ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن دەپ قارايدۇ.

بۇ ئىككى خىل قاراش «يىپەك يولى» ۋە مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتىدىمۇ ئىپادىلەندى. ستەيىن دەل گرېك- رىم مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى دىففۇزىيىسى قاراشلىرىغا تېپىك ۋەكىل بولۇپ قالدى. «غەربىي دىياردا مەدەنىيەت بولمىغان، غەربىي دىيار مەدەنىيىتى ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ئېشىندىلىرىدىن ھاسىل بولغان» دېگەن قاراشمۇ خۇددى شۇنداق غەيرىي ئىلمىي قاراش.

مېنىڭچە، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا تەكشىسىزلىك مەۋجۇت. ھەربىر مىللىي- يەرلىك مەدەنىيەت، جۇملىدىن ھەربىر دۆلەت مىللىي مەدەنىيەتنى ئۆز تەركىبىي خەزىنىسى جەھەتتىن ئۆزىدىن ھالقىغان بولىدۇ. ئۇ ماكان (جۇغراپىيىلىك تەركىپ) ۋە زامان (تارىخىي قاتلام) جەھەتتە ئۆزى ياراتقان مەدەنىيەت جۇغلانمىسىدىن تاشقىرى، ئۆزى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەن مەدەنىيەت چۆكمىلىرىدىن ئۆز مەدەنىيىتىنى، ئۆز مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ «مەدەنىيەت ئىۋاليۇتسىيىسى نەزەرىيىسى» گىمۇ، «مەدەنىيەت دىففۇزىيىسى نەزىرىيىسى»گىمۇ ئوخشىمىغان «مەدەنىيەت راۋاجلىنىشىنىڭ قاتلاملىق – سىنكرېتىكلىق قارىشى»دۇر. بۇ مىللىي مەدەنىيەت + قوبۇل قىلىنغان مەدەنىيەت = مۇجەسسەملەشكەن، ئەسلىدىكىدىن ئەۋزەل يېڭىچە مىللىي مەدەنىيەت، دېگەن سۆز. بۇنداق مۇجەسسەملىشىش ھادىسىسى كۆپلىگەن تارىخىي قاتلام بويىچە يۈز بېرىدۇ.

9

«يىپەك يولى» «قەدىمكى قىتئە» دەپ ئاتالغان ئۈچ چوڭ قۇرۇقلۇقنى تۇتاشتۇرغان كىشىلىك ئالاقىلىرىنىڭ غول قانىلى بولۇپ، ئۇ كىبرالتار بوغۇزىدىن ياپونىيىگىچە بولغان ھەرخىل ئىرق، مىللەت، رايون ۋە مەدەنىيەتتىكى ئىنسان تۈركۈملىرىنى خۇددى مەرۋايىتلارنى بىر تىزما قىلغان يىپتەك تۇتاشتۇرغان. «ھەرخىللىق» بىلەن «بىر تىزما» ھاسىل قىلىش يىپەك يولىنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ۋە سىنكرېتىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن.

بۇنداق كۆپ مەنبەلىك ۋە سىنكرېتىك مەدەنىيەت ئوخشىمىغان تارىخىي قاتلاملاردا ئوخشىمىغان مىللىي (يەرلىك) مەدەنىيەت ۋە دۇنياۋى (ياكى دۇنياغا يۈزلەنگەن) مەدەنىيەت تىپلىرىنى ھاسىل قىلغان. يىپەك يولىدا قول ئىگىلىكى ۋە فېئودالىزم مەۋرىلىرىدە، «گرېك- رىم مەدەنىيىتى تىپى»، «كۇشان- كۇسەن مەدەنىيىتى تىپى»، «سۇي- تاڭ مەدەنىيەت تىپى»، «ئەرەپ مەدەنىيىتى تىپى»، «غەربىي ياۋروپا رېنسانسى

مەدەنىيەت تىپى»دىن ئىبارەت بەش چوڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت تىپى شەكىللەندى. بۇ مەدەنىيەت تىپلىرى مىسىر، سۇمېر، سىكتاي، بابىل- ئاسسۇرىيە، مەركىزىي ئاسىيا، ھىندىستان، جۇڭگو قەدىمكى ۋە ئەينى زاماندىكى مەدەنىيەتلىرىدىن ئوزۇقلانغان؛ ئالدىنقى قاتلامدىكى دۇنياۋى مەدەنىيەت تىپلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان؛ پۈتۈن يىپەك يولى مىللىي (يەرلىك) مەدەنىيەتلىرىگە سىڭىكرىتىك تەركىب قوشقان.

«يىپەك يولى»نى نوقۇل بىرقانچە ئىمپېرىيىلەر ــ ئاخمانىلار، ساسانىلار، رىم ئىمپېرىيىسى، كۇشان خانلىقى، خەن- تاڭ سولالىسى، ئەرەب خەلىپىلىكى، چىڭگىز- تۆمۈرىيلەر ھاكىمىيەتلىرى ئارىسىدىكى يىپەك، دورا ماتېرىياللىرى سودىسىغا باغلاپ ئىزاھلاش قايتا ئويلىنىشقا مۇختاج.

10

يىپەك يولى گەرچە يايلاق يىپەك يولى، دېڭىز- ئوكيان يىپەك يولى، بوستان يىپەك يولى دېگەنلەرگە بۆلۈنسىمۇ، يەنىلا مەركىزىي ئاسىيا بوستان- جەزىرە يىپەك يولىنىڭ غول لىنىيىسى ۋە مەركىزىي قانىلى ئىدى. بۇ غول لىنىيىگە بىرقاتار دۆلەت- ھاكىمىيەت مەركەزلىرى، ئىقتىساد- مەدەنىيەت مەركەزلىرى، ئاھالە كۆپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر- كەنتلەر جايلاشقاندى. بۇ غول لىنىيىگە كارۋان سارايلىرى، پوچتا ۋە قاراقچىدىن ساقلىنىش تەشكىللىرى، شىپاخانىلار ئورۇنلاشقان.

«مەركىزىي ئاسىيا» ۋە «يىپەك يولى» بىر- بىرىدىن ئاجراتقۇسىز ئىككى ئىبارە بولۇپ، مەركىزىي ئاسىياسىز بىر پۈتۈن يىپەك يولىنى، يىپەك يولىسىز مەركىزىي ئاسىيا تىپىك مەدەنىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

«مەركىزىي ئاسىيا»نىڭ يىپەك يولى قىممىتىنى ھەم بۇلاق، ھەم ئېقىن، ھەم سىنكرېتلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن ئىزاھلاش مۇمكىن. بۇ، مەركىزىي ئاسىيانىڭ يىپەك يولىدىكى تارىخىي (زامان) قىممىتى، جۇغراپىيىلىك (ماكان) قىممىتى ۋە مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى قىممىتىدىن ئىبارەت.

مەركىزىي ئاسىيانىڭ يىپەك يولىدىكى تارىخىي قىممىتى غايەت زور ئىلمىي تېما. ئۇ، مەركىزىي ئاسىيانىڭ پۈتۈن مىللىي (يەرلىك) تارىخى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى، شەرق –غەرپكە ماددىي ۋە مەدەنىي جەھەتتە قوشقان تۆھپىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىكتاي مىتالچىلىقى، شامان- ئاتەشپەرەسلىك دىنى، مۇزىكا- ئۇسۇل سەنئىتى، تىبابەت ۋە ئاسترونومىيە، ئەلخارەزمىدىن ئۇلۇغ بېككىچە بولغان تەبىئەت ئىلمىي تۆھپىلىرىنى بۇ

تارىخىي قىممەتكە كىرگۈزۈش مۇمكىن.

مەركىزىي ئاسىيانىڭ يىپەك يولىدىكى جۇغراپىيىلىك قىممىتى بىقىياس ماكان، يول، بايلىق بىلەن تۇتاشقان يەنە بىر موھىم تېماتىكا. ئۇ ئاددىغىنا يول، قانال، كۆۋرۈكلا بولماستىن، بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك جەمئىيىتى، ماھماندوستلىقى، ئاۋات بازىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى، يەر ئاستى ۋە تەبىئىي بايلىقلىرى بىلەنمۇ بىر مەپتۇنكار ديار ئىدى. يىپەك يولىدا ئەڭ قىيىن ئۆتكەل بولغان پامىر تېغى كوئىنلۇن ۋە تەڭرىتاغنىڭ ئارىسىغا جايلاشقاچقا، تولا ھاللاردا بۇ تاغ ئېغىزلىرىنىڭ ئېتىلىشى پۈتۈن يىپەك يولىنى ئىككى پارچىگە ئايرىۋەتتى. ھازىرمۇ يىپەك يولىنىڭ قايتا گۈللىنىشى يەنىلا مۇشۇ تاغ يوللىرىنى ئېچىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، تارىخنىڭ كېيىنكى قاتلاملىرى ئۈچۈن بۇ تاغلار ۋە ئۇنىڭ ئېتىكىدىكى تەكلىماكاندەك قۇم دېڭىزلىرى بەلكى يۇشۇرۇن بارلىق خەزىنىلىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مەركىزىي ئاسىيانىڭ يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى قىممىتى ئۇنىڭ دۇنياۋى- سىنكرتىك مەدەنىيەت يارىتىشتىكى ئىجادىي ئىقتىدارىغا قارىتىلغان. بۇ تېخى تەتقىق قىلىنمىغان كاتتا ماۋزۇ.

مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدە يەرلىك مىللىي مەدەنىيەت بىلەن چەتتىن قوبۇل قىلىنغان مەدەنىيەت، ھەتتا دۇنياغا يۈزلەنگەن مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى (مەسىلەن، كرېك پەلسەپىسى، ئىسلام مۇتەززىلىمى، مانىزىم ئەقىدىلىرى، بۇددىزم ۋە ئىسلام تەركىدۇنياچىلىقى، ھىندىستان ماتېماتىكىسى، گالېن تېبابەتچىلىكى، ئىسلام بىناكارلىقى، خەنزۇ ئىبارىلىرى) بولۇۋپلا قالماستىن، يەنە ئۆزى سىنكرتلاشتۇرغان، ھەتتا دۇنياغا يۈزلەنگەن ياكى دۇنياغا يۈزلەنگەن مەدەنىيەت تىپلىرىغا سالماقلىق ھەسسە قوشقان مەدەنىيەت- سەنئەت ئۇسلۇبلىرى، نەزىرىيىلىرى، سىستېمىلىرى بولغان. سىكتاي مېتال ھۈنەرسازلىقى، كۈسەن تەسۋىرى سەنئەت ئۇسلۇبى (ئىستىلى) سۇجۇپ- فارابى كۈيشۇناسلىق نەزەرىيىسى، خارازمى- فەرغانە- برونى- ئۇلۇغبېك ئاسترو- ماتېماتىكىسى، ئىبىن سىنا تېبابەتچىلىكى، كومراجىۋا ۋەكىللىكىدىكى بۇددا تەرجىمىچىلىكى، پۈتۈن يىپەك يولى پېرسوناجلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «خەمسە» چىلىك، فارابى- يۈسۈپ خاس ھاجىپ- نەۋائىي غايىۋى جەمئىيەت قاراشلىرىنى ئۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇلار كۈچلۈك دۇنياۋى قىممەت، سىلىشتۇرما مەدەنىيەت قىممىتى، ئومۇمىي ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى قىممىتى ھاسىل قىلغان.

11

يىپەك يولى شەرق بىلەن غەرپ ئۈچۈنمۇ، مەركىزىي ئاسىيا ئۈچۈنمۇ «ھايات سۈيى»، «گۈللەش ھاۋاسى»، تەرەققىيات دۇنگاتىلى بولدى. يىپەك يولى گۈللەنگەن ۋاقىتلاردا، مەركىزىي ئاسىيا مەيلى شەھەر مەدەنىيىتى، مەيلى ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت، مەيلى تۇرمۇش مەدەنىيىتى جەھەتتىن بولمىسۇن، ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. مەركىزىي ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي تارمىقى تەبىئىي ئىگىلىك خاراكتېرىدىكى ئادەتتىكى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن ھالقىپ، خەلئارا سودا ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان ھۈنەرۋەنچىلىك، دورا ماتېرىياللىرى ۋە باغۋەنچىلىك خاراكتېرىنى ئالغانىدى. لۆي گۈۋ ئېلىپ كەتكەن كۆسەن خانلىق سارىيى ۋە بىر قاتار بۇددا تاشكېمىرلىرى خەلئارا سودا ۋە باج كىرىملىرى، يىپەككە ئىش قوشۇپ ئۇنى غەربىي لىنىيىدە سېتىشتىن كەلگەن كىرىملەر، يەرلىك مەھسۇلات ۋە ئات سودىسى كىرىملىرى بىلەن بەرپا قىلىنغانىدى. بۇ تاش كېمىرلەر سان –سۈپەتتە باميان- قەندىھار تاشكېمىرلىرىدىن كۆپ ئىدى، ئۈستۈن ئىدى، نۇرغۇن مەبلەغسىز بۇنداق ھەشەم بىناكارلىق ۋە سەنئەت مۆجىزىلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىلا بىرقانچە تاشكېمىر ياساش ھاكىمىيەت خەزىنىسىگە ئېغىر مالىيە قىيىنچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئىدىقۇتتىن خويلىن ئاكادېمىيىسىگە قاتناشقان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ كۆپلىكى، موڭغۇل ھاكىمىيىتىنىڭ ئوتتۇرا دىيار ۋە غەربىي ئاسىيا بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر زىيالىلىرىغا يۆلەنگەنلىكى، يىپەك يولى گۈللەنگەن زاماندا مەركىزىي ئاسىيانىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ زور ئىلگىرلىگەنلىكى، كۇشان- كۆسەن مەدەنىيەت تىپى، سۇي- تاڭ مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئەرەپ مەدەنىيەت تىپىگە غايەت غوللۇق ياكى كاتتا سالماقلىق تۆھپە قوشالىغانلىقى سەۋەپسىز ئەمەس ئىدى. يىپەك يولى ــ مەركىزىي ئاسىيانىڭ نىجادىيىتى، تارىخنىڭ يەكۈنى ئەنە شۇ!

12

سالجۇق تۈركلىرىنىڭ ۋىزانتىيىنى ئىشغال قىلىشى بىلەن رىم، ئىسپانىيە، پورتىگالىيە قاتارلىق غەربىي ياۋرۇپا ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادى ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. يىپەك يولى ئېتىلىپ قالغانىدى. 1492-يىلى ئىسپانىيە ئادمىراللىرى بىر زاماندىكى ئەرەپ سەركەردىسى جەبەلئەل تەرىق نامىغا قويۇلغان گىبرالتار بوغۇزىدىن ئافرىقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، سالجۇق مۇسۇلمان تۈركلىرى ئىشغالىيىتىدە بولمىغان ھىندىستان پورتى ئارقىلىق

يىپەك يولىغا چىقماق بولىدى. رىم پاپىسى بېشىدىكى تىئارا تاجنى ھەربىي دۇبۇلغىغا ئالماشتۇردى. دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ۋە دىنىي ئىسلاھات دولقۇنى قوزغالدى. نۇرغۇن دېڭىز مەغلۇبىيەتلىرىدىن كېيىن، يېڭى قىتئە- ئامېرىكا قىتئەسى تېپىلدى، بۇ قىتئەگە يىپەك يولىدا جەمغۇرلانغان ئاساسىي مەدەنىيەت ئەۋرىشكىلىرى كۆچۈرۈلدى. مانا بۇلار، ھەتتا جۇڭگوغا قىلىنغان ئەپيۇن ئۇرۇشىغىچە بولغان خىرسلار يىپەك يولىنىڭ توسۇلۇشى بىلەن باغلىق ھالدا مەيدانغا چىقتى.

دېڭىز- قاتناش ئالاقىلىرى، يېڭى جۇغراپىيىلىك ئېچىلىشلار يىپەك يولىنى خاراپلاشتۇرۇپ قويدى، ئات- تۆگىدىن قۇلاي بولغان دېڭىز –ئوكيان ئالاقىلىرى ئۈستۈنلۈك ئالغان يېقىنقى زامان قاتنىشى دەۋرى ۋە شۇنىڭغا ئەگەشكەن دېڭىز ساھىللىرىدا چوڭ پورت- پرستان ۋە ئىقتىساد مەركەزلىرىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى باشلاندى. يېڭى ئېچىلغان دېڭىز ساھىللىرى ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

تارىخ ھازىر يەنە ئۆز خوتنىنى ئۆزگەرتىشكە يۈزلەنمەكتە. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە پەن- تېخنىكا زۆرۈرىيەتلىرى ئىلگىرىكى تۆگە كارۋانلىرىغا تايىنىدىغان يىپەك يولى ئالاقىلىرى ئورنىغا زامانىۋى تاشيول، خەلقئارا تۆمۈر يول، ھاۋا يولى ۋە مېتال دىرجابىلنى ۋاستە قىلغان يېڭى يىپەك يولىنى تىكلەشنى تەقەززا قىلماقتا. بۇنداق يېڭى مۇمكىنچىلىك ئالدىدا دېڭىز- ئوكيان قاتنىشى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشكىسى.

«كەلگۈسى» يەنىلا بۇ يەردىن باشلىنىدۇ! بۇ، ئىلگىرىكى مۇشكۈل ئات- تۆگە كارۋان يولىنىڭ ئىنكار قىلىنىشى، دېڭىز قاراقچىلىرى ۋە سىمابتەك سۇ توسقۇنلىرى بىلەن تولغان دېڭىز –ئوكيان يولىنىڭ يەنمۇ ئىنكار قىلىنىشى بولۇپ، يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىنى بىشارەت قىلىدۇ. ئىنسانىيەت ئاھالىسى، بايلىقى، ئېھتىياجلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى جايلاشقان ئاسىيا- ياۋرۇپا- ئافرىقا ئارىسىدىكى يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىنىشىنى توسىدىغان كۈچ مەۋجۇت ئەمەس. بۇ يىپەك يولى تەتقىقاتىنى رايونلار، مەملىكەتلەر تەرەققىياتى پىلانىدا ئەڭ مۇھىم ئەمەلىي، نەزەرىيىۋى، تارىخىي ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ئالدى بىلەن خەلقئارا سودا ۋە پۇل مۇئامىلىسىنى ئاساس قىلغان قىزغىنلىق بىلەن باشلىنىدىغانلىقى تەبىئىي. ئەمما، ئۇ ئۆز تەرەققىياتىدا ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، مەنىۋى كامالەت تەلەپلىرىنىڭ تارىخىي تەقەززاسىنى داۋاملىق، بىرقانچە ئەۋلاد ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ خەلقلەر باراۋەرلىكى، ئۆزئارا مەنپەئەتدارلىقى، ھەمكارلىق ۋە ئورتاق گۈللىنىش ئاساسىدا ئىنسانىيەت تارىخىنى ئورتاق ئىقتىسادىي گەۋدە ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە باشلىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

بۇ ھال بىزدىن «يىپەك يولى ۋە مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتى» ئۈستىدە ئىلگىرىكى ئارخېئولوگىيىلىك، ئانتروپولوگىيىلىك، سەنئەت، سىلىشتۇرما ئەدەبىيات، سىياسىي، تارىخ نوقتىلىرىدىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا، ئومۇملۇقنى، ئالاھىدە بولمىغاندا بىرقاتار ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرىنى ئورتاق ھەل قىلىشنى، بۇ جەھەتتە دىنىي، جۇغراپىيىۋى، ئىرقىي، سىياسىي، تەپەككۇر قېلىپى بىرتەرەپلىمىلىكلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىلىمگە، دۇنياغا ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىدىغان ئورتاق تىلغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇ ئويلايمەنكى، مەسىلىلەر بىۋاسىتە نەزەرىيىۋى ۋە تارىخىي ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

1994-يىلى 9-ئاي، ئۈرۈمچى

# يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى

مۇقەددىمە

تارىخ ئىنسانىيەتنىڭ بىكىنمىچىلىك ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈشىنىڭ ئاخىرلىشىپ، يېڭى يېقىنلىشىش ۋە ئىقتىسادىي تەڭپۇڭلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويۇۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بەرمەكتە. قەدىمكى «يىپەك يولى» بەش ئەسىرلىك «چۆكۈپ كەتكەن كىيمە»دەك خارابىلىقتىن، «ئەسھابۇلكەھف»دەك ئۇزاق سوزۇلغان ئۇيقۇدىن خالاس بولۇپ، خۇددى ئاتەشتىن قايتا قانات قېقىپ چىققان قېقنۇستەك يېڭى گۈللىنىشكە يۈزلەنمەكتە. يېڭى دەۋردە قايتا جانلانغان «يىپەك يولى» جاھان بويىلاپ يۈز بېرىۋاتقان چېگرا ۋە يەرلىك تامۇجىنىدىن ھالقىغان خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تورىنىڭ بىر قەدەر تېز شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

«يىپەك يولى» ئىبارىسىنى گەرچە كۆپلىگەن كىشىلەر چىرايلىق تەسۋىرى ئىبارە سۈپىتىدە ئېغىزدىن چۈشۈرمەستىن لەۋھە، ۋىۋىسكا ۋە ماركا سۈپىتىدە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مۆلچەرلىگۈسىز قىممىتىنى تېخى دىيەرلىك ھېس قىلالمايدۇ.

دەرۋەقە، «يىپەك يولى» شۆھرەتلىك ئىبارە، ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000- يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن تاكى مىلادىدىن كېيىنكى 2000- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، تەخمىنەن 2 مىڭ يىل داۋاملىشىپ 16- ئەسىرگە كەلگەندە تەدرىجى خاراپلاشقان.

ئېيتىش كېرەككى، «يىپەك يولى» ئىبارىسى رىم ـ ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ «سېرىس» (يىپەك ئېلى)غا بولغان پەۋقۇلئاددە قىزىقىشىنى ئاساس قىلىپ، يېقىنقى زامان تارىخچىلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان سىمۋول خاراكتېرلىك نام بولۇپ، ئۇ ئەرەب سەركەردىسى تەرىق بىننى جەييات تەرىپىدىن پىرىنېي يېرىم ئارىلى بىلەن ئافرىقىنى ئاجرىتىپ تۇرىدىغان «جەبەلئەل تەرىق» (گىبرالتار) بوغۇزىدىن ياپونىيەگىچە سوزۇلغان قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى غول خەلقئارا كارۋان يولىغا قارىتىلغان.

«يىپەك يولى» نامى بىلەن تامغىلانغان ئاسىيا –ياۋروپا- ئافرىقىدىن ئىبارەت ئوتتۇرا يەردېڭىزىدا گىرەلىشىدىغان «قەدىمكى چوڭ قۇرۇقلۇق»نىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي

ئـاﻻقىلىرىنى بىــرگەۋدە قىلغــان بــۇ خەلقئــارا غــول يــول پۈتــۈن ئىنســانىيەت تــارىخىي خاراكتىرلىك مەدەنىيەت بەلۋىغى ئىدى. «يىپەك يولى» ئىنسانىيەت ياراتقان رەڭگارەڭ مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئۆزىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۇلۇغ مۇقەددىمىسىنى ياراتتى. بىز بۇ ئاﻻقىلاردىن مۇستەسنا قالغان قەدىمكى ئامېرىكا بىلەن ئاۋستىرالىيە يەرلىك مەدەنىيەتكە بىر قۇر نەزەر تاشلىساقلا «قەدىمكى چوڭ قۇرۇقلۇق» مەدەنىيىتى تارىخىدا «يىپەك يولى»نىڭ قانچىلىك نۇسرەت بېغىشلىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. «يىپەك يولى» خاسىيىتىدىن ئارىئان ــ سومىر ــ ساك، خۇاشيا، بابىلئون، ئاسۇرىيە ۋە مىسىر مەدەنىيەتلىرى بىر- بىرى بىلەن ئۇچراشقان؛ «يىپەك يولى» شاراپىتىدىن گرېك ــ رىم، كۇشان ــ كۇسەن، سۇي ــ تاڭ، ئەرەپ مەدەنىيەت ئۆركەشلىرى مەيدانغا كېلىپ، ياۋرۇپا مەدەنىيەت ئويغۇنىشىنىڭ ئۇرۇقى تېرىلغان؛ «يىپەك يولى» تۈپەيلىدىن سىكتاي ــ ماساگىتاي (ئۇلۇغ ساك) مېتالچىلىقى، ئېلىمىزنىڭ تۆت چوڭ كەشپىياتى، ھىندى رەقەملىرى، گرېك سەنئىتى، بابىلئون يېزىقچىلىقى، ئىبىن سىنا تىبابەتچىلىكى بىلەن بۇددا ـ خرىستىئان ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى ئالەمشۇمۇل تۈسكە ئىگە بولغان.

## مۇھاكىمە

«يىپەك يولى» ـ ئۇلۇغ ۋە ھوسۇلدار يول ئىدى. ئۇ قەدىمكى ئاتلىقلار يولى ئاساسىدا تىزما ھاسىل قىلغان. «يىپەك يولى» ھەممىدىن ئىلگىرى سودا – تىجارەت يولى ئىدى. بۇ يولدا گەرچە سەركەردىلەر بىلەن دىنىي ئۆلىما –راھىبلار كۆپ قېتىم قاتنىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاساسلىقى بۇ يولدا سۆدىگەرلەر قاتنىدى. سودا –تىجارەتنىڭ 2 مىڭ يىللىق ئەمەلىيىتى سودىگەرلەرنىڭ ئىككى چوڭ تىپقا بۆلۈنىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ھىندىستان ۋە ۋىزانتىيە سودىگەرلىرىدەك تۇرغۇن- ھەتتارچى سودا- تىجارەتچىلەر، ئىككىنچىسى، بۇنداق تۇرغۇن ياكى چاھار بازار (تار دائىرىلىك سەييارە) تىجارىتىدىن باشقا، ئاساسلىقى يۈرگۈن- كارۋانچى سودىگەرلەرنىڭ ئاۋانگارتلىرى ئىدى. ئۇلار جۇغراپىيىچى سۈپىتىدە جاھان كېزىپ، تاغ –داۋانلاردىن ھالقىپ، قاراقچىلار بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلۇغ ئىقتىسادىي قانالنى قىش- ياز راۋان قىلىپ تۇراتتى.

«يىپەك يولى» ــ دوستلۇق يولى، دىن- سەنئەت- مەدەنىيەت يولى، ئىلىم ۋە ھېكمەت يولى ئىدى. مۇشۇ يول تۈپەيلىدىن پىفاگور ھىندىستان ماتېماتىكىسىدىن، ئەپلاتون مىسىر ھاكىمىيەتچىلىكىدىن، ھېپوگرات سىكتاي تىبابەتچىلىكىدىن خەۋەردار

ئىدى. مەركىزىي ئاسىيا يۇق كىيىملىرى بابىلئۇندىن، ئىزوپ مەسەللىرى ئىدىقۇتتىن، مانى ئىبادەتخانىسى لوياڭدىن، ئىۋرىپىدىس تراگېدىيىلىرى يەتتە سۇدىكى كوستانىيدىن، چىن فارفۇرلىرى مىسىردىن تېپىلدى.

«يىپەك يولى» ئىۆزى تۇتاشتۇرغان ئۈچ قىتئەدىكى كۆپلىگەن خەلقلەرگە ئاۋاتلىق ئېلىپ كەلدى. ئېلىمىزنىڭ «يىپەك يولى» باغرىدىكى شىمالىي قىسمى تېز راۋاجلاندى، پايتەختلەر تاكى يېقىنقى زامانغىچە خۇاڭخې ۋادىسىدىن ماكان تۇتتى. مەشھۇر سودا-سارايلىرى، مەدەنىيەت مۇئەسسەلىرى مۇشۇ يول ۋادىسىغا جايلاشتى. دۇنياغا داڭلىق سۈي-تاڭ مەدەنىيىتىمۇ، ئەڭ چوڭ خەلقئارا سودا قوۋۇقلىرىمۇ مۇشۇ قانال ساھىلىدا ئېتەك يايغان. جۇڭگو بۇددىزم مەدەنىيىتى مۇشۇ يولدا شەكىللەنگەن ۋە يىراق شەرققە تارقالغان.

«يىپەك يولى» غەربىي دىيارلىقلارنى بېيىتقان، تېخىمۇ مەرىپەتلىك قىلغان. «يىپەك يولى» غەربىي دىيارلىقلارنى ئاددىغىنا تېرىقچى ۋە ھۈنەرۋەن، يەرلىك تىجارەتچى ئەمەس، بەلكى خەلقئارا سودا تىجارەت ماھىرلىرىدىن قىلمىغان بولسا، خوتەن، يەكەن، قەشقەر، كۇسەن، لوپنۇر، شورچۇق قوچو بۇددا تاشكېمىرلىرىدەك تولىمۇ پۇلپەز سەنئەت سارايلىرىنىڭ مايدانغا كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. شىمالىي ۋېي سولالىسى دەۋرىدىكى بىرقانچە تاشكېمىرنى قېزىپ، بۇددىزم سەنئەت خەزىنىسى قىلىشقا كەتكەن چىقىم ئوردىنى چۆچۈتكەنىدى. لۈي گۇاڭ كۇسەننى ئىگىلىگەندە 20 مىڭ تۇياق ئات-خېچىرغا ئاران خانلىق سارىيىنىڭ بىر قىسىم جاۋاھىراتلىرىنىلا ئېلىپ كېتەلىگەنىدى. لېكوك مىڭ ئۆيلەردىكى كۆك بوياقلار ياۋروپادا مەدەنىيەت ئويغۇنىشى دەۋرىدە ئالتۇن بىلەن باراۋەر قىممەتتە ئېلىپ كېتىلىپ چىركاۋ ۋە قەسىرلەر زىننەتلەنگەن، دەپ يازغانىدى. دەرۋەقە، «يىپەك يولى» مۇناسىۋەتلىرى، سودا رىقابەتلىرى تۈرك- ۋىزانتىيە ئىتتىپاقى ۋە ئۇلار بىلەن ئىران زىددىيەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، ئەھلى سەلىب ئۇرۇشلىرىغىمۇ تۈرتكە بولغانىدى. ئەرەپ- خىراستىيان ئەللىرى ئارىسىدىكى بىرنەچچە قېتىملىق ئۇزاققا سوزۇلغان جەڭلەر نەتىجىسىدە غەربىي ئاسىياغا توپلانغان مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغۇنىشىغا ئۇل سالدى. سالجۇق تۈركلىرىنىڭ ۋىزانتىيىنى ئىشغال قىلىشى بىلەن ياۋروپا بىلەن ئاسىيا ئارىسىدىكى «يىپەك يولى» ئالاقىلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويىدىكى ياۋروپا سودىگەرلىرى ئېغىر بوھرانغا ئۇچرىدى. نەتىجىدە 1492-يىلى ئىسپانىيە ئادمىراللىرى گىبرالتار بوغۇزىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تۈركىيلىكلەر تەسىرىدە بولمىغان ھىندىستان ئارقىلىق «يىپەك يولى»غا چىقىش يولىنى ئىزدىدى. ئەھۋال خۇددى تاڭ سولالىسى زامانىدا غەربىي

دىيارنىڭ جەنۇبى قانتنى تۇبۇتلىكلەر ئىشغال قىلىۋالغانلىقى سەۋەپلىك، «يىپەك يولى»نىڭ بۇ يەردىكى لىنىيىسى ئۇرخۇن ۋادىسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈدىغان «ئۇيغۇر يولى»نى ئاساس غول قىلغانغا ئوخشاپ قالغاندى. گېنويا دېڭىزچىلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، كولومبونىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دېڭىزچىلارنىڭ «يىپەك يولى»نى ئىزدەش سەپىرىدە ئامېرىكا قىتئەسىنى بايقىشىدەك غايەت زور جۇغراپىيىلىك مۆجىزە يۈز بەردى. رىملىقلار ئىسپانىيە ۋە پورتىگالىيىلىك سودىگەرلەردىن كۆزى قىزىرىشقا باشلىدى، دۆلەتتە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئېغىرلىشىپ، بۇلاڭچىلىق ۋە قاتىللىق كۆچەيدى. ئالېكساندىر بارجىئا ئورنىغا چىققان رىم پاپاسى يولى 2 پاپالىق تاجى بولغان تىئارانىڭ ئورنىغا دوبۇلغا كىيىپ گېنېرال بولدى ۋە «يىپەك يولى»دىن يېڭى ئىقتىسادىي قىممەت ئىزدىدى. ياۋرۇپانىڭ مەركىزىي قىسمىدا دىقانلار قوزغالدى، ليۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھاتى ھەركىتى مەيدانغا كەلدى.

«يىپەك يولى»نىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى يېڭى قىتئە ئامېرىكىغا ئىلگىرىكى بەدىۋىلىك دەۋرىدە تۇرغان ئىنكلار، ئاستېكلار مەدەنىيىتىدىن ئاللىقانداق ئۈستۈن «ياۋرۇپا مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان مۇجەسسەم «يىپەك يولى» خەزىنىلىرى كۆچۈرۈلدى. بۇ ھادىسە ئاۋستىرالىيىدىمۇ تەكرارلاندى. بۇ ھەقتە ئامېرىكا تارىخچىسى مىكرووىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئامېرىكا مەدەنىيىتى كىرېك- رىمنى ئاساس قىلغان ياۋرۇپادىن ئېلىنغان دېگەن ئىلگىرىكى قاراشلارنىڭ كۈلكىلىك ئەپسانە ئىكەنلىكىنى مەردانىلىك بىلەن يازغاندى. شۇنداق، «يىپەك يولى»نىڭ خاراپلىششى، دېڭىز- ئوكيان قاتنىشىنىڭ كۈچىيىشى يېقىنقى 4-5 ئەسىرلىك «ياۋرۇپا ئىلغار»، «ئاسىيا قالاق»لىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھىدايىتۇللا ئافاق خوجا نىزالىرىدىن تاكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تەك ھوقۇقسىز شەرتنامىلەر ئۇنىڭ بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت ماكانىدىكى بىر قاتار پاجىئەلىرىگە مۇقەددىمە بولدى.

قېنى كىممۇ «يىپەك يولى»نىڭ ئالەمشۇمۇل ئىقتىسادىي قىممىتىنى بىرەلەيدىكىن؟!

«يىپەك يولى»نىڭ گۈللىنىشى = ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەڭدىن تولىسى - ئاسىيانىڭ ئارقىدا قالغانلىقى = «يىپەك يولى»نىڭ خاراپلىششى!

## خاتىمە

«يىپەك يولى»نى دېڭىز ئوكيان قاتنىشى بىر چەتكە چىقىرىۋەتتى. گەرچە قەدىمكى «يىپەك يولى»نىڭ خارابلىششىدا بىر قاتار باشقا سەۋەپلەر بولسىمۇ، مۇھىمى، بىرىنچى، قاتناش كۈچى ئەھۋالى ئۆزگىرىپ كەتتى. كېمە- پاراخوت دەۋرى تۆگە –ئات كارۋان

دەۋرنى ئاللىقاياقلارغا ئىرغىتىۋەتتى. دېڭىز ساھىلىدا نەچچە مىڭ يىللار قاراڭغۇلۇقتا قالغان جايلار، ئاراللارنىڭ گۈللەش دەۋرى باشلاندى. ئىقتىسادىي مەركەزلەر پېرىستانلارغا جايلاشتى. سىياسىي مەركەزلەرمۇ چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى كارۋان يولى لىنىيىسىدىن دېڭىزغا يېقىن جايلارغا يۆتكەلدى. «ئالدىنقى سەپ»، «ئارقا سەپ» چۈشەنچىلىرى ئالماشتى. ئىلمىزدىمۇ خۇاڭخې ۋادىسى جۇجىياڭ ۋە چاڭجىياڭ ئېغىزى ساھىلىدىن كېيىن قالدى. ئۇيغۇرلار ئۆزى ياراتقان پارلاق مەدەنىيەتنى ئۆزى تونۇيالمايدىغان، تارىخىي قۇرۇلۇش يادىكارلىقلىرىنى ئوغۇت قىلىدىغان جاھالەت بەندىلىرىگە ئايلاندى. بىز دەل ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بىر ئەۋلادى ئىكەنلىكىمىزنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمىز!

خارابىلەشكەن «يىپەك يولى» قايتا جانلاندى!

«قاناتلىق تۆگە» ئوبرازى شاھمات تاختىسىغا چۈشتى. تارىخ يەنە بىر قېتىم پەسىل يۆتكەشكە كىرىشتى. مەن ئىشىنىمەنكى، ئىنسانىيەت ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ قۇرۇقلۇق قاتناش دەۋرىگە، ئىككىنچى قېتىملىق «يىپەك يولى» دەۋرىگە قەدەم قويىدى! ئەمەلىيەتتە، دېڭىز- ئوكيان يوللىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، دېڭىز- ئوكياندىكى سىمابتەك ئېغىر سۇ توسقۇنلىرىنى يىرىپ ئىلگىرلەشتىن كۆپ قۇلايلىق بولغان زامانىۋى تېز سۈرئەتلىك تاشيول، تۆمۈريول ۋە ھاۋا يولى قاتنىشى ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتىدىغان يېڭى تارىخىي ئېرانى ئالدىن سەزمەسلىك پاراسەتسىزلىك، يىراقنى كۆرەلمەسلىك بولۇپ قالماقتا.

«يىپەك يولى»نىڭ قايتا ئېچىلىشى بىر قاتار ھادىسىلەرنى «سۈرەت» (كۆرۈنۈش) قىلغان ماھىيەتلىك تارىخىي مۇقەررەرلىك. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەتكە قاراپ داۋاملىق راۋاجلىنىشىنىڭ مۇھىم رىلىسى، ئۇ ئاددىيلا ئاتنىڭ ئۆزگىرىشى ئېلىپ بېرىشىنى، بىز قىياس قىلالمىغان ۋە كەلگۈسىدە ئومۇمىي تەرەققىيات تەلەپ قىلىدىغان ئاتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

«يىپەك يولى»نىڭ قايتا ئېچىلىشى كۆپ رايون، كۆپ دۆلەتلەرگە ئالاقىدار خەلقئارا ۋەقە، ئۇ دوستلۇق ۋە رىقابەت ئىچىدە راۋاجلىنىدۇ. قەدىمكى «يىپەك يولى»دا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، چىڭگىزخاننىڭ ئىستىلاچى يۈرۈشلىرىنى مەسخىرىگە ئايلاندۇرىۋەتكەن — «يىپەك يولى» ئورتاق گۈللىنىش يولى بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

«يىپەك يولى»نىڭ قايتا ئېچىلىشى ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەتنىڭ، مەنپەئەت بىلەن ئەدەپ –ئەخلاقنىڭ بىللە راۋاجلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئىشنىڭ بېشىدا «ئەدەپ» ئەمەس، «پۇل»نىڭ داۋرىڭى كۆپ بولۇشى، يېڭى «يىپەك يولى» خاتا مۆلچەرلىنىشى، بىر قىسىم «قەلب»لەر نابۇت بولۇشى مۇمكىن. بۇنى «يىپەك يولى» تارىخى

تۈزۈتۈپ بارىدۇ. روشەنكى، تارىخنىڭ مەقسىدى ئالتۇن خەزىنە ۋە ئاقچا خامىنى تىكلەش ئەمەس.

يېڭى «يىپەك يولى» ئېچىلدى. «قاناتلىق تۆگە» پەرۋازغا چۈشتى. «ئاكىيۇ» روھىمۇ، «مەتنىياز» روھىمۇ، «تۆگە قۇشى» روھىمۇ ئەمدى ئەسقاتمايدۇ! ئىنسانىيەت ئەقلى بىرقانچە مىڭ يىللىق ئىزدىنىشتىن شۇ بىر ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتىكى، ئىنسان پەقەت «ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالىغان»دىلا ئاندىن «ئۆز- ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ». مانا بۇ يېڭى «يىپەك يولى»نىڭ تارىخىي ھېكمىتى!

1993-يىلى 3-ئاي.

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھمەد يەسسەۋى ۋە يەسسەۋىچىلىك

ئەھمەد يەسسەۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە- ئىدىيە تارىخىدىكى موھىم شەخس. ئەھمەد يەسسەۋى سوپىزمنىڭ روھانىيەتچىل تەركىدۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان يەسەۋىيە- جەھرىيە- قادىرىيە ئېقىمىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئىران ۋە ئىسلام شەرقىدىكى تەئەسسۇپ پىكىر ئېقىمى تارىخىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتقان.

ئەھمەد يەسسەۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قوشاق شەكلى بىلەن يەسسەۋىزملىق سوپىزم ئىدىيىلىرىنى تۈزىجى بولۇپ بايان قىلىپ، دىنىي روھانىيەتچىل ئەدەبىياتنىڭ موھىم بىر ئۆلگىسىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ساپ ئۇيغۇر جانلىق خەلق تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرى قارىخانىلار دەۋرىدىكى تۇغدار «خاقانىيە تىلى» بىلەن «چاغىتاي ئەدەبىياتى»نى تۇتاشتۇرىدىغان موھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە مۇئەييەن تارىخى قىممەت ياراتتى.

## 1.ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ هايات پائالىيىتى

ئەھمەد يەسسەۋى تەخمىنەن 11- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىلار سولالىسىگە قاراشلىق يەتتە سۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ بىرى بولغان تۈركىستان- يەسسەۋى دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بوۋىسى مەھمۇد بولۇپ، دادىسى سايرام شەھرىنىڭ شەيخلىرىدىن ئىبرايىم يەسسەۋى دىگەن كىشى، ئانىسى قاراچاچ ئانا دېگەن ئايال ئىدى.

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ باللىق چاغلىرى سايرامدا ئۆتكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم شەيخ ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئارسلان بابا ئىسىملىك ئىشاننىڭ قولىدا داۋاملىق تەربىيەلەندى. ئۇ كىشى قازا تاپقاندىن كېيىن، ئۇ، سايرام شەھرىدىن بۇخارا شەھرىگە كېلىپ، مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى شەيخ يۈسۈپ ھەمەدانىنىڭ تەربىيىسىدە بولدى. يۈسۈپ ھەمەدانى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ مەشھۇر ئىشاننىڭ ئورنىدا ئەھمەد يەسسەۋى خەلىپىلىك قىلىپ، داڭق چىقاردى. بۇ جەريانىدا، ئەھمەد يەسسەۋى تولىمۇ تەركىدۇنيالىق

بىلەن تولغان كۆزقاراشلىرىنىڭ- يەسسەۋىچىلىك ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن.
ئەھمەد يەسسەۋى مەشھۇر تەسسەۋۋۇپچى ئىشان سۇپىتىدە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، شەيخلىق پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، شۇنچىلىك زور شۆھرەت قازاندىكى، ھەتتا «مەدىنىدە مۇھەممەد، تۈركىستاندا خوجا ئەھمەد» دېگەن سۆزلەر تارالغان.
ئەھمەد يەسسەۋى ئۆز يۇرتىدا- يەسسىدە (تۈركىستاندا) 1166-يىلى ۋاپات قىلغان. ئۇنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكى سىرلىق رىۋايەتلەر بىلەن يوشۇرۇنغان. ئېيتىشلارغا قېرىغاندا، ئۇ گەرچە مۇھەممەد پەيغەمبەردىن ئارتۇق ياشىماسلىقنى ئارزۇلاپ، 63 يېشىدا شامگۆرگە كىرىپ، روزا تۇتۇپ، ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىككى پەيغەمبەر يېشى- 130 يىل ئۆمۈر كۆرگەن.
تۈركىستان شەھىرى ئەتراپىدا ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ قېرىنداشلىرى لاتىپ ئاتا، مۇستاپاقۇل ئاتا ۋە دادىسى ئىبراھىم شەيخ، ئانىسى قاراچاچ ئانىنىڭ، قىزلىرى جامال خانىم، گۆھەر خۇشتار خانىمنىڭ قەبرىلىرى جايلاشقان. ئەلشىر ناۋائىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس»، «نەسائىمۇل مۇھەببەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۇچۇر قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىيات كلاسسىكلىرىدىن شەيخزادە ئاتايى ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئىسمايىل ئاتىنىڭ ئوغلى ھېساپلانغان.
ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ قەبرىسى ۋە يەسسەۋىلەرگە ئائىت مول مال-مۈلۈكلەر ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ (جۇجىخان ئولۇسىنىڭ) خانلىرىدىن توختامىشخان تەرىپىدىن بۇلاپ تالانغاندى. تۆمۈرلەڭ توختامىشخان ئۈستىدىن جەڭدە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن 1397 -1395 - يىللىرى بۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، يەسسەۋىلەر قەبرىلىرىنى كېڭەيتىپ، نەقىشلەپ ياساتقۇزدى. ئەھمەد يەسسەۋى قەبرىستانلىقى 1980 - يىللاردا يەنە قايتا رېمونت قىلىنىپ، خالقئارا سەيلى- ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلدى.

## 2.ئەھمەد يەسسەۋى ئىدىيىسىنىڭ مەنبەلىرى

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ سوپىزىملىق قاراشلىرى مەنبەسىز ھالدا تاسادىپى شەكىللەنگەن ئەمەس.
ئەھمەد يەسسەۋى ئىدىيىلىرىگە خاراكتېرلىك مەنبە بولغان نەرسە ئىسلام شەرقىدىكى روھانىيەتچىل سوپىزىم ۋە بۇددىزىملىق (سونىياتاچىلىق- تەركىدۇنياچىلىق) پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت.
مەلۇمكى، سوپىزىملىق قاراشنىڭ رەسمىي مەنبەلەردىكى ئەڭ دەسلەپكى نامايەندىسى

ئايال روپاش لەبىر ئەدەۋىيە (801- 717) دېيىلمەكتە. ئۇ چوقۇم مۇھەممەد پەيغەمبەرنى كۆرگەنلىكى ۋە مەنىۋى ياقتىن تەگرى بىلەن قوشۇلغانلىقىنى ئېيتقان.

سوپىزىم تارىخىدا، ئەبۇل مۇخىس ئەل ھۆسەيىن ئىبىن مەنسۇر ئىبىن مۇھەممەد ئەل بەيدەۋى ئەل ھەللاجى (858- 922) ئالاھىدە تەسىرلىك ئورۇن تۇتقان. لەبىر ئەدەۋىيەدىن ھەللاجغىچە ئىبىن ئەل ئەرەبى، ئىبرايىم ئەدھەم، جۇنەيدىل باغدادى قاتارلىق مەشھۇر سوپىزىم ۋەكىللىرى ئۆتكەن. مەنسۇر ھەللاجى ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكى كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، 873- 897- يىللىرى جۇنەيدىل باغدادىدىن سوپىزىملىق تەلىم ئالغان. ئۇ ئىران، ھىندىستان، خوراسان، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئايلىنىپ، 908-يىلى باغداتقا كەلگەن ۋە 922-يىلى 26- مارتتا خەلىپە مۇقتەدىر تەرىپىدىن دارغا ئېسىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، باباكوھى (1050-؟) ئابدۇللا ئەنسارى (1088- 1002)، ئابدۇلمەجىد سەنائى (1190-؟) مۇھەممەد غەززامى (1111-1058) قاتارلىق مەشھۇر روھانىيەتچىل سوپىلار مەيدانغا كەلدى.

يۈسۈپ ھەمەدانى موزدۇز ئىدى. ئۇ بۇخارا- سەمەرقەند مۇداپىئە جەڭلىرىگە قاتناشقان. ئۇ، خەلققە ۋە ئۆز يۇرتىغا يېقىن ھسسياتتا ئىدى. ئۇ، ھۈنەر ئەمگەكنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئابدۇخالىق غىژدىۋانى (بۇخارا يېنىدىكى ھازىرقى غىژدىۋانى) يۈسۈپ ھەمەدانىنىڭ بۇ خىل رىياللىقنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمىغان قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئەھمەد يەسسەۋي بولسا ئۇچىغا چىققان تەركىدۇنياچىلىق يولىنى بويلاپ ماڭدى.

بۇددىزىم تەركىدۇنياچىلىق ئاساسىغا قۇرۇلغاندى. ئۇ رىيال دۇنيا «چەكسىز ئازاپ» دېگەن قاراشنى چىقىش قىلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش نىجادىيىتىنى ئىزدەش ئاساسىدا ئۆز تەلىماتىنى ئۇيۇشتۇرغان. ئۇ پەقەت نىرۋانا دۇنياسىدىلا ئازاپتىن قۇتۇلۇش مۇمكىن، دەپ قارىغان. بۇ دۇنيانى «قۇرۇق» ئەرزىمەس، ھەقىقى دۇنيا پەقەت نىرۋانا دېگەن قاراش بۇددىزىم پەلسەپىسىنىڭ نېگىزلىرىدىن ھېساپلىناتتى.

بۇددىزىمنىڭ تەركى دۇنياچىلىق ئەنئەنىسى ئوتتۇرا ئاسىيا- شىنجاڭ رايونىدا كەڭ تارقالغان، ھەتتا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى زاھىد ئۇدغۇرمىش ئوبرازىدا مۇنداق بۇددىزىمچە تەركىدۇنياچىلىق ئىسلام سوپىزىمى شەكلىنى ئالغاندى.

ئەھمەد يەسسەۋى ۋە ئۇنىڭ سۇلايمان بەقىراغانى، سەئىد ئاتا، باباماچىن قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ روھانىيەتچىل سوپىستىك قاراشلىرىنى چىڭگىزخان ئىستىلاچىلىقى كۈچەيگەن ۋە ئىقتىسادى خانىۋەيرانلىق ئېغىرلاشقان، فېئودالىزمنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچى ئېغىر بۆھرانغا تولغان زاماندا تېخىمۇ ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى بىلەن تولۇقلاپ، رەسمىي يەسەۋىچىلىك

ئېقىمى ئىزنغا سالدى: يەسەۋىچىلىك بىر مەزگىل رەسمىي ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن بىللە
ھۆكۈمران دىنىي ئىدىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى.

## 3.يەسسەۋىچىلىك دەستۇرى- «دىۋان ھېكمەت»

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ سوپىزىملىق ئىدىيىسى ئۇنىڭ «دىۋان ھېكمەت» (پەلسەپىلىك شېئىرلار) ناملىق ئەسىرىدە مەرگەزلىك ئىپادىلەنگەن.

«دىۋان ھېكمەت» جانلىق، ئاھاڭدار ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بويىچە يېزىلغان تەسەۋۋۇپ دەستۇرى بولۇپ، ئۇنىڭ سوپىزىملىق ئىدىيە ۋە ئۇيغۇر شېئىرىي شەكلى ئىككى گەۋدىلىك قىممەت ياراتقان. ئۇنى ھەم ئەدەبىيات ھەم پەلسەپە- ئىدىيە نوقتىسىدىن تەتقىق قىلىش مۇمكىن.

ئەھمەت يەسسەۋى دۇنيانىڭ ماھىيىتى ئىنساننىڭ ماھىيىتىدۇر. ئىنساننىڭ ماھىيىتى دۇنيانىڭ ماھىيىتىدۇر، ئىنساننىڭ ياشاشتىن مەخسىدى، مۇشۇ ماھىيەتنى بىلىش- ھەقىقەتكە ئېرىشمەك دەيدۇ.

ئەھمەد يەسسەۋى ھەقىقى يول- سوپىزىملىق يولىدۇر، ھەقىقى سوپى- دانا بولۇش ئۈچۈن، تۆت باسقۇچلۇق ھېكمەت (پەلسەپە)دىن خەۋەردار بولۇش لازىم، دەپ قارىغان. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1.ئىسلام قائىدە- نىزامى بولغان شەرىئەتنى بىلمەكلىك؛
2.سوپىزىم تەسەۋۋۇپ پىكرىنىڭ ئاساسى بولغان تەرىقەتنى بىلمەكلىك؛
3.ئىشقى ئىلاھىيە (تەڭرىگە مۇھەببەت) بولغان مەرىپەتنى بىلمەكلىك؛
4.تەڭرى بىلەن قوشۇلۇش كۇرسى (دەرىجىسى) بولغان ھەقىقەتنى بىلمەكلىك.

ئەھمەد يەسسەۋىچە بۇ تۆت باسقۇچ سوپىلىققا كۆتۈرۈلۈشنىڭ تۆت دەرىجىسى بولۇپ، بىرىنجىسى بولمىسا ئىككىنچىسى بولمايدۇ.

روشەنكى، بۇ نوقتىدا ئەھمەد يەسسەۋى ئىسلام سوپىزىمىنى ئىدېئالىستىك جەھەتتە كامالىغا يەتكۈزدى.

ئەھمەد يەسسەۋى خۇددى بۇددىزىم ئەقىدىلىرىدىكىدەك رېئال دۇنيانى «ئازاپ دېڭىزى» دەپ قارايدۇ. ئۇ، بۇ دۇنيانى خۇنۇك، زۇلمەتلىك، ۋاپاسىز، ئۆتكۈنچى، جىنايى دۇنيا، دەپ تەشۋىق قىلىدۇ. ئۇ ئۆز نەزمىلىرىدە، ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقەت يولى پەقەت سوپىزىملىق شەرتلىرىنى ئادا قىلىپ، يالقۇنلۇق ئىشقى ئىلاھىيە ئىچىدە تەڭرى بىلەن

بىرلىششىتىن ئىبارەت. ئىلاھىي روھ ۋە ئىنسان روھى ھەر ئىككىلىسى ئىپسىل روھلار، ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى ئەڭ ئالىي بەخت، قالغان ھەممە نەرسە- مەۋجۇت نەرسىلەر، مال- مۈلۈكلەر... ھەۋەس قىلارلىق ئەمەس، بەلكى «قاباھەتلىك»، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن قاباھەتلىككى، ئۇ كىشىنى ئىشقى ئىلاھىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە ھېرىس قىلىدۇ. دەپ تەرغىپ قىلىدۇ.

ئەھمەد يەسسەۋىچە، مۇنداق سوپىزىملىق ئىستىقامەت يولى تەركىدۇنياچىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ «قاباھەتلىك» بۇ رىئال دۇنيادا «ئۆلمەستىن بۇرۇن ئۆلگەن (مەۋقۇ قەبلە ئەنتەمەۋتۇ) دەك ئۆتۈش»نى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق شېئىرى ئەسىرى ۋە ھەرقايسى «باياز» توپلاملىرىغا كىرگەن شېئىرلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ رىئال دۇنيانى پەلسەپىۋى نوقتىدىن ئەرزىمەس دەپ كەمسىتكەنلىكىدىن باشقا، ئەينى زامان موھىتىنى ئىجتىمائىي نوقتىدىن تەنقىتلەيدىغان؛ زالىملار، زوراۋانلىق قىلغۇچىلار، پارىخور ئەمەلدارلار، مال- دۇنيا غېمىدا قالغان، ئاقنى قارىغا ئايلاندۇرىدىغان قارا كۆڭۈل دىنىي كەسىپ ئەھلىلىرىنى سۆكۈدىغان پاش قىلغۇچى، رەت قىلغۇچى ئامىللار يېتەرلىك ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇ، دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، خورلانغان ئەمگەكچى خەلق ھەققىدە قىزغىن ھېسداشلىق بىلدۈرىدىغان نۇرغۇن مىسرالار تۈزگەن. بۇنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

## 4.«دىۋان ھېكمەت»نىڭ بەدىئىي قىممىتى

«دىۋان ھېكمەت» شەكلەن شېئىر ژانىرىدىكى بەدىئىي ئەسەردۇر؛ ئۇنىڭ مۇئەييەن شېئىرىي قىممىتى، شېئىرىي تارىخ قىممىتىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق ئەسىرى يالغۇز ئازاپ ئىچىدە ئىجادىيەتكە تەلپۈنگەن تۆۋەن قاتلام جامائەتچىلىكنى ئۆزىنىڭ شېرىن كەيپ قىلغۇچى دىنىي- سوپىستىك مەزمۇنى بىلەن ئارقىسىغا ئەگەشتۈرگەنلىكى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ رىئال جەمئىيەتتىكى يۇقۇرى قاتلام ھۆكۈمران تەبىقىلەرنى مەلۇم جەھەتتىن ئوچۇق- ئاشكارا پاش قىلىپ تەنقىتلەنگەنلىكى تېزپەيلى تېز تارقىلىپ، قاتتىق تەسىر پەيدا قىلىپ قالماستىن، يەنە ئۆزىنىڭ شېئىرىي رىتىمى، شەكلى ۋە تىلى تۈپەيلىدىنمۇ ئەنە شۇنداق زىلزىلە پەيدا قىلدى.

ئەھمەد يەسسەۋى سوپىستىك پىكرىنى پەررىدىن ئەتتار، جالالىدىن رۇمى، شەيخ

سەئىدىدىن ئىلگىرى شېئىرىي شەكىلگە سالدى. ئۇ پەررىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى)، جالالىدىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى رۇمى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن كۆرۈنەرلىك، پەرقلىق ھالدا ئۆز ھېكمەتلىرىنى ئاھاڭدار خەلق شېئىرىيىتى ئاساسىدا، دەرۋىشلىك، قەلەندەرلىك، خانىقا موقاملىرى رىتىمىدا ئىشلەندى. ئۇنى ئوقۇپ ساماغا ئېلىش، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىش ناھايىتى ئاسان بولۇپ، مىلودىيىلىكى كۈچلۈك ئىدى.

شۇنىسى روشەنكى، ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ شېئىرلىرى سوپىزىملىق ھېكمەت بىلەن تولغان، تولىمۇ خىتابەتلىك (رىتورىك)، ۋەزىنلىك ۋە رىتىملىك بولغان؛ ھەتتا سوپىزىم ئىدىيىسىگە قارشى كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ شېئىرىي ئاھاڭدارلىقىدىن تەسىرلەنمەي قالمايتتى. بۇ ھال ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ئۇيغۇر ئەدبىي تىلى مۇمكىنلىكلىرىدىكى بۇ بىر خەزىنىنى ئۇستىلىق بىلەن ئاچقانلىقى ئاساسىدا يۈز بەردى. بۇ يەنىلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپتىخارى ھېساپلىنىشى كېرەك.

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق ئەسىرىدە ئەڭ گۈزەل ۋە بىر قەدەر ئىلغار تېماتىك شېئىرىي مىسرالار ئۇنىڭ ئەينى زامان ھۆكۈمران تەبىقىسىنى ئىجتىمائىي جەھەتتىن پاش قىلىپ، دىنىي جەھەتتىن «جازالىغان». تۆۋەندىكى شېئىرلىرىدا روشەن گەۋدىلەنگەن:

«دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر،
جاھان مېلىن ئالغانلار.
كەركەس قۇشتەك بولۇبان،
ئول ھارامغا پاتمىشلەر.
موللا، مۇپتى بولغانلار،
يالغان دەۋا سورغانلار،
ئاقنى قارا قىلغانلار،
ئول تامۇغقا كىرمىشلەر.
قازى-ئىمام بولغانلار،
ناھەق دەۋا سورغانلار،
ھېممار يەڭلىغ بولۇبان،
يۈك ئاستىدا قالمىشلار.
ھارام يېگەن ھاكىملار،
رىشۋە ئېلىپ يېگەنلەر،

ئۆز بارمىقىن تىشلىبان،
قورقۇپ تۇرۇپ قالمىشلەر.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ جۈملىلەر ئۇلۇغ ئىتالىيان شائىرى دانتى ئالگېرى يازغان «تەڭرى كومېدىيىسى»نىڭ «جاھاننامە» داستانىدىكى بۇ دۇنيادا يامانلىق بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنىڭ دوزاختىكى «جازالىنىش» كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. مەلۇم مەنىدە بۇ، «دۇم كۆمتۈرۈلگەن» رېئالىزىملىق تەنقىت قىممىتىگە ئېگە ئىدى.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، «قۇتادغۇبىلىك» زامانىسىدىن «چاغىتاي» ئەدەبىياتى باشلانغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن يەتتەسۇ ۋە كەڭ قىپچاق دالاسىدىكى «ئۇيغۇرىزىم» ھادىسىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە «دىۋان ھېكمەت» نوپۇزلۇق كونا ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېساپلانغانلىقى تۈپەيلىدىن ئايرىمچە ئەدەبىيات تارىخى قىممىتىگە ئېگە.

## 5.يەسسەۋىچىلىكنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەقدىرى

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، دىنىي- مىستىك ئىدىيە سۈپىتىدە يەسسەۋىچىلىك 16-ئەسىرگىچە داۋام قىلدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بىر قىسىم سوپى، ئىشانلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئۆز تەسىرىنى تەدرىجى يوقاتتى.

16-ئەسىردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەسىرلىكرەك سوپىستىك پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە نەقشىبەندىچىلىك مەيدانغا كەلدى. مۇھەممەد ئىبىن مۇھەممەد فەزىل بۇخارى-باھاۋىدىن نەقشىبەندى (1314-يىلى بۇخارادا تۇغۇلغان) تەركىدۇنياچىلىق، تەڭرى بىلەن قوشۇلۇش قاتارلىق قاراشلارنى ياقلاپ چىقماستىن، ئىچكى دۇنيادا تەڭرى بىلەن، تاشقى دۇنيادا خەلق بىلەن بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي قائىدىسى «خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن» (ئىنسانلار ئارىسىدا ياشاش كېرەك)، «نەزەر دەرقەدەم» (ھەربىر قەدەمنى قەدىرسىز، ئىتىياتسىز، نەزەرسىز باسماسلىق كېرەك)، «خۇش دەرھەم» (ھاياتنى لەززەتلىك، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش كېرەك) دېگەنلەردىن ئىبارەت. باھاۋىدىن نەقشىبەندى ئىنسان ئۆچۈن جەمئىيەت خەيرىيەتلىك، جاھان ساياھەتكە لايىق، ھايات خۇشۋاق ئۆتمىكى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، ئۇمىدۋار، رېئالىستىك سەنئەتكە ئىلھام بېغىشلىدى.

نەقشىبەندىنىڭ بۇ قاراشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا، شىنجاڭدا، ئوتتۇرا شەرقتە كەڭ تارقالدى ۋە ئىسلام شەرقىدىكى «كەنجى» (ئاخىرقى) مەدەنىيەت ئۆركىشى دەپ ئاتالغان،

15-16 ئەسىر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى ئۇچۇن ئىدىيىۋى مەنبەلەرنىڭ بىرى بولدى. ھاپىز شىرازى («دىۋان ھاپىز تۈركى» ناملىق ئەسەرنىڭ نامەلۇم ئاپتۇرى)، ئابدۇراخمان جامى ۋە ئەلشىر ناۋائى بۇ خىل قاراشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

سەددىدىن قەشقەرى باھاۋىددىن نەقشىبەندىدىن كېيىنكى مۇشۇ خىل پىكىر ئېقىمىنىڭ خۇراساندىكى ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى ئىدى. ئۇنىڭ كىيوغلى ۋە شاگىرت-مۇرىدى ئابدۇراخمان جامى بۇ تەسىرنى سەددىدىن قەشقەرىدىن ناۋائىگە يەتكۈزۈشتە موھىم رول ئوينىدى. نەۋائىي مۇشۇ تەسىر ئاساسىدا پەررىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» ناملىق سوپىزىملىق داستانىنى ئىدىيە جەھەتتىن ئۆزگەرتكەن ھالدا ئۆزىنىڭ «لىسانۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى.

باھاۋىدىن نەقشىبەندى ئىدىيىلىرى باباراھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى شېئىرىيىتىدىكى مەجازىي مەزمۇنلارغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن.

قىسقىسى، ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق ئەسىرىدە ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، شېئىرىي ۋەزنى، بېيىت شەكلى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق بايلىقى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتى كۈچىنى يوقاتقىنى يوق.

1987-يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى

# خوجا باھائىددىن نەقشبەندى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى

تەرىقى نەقشبەندى زىبا رەۋىشلىكدۇر،
كۆڭۈل مەستى ئىلاھى ئەل كۆزىدە پارسا بولماق.
زەلىلى يار ئىلە خوبلاشقاندا تۇرفە يىغلايدۇ،
نە قاتتىق كۈن ئىكەن بىر ياخشىدىن ئۆلمەي جۇدا بولماق.

ــ مۇھەممەت سىدىق زەلىلى

## 1.سوپىزىملىق پىكىر ئېقىمى ۋە خوجا باھائىددىن نەقشبەندى

سوپىزىم (تەسەۋۋۇپ) بىر خىل پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى قەدىمكى گرېتسىيە بىلەن ھىندىستاندا شەكىللەنگەن، بۇددىزىم ئىدىيىلىرىدە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئۈندۈرمىلىرىنى ئىپادىلىگەن. بىز پىلاتون ئىدېئالىزىمى، خۇسۇسەن يېڭى پىلاتونىزىم نامايەندىلىرىنىڭ «ئىدېئال چۈشەنچە»، «مۇتلەق ئالەم روھى»، «رېئال دۇنيانىڭ ئىدېئال دۇنيادىن جۇش ئۇرۇپ (تەجەللى) چىققانلىقى» توغرىسىدىكى روھانىيەتچىل مونىستىك قاراشلىرىدىن، ئارىستوتىلنىڭ (گەرچە ئۇ قەدىمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ موتەپەككۇرى بولسىمۇ) ئالەم ئەقلى ۋە ئىنتىلىش («ئېنتىلخىيە») قاراشلىرىدىن، بولۇپمۇ بۇددىزىملىق «ئادەم» (يوقلۇق)- سۇنياتا قاراشلىرىدىن سوپىزىملىق پىكىر ئېقىمغا مۇجەسسەملەنگەن دۇئالىزىملىق (ئىككى مەۋجۇدىيەت، ئىككى دۇنيا، ئىككى ھەقىقەت)، تەركىدۇنياچىلىق، روھىيەتكە سىغىنىش ئالامەتلىرىنى تولىمۇ روشەن سېزىمىز.

قەدىمكى كۇسەنىڭ مەشھۇر بۇددا موتىپەككۇرى كۇماراجىۋا (344-314) ئۆزىنىڭ «ئون تەمسىل» ناملىق شېئىرىدا بۇ خىل «قۇرۇق-يوقلۇق» (سونياتا) سوتىزىمنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«تۇنجى تەمسىلنى قۇرۇقتىن ئەيلەدىم مەن ئىپتىدا،
تەبرى ئالەم ئۈچۈن تەمسىل قۇرۇقلۇق جايىدا،
سۆز بىلەن ھەر مەنىنى قىلسامۇ ئىزھار قانچىلىك،
مەنىمۇ چەكسىز ئەمەس، ئۇمۇ تۈگەر بىر ۋاقتىدا.
ئەۋلىيالىق تون كىيىپ، دەرۋىش بولۇپ باسساڭ قەدەم،
كۆرۈنۈپ تۇرغان قونالغۇ بولمىغاي دەرگاھ ساڭا.
جىلۋىلىك تۇرغان جاھاننىڭ تەكتىگە سالساڭ نەزەر،
ھادىسى ئالەمدە يوق بەربات ۋەيا بولماق بىنا.»

قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا زاھىد ئۇدغۇرمىشنىڭ تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنى 3341-، 3344-، 3380-، 3386-، 3394-، 3520-، 3521-، 3522-، 3525-، 3540-، 3586-، 3793-، 4739-، 4839-، 5189- بېيىتلار ئارقىلىق تىلغا ئالىدۇ ۋە 3417-، 3419-، 3793-، 4739-، 4839-، 5189- بايىتلار ئارقىلىق مۇنداق بايان قىلىدۇ:

:4839

«ئىشەنچىسىز ئىرۇر بۇ جاپاچى جاھان،
ۋاپاسىز ۋە گۇستاخ ۋە پەيلى يامان.»

:5189

«ئۇ دۇنيانى بىلگىن بىر مەڭگۇ ماكان،
يۈزۈڭنى ئاڭاقىل قويۇپ بۇ جاھان.»

:4190

قويۇپ ئارزۇ، ھوزۇر تىلە مەڭگۈلۈك،
بۇ مەڭگۇ ھوزۇر چۈن جاپا چەككۈلۈك.»

سوپىزىم ئىسلامىيەت ھادىسىسى سۇپىتىدە 11- 12 ئەسىرلەردە رەسمىي ئىدىيىۋى ئىقىم بولۇپ مەيدانغا چىقتى ۋە ئۆزىنىڭ بىر قاتار نامايەندىلىرىنى ياراتتى.

سوپىزىم ئىدىيىۋى ئىقىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى تۈت ئاساسىي پاكىتنى، يەنى شەرق-غەرپ روھانىيەتچىل ئىدىيىلىرىنىڭ سىڭىكىرىشىك- ئارىلاشما ھالەتكە كەلگەنلىكىنى، ئىسلام كالامىزىمىنىڭ دەسلەپكى پارچىلىنىشى، مۇتەززىلىم ۋە بىر قەدەر ئەركىن پىكىر ئىنتىلىشلىرىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى؛ فېئودالىزىمغا قارشى دېموگراتىك ۋە گۇمانىستىك پىكىر ئىقىملىرىنىڭ، ئىلغار تەبىئەت پەلسەپىسى كۆزقاراشلىرىنىڭ ئۆزىنى تەسەۋۋۇپ نىقابىغا يوشۇرۇپ، ئىش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى؛ ئىسلام ئېتىقادىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىش، ئۇنى مەنتىقىلەشتۈرۈش، پەلسەپىلەشتۈرۈش ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرىنى ئىپادىلىدى. بۇ ھال سوپىزىمنىڭ رەڭگارەڭ تەلىماتلار ۋە كۆز قاراشلاردىن تەركىپ تاپقانلىقىدىن ئىبارەت تولىمۇ مۇرەككەپ، زىددىيەتچان راۋاجلىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى. ئەگەر نوقۇل «سوپىزىم» ئاتالمىسى بىلەن ئۇنىڭ مۇرەككەپ تارىخىي مەزمۇنىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدىكەنمىز، سوپىزىمدىن ئىبارەت مۇرەككەپ مەنىۋى ھادىسىنى توغرا چۈشەندۈرەلمەيمىز.

دەرۋەقە، «سوپىزىم» ئاتالمىسى «سوپى» سۆزىنى ئۇزەك قىلغان بولۇپ، مەيلى «ئۆچكە» تېرىسى دېگەن ئەرەپچە سۆزگە، مەيلى دەسلەپكى سوپىلار قوي تېرىسى ياكى تېۋىتىدا ئىشلەنگەن تون كىيىشنى رەسىم قىلغان بولىشىغا قارىماي، بىرىنچى نۆۋەتتە كرېك تىلىدىكى «سفىيە»- (ئەقىل) دېگەن ئىبارىگە ئاساسلانغانلىقى شۈبھىسىز.

بىز سوپىزىملىق پىكىر ئېقىمى «سوپى»، «سوپىزىم» ئاتالغۇسىدىن كېيىن شەكىللەنگەن دەپ قارىمايمىز. شۇنداقتىمۇ «سوپى» ئىبارىسى «ئاللا»، «خۇدا»، «يازدان»، «بايات»، «تەكرى» ئاتالمىسغا قارىغاندا «ئالەم ئەقلى» ۋە ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇنىڭغا ئىنتىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىنسان بىلەن ئىلاھ، كونكرت دۇنيا بىلەن ئابستراكت دۇنيا»نىڭ زىددىيەتلىك قۇتۇپلىرىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، ئىسلام كالامىزمغا پەلسەپىلىك سېھرى تۈس كىرگۈزدى. ئۇ ئىسلام كالامىزمىنىڭ شۇنداق كاتتا بىرلىك سېپىنى شەكىللەندۈردىكى، بىر تەرەپتىن ئۇ تېخىمۇ كىشىنى ئۆزىگە رام قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن كالامىزملىق رەسمىي ئېقىمغا مۇخالىپ كۆپلىگەن مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىبلەر ئۇنى مۇدھىش ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئۇنىڭغا قارشى يالقۇنلۇق پىكىرنىڭ نىقابى قىلىپ ئىشلەتتى. سوپىزىملىق پىكىر ئېقىمىنىڭ مۇندىن باشقا راۋاجلىنىش يولى يوق ئىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سوپىزىملىق قاراشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نامايەندىسى ئايال

روپاش رابىيە- لەبىر ئەدۋىيە (717-801) بولـۇپ، ئـۇ چۈشـىدە مـۇھەممەد پەيغەمبەرنـى كـۆرگەن ۋە مەنـىۋى يـاقتىن ئـاللا بـىلەن «ئەل ۋىسـال» (قوشـۇلۇش) ھالىتـىدە بولغـان، ئۇنىڭـدىن كېـيىن ئىبـرايىم ئـىبنى ئەدھەم بـىلەن جۇنەيـد ئەل- باغـدادى سـوپىزىمنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى بولۇپ تونۇلغان.

سوپىزىم تارىخىدا ئەبۇل موخس ئەل ھۆسەيىن ئـىبنى مەنسـۇر ئـىبنى مـۇھەممەد ئەل بەيـدەۋى ئەل ھەللاجـى (858-922) ئالاھـىدە ئـورۇن تۇتقـان. ئىسـيانكار مۇتەپەككـۇر- تەسەۋۋۇپچى مەنسۇر ھەللاجى ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكى كىشىنىڭ ئـوغلى بولـۇپ، 873- 789- يىللىرى باغداتتا جۇنەيد ئەل- باغدادىنىڭ سوپىلىق گورۇھىغا قاتناشقان. ئۇ كېـيىن دەرۋىـش- جاھـانكەش سـۈپىتىدە ئىـران، ھىندىسـتان، خۇراسـان ۋە ئوتتـۇرا ئاسـىيانى ئايلىنىپ، ئاخىرى مەككە ئارقىلىق 908-يىلى باغـداتقا قايتقـان. ئـۇ ھىندىسـتاندا مەشـھۇر پەيلاسـوپ ئەررازى بـىلەن كۆرۈشـۈپ گرېـك پەلسەپىسـى بـىلەن تونۇشـقان. ئـۇ خەلىـپە مـۇقتەدىر (908-932) زامانىـدا باغـداتتا ئۆزىنىـڭ ئىنسـان بـىلەن تەڭرىنىـڭ بىرلىكـى تەلىماتىنى سۆزلەپ، غـايەت زور نوپـۇز تىكلىـگەن. ئـۇ دىنسىزلىقتا ئەيىپلىنىپ 922-يىلى 26-مارت خەلىپە مۇختەدىرنىـڭ ئەمرى بـىلەن باغـدات چـوڭ مەيدانىـدا دارغا ئېسىلىپ، ئۆلۈكى كۆيدۈرۈلۈپ، كـۈلى توزىتىـۋېتىلگەن. شـۇنىمۇ ئېيتىـپ ئۆتـۈش ھـاجەتكى، مۇنـداق قىسـمەت سـوپىزىم تەرەپدارلىرىـدىن بايەزىـد، تەيخـۇر ئەل بەسـتانى، بابـارەھىم مەشـرەپ قاتارلىقلارنىڭمۇ بېشىغا چۈشكەن، ئىمادىدىن نەسىمنىڭ تېرىسى سويۇپ ئېلىنغان.

مەنسـۇر ھەللاجـى ئىسـلام شـەرقىدە ئىسـكيانكار سـوپىزىملىق پىكىرنىـڭ سـىمۋولى بولـۇپ، ئۇنىـڭ نـامى ھەتتـا ئۇيغـۇر ئەدەبىياتـىدىمۇ تەكرارلىنىـپ ئەسـلىدىكى ھەللاجـى قاراشلىرىدىن يارقىن ئـوبراز ۋە يـاڭراق ئەكـس سـادا پەيـدا قىلـدى. مەنسـۇر ھەللاجـىدىن كېيىن بابا كـۇھى (1050-؟) ئابـدۇللا ئەنسـارى (1022- 1088)، زەيىنـىددىن مـۇھەممەد غەززالى (1058- 1111)، ئابۇلمەجىد سـانائى (1150-؟)، خوجـا ئەھـمەد يەسسـەۋى (؟- 1166)، پەرىـــددىن ئەتتـــار (1148-1222)، ئـــىبنى ئەل ئەرەبـــى (1165- 1240)، شەمسىددىن تەبرىزى، جالالىدىن رۇمى (1207-1273)، شـەيخ سـەئىدى (1202- 1291) قاتارلىق سوپىزىم پىكىر ئېقىمى ۋە سوپىزىم ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى مەيدانغا كەلـگەن بولىسمۇ، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان مايىللىقتا ۋە خاراكتېرگە ئىگە بولۇشتى.

مەنسۇر ھەللاجىنىڭ بىردەكلىك (ۋەھدەت) قاراشلىرى بويىچە بارلىقنى، تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەت، پانى دۇنيا ۋە باقىي دۇنيا دەپ ئىككىگە بۆلمەسلىك ئەكسى ھالدا ئۇنى تەڭرى ئاساسـىدا بىـر پۈتـۈن دەپ قـاراش ھەقـىقەت ھېسـاپلىنىدۇ. ئۇنىـڭ بىـر قىسـىم قاراشـلىرى پەرىـددىن ئەتتـار، جالالـىدىن رۇمـى، شـەيخ سـەئىدى، خوجـا ھـاپىز شـىرازى قاتـارلىقلار

تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلدى. بۇ ئېقىمغا رۇمىنىڭ سوپىزىملىق قامۇسى ھېساپلانغان «مەسنەۋى رۇمى» دىۋانى ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئېقىم شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت، ۋەھدەت قاراشلىرىدا ئۆزىنىڭ تەڭرى بىلەن بىر پۈتۈنلىكىنى ئىزچىل ئىلگىرى سۈرىشىدۇ. ئۇنىڭچە، ئۆزىنىڭ تەڭرى بىلەن بىر ماھىيەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىش مەرىپەت بولۇپ، مۇنداق مەرىپەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تەرىقەت- تەركىدۇنياچىلىق ياكى خىلۋەت ياشاش بىلەن شۇغۇللىنىپ جاپا چېكىش لازىمدى. جالالىدىن رۇمى «ئىنجىل ۋە قۇرئان مەنمەن»، «ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراق مەنمەن»، «مەن شاھنىڭ قولى ۋە دۇنيانىڭ شاھى»، «مەن بىرلىكمەن ۋە كۆپلىكمەن»، «مەن چۈشەنگۈچى (سوبيېكت) ۋە چۈشىنىلىۋاتقان (ئوبيېكت) نەرسە»، «مېنىڭ بەلگەم نىشانسىز، مېنىڭ جايىم ماكانسىز»، «ئىككى دۇنيا بىردۇر» دېگەن قاراش بىلەن ئىدېئالىستىك، ئېنىقراقى ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك ئالەم بىر پۈتۈنلىكى قارىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» تەلىماتىنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ. ئۇ «تەڭرى مەرگەز» قاراشلىرى بىلەن «ئىنسان مەرگەز» قاراشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىلاھىيەتچىل، دۇم كۆمتۈرۈلگەن ئانتروپولوگىزىملىق پىكىرنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ئىنساننى خارلاشنى نوقتا قىلغان دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك ۋە فېئودال ھاكىممۇتلەقچىلىق قاراشلىرىغا نىسبەتەن، ئىنساننى ئىلاھ سايىسى ۋە ئالەم بىرلىكى قاراشلىرى ئاساسىدا قوغدىغانلىق بولۇپ، مۇئەييەن ئىلغار ئامىلغا ئىگە ئىدى. ئەمما، ئۇ ئېقىمدىكىلەر تەركىدۇنياچىلىقنى، جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ خىلۋەتتە ئىستىقامەت قىلىشنى تەكىتلەپ، ئىنساننى ئىلاھىي شەرىئەتنىڭ قۇربانى قىلىۋەتكەنىدى.

زەينىددىن مۇھەممەد ئىمام غەززالى سوپىزىم بىلەن كالامىزىمنى بىرلەشتۈرۈش، سوپىزىمنى كالامىزىمغا خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا كۈچەپ ئۇرۇنغان يەنە بىر خىل ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدى. غەززالى ئالەمنىڭ مونىستىك-پانتېيستىك بىردەكلىكى ھەققىدىكى قاراشقا قارشى ھالدا تەڭرى بىلەن تەبىئەتنى، جان بىلەن بەدەننى، بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيانى بىر-بىرىدىن ئايرىپ، بىر-بىرىگە زىت قىلىپ ئىزاھلىدى. ئۇ خۇددى «ۋاجىبۇل ۋۇجۇد» (مۇتلەق مەۋجۇدىيەت) جان تەڭرىدىن قىسقا ۋاقىت ئايرىلىپ چىققان مۇتلەق تەركىپ بولۇپ، بەدەن جاننىڭ قەپىزى، قۇللۇق زەنجىرى دەپ تەرغىپ قىلدى. غەززالى جان روھىيەتكە مەڭگۈلۈك بىرلەشكەندىلا ئالەم ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن دىن يولىغا بېرىلىش، «ئىلمىي زاھىر» (تەبىئەت ئىلىملىرى)نى مەرىپەتنىڭ دۈشمىنى، تەسەۋۋۇپنىڭ تۇرالغۇسى دەپ بىلىش، «تىرىكلىكتە ئۆلۈپ»، مەڭگۈ ئۆلمەسلىكنىڭ يولىنى تېپىش لازىم دەپ قارايدۇ. غەززالىنىڭ ئۈچىنچى چىققان سۇنىياتا-ماھايانا بۇددىزىمغا ئوخشاپ كەتكەن بۇ خىل قاراشلىرىدا ئىنسان ھاقارەتلەنگەن ۋە كەمسىتىلگەن،

ئىلاھىيەتچىلىك ۋە دەرۋىشلىك (ئاسكىتىزىم) دەۋەت قىلىنغان.

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ جەھرىيە- قادىرىيە دەپ ئاتالغان يەسسەۋىچىلىك سوپىزىمى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە شېئىرى شەكىلگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭغا غەززالى سوپىزىمىغا ئوخشاش رېئال دۇنيا خۇنۇكلاشتۇرۇلۇپ، كەلگۈسى- باقى دۇنيا گۈزەللەشتۈرۈلىدۇ. ئۇ خۇنۇك زۇلمەتلىك، ۋاپاسىز، ئۆتكۈنچى، جىنايى دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقى نىجاد يولى شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت ۋە تەقۋى بىلەن قوشۇلۇش كۈرسى بولغان ھەقىقەتتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭچە رېئال دۇنيادىكى گۈزەللىك ۋە بەخت-سائادەت كىشىنى «ئىشقى ئىلاھىيە»دىن ئازدۇرىدىغان قاباھەتتىن ئىبارەت. ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ غەززالىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەركىدۇنياچىلىق، ئىلاھىيەتچىلىك سوپىزىملىق قاراشلىرى ئۇنىڭ رىياللىققا قارشى ئەسەبىيلىكلىرىنى قوزغىغان، ئۇ مۇنداق يازغان:

«دۇنياپەرەس ناجىنسلاردىن بويۇن تاۋلا،
بويۇن تاۋلاپ دەريا بولۇپ تاشتىم مانا.»

ئەلۋەتتە، خوجا ئەھمەد يەسسەۋى ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ ۋە دىنىي تون كىيىنىۋالغان تەييار تاپلارنىڭ بىر قىسمىنى پاش قىلغانلىقى، بەزىدە ئۆزىنى مەنسۇر ھەللاجىنىڭ مۇرتى دەپ جاكارلىغانلىقى، راۋان ئۇيغۇر تىلىدا يالقۇنلۇق سوپىزىملىق ھۆكمەت يازغانلىقى بىلەن غەززالىدىن قىسمەنلىك جەھەتتە ئاجرىلىپ تۇراتتى. يەسسەۋى سوپىزمىنى ئۇنىڭ شاگىرتلىرى- سۇلايمان بەقىرغانى، سەئىد ئاتا، باباماچىن قاتارلىقلار ئىزچىللاشتۇردى.

سوپىزىملىق پىكىر ئېقىمى تەرەققىياتىغا يېڭى تۈس كىرگۈزگەن روھانىيەتچىل مۇتەپەككۇر- خوجا باھائىددىن نەقشبەندى (1314-1388) دىن ئىبارەت.

«نەقشبەندى» (نەقش سالغۇچى) نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەن بۇ مۇتەپەككۇرنىڭ ئەسلى ئىسمى سەئىد مۇھەممەد ئىبىن جالالىدىن مۇھەممەد فازىل بۇخارى بولۇپ، بۇخارا يېنىدىكى قەسرى ئارىغان دېگەن جايدا تۇغۇلغان ۋە شۇ جايدا قازا قىلغان. خوجا باھائىددىن نەقشبەندى مەشھۇر سوپى مىرسەئىد ئەمىر كۇلالىدىن تەلىم ئالغان.

خوجا باھائىددىن نەقشبەندى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى- كېپەكخان (1318- 1326)، تارمار شېرىنخان (1326- 1334)، ئەمىر خازاغان خان (1346- 1358) دەۋرىدە، تۆمۈرلەڭ، تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ ماۋرائۇننەھىردىكى ئەمىر بولغان ۋە تۆمۈر ئىمپېرىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن ۋاقىتلىرىدا ياشىدى، بۇ ئۆزگىرىشچان يىللار

بولۇپ، كېيەك خان غايەت زور مەمۇرى ۋە مالىيە-پۇل ئىسلاھاتچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ماۋرائۇننەھرنى ھاكىمىيەت تالاشلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. نەتىجىدە تۇغلۇق تۆمۈرخان ئاقسۇدىن قوشۇن باشلاپ 1360-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانى تىنجىتىپ قەشقەر دەريا ۋادىسىغىچە يېتىپ بېرىپ، خوجا بارلاس ئورنىغا تۆمۈرلەڭنى (1336 - 1405) ئەمىرلىككە كۆتۈرگەن. تۆمۈرلەڭ 1369 - يىلى ھاكىمەتنى تارتىۋالغان چاغلاردا باھائىددىن نەقشىبەندى 50 ياشتىن ھالقىغانىدى.

خوجا باھائىددىن نەقشىبەندى زامانىدىشى خوجا ھاپىز شىرازى (1320 - 1389) بىلەن بىللە ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا- يېقىن شەرقتە مەيدانغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئاخىرقى فېئوداللىق مەدەنىيەت گۈللىنىشى- كەنجى رېنىسسانس ھادىسىسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقانىدى. باھائىددىن نەقشىبەندىنىڭ تەرەققىپەرۋەر قاراشلىرى پۈتۈن چاغتاي ئەدەبىياتىغا ئىجابى تەسىر كۆرسەتتى.

## 2.نەقشبەندىيە سوپىزمنىڭ ئاساسىي ئالامەتلىرى

خوجا باھائىددىن نەقشىبەندىنىڭ سوپىزملىق قاراشلىرى نوقۇل سوپىزملىق پىكىر تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، ئىجتىمائىي- تارىخىي ئەمەلىيەت، پانتېزىملىق ئىدېئولوگىيە، بىرقاتار گۇمانىستىك پىكىرلەر ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بىز نەقشىبەندى قاراشلىرىدىن ئىبىن سىنانىڭ پانتېزىملىق ۋە تىبابەتچىلىك قاراشلىرى تەسىرىنى، «قۇتادغۇبىلىك»تە سۆزلەنگەن ئۆگىدۈلمىش ئوبرازىدىكى رېئال دۇنيا ۋە ئىجتىمائىي بەخت- سائادەت قاراشلىرى تەسىرىنى ئوبۇل قاسىم فىردەۋسى (940- 1020)، ئۆمەر ھەييام (1040- 1120)، نىزامى گەنجىۋى (1141- 1203)، شەيخ سەئدى (1202- 1291) قاتارلىق گۇمانىزىم نامايەندىلىرىنىڭ پانتېزىملىق قاراشلىرى تەسىرىنى، ئەينى زاماندىكى ئىسلاھات، ئەمگەك تەرەققىياتىغا بولغان ئىجتىمائىي ئىنتىلىشلەر تەسىرىنى كۆرۈۋالالايمىز.

خۇجا باھائىددىن نەقشىبەندى ئالدى بىلەن سوپىزمنىڭ مەنسۇر ھەللاجى ۋە جالالىدىن رۇمى تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدېئالىستىك مونىزملىق- روھانىيەتچىل پانتېزملىق پرىنسىپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تەڭرىنىڭ – تەبىئەتنىڭ بىردەكلىنى، تەڭرىنىڭ تەبىئەت ۋە كۆرۈنىدىغان نەرسىلەرگە يوشۇرۇنغانلىقىنى، دۇنيانىڭ بىرلا رېئال دۇنيا ئىكەنلىكىنى، دۇنيادا بىرلا ھايات بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

خوجا باھائىددىن نەقشىبەندى ئۆز پېشىۋالىرىدىن ئېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا

تەركىدۇنياچىلىقنى، رىيازەت چېكىش ۋە خىلۋەتتە سۈلۈك تۇتۇش ۋاسىتىلىرىنى ئىنسانىڭ تەڭرى بىلەن «ۋەسلى ئىلاھىيە» كۆرسىغا يېتىشىنىڭ بىردىن بىر ۋاستىسى ھەتتا ئاساسلىق ۋاستىسى دەپ قارىمايدۇ. ئۇ خۇددى ناۋائىي «نەسائىمۇل مۇھەببەت» ناملىق سوپىزىم تەزكىرىسىگە بېغىشلانغان كىتابىدا تىلغا ئالغىنىدەك، ئادەم سىلسىلە (ئىزچىل ئىستىقامەت) بىلەن ھېچ يەرگە بارالمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

خوجا باھائىددىن نەقشبەندى سوپىزم قائىدىلىرىنى ئىنسانىيەتكە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە (ئەنجۇمەن)، رېئال دۇنيادىكى ئىنسانىي ھاياتقا يۈتكەپ، گۇمانىستىك ۋە رېئالىستىك (دۇنياۋى) پىكىرنىڭ نوپۇزىنى تىكلەشكە تىرىشىدۇ. ئۇ خۇددى ئابدۇراخمان جامىنىڭ «نەفەھاتۇل ئۇنس»، نەۋائىنىڭ «نەسائىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىنغاندەك «باتىندا (ئىچكى كۆڭۈلدە) ھەق (تەڭرى) بىلەن»، «زاھىردا (سىرتقى جەھەتتە، ئەمەلىيەتتە) خەلق بىلەن» بولماقنى شەرت قىلىدۇ.

خوجا باھائىددىن نەقشبەندىنىڭ سوپىزملىق تەشەببۇسلىرى يۇقۇرقى پەلسەپىۋى-پانتېزملىق قاراش ئاساسىدا تۆۋەندىكى تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن:

ئۇنىڭ بىرىنچى پىرىنسىپى، «خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن» (جەمئىيەتتە، ئادەملەر ئارىسىدا خىلۋەت سۈرمەك).

باھائىددىن نەقشبەندىچە، جەمئىيەت- خەيرىيەتلىكتۇر، ئۇ، ئىنسانلار بىلەن بىللە ياشاشنى، ئىنسانلارنى تەرك قىلىپ، تەركى دۇنيادا خىلۋەت سۈرمەككە قارشى قويىدۇ. ئۇ بۇ نوقتىدا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇدغۇرمىشقا قىلغان نەسىھەتلىرىنى تەكىتلەيدۇ.

باھائىددىن نەقشبەندىچە، كىشى، بولۇپمۇ سوپى ھالال ئەمگەك مۇشىگە يۈلىنىپ ياشىمىقى لازىم. ئۇ خۇددى ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەد باقىر بىننى مۇھەممەد ئەلىنىڭ «مەقاماتى نەقشبەندى» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ئىبادەتنىڭ توققۇزى ئۆز ئەمگىكى بىلەن ھالال ھايات كەچۈرۈش دېگەنىدى. ئۇ «دىلى بەيارۇ، دەست بەكار» (كۆڭۈل يار بىلەن، قول ئىش بىلەن بولسۇن) دېگەن. ئۇ يەر تېرىپ، مېتاللىغا نەقىش چېكىش (چېكانكا) بىلەن شۇغۇللانغان، ھېكايە قىلىنىشىچە، ھىرات پادىشاھى مالىك ھۈسەيىن ئۇنى ئۆيىگە زىياپەتكە چاقىرغاندا، ئىلاجىسىز بارغان بولسىمۇ، ھېچنەرسە يېمىگەنمىش. پادىشا بۇ ھەقتە سورىغىنىدا، بۇ يەردىكى يېمەكلىكەر ھەقسىزلىق بىلەن كەلتۈرۈلگەچكە، ھالال ئەمگەك مۇشىي ئەمەس دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇ پەقەت مۇختاجلارغىلا ياردەم بېرىش. ساخاۋەت قىلىشنى يوللۇق بىلگەن، دېھقانچىلىقتىكى ھالال ھەمكارلىق، لاپقۇتلاشماقنى تەشەببۇس قىلغان.

ئۈنىڭ ئىككىنچى پىرىنسىپى، سەفەر دەرۋەتەن» (ۋەتەننى زىيارەت قىلماق).

باھائىددىن نەقشىبەندىچە، بىر يەرنى خىلۋەتگاھ قىلىۋېلىپ، ئۆزلەت (كىشىلەردىن چەتنەپ ئىستىقامەت قىلماق)تا ئولتۇرىۋېلىش پايدىسىز بولۇپ، ساياھەت قىلىش، ھايات ئالىمىگە كەڭ ۋە پىكرەن چۆكۈپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش لازىم. ئۇ، تەبىئەت گۈزەل، ئۇندا كىشى لەززەتلىنىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار؛ دۇنيا غۇربەتخانا، غەمخانا ئەمەس؛ گۈزەل دۇنيادا پەقەت غەمدە، خىلۋەت – يالغۇزلۇقتا، بىرلا ئۆزلەتتە ياشاش خۇدا ئالدىدا نانكورلۇق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. نەقشىبەندىچە پەقەت سەپەر- زىيارەت بىلەن دۇنيادىن خەۋەردار بولغاندىلا، دۇنيانىڭ قەدرىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۈنىڭ ئۈچىنچى پىرىنسىپى «نەزەر دەرقەم» (ھەر بىر قەدەم، ھەربىر ئىشنى تەپەككۇر بىلەن ئورۇندىماق).

باھائىددىن نەقشىبەندىچە، دۇنيا پۈتۈنلەي ئازاپ دېگىزى ئەمەس، ھەرخىل سەۋەن، يېڭىلىش بەختسىزلىكتىن خالى بولۇش ئۈچۈن ھەربىر قەدەمنى پۇختا ئويلاپ باسماق لازىم. ئۇ، ئومۇمەن ئىنسانغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، خۇشاللىق يەتكۈزىدىغان قەدەمنى توغرا قەدەم، ئەكسى نەتىجە بېرىدىغان قەدەمنى ناتوغرا قەدەم دەپ، ئىنساننىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتىنى ئۆلچەم قىلغان. ئۇ ھەرقانداق مەنپەئەتلىك قەدەم مۇمكىنلىكلىرىنى غەنىمەتلىك دەپ قارىغان. ئۇ تەجرىبە قىلىپ كۆرۈشنىڭ موھىملىقىنى كۆرسەتكەن.

ئۈنىڭ تۆتىنچى پىرىنسىپى «خۇش دەر دەم» (ھاياتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمەكلىك).

باھائىددىن نەقشىبەندىچە، تەبىئەت ۋە رېئال دۇنيا نازۇ- نېمەت، گۈزەللىك ۋە لەززەت ماكانى بولۇش بىلەن بىللە، ھەربىر شەخسنىڭ بۇندىكى ھاياتى ۋاقىتلىق، چەكلىك. ئىنسان ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىش ھوقۇقىغا ئېگە ۋە شۇ سەۋەپلىك يارىتىلغان. نەۋائىي سۆزى بىلەن ئىپادىلەنگەندە «تەڭرى جەزبەسىدىن بىر جەزبە ئىنسان ئول سائادەتكە مۇشەررەفتۇر».

باھائىددىن نەقشىبەندىچە، نەبىئەت نازۇقلىدۇ، چاقچاق قىلىدۇ، قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئىنسان بۇنىڭغا ئۆز قانىتىنى سۇندۇرماي، كۈچ سەرپ قىلىپ (كۆرەش قىلىپ- ئاپتۇر) ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىش كېرەك. نەقشىبەندى، ھەر نەپەس غەنىمەتلىك، ئۇنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمەسلىك، غەمكىن قىلىۋېتىش نادانلىق، ئۆزىنى ۋە دۇنيانى چۈشەنمەسلىك، ھەرقانداق ھاياتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە قارشى سۆزگە قۇلاق سالماسلىق لازىم.

باھائىددىن نەقشىبەندى بەدەننىڭ ساغلاملىقىنى، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىشىنى، ھەرخىل زەئىپلەندۈرىدىغان ھەركەتتىن چەتلىششىنى ۋە ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ھاياتنى

كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشتىكى ئالدىنقى شەرت دەپ كۆرسەتكەن.

خوجا باھائىددىن ئۆزىنىڭ يۇقۇرقى تۆت پىرىنسىپى بىلەن سوپىزمنى گۇمانىزملىق ۋە راتسىئونالىزىملىق قاراشلارغا يېقىنلاشتۇرۇپ، دۇنياغا ۋە رېئال ھاياتقا ئۇمىدۋارلىق بىلەن قاراپ، ھاياتنى پاك نىيەت، ھالال ئەمگەك، مۇۋاپىق روزىغار بىلەن ئۆتكۈزۈش، ئادىل بولۇش، خەلقنى سۆيۈش قاتارلىق ئىلغار ئىدىيەلەرنى ئىلگىرى دۈردى. نەقشىبەندى روھانىلار تەرىپىدىن تەقىپ قىلىنىپ، يۇرتىدىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ھەتتا ئۇ ھەققە تۆھمەتلەر (مەسىلەن، قايسى پادىشاھ سارىيىدا جاللاتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپتۇ، دېگەندەك) تارقالدى.

باھائىددىن نەقشىبەندى روھانىيەتچىلىكنىڭ مونستىك، سوپىزىملىق ئىدېئالىزمىدىن سوپىلىق قائىدىلىرىدىن خالاس بولغان ئەمەس. ئۇ يەنىلا ئىلاھىيەت ئىرپانچىلىقى، ئىشقى ئىلاھىيە ۋە مۇرىتچىلىك قاراشلىرىنى ئىزچىللاشتۇرغان. شۇڭلاقتىمۇ ئۇنىڭ ئىدىيىلىرى مۇھەممەت غەززالى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەسسەۋىچىلىك سوپىزمغا خاتىمە بېرىپ، ئەركىن پىكىر ۋە دۇنياۋى- رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۆرىنەرلىك ھەسسە قوشتى.

## 3.نەقشىبەندىچىلىكنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتىغا تەسىرى

نەقشىبەندىچىلىك سوپىزمى تىز ئارىدا كەڭ تارقالدى ۋە قوبۇل قىلىندى. ئۇ ئەينى زامان روھىيىتىدە كالامىزم ۋە يەسسەۋىچىلىك كىشىلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلاشقا پايدىلىق بولغان. بولۇپمۇ تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە يېڭىدىن ھاسىل قىلىنغان ئارىلاشما مەدەنىيەت تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئاخىرقى باسقۇچتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت گۈللىنىشى موھىتىدا بۇ خىل پىكىر ئېقىمىنىڭ مۇخلىسلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى. ھەتتا خوجا باھائىددىن ئۇلۇغ ئەۋلىيا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىش ھەج ساۋابى بىلەن باراۋەر دېگەن قاراش شەكىللەندى. كەمبىغەل ئاھالە ئارىسىدا نەقشىبەندىنى پىر تۇتۇش ئۇدۇمى مەيدانغا چىقتى.

شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، نەقشىبەندىچىلىك ئوتتۇرا ئاسىيانى، ئېنىقراقى سەمەرقەند، ھىرات، ئەنجان ۋە يەركەننى مەرگەز قىلغان كەنجى فېئوداللىق رېنىسسانىس ھادىسىنى، ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگىنى يوق، بەلكى بۇ ھادىسە ۋە ئۇتۇقلارغا رېئالىزملىق، گۇمانىزملىق ھۆسۇن قوشتى، خالاس.

ئۇ ئىنسانىنىڭ خارلانغان ئورنى، تەرىقەت جەبىرۇ- جاپاسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ،

ئىشقنى تەڭرىگە (ئىشقى ئىلاھىيە) ۋە ئىنسانغا (ئىشقى مەجازى) بۆلگەن ئىدى. زاھىد-خۇدبىنلىك نامىدا مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. مەرىپەت- ھەم ئىلاھىيەتلىك ھەم بىلىش خاراكتېرلىك مەنىگە ئىگە بولدى.

خوجا باھائىددىن نەقشبەندىنىڭ مەۋلانە نىزامىددىن، سەئدىددىن قەشقەرى، مەۋلانە نۇرىددىن، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق سوپىزملىق ئالىپتا مۇرىت- ۋارىسلىرى بولغان. ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى ھەققىدە ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەد ئەلىنىڭ «ھەقاماتى نەقشبەندى»، ئابدۇراخمان جامىنىڭ «نەفەھاتۇل ئۇنس»، نەۋائىنىڭ «نەسەمۇل مۇھەببەت» قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلىرى يېزىلدى.

چاغاتاي ئۇيغۇر (كېيىنچە ئۇيغۇر ئۆزبېك) ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى مۇھەممەد خارەزمىنىڭ «نامە» ژانىرىدىكى «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانى يەسسەۋىچىلىك تەسىرىنى يېڭىپ، نەقشبەندى قاراشلىرىغا مۇۋاپىق ئىنسانىي گۈزەللىك ۋە ئىنسانى مۇھەببەتنى كۈيلىگەن موھىم سەمەرە بولدى. ئۇنىڭ:

«ئايانا مېھرىبان، ئەھلى ۋاپاسىز،
جاھان يەلدەك، ئۆمۈر گۈلدەك باقاسىز.»
«تالىم گۈلچېھرە نەرگىس كۆزلىرىڭ بار،
شەكەر دۇرداغى شېرىن سۆزلىرى بار.»
«قەدەم دەرنىھ، كى دەر ئىشقى مەجازى،
بە مەقسۇدى رەسى، گەر پاكبازى.»

(مەجازى مۇھاببەتكە قەدەم قوي! پاك ۋە سادىق بولساڭ بۇ يولدا مەقسەتكە يېتىسەن.)

دېگەن مىسرالىرى يېڭى دۇنياۋى يۈزلىنىشىنى گەۋدىلەندۈرگەن چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ گۈيىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەبەيدۇللا لۇتپىنىڭ:

«ئابىھايات دۇنيادا بار ئولسا، لەلىڭ ئول.»
«بۇرقەنى() كۆتەر، تەڭرى ئۈچۈن، ئەل سېنى كۆرسۇن،
بۇ ھۆسنى مالاھەت () يەنە قايسى كۈن ئۈچۈندۇر.»
() بۇرقە - پەردە نىقاب.
() مالاھەت- گۈزەللىك

ئاتائىنىڭ:

«ئول سەنەمكىم، سۇ ياقاسىدا پەرىدەك ئولتۇرۇر،
غايەتى نازۇكلىقىدىن سۇ بىلەن يۇتسە بولۇر.»

سەككاكىنىڭ:

«ئىشىق ئىشىن سەككاكى ئەۋزەل بىلمەدى ئاسان كۆرۈپ،
ئاخىرى ئۆز جانىنىڭ ئىشىنى دىشۋارى ئەيلەدى.»

دېگەن مىسرالىرى مۇشۇ يېقى يۈزلىنىشنىڭ مىسال قەترىسىدۇر، خالاس.

ئەبدۇراخمان جامى مەۋلانە سەئدىدىن مۇھەممەد قەشقەرى تەسىرىدە نەقشىبەندىچىلىك قاراشلىرىنى تىكلىدى. ئۇ ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سەئدىدىن قەشقەرىنىڭ مەشھەتتىكى قەبرىسىگە شەيخلىق قىلىپ، ئاخىرى ئۆزىمۇ شۇ جايغا دەپىن قىلىندى.

ئەلشىر ناۋائى ياشلىقىدا پەرىدىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» داستانى تەسىرىدە سوپىزىملىق كۆزقاراشقا ئېگە بولغانىدى. ئۇ ئابدۇراخمان جامىنىڭ تەسىرىدە تېزلا نەقشىبەندى قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى.

خوجا باھائىددىن نەقشىبەندى قاراشلىرى ئەلشىر ناۋائى قاراشلىرى بىلەن تەڭداش ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ، نەقشىبەندىچىلىك سوپىزىمنىڭ نەۋائى لىرىكىسىغا كۈچلۈك تەسىر قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ:

«مۇساپىر بول، ئەمما ۋەتەن ئىچرە بول،
تىلە خىلۋەتۇ، ئەنجۇمەن ئىچرە بول.»

دەپ يازغانىدى.

بىز سۇلتان سەئىدخان، ئابدۇرىشتخان غەزەللىرىدىن، بابارەھىم مەشرەپ، بولۇپمۇ مۇھەممەد سىدىق زەلىلى شېئىرىيىتىدىكى مەجازى مەزمۇنلاردىن مەزمۇنلاردىن نەقشىبەندىچىلىك تەسىرىنى، ھەتتا نەقشىبەندى نامىغا بېغىشلانغان جۈملىلەرنى

كۆرەلەيمىز. مەلۇم مەنىدە بۇ خىل تەسىر تاكى چاغاتاي –ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىگىچە داۋام قىلغان دېيىش مۇمكىن. زەللىي مۇنداق يازغانىدى:

«گۆھەنەلەنگەرى ئالەم، كارۋان ئېرۇر ئادەم.
دەم ئېلىپ ئۆتەر بىردەم، سەن بۇدەم غەنىمەت تۇت.»
«سەن ئۆزۈڭگە بوگۈن تاماشا قىل،
ھەر ئەجايىپكى باردۇر ئادەمدە،
ئەقلى كامىل تەنىڭدە جەيھۇندۇر،
نە تىلەر سەن سۇ قەترەئى نەمدە.
ئەر غۇنۇنىنىڭ سەداسىدىن كۆيدۈم،
شۇ ئىلە تاشلايدۇ زىر ئىلە بومدە.
قايدا ئېيسا كەبى مەسىھايى،
كۆر ئەي ئەسرارى ھەقنى مەريەمدە...»

خوجا باھائىددىن نەقشبەندى سوپىزمى ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ئىدىيە تارىخى، ئەدەبىياتى تارىخىغا سالماقلىق تەسىر قىلغان. ئۇنى ھەر تەرەپلىمە مۇلاھىزە قىلماي تۇرۇپ، ئىدىيە ۋە ئىجادىيەت تارىخىنىڭ مۇرەككەپ مەنزىرىسىنى روشەنلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

1988-يىل، ئۈرۈمچى

# قاتلام نەزىرىيسى ۋە مېتودولوگىيىلىك قىممىتى

ماركس مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەت ئۆستىدە ئىزدىنىشنىڭ ئۆزىمۇ ھەقىقەتكە مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. ھەقىقەتكە مۇۋاپىق بولغان ئىزدىنىش كېڭەيتىلگەن ھەقىقەت بولۇپ، مۇنداق ھەقىقەت چېچىلىپ كەتكەن ھەممە ھالقىلارنى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزئارا بىرلەشتۈرىدۇ.» («ماركس: پىروسسىيىنىڭ يېقىنقى كىتاپ- ژورناللارنى تەكشۈرۈش پەرمانىغا باھا»، «ماركس ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى 1-توم 8-بەت)

ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش تەبىئەتنى سىرتتىن تەركىپ قوشماي ئۇنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتى بويىچە چۈشىنىشتۇر.» (ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 163-بەت) فېيېرباخ «كەلگۈسى پەلسەپە قائىدىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە: «دۇنيا ئوچۇق مېڭىلىك كىشىلەرگە ئۆز ئىشىكىنى ئېچىپ قويىغان» دېگەنىدى.

دەرۋەقە، مېتودولوگىيىنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقى، توغرىلىق دەرىجىسى ئوبيېكتنى كۆزىتىشتە، ئۇنىڭ ھادىسىلىرىنى ۋە ماھىيەتلىرىنى، ئۇنىڭدىكى بىرقانچە قاتلاملىق قانۇنىيەتلەرنى بىلىشتە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مېتودولوگىيە مەسىلىسى تېگى- تەكتىدىن ئېيتقاندا، سوبيېكتنىڭ ئوبيېكتنى قانداق پوزىتسىيەدە، قانداق ئۇسۇلدا بىلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

توغرا مېتودولوگىيىنى قوللانماي ھەقىقىي بىلىمگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ نۇقتىدىن تەتقىقات مەسىلىسىدە مېتودولوگىيىلىك پىرىنسىپلارنىڭ يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم.

قاتلام – كەڭ چۈشەنچىدىن ئىبارەت. بۇ چۈشەنچىنى يۈزەكى قارىغاندا بىز كۆرۈۋاتقان بىر قاتار شەيئىلەرنىڭ قاتلاملىقى مەۋجۇتلۇقىنى بىلىمىز. ئەگەر تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ نەزەر سالساق بارلىق ماددى دۇنيانىڭ، زەررىدىن قوياشقىچە، ھۈجەيرىدىن ئىنسان مېڭىسىگىچە؛ بارلىق روھى ھادىسىلارنىڭ ھېسسى بىلىشتىن تەپەككۇرغىچە، ئىدېئولوگىيىدىن مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگىچە ھەم قۇرۇلمىلىق ھەم راۋاجلىنىش جەريانلىق جەھەتتە كۆپ قاتلاملىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئالەمنىڭ رەڭگارەڭلىكى، ئۇنىڭ تۈزۈلمە جەھەتتىكى كۆپ قاتلاملىقى ۋە راۋاجلىنىش جەريانىدىكى كۆپ

قاتلاملىقتىن خالى ئەمەس. قاتلاملىق ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ۋە بىزنىڭ بىلىش روھىيىتىمىزدىكى ئومۇمىي مەۋجۇتلۇقتا ئىگە چىنلىقتىن ئىبارەت. بىز بۇنىڭغا كۆز يۇمالمايمىز. قاتلاملىق قارىشى ماتېرىيالىزىملىق قاراش. قاتلامسىز ھېچقانداق قۇرۇلمىنى، ھېچقانداق تەدرىجى تەرەققىياتنى (ئېۋۇلوتسىيىنى)، ھېچقانداق تارىخنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

دۇنيا بىر پۈتۈن ماددى دۇنيادىن ئىبارەت. بىر پۈتۈن ماددى دۇنيانىڭ سىرتىدا ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا پاراللېل تۇرغۇچى ئىككىنچى دۇنيا، روھى دۇنيا، ئىلاھىي دۇنيا مەۋجۇت ئەمەس (روھى دۇنيا ۋە ئىلاھى دۇنيامۇ مۇشۇ چەكسىز ماددى دۇنيانىڭ يەنى چەكسىز ئالەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس). جەمئىيەت ۋە روھىيەت دۇنياسى (ئىنساننىڭ روھىيەت دۇنياسى) ماددىي دۇنيانىڭ راۋاجلىنىش مەھسۇلىدىن، ئۇنىڭ تاكامۇللاشقان بىر شەكلى ۋە بىر ھالىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەڭ ئېلېمېنتار ماددى تۈزۈلمىنى ئىنكار قىلىپ، بۇنداق تاكامۇللاشقان شەكىل ۋە ھالەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. قەدىمكى گرېك مۇتەپەككۇرى ئارىستوتىل ماددا بىلەن شەكىل، مۇناسىۋەت قاتارلىق كاتېگورىيىلەر ئارقىلىق، ئوتتۇرا ئەسىر مۇتەپەككۇرى ئەلفارابى ئەتتۈركى «جەۋھەر» (سوبىستانسىيە- ئەسلى زات)، «ئەئىراز» (ئاكسىدېنىيە-ھالەت) قاتارلىق كاتېگورىيىلەر ئارقىلىق ئالەمنىڭ ماددىلىقى ۋە ئۇنىڭ رەڭگارەڭلىكى- قاتلاملىقىنى ئىزاھلاشقا ئۇرۇنغاندى. فارابى ئالەمنى مىنېراللار، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانات ۋە ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىگە – تۆت قاتلامغا بۆلۈپ ئالدىنقى قاتلامنىڭ يۇقىرى باسقۇچى كېيىنكى قاتلامنىڭ ئېپتىدائىي باسقۇچىغا تۇتىشىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. فارابى مۇشۇ قاراش ئاساسىدا ئىنساننىڭ ھايۋاندىن كېيىن پەيدا بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى ــــ يادروفىزىكىسىدىن ئاسترونومىيىگىچە، جانسىز تەبىئەتتىن بىئولوگىيىگىچە، پسىخولوگىيىدىن لوگىكىغىچە، ئانتروپولوگىيىدىن ئېتنولوگىيىگىچە بارلىق ماددى، روھى، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي راۋاجلىنىشنىڭ قاتلامدىن ئايرىلمىغانلىقىنى بارغانسېرى ئىسپاتلىدى. بىز بىلىش تارىخىدىكى موھىم كاتېگورىيىلىك مۇۋەپپەقىيەت بولغان «ماددا»، «روھ»، «شەكىل»، «مەزمۇن»، «مىقدار»، «سۈپەت»، «ماھىيەت»، «ھادىسە»، «يەككە»، «كومپلېكس»، «تەبىئىي»، «ئىجتىمائىي»، «جانسىز»، «جانلىق»، «سوبيېكت»، «ئوبيېكت» قاتارلىقلارنىڭ كۆپ ھاللاردا مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بەزىلىرى مەزمۇن ماددا دېسە، بەزىلىرى مەزمۇن روھ دەيدۇ، بەزىلىرى گۈزەللىك ماھىيەت دېسە، گۈزەللىك ھادىسە، ھالەت دەيدۇ. مۇنداق تالاش-تارتىش ھېلىغىچە ساقلانغان.

قاتالملىق- تەبىئەت، جەمئىيەت، تەپەككۇر دۇنياسىدىكى بارلىق قۇرۇلمىلىققا، مۇناسىۋەتكە، سەۋەبىياتقا، تەرەققىياتقا تۇتاشقان ئومۇمى ھادىسە. مۇنداق قاتالملىق قۇرۇلما، قاتالملىق تەرەققىيات بىزگە قاتالملىق بىلىش مۇمكىنچىلىكىنى بېرىدۇ. بىز ئۆزىمىز تەكشۈرىدىغان ئوبيېكتنى قاتالملىق تەھلىل قىلىشىمىز، قاتالملىق ئومۇملاشتۇرۇشىمىز، قاتالملىق مۇھاكىمە قىلىشىمىز مۇمكىن. مۇنداق بىلىش ئۇسۇلىنى قاتالم نەزىرىيىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. قاتالم نەزىرىيىسى بىرخىل ئىلمىي مېتودولوگىيە سۈپىتىدە ماكان خاراكتېرلىك ئالدىن- كېيىنلىك، سەۋەپ نەتىجىلىك، ئانا- باللىق تەرەققىيات قاتالم مۇناسىۋەتلىرىنى، كومپلېكسلىق، ئارىلاشمىلىق (سىنكرتىك)، قايتا ئېرىشلىملىك، ئىۋۇلوتسىيىلىك، ئۆزگىرىشلىك ھالەتلەرنى بىلىشتە غايەت زور ئىقتىدار ۋە قىممەت بېغىشلايدۇ.

ئەلۋەتتە قاتالم نەزىرىيىسى تۇرغۇزۇلىشى لازىم. ئۇ مېنىڭچە ئىنفورماتسىيە، گېرىنتىكا (تىزگىنلەش) نەزىرىيلىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ تىرەن، تېخىمۇ يىراق، تېخىمۇ ئومۇمىي ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان مېتودولوگىيە. ئۇ تۆگۈنلەرنى يېشىش، سىرلارنى ئېچىش، ھەقىقەتنى تېپىش يولىدىكى يېڭى مېتودولوگىيىلىك تەپەككۇر قۇرالىدىن ئىبارەت.

قاتالم نەزىرىيىسى تەبىئىي پەنلەر ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ۋە تارىخى پەنلەر ئۈچۈن، تىل ۋە تەپەككۇر پەنلىرى ئۈچۈن، تۇرمۇش ۋە سەنئەت ئۈچۈن، كەسپەللىك ۋە جىنايى ئىشلار تەتقىقاتى ئۈچۈن، قىسقىسى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ ھەممە ساھەسى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مېتودولوگىيىلىك ئىقتىدارىنى داۋاملىق كۆرسىتىدۇ.

بىز پەلسەپىدە «ماترىيالىزم» ياكى «ئىدېئالىزم» دېگىنىمىزدە، بۇ قاراشلارنىڭ قەدىمكى زامان ۋە ھازىرقى زامان قاتلاملىرىنى، مەسىلەن: پىلاتون ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمى بىلەن گېگىل ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمىنى قانداق پەرقلەندۈرىشىمىز مۇمكىن؟ بىز يەنە «تەپەككۇر» دېگىنىمىزدە قەدىمكى زامان ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە خاس «تەپەككۇرنىڭ تارىخى شەكلى»نى قانداق پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم؟ بىز مەدەنىيەت تارىخىدا ھەرقايسى قەبىلىلەر، مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرنىڭ دۇنياغا يۈزلەنمىگەن مەھەللىۋى ـ مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن ئۇنىڭ دۇنياغا يۈزلەنگەن، ئارىلاشما ـ سىنكرتىك ئالەمشۇمۇل، تارىخى ئەھمىيەتلىك مەدەنىيەت تىپلىرىنى تارىخى قاتلامسىز قانداق ھەل قىلىشىمىز مۇمكىن؟ ئۇيغۇر مىللىتىنى مىسال قىلساق ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلار ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار گەرچە ئىزچىل تۈردە «ئۇيغۇر» ئاتالمىسى بىلەن ئاتالمەتلەندۈرۈلسىمۇ، ئۇلار ئېتنولوگىيىلىك قاتلام، ئىجتىمائىي- تارىخى قاتلام، مەنىۋى مەدەنىيەت قاتلىمى جەھەتتە داۋاملىق ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ ئۇيغۇرلار بىلەن 1989- يىلقى ئۇيغۇرلار

ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، مەدەنىيەت ۋە ئىدولوگىيىلىك تۈزۈلمە جەھەتتە ئوخشىمىغان قاتلام ھاسىل قىلدى ۋە قىلىدۇ.

ئېستېتىكىدا جەھەتتىمۇ گۈزەللىك ۋە گۈزەللىك ھادىسىلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنى پۈتكۈل گۈزەللىك ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قاتلاملىق ئېستېتىكا» سېستىمىسىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىش لازىملىقىنى كۆرىمىز.

تارىخى تەرەققىيات نوقتىنەزىرى بويىچە ھەربىر يېڭى ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تارىخىنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەندە، ياكى ئۇنى تارىخى تەرەققىياتتىن ئۈزۈۋېلىپ قارىغاندا، شۇنداقلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدىمۇ كۆپ باسقۇچلۇق ئىكەنلىكىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولغان ئىپتىدائىي باسقۇچىنىڭ كۆپ قاتلاملىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەندە قانچىلىك نەزىرىيە ۋە تاكتىكىلىق ئادىششلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز لازىم.

مۇھەببەت- نەپرەت، جىنايەت- جازا، تەلىم –تەربىيە قاتارلىق ساھەلەرمۇ قاتلاملىق تۈزۈلمە ۋە قاتلاملىق راۋاجلىنىشتىن ئايرىلمايدۇ. قاتلام نەزىرىيىسى بۇ ساھەلەر ئۈچۈنمۇ ئىلمىي مېتودولوگىيىلىك قورال. ئۇ، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىققا ئىگە.

1989-يىل ماي، ئۈرۈمچى

# تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود- ئۇچۇرلۇق تارىخ تەتقىقاتى ئۇسۇلى

1

تارىخ ـ ۋاقىت (زامان) كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان ئۆتمۈش بىلەن ئۆتمۈشكە ئايلىنىۋاتقان پائالىيەتتىكى رېئاللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تارىخ ـ ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ ئۆتمۈشكە ئايلىنىۋاتقان رېئال ۋە راۋان ئېقىمى بولۇپ، توختىغان تارىخ ۋە ئۆتمۈشكە ئايلانمايدىغان رېئال پائالىيەت مەۋجۇت ئەمەس.

تارىخ ــ ئىنسانىيەتنىڭ جىسمانى، ئىجتىمائىي، ئەقلىي كامالىتىنىڭ راۋاجلىنىش جەريانىدىن ئىبارەت. تارىخنى ئارقىغا، جاھالەتكە بۇراش مۇمكىن ئەمەس. چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ ساختىلىق، قەبىھلىك، خۇنۇكلۇك ئۈستىدىن، نۇرانىلىقنىڭ قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى توشۇپ قالالايدىغان ھەرقانداق كۈچنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس.

2

تارىخنىڭ ئۆتمۈشكە ئايلىنىشى تارىخنىڭ تامامەن ئۆز كۈچىدىن قالغانلىقى ئەمەس، ئەلۋەتتە. تارىخ ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ پائالىيىتى ۋە ئىنسانىيەت ياراتقان ئۆلمەس مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن جەرياننىڭ ئىككىگە ئايرىلىشى بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇ قىسمەن ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ ۋە قىسمەن يېڭى تارىخىي رېئاللىق بىلەن ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە ئۆتىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخنىڭ ئۆلمەس مەنىۋى خەزىنىسى سۈپىتىدە داۋاملىق جەمئىيەتنى ئىلگىرىلىتىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. قەدىمكى مىسىر پىرئەۋنلىرى زامانىدىكى رېئاللىق ۋە ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ئۆتمۈشكە ئايلانغان قىسمەنلىك سۈپىتىدە تارىخنىڭ ئەلئېھراملىرى بىلەن ۋاقىتنىڭ مومىيالىرىغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئۇ زامانلاردا يارىتىلغان مەدەنىيەت «روھى» داۋاملىق يايلىئون، گرېتسىيە مەدەنىيەتلىرىگە سىڭىپ

كەتتى، ئۇ ئۆلمىدى، راۋاجلاندى.

3

تارىخ ـ بىزنىڭ بارلىقىمىز. بارلىق بىلىملەر ـ تەبىئەت پەنلىرى، جەمئىيەت پەنلىرى، پەلسەپە پەنلىرى، سەنئەت دۇردانىلىرى تارىخنىڭ پەرزەنتىدىن ئىبارەت. تارىخنى بىلىش ھەربىر تارىخى ئەۋلاتنىڭ ئۇلۇغ مەجبۇرىيىتى. تارىخنى بىلمەي تۇرۇپ ھەرقايسى پەنلەرنى بىلىش، تۇرمۇش ۋە ھايات يولىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس.

تارىخنى بىلىش ـــ ئەۋلاتنىڭ ئەجدادتىن خەۋەر تېپىشى ۋە تارىخنى ئۆزۈلۈپ قالمىغان جانلىق ئېقىم سۈپىتىدە كۆزىتىشى بولۇپ، تولىمۇ يىراق تارىخىي ھادىسىلەرنى پەقەت ۋاستىلىك يوسۇندا بىلىش مۇمكىن.

4

تارىخنى قانداق بىلىش مۇمكىنلىكى مەسىلىسى ئۇستىدە ئاز بولمىغان قائىدە ۋە مېتودولوگىيىلەر تەۋسىيە قىلىنغان.

تارىخنى ئىزاھلاش، بايان قىلىش ھەققىدىمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەر، دەرسلىكلەر ۋە تارىخى ھېكايىلەر نەشر قىلىنغان.

ھېرودوت بىلەن سىماچيەننى تارىخ ئىلمىنىڭ ئىككى ئۇلۇغ پىر ئۇستازى دەپ ھېساپلايمىز. غەرپ تارىخى بىلەن جۇڭگونىڭ مەشھۇر «24 تارىخ»ى ئۇلاردىن باشلانغان، ئۇلار ئىنسانىيەتكە تارىخنى يېزىقتا يېزىپ بايان قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان. بىز ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇقراق تارىخىي ھادىسىلەرنى يېزىق ۋاستىسى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان سانسىز تارىخچىلارنىڭ تۆھپىرىنى تەقدىرلەيمىز. ئۇلار تارىخنى ئۇنتۇلۇش خەۋپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشتى.

بۇ ھازىرغىچە كەڭ تارقالغان، ھەتتا بىردىنبىر دەپ قارالغان تارىخنى بىلىش ۋە تارىخنى بايان قىلىش ئۇسۇلىدۇر.

5

ھېرودوت بىلەن سىماچەندىن باشلانغان تارىخنى يېزىق ئارقىلىق بايان قىلىش

ئۇسۇلى 20 نەچچە ئەسىردىن بېرى داۋام قىلىپ، ھازىرقى ئۆچۈر (ئىنفورماتسىيە) دەۋرى بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلدى. تارىخ، جۇملىدىن تارىخنى بايان قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئۆچۈر دەۋرىگە يۈزلەنمەكتە.

دەرۋەقە، ئۇچۇر — ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدىمۇ، كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردىمۇ ئىزچىل مەيدانغا كەلگەن ۋە ساقلانغان. ئەمما، تاكى ئۆچۈر دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئىزاھلاش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ قورالى قىلىنغان ئاڭلىق نەزىرىيە ۋە مېتودولوگىيە شەكىللەنگىچە، «مۇقەررەرلىك» دۇنياسىدا قاملىشىپ تۇرغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە ھەرقانداق ئوبيېكتنىڭ ئۆچۈر ئالامەتلىرى — بىلدۈرۈش مۇمكىنلىكى، بىلدۈرۈش يوللىرى، ئۆزگەرتىلىش تايانچىلىرى، ئۆچۈر قىممىتى بولىدۇ، دېگەن قاراش ئۇچۇر دەۋرىگە خاس بىلىش نەزىرىيىسى قائىدىسى ھېساپلانماقتا. ئىلگىرى بىلىش نەزىيىسى، دوبيېكتنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنى تەكىتلەش بىلەن چەكلەنگەن بولسا، ئەمدى بىلىش نەزىرىيىسى، ئوبيېكتنىڭ ئۇچۇر بېرىش ئالامەتلىرىنى سوبيېكتنىڭ بىلىش پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراشقا يۈزلەنمەكتە.

6

مېنىڭچە، ئەمدىلىكتە تارىخنى يېزىق بىلەن تەسۋىرلەپ بايان قىلىش ئۇسۇلىدىن باشقا يېڭى شەكىلدىكى تەتقىقات مېتودى — «ئۇچۇرلۇق تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلى»نى ئوتتۇرغا قويۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئەمەلىي پايدىلىنىش دەۋرى يېتىپ كەلدى! بۇ ئۇسۇلمۇ ساھەدە دەۋر بۆلگۈچ يېڭى تەشەببۇس بولۇپ سەۋەپ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىدىن، دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇتلۇقنىڭ تۈزۈلمىسى، ھەركىتى ۋە جەريانى مەۋجۇتلۇق قىممىتىگە، جۇملىدىن ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە. ئۇچۇرسىزلىق مەۋجۇتسىزلىقتۇر.

ئىككىنچىدىن، ئىنسانىيەت پائالىيىتى ئۇچۇرلۇق پائالىيەت بولۇپ، ئىنساننىڭ ماددى ئىشلەپچىقىرىش، مەنىۋى مەدەنىيىتى ئۇچۇر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقى ياكى مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، تىل - يېزىق بىر خىل ئۇچۇر بولۇپ، پۈتكۈل ئۇچۇر تىل- يېزىق بىلەن چەكلەنمەيدۇ. تىل- يېزىق ئارقىلىق قىلىنغان ئۇچۇر بىۋاسىتىلىك، روشەنلىك سالاھىيىتىدىن باشقا، ۋاستىلىك (ھەتتا كۆپ تەكرارلانغان ۋاستىلىك)، قىياسى ياكى تەخمىنلىك ئالامەتلىرىگە ئىگە بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، مەلۇم ئىنسان تۈركۈمى، مەلۇم ئېتنىك مەدەنىيەتنىڭ ھەربىر

قىسمەنلىكى، شاخچىسى، تەركىبىي قىسمىدا، شۇ ئىنسان تۆكۈمى، شۇ ئېتنىك مەدەنىيەتنىڭ مۇجەسسەملىكىنى كۆرسەتكۈچى ئۇچۇر قىممىتى بولىدۇ. بۇ قىسمەنلىك قىسمەنلىكنى ئەمەس، بەلكى ئومۇمىيلىقنى قىسمەن ئەكس ئەتتۇرىدۇ، ئۇچۇر قىلىدۇ، دېگەن سۆز.

بەشىنچىدىن، يېزىق بىلەن بايان قىلىنىدىغان تارىخ تارىخنى ئۆتمۈشكە ئايلانغان، مۇئەييەن ئۆتكەن زامان قاينىمىغا چۆككەن، «ئۆلۈك تارىخ» دەپ قارايدۇ، ئۇ ئەڭ تەشەببۇسكار ھالەتتىمۇ ئۆتمۈشنى ئىبرەت ئەينىكى دەپ قارايدۇ. ۋەھالەنكى، «ئۇچۇرلۇق تارىخ تەتقىقاتى» تارىخنى قىسمەن «ئۆلگەن» قىسمەن ھازىرقى رېئاللىق ئىچىدە يۇقىرىراق سىنتېز بىلەن داۋام قىلىۋاتقان «ئۆلمەس مەدەنىيەت فوندى» دەپ قارايدۇ. ئۇ قەدىمكى بويۇملار بىلەن ھازىرقى بويۇملار، قەدىمكى مۇزىكىلار بىلەن ھازىرقى مۇزىكىلار، قەدىمكى مەدەنىيەت بىلەن ھازىرقى مەدەنىيەت ئارىسىدا «ئۆتۈشمە» مەۋجۇتلۇقنى جاكارلايدۇ، چۈشەندۈرىدۇ، تەن ئالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇر قانىلىدا تىرىك تارىخ ھەركىتى ھەركەتتە بولۇپ، كىشىنى مەيلى ماكان ۋە زاماننىڭ پۈتۈنلىكى، بىللىلىكى بىلەن يېڭىچە تارىخىي قاراشقا، خۇددى ئېينىشتېيننىڭ «نىسبىيلىك نەزەرىيىسى» ماكان قارىشىغا يېڭى مۇمكىنلىك بېغىشلىغىنىدەك زامان قارىشىغىمۇ «نىسبىي ئۆتمۈش» قارىشى پەللىسىنى بېغىشلايدۇ.

7

بىز ھازىرغىچە داۋام قىلغان نوقۇل تىل- يېزىقنى ئۇچۇر ۋاستىسى قىلغان تارىخ تەتقىقاتى ئۇسۇلىنىڭ ئۇچۇر دەۋرىدىن ئىلگىرىكى قانۇنىي نوپۇزىغا ھۆرمەت بىلدۈرىمىز. قەدىمكى كىشىلەر دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مەڭگۈلۈكلىكىگە قارىغاندا، ئىككىنچى قاتاردىكى كاتېگورىيە ـ ھايات ۋە ماماتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ قاراشقاندى. بىزمۇ، كائىنات ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەركىتى مەڭگۈ مەۋجۇت، دېگەن چۈشەنچىگە قارىغاندا، تولاراق «ئۆلدى، كەتتى» دېگەننى ئالدىنقى ياكى موھىم ئورۇنغا قويۇپ قارايمىز. دىنىي قاراشلارمۇ «تەڭرى» نى نوقۇل ئىنسان بىلەن ھەتتا ئىنساننىڭ ھاياتى ياكى ئۆلۈمى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ دەپ قاراشقا كۆنگەن. بۇ ھال كونا تارىخ تەتقىقاتى ئۇسۇلىنىڭ نوقۇل «ئۆتمۈش ھادىسىچىلىك»، نوقۇل «جەسەتشۇناسلىق» قارىشىنى شەكىللەندۈرۈشكە زېمىن ھازىرلىغان. بۇ نوقۇل تىل- يېزىقنى ئۇچۇر ۋاستىسى قىلغان تارىخ تەتقىقاتى ئۇسۇلىنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى تارىخىي چەكلىمىسىدۇر.

ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى تارىخىي چەكلىمىسى بولغاندىمۇ ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. بىر تەرەپتىن، ئۇ زامانلاردا قەغەزگە يېزىش، مەتبۇئاتچىلىق تېخنىكىسى، فوتو سۈرەتنى سېپىكلاپ ماقالە- كىتاپقا كىرگۈزۈش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان ياكى تولىمۇ ئاجىز بولغان. ھېرودوت ۋە سىماچەنلەر تېخى قەغەزنى كۆرۈشمىگەن، تابارى ۋە جۇۋەينىلەر تېخى ھازىرقى زامان مەتبۇئاتىدىن خەۋەرسىز ئىدى. كۆپلەپ ئەسلى بويۇملارنىڭ سۈرەتلىرىنى كىتاپخانغا تەقدىم قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، تارىخى ئاسارەئەتىقىلەر ھازىرقىدەك كۆپلەپ تېپىلمىغان، مىڭلارچە مۇزېيلارنى تولدۇرمىغان، نۇرغۇن ئالبۇم شەكلىدە نەشر قىلىنمىغانىدى.

ھازىر يەنە نۇرغۇن بۇيۇملار ئىلىم دۇنياسىغا نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما ھەر جەھەتلىمە بىر سىزىق سېستىما ھاسىل قىلالىغۇدەك مىقدارغا ئىگە بولۇشتى. بۇ جەھەتتە ئۆتمۈشتىكى تارىخچىلارنى تونغرا چۈشۈنىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

8

يېڭى ئوبيېكتىپ ئىمكانىيەتلەر بىلەن يېڭى تارىخىي قاراشنىڭ بىردەكلىكى ئاساسىدا ھازىرغىچە داۋام قىلىشۋاتقان نوقۇل تىل- يېزىق بىلەن تارىخ يېزىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ بىر قاتار نۇقسانلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىقىش مۇمكىنلىكى تۇغۇلدى.

بىرىنچى، «تارىخىي نەرسە» ئورنىغا «مەنتىقى نەرسە» ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان.

ئېيتىش كېرەككى، مۇتلەق كۆپچىلىك تارىخچىلار بىۋاستە كۆزەتكۈچىلەر بولۇشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھال، ئالدىنقىلارنىڭ تىل- يېزىق ئۇچۇرىغا ئاساسلىنىش، تىل- يېزىق شەكلىدىكى ئۇچۇردىن ئۇچۇر تۇغدۇرۇش يولى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا ئېلىپ كېلىدۇ. نەتىجىدە، مەنتىقىي مۇھاكىملەر ھەرقايسى يېڭى ئەۋلاد تارىخچىلار تەرىپىدىن ھەربىر بوغۇندا قايتا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان بىرلا يول شەكىللەنگەن. بۇ ھال تارىخنى «ئۆلۈك»كە چىقىرىش ئۈستىگە ئۇنى مەنتىقى، ئابستراكت مۇھاكىمە رامكىسىغا سېلىپ قويغان. بۇ بىر بۆلۈك «يېزىق»، «خەت»، «ئابرە» زىددىيەتلىرى ياكى ئوخشاشلىقىنى تەكشۈرگۈچى «تېكىستولوگ تارىخچىلار»نى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بۇ يەنە تارىخنىڭ ئەسلى چىنلىق نوپۇزى ئورنىغا، نوپۇزلۇق تارىخچىلارنىڭ مۇھاكىمە ۋە ھۆكۈم نوپۇزۇنى دەسسىتىشكە ئېلىپ كەلگەن.

9

ئىككىنچىدىن، تارىخ ئۆز جەريانىنىڭ بىرلىكىدىن، ئۆزىنى چۈشەندۈرۈشىنىڭ كۆپ خىللىقىغا قاراپ ھەرخىل تەسۋىرلەنگەن.

ئۈچىنچى، ھەرقايسى تارىخى ھادىسىلەر ئۆز ۋەقەلىكى بويىچە بىر خىللا رىئاللىق بولغان. ئەمما، بۇ رىئال، خاس، يېگانە ۋەقەلىك ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخچىلار تەرىپىدىن ھەرخىل ئىزاھلىنىشقا دۇچ كەلگەن. بۇ يەنىلا تىل- يېزىقنىڭ ئوخشىمىغان مۇئەللىپلەرنىڭ ئوخشىمىغان سوبيېكتى ۋە قەلىمى تۈپەيلى يۈزبەرگەن غەلىتە ئەھۋالدۇر.

بۇ مەۋجۇت ئەمما كۆنگەن ھادىسىلەر بولۇپ، بۇ نۇقسان تارىخ ئىلمىنىڭ ھەقىقەتلىك قىممىتىگە داغ چۈشۈرىدۇ. بۇ نۇقسان «ماھىيەت» كاتېگورىيىسى چۈشەنچىلىرى بىلەن، «ۋەقەلىك»نى تېپىش بىلەن ئەمەس بەلكى «ۋەقەلىك» ئارقىلىق «ماھىيەت»نى تېپىش بىلەن ھەل قىلىنىشى كېرەك.

تىل- يېزىق ھەرخىل چۈشەندۈرۈشكە، ھەرخىل چۈشىنىش قىلىشقا، ھەركىم ئۆز خاتالىقىنى كۆچەيتىشكە، «تارىخ» بىلەن «تارىخ»نى بىربىرىگە زىت قىلىپ قويۇشقا، ھەقىقى تارىخنى پارالاق دېگىزىغا، جەڭگاھقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا ئىلىپ بېرىدۇ.

10

ئۆچىنچىدىن، رۇستەمنىڭ دادىسى زالنى ئىزدەپ چىققىنى ۋە ئۇنى تونۇيالماي كۆكسىگە خەنجەر قويغانلىقىدەك نۇقسان.

ئۈچىنچى كېرەككى، بىر بۆلۈك تارىخچىلار مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇلار تارىخنى سۇدەك سۆزلەيدۇ، ئەمما ئۇ ئۆزى سۆزلىگەن تارىخي بويۇملارنى كۆرگەندە پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلار پەرق ئېتەلمىگەن تارىخي بويۇملار ئىچىگە ھەقىقى، ئەمەلىي، بىۋاستە تارىخ يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۇلار نىل دەرياسىنى پەقەت ھەرخىل چوڭ- كىچىك خەرىتىلەردىلا پەرىق ئېتەلەيدىغان، ئەمما تۇيۇقسىز بۇ دەريانى كۆرسە پەقەت پەرق ئېتەلمەيدىغان «مەدرىس پەيلاسوپلىرى» بولۇپ قالىدۇ.

11

مەلۇمكى، ئۆتمۈشكە ئايلانغان تارىخ چۆكمە ھالەتتىكى ماددى ئۇچۇردىن ئىبارەت.

تارىخ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن ئەمەلىي پائالىيەتنى ئۆز ئىزنالىرى، بەلگە تامغىلىرى، سىگنال- سىمۋوللىرى، ئوبراز- يالدامىلىرى، بويۇم ۋە مەنىۋى ئالامەتلىرى بىلەن يادىكار قىلىپ ماڭغان زامان خاراكتېرلىك ماددىيلاشقان ئۇچۇر موزېيىدۇر. بىز تارىخقا ھۆرمەت قىلىش كېرەك دېگىنىمىزدە، ئالدى بىلەن بۇ خىل ھەقىقى يۈز بەرگەن تارىخنىڭ ئۆزى ئىختىرا ياكى ئىجرا قىلغان، ماددىيلاشقان، ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە بولغان بويۇملار سىستېمىسىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەكلىكىنى نەزەردە تۇتىمىز. ئۇ بىز ئۇچۇن مەلۇم قاراشلىرىنى ئىسپاتلايدىغان «دېدەك» ياكى ياسالما «قورچاق» بولماسلىقى، ئەكسىچە، ھەقىقەتنى تېپىش خەزىنىسى بولۇش لازىم.

12

مەلۇمكى، تىل-يېزىق ئالدى بىلەن بىۋاستە نەرسىنىڭ ئەمەس، بەلكى سوبيېكتىپ تەپەككۇرنىڭ سىرتلاشقان سىگناللىق ئۇچۇردىن ئىبارەت. بۇ يەردە «ئەسلى بويۇم ئۇچۇرى» بىلەن «كىشى تەپەككۇرىنىڭ ئۇچۇرى»دىن ئىبارەت ئىككى قاتلام ئىنىق سالاھىيەتلىرى بىلەن پەرقلەندۈرىلىشى لازىم.

ئېيتىش كېرەككى، يېزىق- ئابستراكت مۇھاكىمە خاراكتېرلىك تەپەككۇرنى ئابستراكت بەلگە خاراكتېرلىك ھەرىپلەر بىلەن، ئابستراكت چاتقۇچى خاراتىردىكى گرامماتىكىلىق جۈملە تۈزۈش ئارقىلىق ئىككىنچى كىشىگە يەتكۈزۈپ، ئابستراكت چۈشەنچە ھەتتا ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئوبراز پەيدا قىلدىغان ئالاقە ۋاستىسىدىن ئىبارەت. بۇ بىۋاستىلىكتىن خالىي بولغان «تۆت ئابستراكت»تا لىنىن ئېيتقاندەك، ئىدېئالىزمنىڭ بىلىش نەزىرىيىسى جەھەتتىكى يىلتىز ساقلانغان بولىدۇ.

13

ف. ئېنگېلسنىڭ : «ماتېرىيالىزم دۇنيانى ئۇ قانداق بولسا، ھېچقانداق يات قوشۇمچىسىز ئەينەن ئىزاھلاش دېمەكتۇر» دېگەن مەشھۇر بىر جۈملە سۆزى بار. تارىخ تەتقىقاتىنى بۇ مەشھۇر سۆز بويىچە قايتا ئىزىغا سېلىش لازىم. ئۇ داغىستان شائىرى رەسۇل ھەمزاتوۋ ئېيتقاندەك ئۆرۈشقاق خوتۇنلاردىكى ۋالاقتەككۇرلۇككە ئوخشاپ قالمىسۇن. قۇدرەت ۋالاقتەككۇرلۇك ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتتە.

تارىخنى بىرىنچى نۆۋەتتە ئۇنىڭ ھېچقانداق ھازىرقى زامان سوبيېكتىلىرىنى

ئارىلاشتۇرمىغان ھالدا بىردىنبىر ھەقىقىي نوپۇز سالاھىيىتىگە ئىگە ماددىي بويۇملار ئۇچۇرى بىلەن «يېزىش» كېرەك. بۇ ماھىيەتتە تارىخنىڭ «ئۆز-ئۆزىنى» بايان قىلىشى بولۇپ، بۇ تارىخ تەتقىقاتىدىكى ئەڭ نۇرانە ئىستىقباللىق غايەت زور يېڭى ھادىسە. بۇ بىر تەرەپتىن، ھېرودوت ۋە سىماچەندىن باشلانغان تارىخ تەتقىقاتىنى بىر پۈتۈن ئىرا سۈپىتىدە ئاخىرلاشتۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تارىخنى يېزىق مۇھاكىمىلەر بىلەن يېزىشنى ئۇنىڭ نۇقسانلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنى «تارىخىي نەرسە»گە ئاساسلانغان «مەنتىقىي نەرسە» قىلىپ، ئۆز ئورنىغا قويىدۇ. بۇ يېزىق بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ھەقىقىي ھاياتىي كۈچ ۋە نوپۇز بېغىشلايدۇ. مېنىڭچە، ئىنفورماتسىيە دەۋرىنى قاغاپ توسقىلى بولمىغاندەك «ئۇچۇرلۇق تارىخ تەتقىقاتى ئۇسۇلى»نىمۇ قاغاپ توسقىلى بولمايدۇ.

14

«ئۇچۇرلۇق تارىخ تەتقىقاتى ئۇسۇلى» تارىخ تەتقىقاتىغا يېڭى ئىزدىنىش، يېڭى جانلىنىش ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ ھەقىقەتلىك قىممىتى ئېلىپ كېلىشتىن تاشقىرى، يەنە مۇنداق جانلىنىش قوزغىشى مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، تارىخچىلار ۋە ئۇلارنىڭ كىتاپخانىلىرىدا تارىخىي بويۇملارغا قىزىقىش ۋە ئېتىبار بېرىش تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ. بۇ ھال مۇقەررەر يوسۇندا ئارخېئولوگىيە ۋە موزېيچىلىق ئىشلىرىغا يېڭى جانلىنىش ئېلىپ كېلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تارىخ تەتقىقاتى ھازىرقى ئومۇملاشقان بىر قەدەر قاتمال ھۆكۈم، ئومۇمىي بايان قاتارلىق ماكرولۇق تەتقىقات بوشلۇقىدىن كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق، خاش تېماتىك مىكرولۇق تەتقىقات بوشلۇقىغا قاراپ ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر يۆنىلىشتە ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ تەپەككۇر بوشلۇقىنى ئېچىشنى تارىخ ساھەسىدىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ھال تارىخنى بىر قەدەر روشەن بىلىشنىڭ يولىنى ئاچىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، تارىخىي خاتىرلىرى يېزىلمىغان رايون ياكى دەۋرلەرنىڭ يازما تارىخىدىكى بوشلۇقنى تولۇقلاشقا مۇمكىنلىك تۇغۇلىدۇ. ئېيتىش مۇمكىنكى، ھەتتا ھازىرغىچە مەيلى يېزىق ياكى بۇيۇملۇق ئۇچۇرى بولمىغان ماكان ياكى زامان بوشلۇقلىرىنى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ماكان ۋە ئۇنىڭ ئالدى- كەينىدىكى زامان مەنبەلىرى ئارقىلىق ئىزاھلاپ تورۇش يوللىرىغا ئاساس يارىتىلىدۇ.

تۆتىنچىدىن، تارىخ تەتقىقاتىدىكى سىلىشتۇرما تەتقىقات، كېلىپ چىقىش يېقىن خەلقلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى، قاتلاملىق ـ سىنكرىتىك مەدەنىيەت تەتقىقاتى جانلىنىدۇ.

بەشىنچىدىن، ئەڭ موھىمى، تارىخ باشقا كىشىلەر ئۆز سوبىيېكت شەرتلىرى بويىچە سۆزلەپ تونۇشتۇرىلىدىغان «گاچا» ئوبىيېكت بولمايدۇ؛ تارىخ تەتقىقاتى بىر قاتار ئادەتلەنگەن قاراش، ھۆكۈملەرنىڭ توغرا- خاتالىقىنى كۆرسەتكۈچى ستىرېلكىغا ئىگە بولىدۇ. تارىخ تەتقىقاتىدىكى مۇنازىرىلەر نوپۇزلۇق ئىبارىلەردىن كۆرە، سىستېمىلىق بىرىنچى قول ئۇچۇرغا ئىگە بولۇش ھېسابىغا ھەل قىلىنىدۇ. بىرەر پارچە ئەمەس، بىر پۈتۈن سىستېما ھاسىل قىلغۇچى بويۇملارسىز مەلۇم قاراشنى رەت قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. بۇنداق سىستېمىلىق ئۇچۇر بويۇملىرى بارلىق تارقاق، ساختا ياسالمىلارنى يېتىم ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. نەتىجىدە، تارىخ ئاشكارا ھالەتكە ئېرىشىدۇ، بۇرمىلانغان ھادىسىلەرمۇ ئۆز ئۇچۇرى بىلەن مەيدانغا تاشلىنىدۇ.

15

كۆز ئالدىمىزدا «ئۇچۇرلۇق تارىخ تەتقىقاتى ئۇسۇلى» تۇرۇپتۇ. بۇ ئۇچۇر دەۋرى تارىخ ئىلمى ماڭماسلىقى مۇمكىن بولمايدىغان رىبلىس.

تارىخچىلار، تارىخ تەتقىقات ئورۇنلىرى، تارىخ ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى، تەھرىر ۋە باسمىخانىلار، تارىخ كىتاپخانىلىرى بۇ يېڭى ئۇسۇلنىڭ بىلىش ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر سەكرەش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى، بۇ ئۇسۇلنى قوللىشى، بۇ جەھەتتىكى ماتېرىياللارنى يىغىشى، نەشىرقىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، سۈرەتكە ئېلىشى، نەشىر قىلىشتىكى بەزى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى، ئۆز تارىخىنى بىلىش يولىدىكى تەقەززالىرىنى قانائەتلەندۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«ئۇچۇرلۇق تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلى»نى ئاساس، يېزىق بىلەن بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوشۇمچە قىلغان يېڭى تەتقىقات مەنزىرىسى پەرق ئۇرماقتا. ئۇنى كۆرمەسلىك بىر مەھەللىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كورلۇق نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.